جالالىددىن بەھرام

# كونا قاپقان



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى





جالالىددىن بەھرام



# كونا قاپقان

(رومان)

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

陈旧的铁夹：维吾尔文/加拉力丁·拜合拉木著.
一乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2011.6
ISBN 978-7-5166-0949-2

I.①陈…II.①加…III.①维吾尔族一民间故事一
作品集一中国一维吾尔语(中国少数民族语言)IV.①1277.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第129965号

پىلانلىغۇچىلار: ئادىل مۇھەممەت
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلنار روزى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

كونا قاپقان
(رومان)

* * *

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 13.25
2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 0949 - 2
باھاسى: 48.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى ھەم رەسسام جالالىددىن بەھرام 1942 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن (تىككۈچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. جالالىددىننىڭ ئاتىسى بەھرام ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلى ناخشىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان خەلق ناخشىچىسى ئىدى. ئۇ مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، خۇش پېئىللىق ۋە چاقچاقچىلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بەھرام ئوغلى جالالىددىنغا خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھەر خىل رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، رەسساملىقنىڭ سېھرىي كۈچىنى تەرىپلەيتتى. شۇڭا، جالالىددىن بەھرام: «مېنىڭ يۇمران قەلبىمگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، رەسساملىق ھەم ئەدەبىيات بىخلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئاتامنى ھەر دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن ...» دەيدۇ.

جالالىددىن بەھرام 1950 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «روشەن» باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1954 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە «ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپى» دە ئوقۇيدۇ. ئۇ ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپىدە «رەسىم كۇرۇژۇكى»، «ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى» قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، مەكتەپنىڭ تەشۋىقات تاختىلىرىدا تۈنجى قېتىم بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

جالالىددىن بەھرام 1957 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كېلىپ

1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم سىنىپىدا ئوقۇدى. 1958 ـ يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم كەسپى سىنىپىدا ئوقۇدى.

جالالىددىن بەھرام خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، 1961 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلىغىچە خوتەن ناھىيەسىنىڭ سەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1967 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلىغىچە خوتەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلدى. 1981 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت بۆلۈمىدە مۇدىر مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىدى.

جالالىددىن بەھرامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963ـ يىلى باشلانغان. ئۇ دەسلەپتە كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرى يازغان. لېكىن 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ۋە بىر نەچچە يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازغان «ئۇنتۇلغان قەلب»، «كۈتمىگەن تەقدىر»، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەممىدە ساقلاپ كەلگەن ئەتىۋارلىق كىتابلىرى بۇلاپ كېتىلىپ كۆيدۈرۈلگەن ۋە خىزمەتتىن توختىتىلىپ، بۇ ناھىيەدىكى «ئەلنامە»، «يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى»، «قوشكۆل» لەردە ئىشلەشكە بۇيرۇلغان.

دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تولغان ئۈچ قېتىملىق سۈرگۈننى باشتىن كەچۈرگەن جالالىددىن بەھرام «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1978 ـ يىلى «نەشتەر» تەخەللۇسى بىلەن «خوتەن گېزىتى»دە «كوچىدا»، «ئانىنىڭ ئامراقلىقى»، «يولدا» ناملىق ساتىرىك ھېكايە،

ئوچېرىكلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھېكايە، ئوچېرىكلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، گېزىت يۈزىدە ئوبزور، ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

جالالىددىن بەھرام 1979 - يىلى «يېڭى قاشتېشى» ۋە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «ناتىۋانلار»، «كۆمۈرچى بالا»، «ئامەت ۋە ئاپەت»، «ھايات قىسمىتى»، «تەكلىماكان ئوغلى» قاتارلىق رومانلىرى نەشر قىلىندى ۋە نەشرگە سۇنۇلدى. بۇ رومانلار ئېلان قىلىنىش بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئوقۇش دولقۇنى قوزغىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى»، «ئايگۈزەل»، «قامغاق»، «قەبرە بېشىدىكى چۈش»، «قاچقۇن»، «ئۆتنە ئالەم»، «دانۇر تاغا» قاتارلىق 10 ھېكايە ۋە پوۋېست توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

جالالىددىن بەھرام يازغان، سىنارىيەلەشتۈرگەن «قۇملۇقتىكى ئاتەش»، «قاباھەتلىك چۈش»، «تىمساھنىڭ كۆز يېشى»، «ئادىمىي ھايۋان»، «ئۇ سىنىڭ داداڭ»، «قوش جىنازا» قاتارلىق ئىككى قىسىمدىن 20 قىسىمغىچە بولغان 17 تېلېۋىزىيە فىلىمى ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئەدەبىياتىمىزدىكى يارىماس ئىللەت»، «جاپالىق ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسى»، «دىراما سەھنىسىدىكى چاقنىغان يۇلتۇز»، «رەسساملىق ۋە ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىقتىكى رولى» قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

جالالىددىن بەھرامنىڭ «جەرىمانە»، «بەش يۈز يۈەنلىك چاقچاق»، «قامغاق»، «ئايگۈزەل»، «ھارۋىكەش»، «ئامەت ئىچىدىكى ئاپەت» قاتارلىق كۆپلىگەن پوۋېست ۋە ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا

ئىگە، رېئاللىقنى چىنلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلى گۈزەل، يەڭگىل، قۇرۇلمىسى پۇختا، زىددىيەت ــ توقۇنۇشلىرى كۈچلۈك، ۋەقەلىكلىرى مۇرەككەپ ۋە رەڭمۇرەڭ، پېرسوناژلىرى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە. ئۇنىڭ بەزى ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

جالالىددىن بەھرام شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 16
ئۈچىنچى باب ........................................ 41
تۆتىنچى باب ........................................ 61
بەشىنچى باب ........................................ 81
ئالتىنچى باب ........................................ 94
يەتتىنچى باب ........................................ 126
سەككىزىنچى باب ........................................ 141
توققۇزىنچى باب ........................................ 160
ئونىنچى باب ........................................ 177
ئون بىرىنچى باب ........................................ 196
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 223
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 248
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 262
ئون بەشىنچى باب ........................................ 294
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 321
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 360
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 386
تارىخىي پاكىتلار مەنبەلىرى ........................................ 417

# بىرىنچى باب

پايانى يوق قۇم دېڭىزى ...

تىنىم تاپماس چۆل شاملى ئۇچۇرغان قۇم توزانلىرى تۆگە لوكىكىلىرىدەك بارخانلار، ئېگىز قۇم دۆڭلۈكلىرى، ئەسىرلەرسېرى كۆتۈرۈلگەن قۇم تاغلىرى باغرىلىرىنى سۆيۈپ، ئۇشقىرتقىنىچە نەگىدۇر ئالدىرايتتى. ئالدىرىغانسېرى غول ـ ئېدىرلارغا تولىمۇ نەپىس، بەكمۇ ئۇز كەشتىلەرنى قالدۇرۇپ كېتەتتى. بەزىلىرى تارغاقتا تارىغاندەك يول ـ يول كۆرۈنسە، يەنە بەزىلىرى چوقىقىلاردىن تا تەسكەي قاپتاللارغىچە يىلان باغرىسىمان دولقۇن ـ دولقۇن قاپارتما گۈللەرنى سىزىپ ماڭاتتى ... تۆت ئەتراپى ئۇپۇق تامان مانانلار ئارىسىدا غايىب بولغان بۇ چەكسىز قۇملۇق تەنلەرنى شۈركۈندۈرۈپ، ئەجەل ھىدىنى دىماقلارغا دەممۇدەم ئۇراتتى ... مەدەت تىلەپ قاياققىلا قارىما، سۈرلۈك تىمتاسچىلىق، پايانى يوق دەشتۇسەھرا ... تىنىمسىز شامال ... ئۇچۇۋاتقان قۇملار ... ئېچىلىپ قالغان ئاپپاق سۆڭەكلەر ... بارخانلار ئارا قاڭقىپ ـ كېتىۋاتقان قامغاق ... راست، ئۇنىڭ مەنزىلى قايان؟ ئەمما ئۇ ئۇچىدۇ ... ئۇچىدۇ ... يەنە ئۇچىدۇ! ...

بۇلار «بارسا كەلمەس يول»، «ھالاكەت دېڭىزى»، «ئېزىتقۇ قۇملۇق» دەپ تەرىپلەپ ئۆتكەن «تەكلىماكان» ئەجەبمۇ سىرلىق، بەھەيۋەت، ئەزرائىل سۈرى بار قورقۇنچلۇق قۇملۇقتۇر! گاھ

گىياھسىز كۆپكۆك قۇملۇق ئالدىڭدا يېيىلىپ ياتسا، گاھ نەچچە ئەسىر ۋە ئىپرالارغا شاھىت گىگانىت بوۋايلاردەك توغراقلىقلار ئايان بولىدۇ. تۇرۇپلا شالدىرلىغان ياۋا قومۇشلۇقلار ئارا چۆل كىرپىسى، بوز توشقان، چىپار كېيىك ئوغلاقلىرى شىررىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ ... ئېگىز دۆڭلۈكلەر ئۈستىدە قىپقىزىل ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئاسمانغا قاراپ ياتقان كېلەر ئاپتاپ تومۇزىنى ئۇن ـ تىنسىز يۇتماقتا! قانداقتۇر چۆل قۇشىنى بوغۇۋالغان چار يىلان جان ـ جەھل بىلەن تولغىنىپ ئۇنى يالماۋاتىدۇ ... يۇمشاق قۇمغا گۇلدار ئىزلارنى قالدۇرۇپ يۈرگەن قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ، يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار شۇنچە مەردانە ۋە ئالدىراش. چۈنكى، بۇ بارسا كەلمەس قۇملۇق دىيار شۇلارنىڭ سۆيۈملۈك ماكانى!

پاھ، ئەجەب ـ ھە، بۇ نېمە كارامەت؟! ... دۇمچەك ـ دۇمچەك بارخانلار ئارا پاكار ھەم كۆرۈمسىز بىر ئۆي چوقچىيىپ تۇرىدىغۇ! ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار قاپلاپ كېتىپتۇ. يۇلغۇن، توغراق تاللىرىدا چىتلانغان ھويلا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، قوتان، غالتەكلىك قۇدۇق، ئاپتاپقا يېيىلغان ھەر خىل تېرە ۋە يۇڭلار ئايدىلەڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تېخى ھويلا ئارقىسىدىكى بارخانلار ئارىلىقلىرىدا ئالىقاندەك ئارپا ئېگىزلىقلىرى ئاقۇچ سېرىق بولۇپ كۆزگە چېلىقىدۇ ... ئەدناسى، ئۆچكىلەرنىڭ ئاچچىق مەرىگەن ئاۋازىمۇ گاھ ـ گاھ ئاڭلىنىپ قالىدۇ ... شۇنداق! كائىناتتەك نە ئوڭى، نە سوڭى كۆرۈنمەس بۇ تىلسىملىق قۇملۇقتا ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۇكلىرى بولغان باتۇر، جەسۇر، قورقۇمسىز قانداشلىرىمىزنىڭ روزغارلىرى، ماكانلىرى بار ... ئۇلار گەرچە بىر ـ بىرىدىن

نەچچە كۈنلۈك مۇساپىلەردە ياشىسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن، ئىسسىق نەپەسلىرى تارالغان بۇ تۇتىيا قۇملۇقلارغا ئوتلۇق مېھرى سىڭگەن! ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى، ھەقەمسايىلىرى، تۇغقانلىرى ئەنە شۇ توغراقلار، يۇلغۇنلار، قومۇشلۇقلار، پايانسىز قۇملۇقلار! ... ئۇلار بىلەن سۆكۈت ئىچىدە مۇڭدىشىدۇ ... جىمجىت كېچىلەردە سىر ـ ئەسرالىرىنى تۆكۈشىدۇ. بىر ـ بىرىگە ھەمقان بولۇپ ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈشىدۇ ...

كۆز ئايلىرى كىرىپ قالغاچقىسىمۇ توغراقلار ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، ناگان ـ ناگاندا ئۇچراپ تۇرىدىغان چاتقاللىقلار سۈس قوڭۇر رەڭگە كىرگەنىدى. ياپراقلىرى قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ياۋا قومۇشلار شامالدا خۇشياقمىغاندەك شالدىرلايتتى. يەردە قانداقتۇر چاشقان ياكى لەڭمەنتاقتاقنى كۆرۈپ قالغان كۆكنەك كۆك قەرىدە قانات قېقىپ، بىر يەردىلا پىلدىرلايتتى. چاتقاللىقلار ئارا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ياۋا ئۆچكىلەر ئىككى پۇتلاپ تىك بولغىنىچە، ئەڭ ئېگىزدىكى تىكەنلىك يۇمران شۇڭگىلارنى يالمايتتى. پوكانلىرىغىچە قىپقىزىل يالىڭاچلىنىپ قالغان قۇملۇق قاراتازلىرى تاپ ھىدىنى ئالغاندەك ئاسماندا توپ ـ توپ لەيلىشىپ يۈرەتتى.

ئاپپاق بۇدۇر قوزا تېرىسىدىن پەس قاسقانلىق تەلپەك كىيگەن گۈلبادام قۇملۇقلار ئارا ئېتىنى سالقىن يورغىلىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چۆل شامىللىرى قىزارتىۋەتكەن ئارپا كۆمىچىدەك يۇملاق يۈزى، چېكىلىرىگە تارتىلغان تۇپتۈز تۇم قارا قاشلىرى، نەيزىدەك ئۇزۇن كىرپىكلىرى، قارچىغىنىڭكىدەك ئوتلۇق كۆزلىرى، بىر جۈپ قىزىل مارجاننى ئەسلىتىدىغان

تومـىلاق لەۋلىرى، ھـايا ۋە ئىپـپەت يىپلـىنجاپ تـۇرغان چىرايى
لاتاپىتىدىن ئۇنىڭ قۇملۇق قىزى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

كـۇنـدۇزلـىرى دول قـورىغۇدەك سوغـۇق بـولمىغاچقـىمـۇ، گۇلـبادام توغراق قـوۋزىقى سۈيـىدە بويالـغـان قىـزغـۇچ خـام كۆڭلىكـىنىڭ ئـۈستىدىـن تېره پـىنـجىكـىنى تەتـۈر ئـۆرۈپ كىيىۋالغـانىدى. پەس مـويلۇق ئاپـپاق تېره پـىنجەك ئـۈستىدىن باغلانغان كۆپ پىستانلىق تـاسما بەلـباغ، بەلبـاغدىن ئېـسىلـىپ تۇرغان چاققانغىنە غىلاپلىق پىچاق، يارىشىملـىق ئاق تەلپەك ئۇنى پـالـۋان يىگىـتلەرگـە ئـوخشىـتىـپ قويغـان بولسـا، بـەلباغـقـا قىستـۇرۇلغان قاپـقارا بىر ئـۆرۈم چىچى، قـۇندۇزدەك چاچـلارغـا چىگىلگەن ئاق تەڭگـە ھەم قىـزىـل، كۆك مەرۋايىـتلار، شۇنداقـلا ئـەمـدىـلا كـۆتـۈرۈلـگـەن بـىـر جـۈپ كـۆكـسى، چىـرايىـغا مۇجـەسسەملـەنگەن ھايـا ۋە ناز ـ ئىسـتىغـنـالار ئۇنـىڭ بويىـغـا يەتكەن ساھىبجامالـلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

چۆل قـىـزى گۇلـبـادامـىنـىڭ تـەڭـگە گـۇلـلـۇك بوز ئـېـتـى تۇياقلىرىدىن قۇملارنى چاچرىتىپ كېـتىۋاتاتـتى. ئۇ پات ـ پـات پۇشقـۇرۇپ قويۇپ تىـك داۋانلارغا يامـاشسا، ھايـال ئۆتمـەي پـەس جىلغىلاردا يورغىلايتتى. گۇلبادام ئېتـىنى «قاشـقا يۇلتـۇز» دەپ ئاتـاشنى ياخشى كۆرەتتـى. چۈنكى، بـوز ئاتنىـڭ ماڭلـىيىدىـمۇ دۈپدۈگىـلەك قوڭـۇر رەڭ قـاشقىـسى بار ئىدى. بـولۇپمـۇ تـۆت تۇيىقىنىڭ قاپقارا يالتىراپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى تەڭگـە گۇللەرگە تولىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، يالى ئاپپاق ئىدى. گۇلبـادام ئېگىشىپ تۇرۇپ ئاتنىڭ يايلى ئاستـىغا قولـىنى تىقىپ سـىلاپ باققانـىدى، ئاچچىـق تەر ھـىـدى دىمىقـىغا ئـۇرۇلـۇپ، قولـىمـۇ ئىسسىق تەرگە چىلاشتى. گـەرچە كۆز ئايلىرى كىرىپ قالغـان

بولسىمۇ، قۇياش ئۆرلىگەن ھامان ئازغىنە ھارارەتنىمۇ سۈمۈرۈپ تۈرىدىغان قۇملۇقلار بىردەمدىلا ئىللىپ، قىزىپ كېتەتتى. ئۆزىدىن ئىسسىق ئوت تارقىتىپ، قۇملۇقتىكى جىمى ھاياتلىقلارنى جانلاندۇرۇۋېتەتتى. گۈلبادام قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ تىك كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا قارىدى. چىڭقىچۈش بولا ـ بولمايلا بىپايان جەزىرە قىزىشقا باشلىغانىدى. چۆل قىزى ئېتىنى بىقسىداپ دېۋىتتى ـ دە، جېدەللەپ يۈرۈپ كەتتى.

گۈلبادام مۇشۇ سەھرايى قۇملۇقتا تۇغۇلۇپ، باللىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆزاتتى. مانا ئەمدى رەسمىدىلىك بوسۇغىلىرىغا قەدەم ئالدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئوقيا تارتىپ، ئوۋ مىلتىقى ئېتىپ، چوماق بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ چوڭ بولدى. ئۇنىڭ 22 ياشلىق ئاز كەم بىر قەرنە ئۆمرى بوۋىسى ئابدۇللا بوۋاي بىلەن ئۆتتى. ئابدۇللا نەۋرىسىگە كىچىكىدىن باشلاپلا ئىسلام مىزانلىرىنى ئۆگىتىپلا قالماي، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، غۇرۇر، ۋىجدان، ئادىمىيلىك، خۇدادىن باشقىسىدىن قورقماسلىق دېگەندەك ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ، قىزنىڭ يۈرىكىگە چىن ئىنسانلىق ۋە ھالاللىق ئۇرۇقلىرىنى چاچتى.

تۆت كۈندىن بېرى بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغان ئابدۇللا بوۋاي بۈگۈن سەھەردىلا گۈلبادامغا:

— بالام، «قاقشاللىق»تىكى ھېلىقى يىقىلغان توغراق تۈۋىگە قاپقان قۇرۇپ قويغانىدىم، بىرەر ھايۋان چۈشكەن بولسا، قاپقاندىن بوشىنالماي ھارام بولۇپ قالمىسۇن. دەرھال بېرىپ كەلسىلە قانداق؟ — دېدى.

— بولىدۇ بوۋا، ئەمما، — گۈلبادام تېڭىرقاپ قالدى، —

ئۆزلىرى يالغۇز قالسىلا.

— خاۋاتىرلانمىسىلا بالام، مەن ھازىر خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم.

... «قاقشاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان توغراق ئورمانلىقىغا يېتىپ كەلگەن گۈلبادام ئېتىنى يېتىلەپ، يىقىلغان توغراق تۈۋىگە كەلدى. بىراق ئەتراپتىكى قۇم ـ توپىلار تىلغانغان بولۇپ، نە قاپقان، نە چۈشكەن ھايۋان كۆرۈنمەيتتى. ئادەتتىكى قاپقانلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ، بىرەر يەرگە بېكىتىلمەيتتى. ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالغان ھايۋان قاپقاننى سۆرەپ نە ـ نەلەرگە ئېلىپ كېتىپ، ھالىدىن كەتكەندىلا يىقىلىپ يېتىپ قالاتتى. لېكىن بۇ تۆمۈر قاپقان كېيىك، بۇغا، جەرەنلەرنىڭ ماڭار يولىغا قۇرۇلۇپ، چانىمىغۇدەك كۆمۈلگەندىن كېيىن، قۇم ئاستىغا قوزۇق قېقىپ بىرنەچچە غۇلاچ ئارغامچا ياكى زەنجىردە باغلاپ قويۇلاتتى. ئەگەر چوڭراق ھايۋان چۈشۈپ جان ئاچچىقىدا قوزۇقنى قومۇرۇۋەتتى دېگەندىمۇ، قۇمدا سۆرىگەن ئىز ياكى قان داغلىرى قالغان بولاتتى. گۈلبادام «بىرنەچچە كۈندىن بېرى شامالدا ئىزلار كۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن خىيالدا ئېتىغا مىندى ـ دە، ئەتراپنى كۆزىتىشكە ماڭدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئالىقىنىدا قۇملارنى سىيرىپ كۆردى. بىراق ھېچقانداق ئىزنا ـ بەلگىلەر كۆرۈنمىدى. بۇ تۆمۈر قاپقاندىن ھەرقانداق ھايۋان قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىشى، يىراقلارغا سۆرەپ ئېلىپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ياسالغان بۇ قەدىمكى ئوۋچىلىق قورالىنى ئېچىشنى ۋە قۇرۇشنى ئابدۇللا بوۋاي بىلەن گۈلبادامىلا بىلەتتى.

تۆت ئەتراپنى خېلىغىچە قىدىرىپ ئايلانغان گۈلبادام ئاخىر

يەنە قايتىپ كېلىپ، قاپقان قۇرۇلغان يەرگە بىرھازا قاراپ تۇردى. دەرۋەقە، كىملەردۇر قوزۇقنى قومۇرۇپ، چوشكەن ھايۋان بىلەن قاپقاننى قوشۇپلا ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم ئىدى. گۈلبادام ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا «قاشقا يۇلتۇز»غا مىندى.

— بوۋام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ — ئاتتا كېتىۋاتقان گۈلبادام ئاستا پىچىرلىدى، — ئۇ ... ئۇ ئەمدىلا ياخشى بولۇپ قالغاندا ... قانداق ئىمانسىز لەنىتى ئېلىپ كەتكەندۇ؟

روھى تەرەببا بەدەن قەپىسىدىن ئۇچۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان بۇ چۆل گۈزىلى ئېغىر خىياللار ئىلكىدە كېتىپ باراتتى. ئابدۇللا بوۋاينىڭ بۇ قاپقان ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايەتلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى.

— قىزىم بادىمەك، ① بۇ قاپقان، — دەيتتى بوۋاي قاپقاننى ھەر قېتىم قۇرغاندا، — بوۋامدىن دادامغا قاپتىكەن، دادامدىن ماڭا قالغان. تېخى دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە بوۋامغا بوۋىسىدىن قاپتىكەن ...

كۆڭۈلسىز ئوي ـ خىياللاردىن ئېزىلگەن گۈلبادام ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ھويلىسىغا قارىدى. ھەر كۈنى ھويلىسىدا يۇڭ ساۋايدىغان بوۋاي كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم ئۇ تۇزغاق تەكىيگە بېشىنى قويۇپ ئىڭراپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن. «قاشقا يۇلتۇز»نىڭ ئانىسى ئالا بايتال ئېغىل ئالدىدا چېچىلغان ئوت ـ خەسلەرنى يالماپ يەۋاتاتتى. ئۆگزىسىگە ياۋا قومۇش،

① كىچىك باللارغا كۆز تەگمىسۇن ئۈچۈن ياكى ئەركىلىتىپ ئىسمىنى سەتلەشتۈرۈپ چاقىرىش بىر ئادەت. مىسالەن: ئايشەمنى ئايشەك، گۈلسۈمنى گۈلسۈمەك، ئابلانى ئابۇش دېگەندەك.

ئارپا پاخاللىرى دۆۋىلەنگەن قوتاندىن ئۆچكىلەرنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غالتەكلىك قۇدۇق ئەتراپىدا بىر چار خوراز بىرقانچە مېكىيانلارنى ئەگەشتۈرۈپ دانلاپ يۈرەتتى. گۈلبادام هويلا ئەتراپىدىكى پاخال ساتما، يۇلغۇن، توغراق تاللىرىدا توقۇلغان قوشام، شاخ ـ شۇمبىلاردا قىلىنغان چىتلاقلارغا ئىغىر نەزەردە قاراپ چوڭقۇر تىندى. ئۇ «قاشقا يۇلتۇز»نى ئالا بايتالنىڭ ئوقۇرىغا باغلىغاندىن كېيىن پاكار ئۆگزىلىك ئۆيگە ماڭدى. ئاڭغىچە ئات تۇياقلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان بوۋايمۇ بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ، كۆڭلى تۇيغاندەك بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— قىزىم بادام، — بوۋاي ئامراق نەۋرىسىنى «گۈل»، «بادام»، «بادىمەك» دەپ چاقىرىشنى ياخشى كۆرەتتى، — نېمە بولدى سىلىگە، بەك خامۇش كۆرۈنىلىغۇ؟

— ماڭا هېچنېمە بولمىدى بوۋا، ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى.

ئۇلار تورۇسلىرىدىن ئوت ـ خەسلەر ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆيگە كىرىپ، ئاستىغا ياۋا قومۇش يېيىتىلغان بوز كىگىز ئۈستىدىلا ئولتۇرۇشتى. گۈلبادام مورا ئوچاق ئالدىدىكى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن مىس چۆكۈنگە، توغراقتىن ئويۇلغان يۇندى تەڭنىسىگە، ئۇنىڭ قېشىدىكى ساپال ئىمۇرىقا، تورۇستىن ئېسىلىپ تۇرغان نان سېۋىتىگە، چاپان ـ چاۋىلار ئارتىۋېتىلگەن بالداققا ۋە ئۆيدىكى كاساڭ، ئاياق، ياغاچ قوشۇق دېگەندەك نەرسىلەرگە قارىغان بولۇپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مىچچىدە يىغلىۋەتتى:

— بوۋا، قاپقانىنى بىركىملەر ئوغرىلاپ كېتىپتۇ!

— نېمە؟! — بوۋاينىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى، — مەن

تېخى بىرەر ھاۋان چۈشمىگەن بولسا، قاپقانغا چېقىلماي قايتىپ كەپتۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئېيتسىلا قىزىم، بۇ زادى قانداق ئىش؟

گۈلبادام ئۆزىنىڭ كۆرگەن، بىلگەن، ئەتراپلارنى قىدىرغان ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىشى، ئابدۇللانىڭ ئاپپاق ياخما قاشلىرى ئاستىدىكى گۈنسىز كۆزلىرى چەكچىيىپ بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالدى. ئۇ ئاقلىقتىن سارغىيىپ كەتكەن ساقىلىنى تۇتاملاپ بىرھازاغىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. گويا ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەك ... ۋە ياكى ئۇلارنى ھېلىلا ئىككى غۇلاچ قارا يەر تېگىگە كۆمۈپ قويغاندەك ئۇنىڭ ئورۇق تېنى خام يەكتەك ئىچىدە تولغاندى ... قەيىرسىدۇر بىر يېرى تارىسىدە ئۆزۈلۈپ كەتكەندەك ئازابلاندى ... ئۇ غەزەپ ئىچىدە قوللىرىنى شىلتىپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ۋۇي ئىمانسىز كاپىر، ھاراملىق تۇڭگۇز! ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى پايخان قىلغۇچى مۇرتەت ! ئىلاھىم جايىڭ دوزاخ بولارا!

بوۋاينىڭ بۇنداق دەرغەزەپكە كېلىشى بىسەۋەب ئەمەس ئىدى. قەدىم ـ ئايەمدىن كېلىۋاتقان ئوۋچىلىق رىسالە، مىزانلىرىدا قاپقانغا، تور ياكى قىلتاقىقا چۈشكەن ھايۋاننىڭ ھارام بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىراۋ ئۇنى بوغۇزلاپ، قارنىنى يېرىپ، يۈرەك، ئىچ ماي قاتارلىق ئىچ ـ باغرىنى ئېلىپ كېتىش جايىز ئىدى. بوغۇزلانغان ھايۋاننى توغراق پۇتىقىغا ياكى يۇلغۇن شاخلىرىغا ئېسىپ قويىاتتىكى، قاپقاننى ھەرگىز ئېلىپ كەتمەيتتى.

— بوۋا، بولدى كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا، — دېدى

گۈلبادام ئابدۇللانىڭ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — مەن ئات بىلەن ئۈچ ـ تۆت كۈن جېدەللەپ ماڭسام شەھەر ئەزىمگە يېتىپ بارالايمەن. بىرەر قاپقان سېتىۋالسام بولمىدىمۇ؟

— قىزىم، مەن بۇ قاپقاننىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىمىزگە بىردىنبىر ھەمقان بولۇۋاتقانلىقىغا بىئارام بولۇۋاتقىنىم يوق، — ئابدۇللا باش چايقىدى، — ئۇ دېگەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قېپقالغان تەۋەررۈك! بۇنداق تۇتىيا بۇيۇمنى ئاسراش، ساقلاش بىز ئەۋلادلارنىڭ ئەجداد ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان پەرھىزى! قەدىمكى بۇيۇملارنى يوقىتىش، بۇزۇش، سېتىش ئەجدادلارغا قىلىنغان ھاقارەت! ئەسل ـ نەسلىنى ئۇنتۇش بىلەن باراۋەر!

قەدىمكى بۇيۇملارنىڭ بۇنداق ئۇلۇغ مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن گۈلبادام بىردىنلا خىيالغا پاتتى:

— بوۋا، ئۇنداقتا ئۇنى ئۆيدە ساقلىماي نېمىشقا چۆل ـ جەزىرىلەرگە ئاپىرىپ ئىشلىتىمىز؟

— ئەخمەق قىز، — ئابدۇللا قول شىلتىدى، — قاپقاننى ھەر قېتىم «بىسمىللا» دەپ قۇرۇپ، قومغا كۆمگىنىمىزدە ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ روھى خوش بولۇپ، بىزگە مەدەت ـ پاناھ تىلەيدۇ! چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەجىر ـ ئېھسانلىرىنى داۋام ئەتتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىز ساۋاب ۋە ساخاۋەتكە نائىل بولىمىز!

— چۈشەندىم بوۋا، سۆزلىرىنى ناماز سۈرىلىرىدەك دىل پىنھانلىرىمدا پاكىز ساقلايمەن ...

— شۇنداق قىزىم بادىمەك، — بوۋاي نەلەرگىدۇر قادىلىپ ئاستا غۇدۇرىغاندەك قىلدى، — مېنىڭ ئوغلۇم مىركامىل

سىنىڭ دادىلىرى ئىدى. ئۇ ئەزەمشاھىنىڭ ئوغلى مەۋلىد بىلەن ئەجدادلارنىڭ قەبرىلىرىنى قازغانلىقى ئۈچۈن ئەجنەبىيلەرنىڭ قولىدا ئۆلدى، ئەجدادلارنىڭ قارغىشىدىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى ھېچكىم بىلمەيدىغان قۇملار تېگىدە قالدى ...

بوۋاي بۇنداق نەسىھەت، تەنبىھ، ھېكايەتلەرنى ھەر دائىم سۆزلەپ، نەۋرىسىنىڭ قەلبىگە ئەجدادلار روھىنى سىڭدۈرۈپ ماڭاتتى. بىراق، گۈلبادام دادىسى مىركامىل ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ناھايىتى غۇۋا، بەجايىكى چۈشىدىكىدەك ئەسكە ئالالايتتى. چۈنكى، گۈلبادام ئۇ چاغلاردا بەش ـ ئالتە ياشلاردا ئىدى.

ئۇلار شۇ كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ناماز شامنى ئۆتەپ يېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەن ئابدۇللا بوۋاي خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك بەكمۇ سولغۇن، چىرايى تاتىراڭغۇ، كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشقان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. گۈلبادامنىڭ يۈرىكى گويا قوقاستا پۇچىلانغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ بوۋىسىغا كاشكاپ قاينىتىپ ئىچكۈردى. جۇۋا، چاپان ـ چاۋىلارنى ئۈستىگە ئارتىپ تەرلەتكۈزدى. بىراق بوۋاي ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە تاياقتەك ئورۇقلاپ، قايتىدىنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ھەسرەت ئەلەڭگىلىرى يېلىنجاپ تۇرغان چىرايىدىن، يوشۇرۇن ئاھ ئۇرۇشلىرىدىن، ھېلىھەم تەۋەررۈك قاپقاننى ئۇنتالمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بوۋىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېغىر ئىزتىراپقا چۈشكەن گۈلبادام ئۇنى قوۋۋەتلىك يېگۈزۈپ، ماغدۇرسىغا كەلتۈرۈشنى ئويلىدى. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە سېمىز بىر ئوغلاقنى موڭگۈزىدىن سۆرەپ ئېلىپ كەلدى ھەم بوسۇغىدا

تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى:

— بوۋا، بۇ جانىۋارغا دۇئا قىلىپ بەرسىلە، سويماقچى ئىدىم.

نەۋرىسىنىڭ ئۇمىدلىك كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنى چۈشەنگەن بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى ھەم مۇنداق دېدى:

— قىزىم، پىچاقنى بىلىگەندە: «نەۋەيتۇ ئەن ئەزبەھ بىھازەل مەزبۇھەتە ئەربە ئىينە ئەرۇقىن ئەفرىجۇ مىنھۇ فاسىدەن ۋەئەلا سۈننەتى ئىبراھىمە» ① دېگەن ئايەتنى ئوقۇسىلا. پىچاقنى سۈرگەندە «بىسمىللاھىر ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىشنى ئۇنتۇمىسىلا.

— بوۋا، مەن بىرىنچى قېتىم مال سويۇۋاتقاندەك ئىزىپ ئىچۈرۈپ كەتتىلىغۇ، — قىز پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى، — مالنى سويغاندا، گۆشنى كانارغا ئاسقاندا، پارچىلىغاندا ئوقۇلىدىغان ئايەتنىڭ ھەممىسى ئېسىمدە، ھەتتا بېشىمغا تەلپەك، ئۇچامغا سىلىنىڭ تونلىرىنى كىيىپ، بىلىمگە پوتا باغلاپ ئەرەنچە ياسىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم② .

گۈلبادام بىر ھەپتىگىچە بوۋىسىغا گۆش يېگۈزۈپ، ئاق چامغۇر سېلىنغان شورپا ئىچۈرۈپ باقتى. شۇنداقلا «سىلى سەللا ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن قاپقاننى نەدىن بولسا تېپىپ كېلىمەن» دەپ كۆڭلىنى تىندۇردى. قاپقان ھەققىدە قىلىنغان ئەھدىنىڭ خاسىيىتىمۇ، بوۋاي ئون كۈندىن ئاشقاندا سەللىمازا ئورنىدىن تۇردى.

① قويدىن يارىماس، ھارام نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ مال بوغۇزلاشقا نىيەت قىلدىم.

② ئاياللار مال سويسا جايىز ئەمەستۇر، دېگەن قائىدە بار.

تەكلىماكان تەبىئىتى قانلىرىدا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، قورقۇمسىز، تەمكىن، كەم سۆز بۇ قۇملۇق قىزى بىر سەھەرلىكى خۇرجۇنىنىڭ بىر پېيىغا ئارپا، قوناق تولدۇرۇپ، ئاتنىڭ يېمىكىنى تەييارلىدى. ئاندىن خۇرجۇنىنىڭ يەنە بىر پېيىغا تالقان، ئارپا كۆمىچى، قوماچلارنى قاچىلىدى، سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇمنى ئات ئېگىرىنىڭ ئارقىسىغا غانجۇغىلاپ باغلىدى. نەۋرىسىنىڭ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئابدۇللا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ نەۋرىسىدىن ئانچە ئەنسىرەپ قالمايتتى. چۈنكى، گۈلبادام ئەركەكلەرگە خاس كۆچتۈگگۈر، چەبدەس، باتۇر چوڭ بولغانىدى. ئۇ ئوقيا، مىلتىق ئېتىش، چوماق چۆرۈپ ئوۋ ئوۋلاش، ھەتتا نۆۋىتى كەلسە، مەن ـ مەن دېگەن تۇمىقى قىرلاقلىق نوچىلارنىمۇ يانپاشقا ئېلىپ يەر چىشلىتىپ قويالايتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئەقىل ـ ئىدراكلىق بولۇپ، ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسە ئويلىنىپ، پەم بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. گۈلبادام ئىشىكتىن ئېڭىشىپ كىرىپ كەلگەندە بوۋاي جاينامازدا ئۇنىڭغا ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالام بوۋا، ئوبدان تۇردىلىمىكىن؟

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر قىزىم، — بوۋاي گېلىنى قىرىپ، كانىينى رۇسلىدى، — ھە، تەييارلىقلىرى سەرەمجان تاپتىمۇ؟

— خۇدا خالىسا، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بولدۇم.

— تېگىل ئوبدان بوپتۇ، — ئابدۇللا بىردەم تىنىۋالدى، — ھاۋا سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، قېلىنراق كىيىنىۋالسىلا ھەم ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىۋالسىلا، ئۇ سىلىگە ھەمراھ بولسا، يۈرەكلىرى پۈتۈن بولىدۇ.

— خوپ بوۋا.

— ئاخشام دەپ بەرگەن يول ئىزنالىرى ئەسلىرىدە باردۇ؟

— بار، ئالدى بىلەن «بۇۋىم مازىرى»دىن ئۆتۈپ، «قۇم داۋان» جىلغىسىغا چۈشىمەن، ئاندىن كارۋان يولى ئارقىلىق يۇقىرىلاپ «پاختا يۇلغۇن» جاڭگاللىقىغا ... شۇنداققۇ بوۋا؟

— مانا، مانا خەتلىرىدە تۇرماپتۇ ئەمەسمۇ، — ئابدۇللانىڭ پاخما قاشلىرى تۈرۈلدى، — «پاختا يۇلغۇن» جاڭگاللىقىغا كىرىشتىن بۇرۇن «كۆيۈك توغراق» قاپتىلىدىن ئۆتىلا.

— توغرا، ئېسىمگە كەلدى، — گۈلبادام قىزىرىپ كەتتى، — بولدى بوۋا چۈشەندۇرمىسىلە، سىلى دېگەن «تۇران ئۆتەڭ»نى چوقۇم تاپالايمەن.

— ھەببەللى، ئۇ يەردە بىرقانچە ئۆيلۈك ئادەملەر بار. ئەزەمشاھ تېكىنى ئاسانلا تاپالايلا ... يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا لەقىمىنى دەپ سالمىسىلا.

— يوقسۇ بوۋا، ياشانغان ئادەمنىڭ «تېكە» دېگەن لەقىمىنى دەپ يۈرسەم قاملاشماس. ئۇ ئادەم چۈشۈمدىكىدەك ئېسىمدە. توغرا، ئالدىغا دوڭغاق، تىك تۇغاق ئادەمغۇ؟

ئابدۇللا چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ كەتتى.

گۈلبادامنىڭ ئالتە ياش چاغلىرى بولسا كېرەك. كەكە ساقاللىرى چارلاشقان ۋىجىككىنە بىر ئادەم ئېتىنىڭ ئالدىغا بىر تېكىنى ئارتقان، ئايالى مەخپۇزخان ئون ياشلاردىكى نەۋرىسى مۇزەپپەر بىلەن بىر ئاتقا مىنگەن ھالدا كەلگەنىدى. بوۋاي - مومايلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ بىرھازا كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇلار تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئىز - دېرەكسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئوغۇللىرى مەۋلىد ۋە مىركامىللارنىڭ قىرىق نەزىرىسى ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەنىدى. قورۇلۇپ قالغان خىمەكتەك

كىچىككىنە ئەزىمشاھ ئالدىغا ئىگىشەگگو بولغىنى بىلەن ئولتۇرغان يېرىدىن لىككىدە تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ سىياقى ئېسىدە قالغان گۈلبادامنىڭ ئوخشىتىشى، ئابدۇللانى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى.

— مانا، مانا ئۇ قېرىنىڭ تەق - تۇرقى ئەسلىرىدىكەن، — دېدى ئابدۇللا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سىلى ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇزەپپەر بىلەن ئون نەچچە كۈن ئۆچكە بېقىپ، قوملۇقلاردا يۈرگەنلىكلىرىنى ئەسكە ئالالامىلا؟

— يوقسۇ، ئۇ بالىنىڭ چىراي شەكلىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئەزىمشاھنىڭ تۇرالغۇسى بولغان «تۇران ئۆتەك»دىن سودا كارۋانلىرى، ئاسارئەتىقە يىغقۇچى ئەجنەبىيلەر، قەدىمكى بۇيۇملارنى يىغقۇچى ئېلىپساتار ئۆتۈپ تۇراتتى. «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» دېگەن چىرايلىق نام قويۇۋالغان كېپەن ئوغرىلىرى، كونا خارابىلەرنى قېزىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ئىزدىگۈچىلەر يىغىۋالغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئەجنەبىي، مەككار سودىگەرلەرگە ئەرزان باھادا سېتىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئەزىمشاھنىڭ چېتىلانغان چوڭ قوروسىغا ئات - ئۇلاغ، تۆگىلىرىنى باغلىشاتتى. ئۆزلىرى بىرەر كېچە قونۇپ ئەتىسى سەھەردە يوللىرىغا راۋان بولاتتى. شۇڭا، ئەزىمشاھ كىمنىڭ نېمە ساتىدىغانلىقىنى، نېمىلەرگە ئالماشتۇرغانلىقىنى بىلەتتى.

ئابدۇللا بوۋاي قاپقان توغرۇلۇق ئەزىمشاھتىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇش ئۈمىدىدە، نەۋرىسى گۈلبادامنى يولغا سېلىپ قويدى، ئۇ «قاشقا يۇلتۇز»نىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان قۇم توزانلىرىغا خېلىغىچە قاراپ تۇردى.

# ئىككىنچى باب

تېرە پىنجەك ئۈستىدىن كۆپ پىستانلىق تاسما كەمەر باغلىغان گۈلبادام قوشئاتار ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئوقدانىنى مۈرىسىگە ئاسقان هالدا ئاتلىق كېتىۋاتاتتى. سەهەر قۇياشى كۆتۈرۈلگەنسېرى دەشتۇ قۇملۇق بارغانسېرى ئىللىپ، ئاتنىڭ ئاچچىق تەرى دىماقلارغا ئۇرۇلاتتى. گۈلبادام تۆگە يۇڭىدىن تۇقۇلغان بوز رومالىنى مۈرىسىگە چۈشۈرۈپ، ئاق تەلپىكىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇ بىپايان قۇملۇقتا، كۆپكۆك سۈزۈك ئاسمانغا، ئۇپۇق مانانلىرىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن توغراقلارغا، سۆسۈن رەڭ سايىلەر چۈشكەن تەسكەي جىلغىلارغا، گۈللىرى توق هال رەڭ تۈس ئالغان يۇلغۇنلارغا، ئۆتكۈر نۇرىنى تەكلىماكان ئانا تۇپراققا ئايىماي سېپىۋاتقان قۇياشقا، ئەدناسى، پاختا تۇزۇندىلىرىدەك لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارغا قاراپ ـ قاراپ تويمايتتى. بۇ زېمىنغا بولغان مېهىر ـ مۇهەببەت يۈرىكىدىن ئۆرتىلىپ «ئاه» دېگەن نىداغا ئايلانغىنىدا، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆكسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تاشلىناتتى ... شۇنداق ! بۇ ئۇلۇغ زېمىن ئۇنىڭ ماكانى، ئانا تۇپرىقى ! كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز هەم تۇتىيا روزغارى ! گۈلبادام بۇ قۇملۇق دىياردا تۇغۇلدى، كۆز ئېچىپلا كۆرگىنى چەكسىز قۇملۇق بولدى، شۇڭا قۇملۇقلار ئۇنىڭ مۇڭدىشى، سىردىشى، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسى ! ئۇ مال بېقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ نېمىلەرنى

كۆرمىدى ! كىملەر بىلەن غايىبانە مۇڭداشمىدى. بۇ دىيارغا ھاياتىي زوق بېغىشلاپ كەلگەن ئىپار كېيىكى، بۇغا ـ مارال، قۇملۇق ئۆچكىسى، ياۋا توشقان، چۆل كىرپىسى، كېلەر، پاتمىچۇق، لەگمەنتاقتاق، ھۆۋقۇش، كۆكىنەك، قارا تاز، مولۇن، ئاق تۆلكىلەرگىچە ئۇنىڭغا ئايان بولمىغىنى يوق. ئۇلار گۈلبادامنىڭ دوستلىرى، كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈچى ئەرمىكى، تەپەككۇر سۆھبىتى قىلىدىغان سۆيۈملۈك پىكىرداشلىرى ...

ھادىس كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك بارخانلار، ئۆركەش ـ ئۆركەش قۇم دولقۇنلىرى، تۇمانلار ئارا غايىب بولغان قۇم تاغلىرى، ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىرى، يۇلغۇن، چاتقاللار ھاياجانلىق زوق قوزغىغان گۈلبادامنىڭ كۆزلىرى لىقمۇلىق سۆزۈك ياشلارغا تولدى. ئۇ ئۇلۇغ ھېس ـ تۇيغۇلاردىن كۆڭۈل ـ كۆكسى كۆتۈرۈلگەن ھالدا «بۇۋىم مازىرى»غا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئاتتىن چۈشتى. گۈلبادام ئەپلىكرەك بىر جاينى تېپىپ قۇمغا يۈكۈندى.

پەسلىكتە بۇۋىم مازىرى يېيىلىپ ياتاتتى. بىراق بىرەرمۇ قەبرىنىڭ ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى. بۇ يەرنى مازارلىق دېگەندىن كۆرە، پەس ئېگىزلىكلەر قاپلىغان تۈزلەڭلىك دېگەن تۈزۈك ئىدى. پەقەت ئېگىز ـ پەس، قىڭغىر ـ قىيسىق خادا تاياقلار چوقچىيىپ تۇراتتى. بۇ تاياقلارغا ئاپتاپتا رەڭگى ئۆڭگەن شەلپەر لاتىلار، كوزا پۇچۇقلىرى، ئىسرىقدان، ئۆچكە تۇلۇملىرى باغلانغان بولۇپ، ئۇلار شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ، لاتىلاردىن قارسىلدىغان ئاۋازلار ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىپ قالاتتى.

گۈلبادامنىڭ مومىسى گۈلنىساخان، ئانىسى خالبانۇم مانا مۇشۇ قۇملۇق تېگىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. دادىسى مىركامىلنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا موماي

دۇنيادىن ئۆتكەچكە، ئۇ مۇسىبەتلەرنى كىچىك گۇلبادام خىرە - شىرە ئەسكە ئالالايتتى. ئەمما ئانىسى خالبانۇم ياشلا بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقاندا گۇلبادام 12 ياشتا ئىدى، ئۇنىڭ خۇددى تۇنۇگۇنكىدەكلا ئېسىدە تۇرۇپتۇ. يوغان توغراق كۆتىكىنىڭ بىر تەرىپى تۆت ئىلىك قېلىنلىقتا كېسىلىپ تۇۋاق قىلىنىشقا قالدۇرۇلدى. ئاندىن توغراق كۆتىكىنىڭ ئىچىنى پالتا، كەكە، ئىسكىنىلەردە ئويۇپ ئوت قويدى. ياغاچ كۆيۈندىلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ ئۇنىڭ ئىچى ئادەم ياتقۇدەك بولغاندا، ئاتقا سۆرىتىپ، مانا مۇشۇ مازارلىققا ئېلىپ كەلدى. قارا كىگىزگە يۆگىلىپ، ئۈچ يەردىن باغلانغان مېيىتنى جامائەت كۆتۈرۈپ كېلىپ توغراق كاۋىكىغا ياتقۇزدى - دە، قارا كىگىزنى سۇغۇرۇۋالدى. ئاپپاق خامغا كېپەنلەنگەن خالبانۇم پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتاتتى. بىرنەچچە ئادەم تۇۋاقنى توغراقنىڭ كېسىلگەن تەرىپىگە جۈپلەپ يۇلغۇن مىختا مىخلاۋاتاتتى. چوڭقۇر كولانغان گوداڭدىكى توغراق كۆتىكى ئۈستىگە قۇم دۆۋىلىنىپ، بىر خادا تاياق سانجىلغاندىن كېيىن ئىمام قىرائەتنى باشلىدى ...

... قايغۇ - مۇسىبەتكە تولغان ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگىمۇ ئون يىلدەك بولۇپ قالدى. گۇلبادام يىغلا - يىغلا كۆزلىرىدىكى ياشمۇ سۇيى تارتىلغان بۇلاقلاردەك قۇرۇپ تۈگىدى. هازىر ئۇنىڭ بېشىنى سىلايدىغان شاپائەتچىسى، غەمگۇزارى بوۋىسى ئابدۇللا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە هالىنىڭ نېچۈك دېگۈدەك دوست - يارەنلىرى يوق ئىدى. ئۇ چوڭ بولغانسېرى ئىچكى دەردلىرى ئۇلغىيىپ، هېس - تۇيغۇ گۇللىرى چېچەكلەپ، بويىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇدەك بىرەر قاياشقا، بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى

ئۇنتۇلدۇرىدىغان مۇڭداشقا، شېرىن ـ لەزىز سۆزلىرى بىلەن نازۇك كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان بىر سىرداشقا ئېگە بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ...

قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان گۈلبادام كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى بىلەن «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋەئىننا ئەيھى راجىئۇن ... ①» دېگەن ئايەتنى قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. قىرائەتنىڭ مىسكىن، تولىمۇ مۇڭلۇق ساداسى يېنىك كۆچىنىشلەر بىلەن بارا ـ بارا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، جىمجىت تەكلىماكان قۇملۇقىغا جان ئاتا قىلغاندەك بولدى ...

گۈلبادام كۆيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئېتىغا مىنىپ ئەرۋاھلار ماكانى بولغان مازارلىققا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالدى ـ دە، ئېتىغا قامچا ئۇردى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدى. ئىچىدىن ئۆرتىلىپ كەلگەن بىر نىدا ئۇنى قايغۇلۇق خىياللار قاينىمىغا تاشلىغانىدى. توۋا ! ئۆمۈر دېگەن شۇنچىلىكلا بىر نېمىكەنغۇ! بىر تىنىقتىن قالساڭ، چوڭقۇر يەر تېگىدىن ئورۇن تۇتۇپ يەتمىش مىڭ يىللىقلار بىلەن تەڭ بولىدىكەنسەن ! ئەنە شۇ بىر ـ بىرىگە قوشنا ياتقان ئەرۋاھلار بىر زامانلاردا جاھانغا پاتماي توقلۇقتىن شوخلۇق قىلغان بولغىيتتى ! كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە قان چېچىشقان، ئۆزئارا ئورا كولاشقان، گويا ئۆلمەيدىغاندەك گۇناھى كەبىر ②، گۇناھى سەغىر ③لەر ساھىبى بولغاندۇ ! ... مانا ئەمدى ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنچە يېقىن، قوشنا بولۇپ قاپتۇ !

① بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.
② گۇناھى كەبىر — چوڭ گۇناھ.
③ گۇناھى سەغىر — كىچىك گۇناھ.

بىراق ئەمدى مۇڭدىشاي دەپمۇ مۇڭدىشالمايدۇ! بىر ـ بىرىدىن ئەپۇمۇ سورىيالمايدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدۇ ! ! ...

راست، كونىلار «ئادەم قولاقتىن سەمرەر» دەپ بىكار ئېيتمىغان. بىر ئادەمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك دوست ـ يارەنلىرى بولمىسا، ئۇ خۇددى يوپۇرماقسىز دەرەخ، سۇسىز گىياھ بولۇپ قالامدۇ؟ بۇگۈن ئەتىگەن ئابدۇللا بوۋاي «مۇزەپپەر بىلەن ئون نەچچە كۈن ئۆچكە بېقىپ قۇملۇقلاردا يۈرگەنلىكلىرىنى ئەسكە ئالالاملا» دەپ سورىغاندا، گۈلبادام «يوقسۇ، ئۇ بالىنىڭ چىراي ـ شەكلىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ» دېگىنىچە، يەر بېقىپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزىرىشى بىسسەۋەب ئەمەس ئىدى. ئەزەمشاھ، مەخپۇزخان ئىككى بىتەلەيىنىڭ نەزىرىسىنى ئۆتكۈزگىلى كەلگەن ئاشۇ يىلى بىر سۆز بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى. بىركۈنى كېچىدە گۈلبادام بوۋىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ مۈگدەپ قالدى. ئون ياشلىق مۇزەپپەرمۇ مومىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئابدۇللا، ئەزەمشاھ، مەخپۇزخان، گۈلنىساخانلار ئىككى بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ كەتكەنلىكى، ئۆچكىلەرنى جاڭگالغا ئاپىرىپ بېقىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى. مەخپۇزخان يوسۇقىدە گەپ تېشىپ قالدى:

ــ ھەي گۈلنىسا، نەۋرەڭ گۈلبادامنى مېنىڭ نەۋرەمگە بېرىسەن جۇمۇ، ــ دېدى مەخپۇزخان ئويناشقاندەكلا، ــ مەن ئۇنى كېلىن قىلىۋالىمەن.

ــ مۇنۇي، ئۇلار تېخى كىچىك تۇرسا، ھېلىتىنلا سورىغىلى تۇردۇڭغۇ؟ ــ گۈلنىساخان قاپاقلىرىنى سۈزدى، ــ بۇ گەپنى قىلساڭ ھازىرلا ئېلىپ كېتىدىغاندەك يۈرىكىم سىلىپ كەتتا.

— قىز بالا چوڭ بولسا ياتلىق بولىدىغان گەپ، — گەپ ئارىلىدى ئەزىمشاھ، — بۇ ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان ئادەتقۇ. قانداق دېدىم ئابدۇللا، ھازىردىن تارتىپ بېشىنى باغلاپ قويمىساق، كېيىنچە «ئۆملا» دەپ قالارمىز. ھەرقانچە ساقال يۇلغان بىلەن بىكار.

— ھەي، تېكىدەك مەرەپلا كەتتىڭا، — ئابدۇللا بۇرادىرىنىڭ لەقىمىنى چىشلەپ تارتتى، — سەن نەزىر قىلىغىلى كەلدىڭمۇ ياكى نەۋرەمنىڭ پېيىگە چۈشكىلىمۇ؟

— ئويلاپ باق ئابدۇل، — ئەزىمشاھنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — بۇ باللارنىڭ دادىلىرىنىڭ مۇبارەك تېنى نەلەردە قالدى بىلمەيمىز ... ئىككى بالىنى جۈپتى ھەمراھ قىلىپ قويساق ئۇ ئىككى ناتىۋاننىڭ روھلىرى خۇشال بولماسمۇ؟

— ئۇغۇ راست ...

ئابدۇللا رازىمەنلىك بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇلىرى ئاتلىق بىر كۈنلۈك ياكى يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتا بولسىمۇ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىملەردە ئات، تۆگىلىرىگە مىنىپ يېتىپ كېلەتتى. شۇ باھانىدە قىزلار كىچىك بولسىمۇ «سۆز سالدۇرۇپ» قويۇشاتتى. دۇئا قىلىشىپ، ئىككى بالىنىڭ قوشۇلۇشىنى بىر ئاللادىن تىلەيتتى. ئۇلار قۇرامىغا يەتكەندە ئۆزئارا خەۋەر قىلىشىپ توي تارتىپ كېلەتتى - دە، قىزنى نىكاھ قىلىپ ئېلىپ كېتەتتى.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭغۇ، — دېدى ئەزىمشاھ ئابدۇللاغا، — ئەگەر پىسەنتىڭگە خوپ كەلمىسە، گەپ مەشەدە قالسۇن.

— ۋاي ـ ۋۇي، جۇۋاڭنى تەتۈر كىيگىلى ئارانلا تۇرىسەن ـ دە، — ئابدۇللا كۈلۈپ قويدى، — خۇدا ئاشۇ ئارزۇ ـ مەقسەتلەرگە يېتىشنى نېسىپ قىلسۇن !

— ھوششەرە، مۇنداق دېمەمسەن، ئەمسە گېپىمىز گەپ. بۇگۈنكى مەسلىھەتىمىز ئاللا ئالدىدىكى ئەھدىمىز بولۇپ قالسۇن، ئامىن !

... ئاتىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۆركۈپ كېتىشىدىن گۈلبادام شېرىن خىياللاردىن يېشىندى. ئۇ يۇلغۇن تۇۋىدىن قېچىپ كېتىۋاتقان توشقانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «ھازىر مۇزەپپەر قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟» دېگەن خىيال كەچتى. راست، گۈلبادام بوۋىسىنىڭ ئالدىدا، ھايا ـ نومۇستىن «ئۇ بالىنىڭ چىراي ـ شەكلى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ» دەپ قويغىنى بىلەن، مۇزەپپەرنىڭ قارىراق كەلگەن چاسا يۈزى، ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى، داۋاملىق جىددىيلىشىۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراشلىرى، ئورۇق، ئۆسكىلەڭ سىيماسى ھازىرقىدەك كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆچكىلەر پىتىراپ كەتسە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يىغىپ كېلەتتى. گۈلبادام: «مەن سەن بىلەن تەڭ يۈگۈرەلمەيدىكەنمەن» دېسە، مۇزەپپەر كۆرەڭلىك بىلەن: «سىز دېگەن قىز بالا تۇرسىڭىز» دەيتتى. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئېگىز قۇم دۆڭلىرىگە يامىشاتتى، بىللە يۇمىلاپ پەسكە چۈشەتتى. بىر قېتىم گۈلبادام قۇمدىن يۇمىلانغىنىچە پەس ئېدىرلىقتا چۈشۈپ كەتتى. يۈگۈرۈپ ھاسىراپ كەتكەن مۇزەپپەر ئۇنى قۇچاقلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. جىجىلىپ كەتكەن يۈزلىرىنى يەڭلىرىدە سۈرتتى، كۆزلىرىگە پۈۋلەپ قۇملارنى چىقاردى ھەم «ھېچنېمە

بولمايدۇ، قورقماڭ، مەن بار» دەپ تەسەللى بەردى.

— رەھمەت مۇزەپپەر، مەن سىنى ئاكامدەكلا ياخشى كۆرىمەن ...

— ئاكامدەك دىمەي ئىرىمدەك دەڭ.

— نىمە؟! — ئالتە ياشلىق قىز چۆچۈپ كەتتى.

— مومام سىزنى نەچچە قېتىم مىنىڭ كىيلىنىم، دەپ ئەركىلەتتىغۇ.

— ما سەتنىڭ گىپىنى.

— مەن سەتما؟

— قاپقارا تۇرساڭ.

— قاپقارا بولسام نىمە بوپتۇ، چوڭ بولغاندا سىزدەك ئاقىرىمەن.

— ھەرقانچە ئاپپاق بولۇپ كەتسەڭمۇ تەگمەيمەن.

— نىمىشقا ئەمدى؟ — مۇزەپپەر دومسايدى، — ئەمسە بوۋام بىلەن مومامغا دەيمەن.

— دىسەڭ دە، تەگسە ئىلىپ كىتىدىغان گەپكەن، مومام «ھازىرلا ئىلىپ كىتىدىغاندەك يۈرىكىم سىلىپ كەتتا ... » دىدىغۇ.

— بىز سىلەرنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كەلسەكچۇ؟

— ئەمىسە مەيلى، — گۈلبادام مۇزەپپەرنىڭ ئوڭ بىلىكىنىڭ ئاستىدىكى قاپقارا نەرسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، — ۋاي خۇدايىم، بىلىكىڭگە پاتمىچۇق چاپلىشىۋاپتۇ.

— ئۇ پاتمىچۇق ئەمەس، — مۇزەپپەر بىلىكىنى كۆرسەتتى، — بۇ دىگەن چوڭ بولغاندا باي، ئەمەلدار، باشلىق بولۇشنى بىلدۈرىدىغان خال ...

ئەزەمشاھ ۋە مەخپۇزخانلار ئەتە قايتىمىز دېگەن كۈنى مۇزەپپەر بىلەن گۈلبادام ئۆچكىلەرنى چاتقاللىققا قويۇۋېتىپ ئۆزلىرى قۇم داۋىنىدىن سىيرىلىپ ئوينىدى. گۈلبادام تۇيۇقسىزلا چىرقىراپ يىغلىۋەتتى. ئاڭغىچە مۇزەپپەر يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. گۈلبادامنىڭ بويىندىكى بىر تىزىق مارجاننىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ، كۆپكۆك يالتىراپ تۇرغان مارجانلار يەردە چېچىلىپ ياتاتتى.

— بولدى يىغلىماڭ، تېرىۋالساق بولىدىغۇ، — دېدى مۇزەپپەر مارجانلارنى بىر - بىرلەپ تېرىپ، — شۇنىڭغىمۇ يىغلامدۇ.

— بوۋام ئاتلىق نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، قاراقاش بازىرىدىن ئېلىپ بەرگەن تۇرسا.

ئۇلار مارجانلارنى بىر - بىرلەپ سانىغانىدى، بىر تال كەم چىقتى. ئۇنى قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. گۈلبادام كۆزلىرىنى سۈرتكەن هالدا غۇدۇراپ قويدى:

— بوۋام بىردىن - بىردىن ساناپ، يىپقا ئۆتكۈزگەندە 24 تال دېگەنىدى.

ئالىقىنىنى چىڭ يۇمۇۋالغان مۇزەپپەر، كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلغىنىچە جىم تۇرۇۋالدى ...

... گۈلبادام شېرىن ئەستىلىكلەرگە ھەمراھ بولۇپ، قۇم داۋاندىن قاچانلاردا ھالقىپ ئۆتۈپ كەتتى، كارۋان يولىدا جېدەللەپ مېڭىپ، «پاختا يۇلغۇن» جاڭگاللىقى نەدە قالدى بىلمەيلا قالدى. ئۇ «كۆيۈك توغراق» ئورمانلىقىغا يېتىپ كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ كۈنگە قارىدى. بىر كۈن كەچكىچە يەر - زېمىننى قىزدۇرغان قۇياش گويا ھاردۇق يەتكەندەك مانانلار

ئىچىدىكى گىرىمسەن كۆرۈنگەن قۇم تاغلىرىغا قىڭغايغانىدى. ئەتىگەن سەھەردىن بېرى ئاغزىغا نانىنىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ سالمىغان گۈلبادامنىڭ قورسىقى خېلىلا ئاچقانىدى. ئۇ خۇرجۇندىن ئالىقاندەك ئارپا كۆمىچىنى ئېلىپ، تۇلۇمدىن جامغا① يېرىمىراق سۇ قۇيدى. ئاندىن ئىككى ئالىقان قوناق سېلىنغان تۇۋرىنى ئاتنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدى.

گۈلبادام بىر توغراقنىڭ غولىغا يۆلىنىپ «بىسمىللا» دېگىنىچە، شالاڭ، ئەمما بەھەيۋەت ئورمانلىققا قارىدى. بەش ـ ئالتە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان نەچچە مىڭ يىللىق توغراقلار خۇددى كۆكنى تالاشقاندەك قەد كېرىپ تۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ قوۋزاقلىرى تامام تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ياش شوخلىرىدا يايپېشىل ياپراقلار يالتىرايتتى. بوراندا يىقىلغان قېرى توغراقلار بەجايىكى دەريا ئېقىمىنى توسۇپ ياتقان ئەجدىھادەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. چاقماق ئوتىدىن قاپقارا كۆيۈندىگە ئايلانغان توغراقلارمۇ خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ غول، يىلتىزلىرىدىن كۆكلەپ چىققان ياش نوتىلار «مەنمۇ ئەجدادىمدەك مىڭ يىل ياشايمەن» دەۋاتقاندەك لەرزان تەۋرىنەتتى. غول ـ شاخلىرى قۇرۇپ ـ قاغجىراپ كەتكەن قەدىمىي توغراقلار خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى. قىسقىسى، جىمجىت سۈكۈتتە تۇرغان بۇ ئىپتىدائىي ئورمانلىق تەنلەر شۇركەنگۈدەك سۈرلۈك قۇم ئاستىدىكى خەزىنىلەرنى، ئەجداد روھلىرىنى باغاشلاپ تۇرغاچقىمۇ، مەردانە ۋە كۆچتۈڭگۈر پالۋانلاردەك كۆرۈنەتتى!

گۈلبادام بوۋىسى ئابدۇللادىن مۇنداق بىر رىۋايەتنى

① جام ــ ياغاچ قاچا.

ئاڭلىغانىدى:

«دەھشەتلىك چىققان قارا بوران غايەت زور قۇم دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا 300 دىن ئارتۇق شەھەر ـ ئايماقنى قۇم بېسىپ، غايىب قىلىۋەتكەنىكەن ... »

ھەيھات ! يىللاپ سۇ كۆرمىگەن، تەشنالىقنى قاندۇرالمىغان، چۆل بورانلىرىدا سوقۇلۇپ، چاقماقلار تەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان بۇ خىسلەتلىك دەرەخ نېمىشقا شۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغاندۇ؟! قورام تاشتەك بەردەم، مەزمۇت گەۋدىسى نېمىدىن تۆرەلگەندۇ؟! شۇنداق، ئۇ قۇم تېگىدىكى ئەجدادلار سىيماسى ! قانائەتچان مىللەتنىڭ روھى ۋە ئېتىقادىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغاندۇ. شۇڭا تەڭرى ئۇنىڭغا ھەممەتتىن مەدەت بەرگەن ! شاپائەت ۋە ساخاۋەت قوللىرىدا بېشىنى سىلىغان، ئېتىقادىنى پاكلىغان دەرەخلەر ئەۋلىياسىدۇر! ...

ئۇلۇغ ھەم كەرەملىك ئوي ـ خىياللار ئىلكىدە ئەجدادىنى سېغىنغان گۇلبادام زاۋال قاراڭغۇلۇقىدا «تۇران ئۆتىڭى»گە يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرىپىدە ئانچە ئېگىز بولمىغان دۆڭلۈكلەر قورشاپ تۇرغان «تۇران ئۆتىڭى» كوچىغا ياكى مەھەللىگە ئوخشمايتتى. پورپاڭ قۇملۇق يولنىڭ ئۇ قاسناق، بۇ قاسناقلىرىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىدە شاخ، چاۋار ـ چاتقاللار بىلەن ئاھادا قىلىنغان ئۆيلەر چوقچىيىپ تۇراتتى. كۆرۈمسىز، غېرىبلىق يېغىپ تۇرغان بۇ ئۆيلەرنىڭ تام سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن يەرلىرىدىن يۇلغۇن ياكى توغراق تاللىرىدىن توقۇلغان قوشاملىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆگزىلەرگە دۆۋىلەنگەن ئارپا سامىنى ئۇستىدە توگۈلۈپ ياتقان ئىتلار خۇددى «ئىگەم ئاڭلىسۇن» دېگەندەك، ھۇرۇنلۇق بىلەن ناگان ـ ناگاندا قاۋاپ

قوياتتى. ھەممىلا ھويلىنىڭ ئەتراپى ۋە ئىچىدە يۇلغۇن، جىغان، تىكەنلىك زاغزاقلار ئۈنۈپ كەتكەنىدى.

ئېتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان گۈلبادام، ئۆچكىسىنىڭ ئارقا پۇتلىرىنى كېرىپ قويۇپ سېغىۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئەدەپ - ئىكرام بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن، ئەزىمشاھنىڭ ئۆيىنى سورىدى. ئايال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بېشىغا ئۆچكە تىۋىتىدىن توقۇلغان كۆل رەڭ رومال ئارتقان بولۇپ، كېلەڭسىز خام كۆڭلىكى ئوشۇقلىرىدا سۆرىلىپ تۇراتتى. زاۋال قاراڭغۇلۇقى چۈشۈپ قالغاچقا، ئايال يەڭسىز تېرە پىنجەك ئۈستىدىن كەمەر باغلىغان، مۈرىسىگە ئوۋ مىلتىقى ئاسقان، ئاق تەلپەكلىك گۈلبادامغا سىنچىلاپ قارىدى:

— ۋاي ئانىمەي، ئۆزلىرىنى ئەكتى[1] مىكىن دېسەم، مەزلۇمكەنلىغۇ، — ئايال مەھەللىنىڭ بېشىنى كۆرسەتتى، — ئاشۇ قۇم جەينەكتىن قايرىلسىلا ئەزىمشاھنىڭ ئۆيى. ئۇ شور پېشانىمۇ قەدىنىسىنى ئۈزىتىپ قويغىلى ھەپتە بولدى.

— نېمە؟ مەخپۇزخان مومام ... ، — گۈلبادام گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— شۇنداق، ئۇ رەھمىتى بالا دەردىدە، ئالتە - يەتتە يىل كېسەل تارتىپ ئاخىر كېتىپ قالدى.

— بالىسىغا نېمە بوپتۇ؟ — گۈلبادامنىڭ يۈرىكى جىغىغىدە قىلىپ قالدى، — ئۇ بالىنىڭ ئىسمى مۇزەپپەرغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، بىر ئوبدان، دىلنىڭ خۇدا، ئاغزىدا ئىمانى بار دىلكەش بالا ئىدى. قارىماملا، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئالتە - يەتتە يىلدىن بېرى ياقا يۇرتلاردا قېچىپ يۈرىدۇ ...

① ئەكتى — ئەر كىشى.

پۈت ـ قولىدا مىسقالچە مادار قالمىغان گۈلبادام خۇددى ئاسماندىن تاشلىنىۋەتكەندەك لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ يولنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى پەرق ئەتمەي، پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە ئېتىنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى.

ــــ ئاھ خۇدا، تەقدىر ـ قىسمەتلىرىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي، ــــ ئاستا پىچىرلىدى ئۇ.

گۈلبادام بۇ ئېغىر زەربىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. شۇنداق، 15 يىل كۆرمىگەن ئاشۇ قارىقۇمچاق، ئاكا يوللۇق ئاكىسىنى بىر كۆرۈش ئۇنىڭ ئىستىكى ئەمەسمىدى! ئۇنىڭدىن ئايرىلغان يىللاردىن بېرى ئۇنى پات ـ پات خىيال قىلىپ تۇرغاچقىمۇ، چۈشلىرىگىمۇ كىرىپ قالاتتى. يەنىلا شۇ ئۆچكە باققان چاتقاللىقلار، سىيرىلىپ ئوينىغان دۆڭلۈكلەر، كۆزىگە كىرىپ كەتكەن قۇملارنى پۈۋلەشلەر، جىجىلىپ كەتكەن يۈزلىرىنى يەڭلىرىدە سۈرتۈشلەر، چېچىلىپ كەتكەن مارجانلارنى بىر ـ بىرلەپ تېرىشلەر ئايان بولاتتى. گۈلبادام ئۆچكىلەرنى ئالدىغا سېلىپ باققىلى بارغاندىمۇ بالىلىق ئەستىلىكلەر ئۇنى ئاشۇ چاتقال، دۆڭلۈكلەرگە ئېلىپ باراتتى. سىيرىلىپ ئوينىغان دۆڭلەرگە تەلمۈرۈپ قارايتتى. گاھى ـ گاھىدا ئۇنى شۇنچىلىك غېرىبلىق، تەنھالىق، زېرىكىش ئىسكەنجىلىرى ئالقىنىغا ئالاتتىكى، ئۇ كىمنىڭدۇر بويىنىغا ئېسىلىپ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالغۇسى كېلەتتى ... ھەي دەرىخا! مۇزەپپەر بىلەن ئوينىغان ئۇ غۇبارسىز كۈنلەر، ھاياتنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرى خاتىرىسى بولۇپ قاپتۇ ـ دە! قانداق قىلغۇلۇق، نېمە دېگۈلۈك، بۇ تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى تۇرسا! ...

گۈلبادام ئەزەمشاھنىڭ غارالىق ھويلىسى ئالدىدا بىردەم

تۇرغاندىن كېيىن، ئاتنى يېتىلەپلا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېتىنى نەگە باغلاشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە ئۆگزىسىگە شاخ ئوتۇنلار دۆۋىلەنگەن پاكار ئۆينىڭ ئىشىكى «غىيىق» قىلىپ ئېچىلىپ، ھاسا تۇتقان بىر ئادەم قىسماقتەك ئېگىلىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ گۈلبادامنى قونالغۇ ئىزدەپ كەلگەن يولۇچى دەپ قالدى بولغاي، يۆتەلگىنىچە گەپ باشلىدى:

— يىگىت، ھازىر ھويلام دەڭ ئەمەس. ئاتلىرىغا بەرگۇدەك يەم ـ خەشەكمۇ يوق.

— ئەزەمشاھ بوۋا، — گۈلبادام يېقىن كەلدى، — مەن ئابدۇللانىڭ نەۋرىسى گۈلبادام.

— نېمە، ئابدۇللا؟! گۈلبادام، — بوۋاي ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى، — ئاھ خۇدا، ئابدۇل ... ئابدۇل ! سېنى كۆرەلمەي پانىيدىن كېتىدىغان چېغىم بار دەيتتىم ... مانا نەۋرەڭنى بولسىمۇ كۆردۇم.

— بولدى، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا بوۋا، — ئۇلار قولتۇقلىشىپ ئۆيگە كىردى، — ئاھ مەخپۇز، كېلىنىم دەپ ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيدىغان قىزىڭ كەلدىغۇ، غۇلاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىماي كەتتىڭمۇ ھەمراھىم، ئۇزۇن تۈنلەردىكى مۇڭدىشىم ...

بوۋاينىڭ يىغىسى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ يېقىن بۇرادىرى ئابدۇللانىڭ نەۋرىسى گۈلبادامنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ يىغىسىغا قەدىناسى مەخپۇزخانىنىڭ ھەسرىتىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. گۈلبادام ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بىرمۇنچە شېرىنسۆخەن گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن بوۋاي پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ھويلىغا

دوڭغاسلاپ چىقىپ كېتىپ، يەردىكى ئوت ـ خەسلەرنى تېرىپ يۈرگەن ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ، ئېگەر ـ جابدۇق، يۈگەن، ئېغىزدۇرۇقلىرىنى ئېلىپ ئوقۇرغا باغلىدى. خېلىدىن بېرى بېسىلىپ تۇرغان پىچاننى سېلىپ بەردى. ئاندىن گۈلبادامنىڭ خۇرجۇن، تۇلۇم، توۋرىلىرىنى ياندۇرۇپ كىردى. ئۇ كىرگىچە گۈلبادام خېلىدىن بېرى ئايال كىشىنىڭ قولى تەگمىگەن ئۆينى بىر قۇر رەتلەپ، يوتقان ـ كۆرپە، چاپان ـ چارىلارنى چوڭ كاجۇ[1] نىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە جايلاشتۇردى. يۇيۇقسىز قازان ـ چۆمۈچلەرنى يۇيۇپ، ئاسما سېۋەتكە سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن، مىلتىقنى قوزۇققا ئېسىپ قويدى.

— قىزىم، ئاتتىن خاۋاتىرلانمىسىلا، ئالدىغا پىچان سېلىپ بەردىم، — دېدى ئەزەمشاھ گۈلبادامنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ، — بىردەم تۇرۇپ قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇ تارتىپ سۇغىرىۋېتەيلى.

— بوۋا، قورساقلىرى ئاچ بولسا چاي قايىنىتايمۇ؟

— موماي كەتكەندىن بېرى گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ، — بوۋاي غېرىبسىنىپ قالغاندەك قىلاتتى، — مانا ئالتە ـ يەتتە كۈندىن بېرى قازانمۇ ئاسمىدىم. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتسە قوتۇماچ سېلىپ يېدىم.

— ئۇنداقتا سىلىگە تاماق ئېتىپ بېرەي.

— ماقۇل، كاجۇدا ئارپا، قوناق ئۇنى بار، ئازراق ئاق ئۇنمۇ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۆزلىرىمۇ ئۇزۇن يول بېسىپ كەپلا، ھاردۇق ئېشى ئەتسىلە قانداق؟

— بولىدۇ بوۋا، ئۇگرە ئېتىپ بەرسەم بولامدۇ؟

---

[1] كاجۇ — ئاشلىق ساقلايدىغان چوڭ ھەم چوڭقۇر ئىشكاپ ساندۇق.

— تۇز تامىدۇ دېسىلە بالام، ھويلىدىكى ئورەكتە ئاق چامغۇر، پىياز، مەككە چامغۇرى ① دېگەندەك بىرنېمىلەر تۇراتتى، ئەكىرىپ بېرەي.

مەخپۇزخان ئانا بەكمۇ رايىش ئايال بولۇپ، تاماقلارغا بەكمۇ قولى ئەپلىك ئىدى. ئۇ قوناق چۆچۈرىسى، قوناق ئۇگرىسى، سىقماق، كۇمۇلەك، يوبدان ② لارنى ئاغزىدا قالغۇدەك ئوخشىتىپ ئېتەتتى. ئۇ قوشنا ئايماقلارغا مېھماندارچىلىقلارغا بارغاندا يالپۇز، يۇمغاقسۇت، قارامۇچ قاتارلىق تاماق خۇرۇجى تالقانلىرىنى تېپىپ كېلەتتى. گۇلبادام ئويۇقلارنى ئاختۇرۇپ كىچىك خالتىچاقلارنى تېپىپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ خېمىرنى يۇغۇرۇپ تىندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئاق چامغۇر، مەككە چامغۇرى، پىيازلارنى توغراپ تەييارلىدى. ئاڭغىچە بوۋاي كان ئوچاققا ئوت ياقتى.

تاماق تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇلار داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئۇگرە ئىچىشتى. خېلىدىن بېرى ئىسسىق كۆرمىگەن بوۋاي:

— ۋاي - ۋۇي خويمۇ ئىسسىق باستى، قوللىرى گۇلكەن بالام، — دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى. يەنە ئۇ «مۇزەپپەر دېگەن پېتىر قولاق گېپىمنى ئاڭلىغان بولسا، شۇ دىشۋارچىلىقلارغا قالارمىدۇق» دەپ غۇدۇراپ قويدى.

تاماقتىن كېيىن بوۋاي دالاندا، گۇلبادام ئىچكىرىكى ئۆيدە خۇپتەن نامىزىنى ئۆتىۋېلىشتى. ئاندىن ئۇلار دالان ئۆيدىكى ئۆچكە تېرىسىدە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى.

① مەككە چامغۇرى — ياڭيۇ.
② تاماق تۇرلىرى.

ــ بوۋا، بايا مۇزەپپەر ئاكامنى تىلغا ئېلىپ قالدىلا، ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ــ سورىدى گۈلبادام بوۋايغا سىنچىلاپ قاراپ، ــ مەخپۇزخان موماممنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ قاتنىشالمىغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ قاتنىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن مانا ئالتە ـ يەتتە يىلدىن بېرى ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق، ــ بوۋاي ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقىدى، ــ بىر ئاڭلىساق قەشقەردىمىش، يەنە بىر ئاڭلىساق ئاقسۇدىمىش دېگەن مىش ـ مىش گەپلەر. تېخى، «كېيەن ئوغرىلىرىغا قېتىلىپ كېتىپتىمىش» دېگەندەك ئۆسەك گەپلەرمۇ تارقالدى. ئەمما مەن مانا تاھارىتىم بىلەن تۇرۇپتىمەن. مېنىڭ بالام ھەرگىز ئۇنداق ئىمانسىزلىقنى قىلمايدۇ.

ــ مۇزەپپەر زادى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟ ــ ئەھۋالنىڭ تېگىنى بىلىش ئۈچۈن گۈلبادام كوچىلاپ سورىدى، ــ ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتىمۇ ـ يا؟

ــ يوقسۇ بالام، بىر ئەجنەبىيگە پىچاق تىقىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ، ــ ئەزەمشاھ ساقىلىنى تۇتاملىدى، ــ خەتلىرىدە بارمىكىن بالام، ئوغلۇم مەۋلىدنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ، سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغىنىمىزدا ئۇ ئۇن ياشتا ئىدى. ئەمما ئۇ چوڭ بولغانسېرى ئادەم ئەنسىرىگۈدەك خىيالچان بولۇپ كەتتى.

... مەۋلىد، مىركامىللار «نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولىدىكەن» دېگەن ۋەسۋەسىدە، بايلىق قازغۇچى ئەجنەبىيلەرگە يالىنىپ مەدىكارچىلىققا ماڭغاندا، ئابدۇللا، ئەزەمشاھلار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇشتى، ھەتتا ئابدۇللا ئوغلىنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەزەمشاھمۇ مەۋلىدنىڭ قاڭشىرىنى يېرىۋەتتى. ئىچىگە «پۇل»دىن ئىبارەت شەيتان كىرىۋالغان بۇ ئىككى يىگىت بىلگەن پوقىنى يەپ، يوشۇرۇن

قېچىپ كەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۆلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى، ئون ياشلىق مۇزەپپەر ئەقلىنى تاپقىچە ئويۇننى ئويناپ يۈردى. 16 ـ 17 ياشلارغا كىرىپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ قالغاندا خىيالىنى كۆپ قىلىدىغان، پات ـ پاتلا دادىسىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ، ئەجنەبىيلەرنى تىللايدىغان بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، بۇ چاغلاردا ياۋروپادىكى ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەردىن كېلىشۋاتقان ئەجنەبىيلەر تارىم قوۋۇقىنى چېقىپ، تەكلىماكان زور قۇملۇقىدا كونا خارابىلىكلەرنى، قەدىمكى قەبرىلەرنى، قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر ئىزنالىرىنى قېزىپ، «گۆھەر» توپلاش دولقۇنىنى قوزغىۋەتكەنىدى. يەرلىكتىكى بەزى غۇرۇرسىز، ئىمانسىزلار ئۇلارغا يول باشلاپ، ئەجدادىنىڭ روھىنى پۇچەك پۇلغا سېتىشتى. شۇنداقتىمۇ يەرلىك ئاۋامنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەن ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇلارنى خارلاش، كەمسىتىش، ھەتتا ئۆلتۈرۈشتەك خەۋەرلىرى تەكلىماكان دىيارى ئەتراپىدىكى شەھەر ـ ئايماقلاردا تېرىقتەك تېرىلىپ كەتكەنىدى.

مۇزەپپەر 19 ياشقا كىرگەن يىلى، ئەجنەبىيچە كىيىنگەن ئوروق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ كۈنى مۇزەپپەر ئۆيدە يوق ئىدى. بۇ يات ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ بىر ـ ھازا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئەزەمشاھ بىلەن مەخپۇزخان تەئەللۇك ئىچىدە بىرھازا سۇكۇتتە ئولتۇردى. مېھمان بىر چاغدىلا ياشلىرىنى سۈرتۈپ زۇۋانغا كەلدى.

— مېنىڭ ئىسمىم پەتتۇللا رېھىم، مەرھۇم مەۋلىدىنىڭ يېقىن بۇرادىرى بولىمەن. ئۇ ... ئۇ ... مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى، — پەتتۇللا بۇرنىنى تارتىپ قويدى، — مەن رەھمىتىنىڭ

ۋەسىيىتى بويىچە سىلەرنى ئىزدەپ كېلىشىم. گەرچە ئاريدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى بوينۇمدا قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقتۇم.

— قېنى سۆزلەۋەرسىلە، قۇلىقىم سىلىدە، — دېدى ئەزەمشاھ پەتقۇللاغا قادىلىپ، — ئوغلۇم مەۋلىد زادى قانداق ئۆلدى؟

... تەكلىماكان قاراقچىسى دەپ نام ئالغان ئەنگلىيەلىك كارنىگ موللېر، تەكلىماكان بويىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر بوستانلىق «ئاتبېشى» كەنتىدىن ياللىۋالغان 30 مەدىكارنى «دەندەن ئۆيلۈك» خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددىزم دەۋرىدىكى بىر بۇتخانىنى قېزىشقا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سادىق مالىيى توختىقۇل ۋە تەجرىبىگە باي ئىككى ماھىرنى مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى، ئاندىن يېقىن دوستى، مەسلىھەتچىسى كىناتون بايىس بىلەن تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر خارابىلىككە بېرىشنى قارار قىلدى. چۈنكى، بۇ يەر توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى ئىسرائىل ئىسىملىك بىر كىشى يەتكۈزگەنىدى. كارنىگ موللېر كىناتوندىن باشقا يەنە مىركامىل، مەۋلىد، ئىسرائىل قاتارلىق بەش ئۇيغۇر مەدىكارنى ئېلىپ، ئىسرائىل ئاپارماقچى بولغان خارابىلىكنىڭ خەرىتىسىنى سىزغىلى يولغا چىقتى. ئۇلار تۆگىلەر بىلەن ئىككى كۈن مېڭىپ، خارابىلىككە يەتمەي تۇرۇپلا، قارا بوران چىقىپ كەتتى. پۈتكۈل جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، غايەت دەھشەتلىك قۇم دولقۇنلىرى يوپۇرۇلۇپ كەلدى. تۆگىلەر پىتىراپ، بوزلاپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بىر تۆگىدىكى ئۆلچەش، قېزىش، تىڭشاش، بەلگىلەش ئەسۋابلىرىنى دەرھال چۈشۈرۈپ، ئىسرائىل بىلەن پەتقۇللا رېھىمىنىڭ

دۆمبىسىگە ماتاپ باغلىدى. ئىسرائىل قىچىپ كەتتىمۇ ياكى ئۆلدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. دەممۇدەم شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان بوران خاتىرجەملىكنى، تىۋشسىز قوملۇق ئۈيقۇسىنى بۇزۇۋاتقان بۇ ئادەملەرگە غەزەپلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردەمدىلا قۇم چوققىلىرى پەسلەپ، چوڭقۇر جىلغىلار تولۇلىنىپ، يولغۇنلار يوقالماقتا ئىدى.

— بىر يەردىلا تۇرۇۋالماي، ھەرىكەتلىنىپ يۆتكىلىپ تۇرايلى، — ۋارقىرىدى كارنىگ موللىېر يەردە يېتىۋالغانلارنى تېپىپ، — بولمىسا قۇم ئاستىدا قالىمىز.

چەمبەرسىمان توپلىنىپ، باشلىرى بىر يەرگە جەم بولغان يەتتە ئادەم دەممۇدەم پۇتلىرىنى يۆتكەپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تىزغىچە قۇم ئاستىدا قالاتتى. ئۇلار دەرھال پۇتلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يەنە بىر يەرگە غۇژمەكلىشەتتى.

بىر كېچە ـ كۈندۈز غەزىپى بېسىلمىغان قارا بوران تاڭغا يېقىن ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. قولاق، بۇرۇن، ئېغىز جاۋغايلىرىغا قۇم ـ توپا تولۇپ، تونىغۇسىز بولۇپ كەتكەن بايلىق ئىزدىگۈچىلار بىر ـ بىرىنى تونۇيالمايلا قېلىشتى. پەقەت ئۇلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىلا گۇۋاھ ئىدى. تېخى ئەتراپتا ياتلا مەنزىرىلەر پەيدا بولۇپ، بارخانلار، قۇم دۆڭلۈكلىرى ئورنىدا تۈزلەڭلىكلەر، ئېدىرلار، ئېدىر ۋە چوڭقۇرلۇقلار ئورنىدا بولسا قۇم تاغلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. موللىېر بىلەن كىناتون مىنگەن ئىككى تۆگە، سۇ ۋە يېمەكلىكلەر ئارتىلغان يەنە بىر تۆگە قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۇلارنىڭ قۇم ئاستىدا قالغانلىقى ياكى قارارگاھ

چېدىرغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بوران توختاش بىلەن كۆپ پاللىدە ئىچىلىپ، يەر ـ جاھان قىزىغىلى تۇردى. ئەتراپ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندى. ئۇلار قاياقتىن كېلىپ نەدە تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. سۇ، يېمەكلىك، كومپاسلار يوق تۆگىسىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغاچقا، بۇ يەتتە ئادەمنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندى. ئەمما كارنىگ مولليرنىڭ سۇ قاچىلانغان سۇدانى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئادەم بالىسى قورساق ئاچلىقىغا ئۇزۇن نەچچە كۈن چىدىيالىغىنى بىلەن ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇلار بىشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپ ـ قوپۇپ، بەزىدە ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. مىركامىل، مەۋلىدلەر بىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈن يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، ھەتتا يىغلاپ، مولليرنى يۇمشىتالمىدى. مولليىر پەقەت دوستى كىناتون بايىس، مۇھەممە ئەسۋابلارنى كۆتۈرگەن پەتقۇللا رېھىم بىلەن ئىسرائىلغا كۈنىگە بىرەر قېتىم بىر يۇتۇم سۇ بېرەتتى. قالغانلار قۇرۇپ كەتكەن تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ، گەز باغلىغان كالپۇكلىرىنى يالاپ تەلمۈرۈشەتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇلار تېنەپ كەتكەنسېرى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە، بارسا كەلمەس يولغا قاراپ مېڭىشاتتى. پايانسىز قۇملۇق ئىچىدە مۇدۇرۇپ، يىقىلىپ، سۆرىلىپ ئارانلا قەدەم ئېلىۋاتقان مىركامىل، مەۋلىد، يەنە توختى ئىسىملىك ئۈچ مەدىكار بەشىنچى كۈنى بولالماي قېلىشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بىردەك كارنىگ مولليرغا ئېتىلدى. قۇم داۋانلىرىدىن پومداقلىشىپ، پەسكە يۇمىلىنىپ كەسكىن ئېلىشىش باشلاندى. ئەمما كارنىگ مولليىر تاپانچىسىنى چىقىرىپ

مىركامىل بىلەن مەۋلىدنى ئېيتىۋەتتى. بەك ئاجىزلاپ كەتكەن توختى بىر چەتتە تۇگۇلۇپ جان تالىشىۋاتاتتى. بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرۈپ تاشبېغىر بولۇپ كەتكەن ئىسرائىل ھېچنېمە بولمىغاندەك تۇراتتى. لېكىن پەتقۇللا رېھىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى ...

... ئۆي بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمدى. ئويۇقتىكى قارا چىراغ پىلىلداپ كۆيۈپ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. قايغۇلۇق ھېكايىدىن يۈرىكى ئەلەمزىدە بولغان ئەزەمشاھ بۇرنىنى تارتىپ، بېلىدىكى ئاق پوتا ئۇچىدا ياشلىرىنى سۈرتتى. بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن، مىسكىن چىرايىدىن كۆڭلى ئېزىلگەن گۇلبادام چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

— ھەي دەردىم، مەخپۇزخان مەزلۇملۇقنى قىلدى، — دېدى ئەزەمشاھ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كەچتە مۇزەپپەر كېلىشى بىلەن پەتقۇللا رېھىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتىماي - تېمىتماي سۆزلەپ بەردى. قېنى قىزىپ تۇرغان مۇزەپپەر ئەجنەبىينىڭ ئىسمىنى سورىۋىدى، موماي «كىنۇر موللا دېدىمۇ، كېرىم موللا دېدىمۇ ئەيتاۋۇر، موللىغا يېقىن بىر نېمە دېدىغۇ» دەپ ئەجنەبىينىڭ ئىسمىنى ئېنىق دەپ بېرەلمىدى. ئۇ مەندىن سورىغانىدى: «موماڭ ئالجىپتۇ، ئەجنەبىينىڭ ئىسمى چىقمىدى» دەپلا قۇتۇلدۇم.

— مەخپۇزخان موماڭ ئالدىراقسانلىق قىپتۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، مومىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مۇزەپپەر باشقىچىلا ئادەمگە ئايلاندى، — دېدى ئەزەمشاھ بېشىنى چايقاپ، — ئۇ غىلاپلىق پىچاقنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ. كارۋان يولىدا بىرەر ئەجنەبىينى كۆرسىلا «ئۆلتۈرىمەن» دەپ

تۇرۇۋالدۇ. موماي ئىككىمىز ئۇنى مىڭ بالالىقتا يىغلاپ، قاقشاپ ئارانلا توسۇپ قالىمىز.

— پەتقۇللانىڭ سەككىز يىلدىن كېيىن كېلىپ، ئۆچكەن ئوتلارنى يۇۋۇلگىنى نېمىسى؟ — گۇلبادامنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — ئۇ كېلىپ قىساسقا ئۇرۇق سالمىغان بولسا، مۇزەپپەر ئاكام مۇشۇ كۇنلەرگە قالارمىدى؟

— ھېلىقى ئەجنەبىي قاتىللىقنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورققان چېغى، پەتقۇللانى دۇنخۇاڭ مىڭئۆي ۋە تۇرپان قارىغوجا تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتىپ مەدىكارچىلىققا ساپتۇ. ئۇ يىز نەچچە ساندۇق قىممەتلىك بايلىقلارنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتىدىغان چاغدا، پەتقۇللانى ئۆلتۇرۇۋەتمەكچى بوپتۇ. بىراق، پەتقۇللا قېچىپ كېتىپ باشقا ئەجنەبىيلەرگە يالىنىپ ئىشلىگەچكە، يۇرتىغا قايتالماي يەتتە ـ سەككىز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتكەندە، مۇزەپپەر ئۇ ئەجنەبىينى قانداق تېپىپتۇ؟

— بۇ تەرىپى نامەلۇم. بىراق ھېلىقى ئەجنەبىي ئۆلمەپتىكەن، ئۇنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە چېرىك ۋە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ قاتتىق سۇرۇشتە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان مۇزەپپەر ئۆيگىمۇ كېلەلمەي، ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىپتۇمىش.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە ! — گۇلبادام ئويغا پاتتى.

— ھە، قىزىم، ئۆزۈمنىڭ مۇڭخۇمىنى تۆكۈپ، سىلىدىن تۇزۇكىنە ئەھۋال سورىيالمىدىم، — دېدى ئەزەمشاھ، — ئابدۇللا قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرى نېمە ۋەجدىن بۇ

تەرەپلەرگە كېلىپ قالالا؟

— بوۋام ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىدۇ. بەكمۇ سېغىنىدى.

— ھەي ... دەرىخا ... كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ، تەڭ چوڭ بولغان ئەمەسمىدۇق، — بوۋاي مىچچىدە يىغلىدى، — بالىلىقتىكى دوست ـ يارەنلىكنىڭ ئوتى يامان، ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. ھە، قىزىم ئېيتىسىلا، مېنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىلە؟

گۈلبادام نېمە سەۋەبلەردىن سەپەرگە چىقىپ قالغانلىقىنى، قاپقان يوقالغاندىن كېيىن بوۋىسىنىڭ تولىمۇ ئارامسىزلانغانلىقىنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى، ئەزەمشاھ سۈكۈت ئىچىدە خېلىغىچە باش سېلىپ ئولتۇردى.

— قىزىم، — بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى، — ھازىر «كۆلدەمە» كارۋان سارىيىدا بىر كىچە تۈنىگەن ئەجنەبىي ئالۋاستىلار، سودىگەر، ھۆپىگەرلەر «تۇران ئۆتەڭ» ئالدىدىن ئۆتمەي، «غۇدۇرقۇم» جاڭگاللىقى ئارقىلىق «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا قاپقان ئوغرىسى، كېپەن ئوغرىسى، چۆل بۆلاڭچىلىرى تاپقان ھارام ماللىرىنى «كۆلدەمە» كارۋان سارىيىدا پۇل قىلىدۇ. مېنىڭچە، شۇ يەرگە بېرىپ تىڭتىڭلاپ باقسىلا قانداق؟

— رەھمەت بوۋا، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن.

ئەزەمشاھنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدە بىر كېچە تۈنىگەن گۈلبادام ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى ئۆتىگەندىن كېيىن ئېتىنى توقۇپ تەييار بولدى. ئەزەمشاھ ئۇنى ئۇزىتىپ كوچىغا چىققاندا، قىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ: «خۇدايىم

تىلەكلىرىگە يەتكۈزگەي» دەپ تىلىدى. گۈلبادامنۇ چىن كۆڭلىدىن:

ـــ بوۋا، ئىشلىرىم سەرەمجان تاپقاندىن كېيىن سىلىنى ئۆيۈمگە ئەكەتسەم رازى بولامىلا، ـــ دېۋىدى، كۆڭلى مىسكىن بوۋاي تارامىلاپ تۆكۈلۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق تارام ـ تارام ساقاللىرىدىن يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلارنى كۆرگەن گۈلبادامنىڭ يۈرىكى ئېيتقۇسىز ئېچىشىپ كەتتى ...

# ئۈچىنچى باب

چۈش پېشىنىدىن ئۆتكەندە «كۆلدەمە» كارۋان سارىيىغا يېتىپ كەلگەن گۈلبادام، ساراي ئۇدۇلىدىكى چايخانا ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. كالا، ئات، تۆگە ماياقلىرى بىلەن بۇلغانغان قۇملۇق دەستىدىن كۆكۈن ھىدى دىماقلارغا ئۇرۇلاتتى. تۆت ئەتراپىنى ئېگىز قۇم تاغلىرى قورشاپ تۇرغان چوڭقۇرلۇقتىكى «كۆلدەمە» بازىرى ئاددىي، كۆرۈمسىز كۆرۈنسىمۇ، كارۋان سارايىغا كىرىپ كېتىۋاتقان، چىقىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرمىلىرى كولدۇرۇڭلاپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ، ئاتلار كىشنەپ، ئادەملەر ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ، ھەممىسى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى. بورا كەپە، يۇلغۇن قوشاملىرىدا ئورالغان ئاشخانا، چايخانا، ناۋايخانىلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئاپپاق بۇس رەستە ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. نېمىلا بولسا بۇ بىرنەچچىلىگەن شالاڭ دۇكانلار قۇم دەشتىتىكى كارۋان سارايىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلايتتى.

گۈلبادام ئېتىنى موما ياغاچقا باغلاپ، ئىسسىق ھەم بۇسلۇق چايخانىغا كىردى. توغراق بادرىدىن ياسالغان قوپال ياغاچ سۇپىلارغا بوز كىگىز، رەڭلىك پالاسلار سېلىنغان بولۇپ، چەكمەن چاپان، تۆگە يۇڭىدىن قىلىنغان مەللە تون، بەقەسەم يەكتەكلەرنى كىيگەن مۇساپىرلار، سودىگەرلەر، قەدىمكى بۇيۇملار ھايانكەشلىرى ئىككى ـ ئۈچتىن، كۆپ بولغانلىرى

تۆت ـ بەشتىن بولۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تالىما داستىخاندا ئوشتۇلغان كاكچا، كېسىلگەن چەلپەك، گىردە پارچىلىرى تۇراتتى.

گۈلبادام مىلتىقنى يېنىغا قويۇپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشى، ئاغزى ـ بۇرنىنى قارا لاتىدا يۆگىۋالغان بىر ئايال كېلەڭسىز كۆڭلەكلىرىنى سۆرىگىنىچە يېتىپ كەلدى ـ دە:

ــ خان ئايىم، ئۆزلىرىگە نېمە كەلتۇرەي، ئوغلاق گۆشىمۇ، چۇجە كاۋىپىمۇ؟ ــ دېدى.

ــ بىر چەينەك چاي بىلەن بىر دانە گىردە بولسا كۇپايە.

ــ باش ئۇستىگە، ــ ئايال كېتىپ قالدى.

گۈلبادامنىڭ كىيىنىشلىرىدىن، مىلتىقىدىن، ئادەم يېنىكلىك قىلالمايدىغان تەمكىن چىرايىدىن ئەيمىنىپ قالغان بۇرۇتلۇق ۋە بۇرۇتسىز يىگىتلەر قۇيرۇقىنى قىسىپ جىمىپ قېلىشتى. مىس پەتنۇستا ئۇششاق توغرالغان گىردە، بىر چەينەك چاي، پىيالە ئالدىدىكى داستىخانغا قويۇلغاندىن كېيىن، گۈلبادام ئىچىدە بىسمىللانى ئوقۇپ بىر پارچە گىردىنى چايغا تۆگۈردى. توساتتىن ئۆزىدىن بىرەر غۇلاچ يىراق يەردە ئولتۇرغان ئۇچ ئادەمنىڭ سۆھبىتى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى شاپاق دوپپىلىق، قارا ساقاللىق، 40 ياشلاردىن ئاشقان ئادەمدەك قىلاتتى. يەنە بىرى بولسا ياشىنىپ قالغىنىغا باقماي ساقىلىغا قىزغۇچ خېنە قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇ ئالدىدىكى بەقەسەم تون كىيىۋالغان ئادەمگە نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى.

ــ ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ــ دېدى قىزغۇچ ساقال ئادەم، ــ ئاق سېپىل خارابىلىكىگە كەلگەن ئوروس جاناب بىلەن ئىنگلىز سەيياھ بىر ـ بىرىگە قورال چەنلىشىپ قاپتۇ. تاسلا قاپتۇ بىر ـ

بىرىنى ئېتىۋەتكىلى.

— خۇدايا توۋا قىلدىم، — شاپاق دوپپىلىق ياقىسىنى چىشلىدى، — ئاجايىپ پەرەڭلەركىنا[1] بۇ، نە - نەلەردىن كېلىپ، بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى تالىشىپ ئۇرۇشىدىغان !

— شۇ ئەمەسمۇ، — بەقەسەم تونلۇق گېلىنى قىرىپ قويدى، — بۇ خەق يا خۇدادىن قورقمىسا، يا ئەرۋاھلاردىن ھېيىقمىسا. قەبرىلەرنى كولاپ لەھەت ئىچىگە كىرىپ، ئاتا - بوۋا، پادىشاھلارنىڭ ئۇستىگە ياپقان يىپەك يېپكەنداز، ئاستىغا سالغان گىلەم، گۈللۈك پالاسلارنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ چىقىۋېرىدىكەن.

— ئۇ ئىمانسىزلار خۇدادىن قورقامدۇ؟ — شاپاق دوپپىلىق قولىنى شىلتىدى، — ئۆزىمىزمۇ ئەسكى خەق، ئاتا - بوۋىلاردىن، يەتمىش پۇشتىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، شاپاق نەرخى سېتىۋاتامدۇ. ئون كۈندەك بولدىغۇ دەيمەن، بىر ئادەم قەدىمكى زاماننىڭ قاپقىنىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ساتامسەن دېسە، «ساتمايمەن» دېدى. ئەمما كونا بولغىنى بىلەن قاپقان ئەمەسمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئاچالمىدى ياكى قۇرالمىدى. يىگىت ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ.

گۈلبادامنىڭ چۆچۈپ كەتكىنى ئۆزىگە ئايان بولدى. لېكىن گەپنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش كويىدا ئۇندىمەي پاراڭغا قۇلاق ياقتى.

— ئۇ ئادەم ئۆزىمۇ قاپقاننى قۇرۇشنى بىلمىسە، — بەقەسەم تونلۇق مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، — ئۇنداقتا ئۇمۇ ئوغرىلىغان ياكى قوملۇقتىن قېزىۋالغان گەپ.

① پەرەڭلەر — چەت ئەللىكلەر.

— ئۇنىمۇ دېدىڭلار، بۇنىمۇ دېدىڭلار، ئۇلار قانچىلىك ئىشتى، — قىزغۇچ ساقال چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ سۆز باشلىدى، — مانا مەن تۇرپاندىن كەلگەن دورىگەر. خوتەندىن تېپىۋەت دورىلىرىنى ئالغىلى ماڭدىم. بىرنەچچە ئاي بولدى. تۇرپان قارىغوجىغا ئىككى ئاكا ـ ئۇكا گۇمانلىقلار ① كېلىپ، ياللىغان يىگىرمىدەك دېھقان بىلەن كونا خارابىلىكلەرنى قېزىۋاتىدۇ.

— پاھ ـ پاھ، بۇ چۈپۈر يۈز ئالۋاستىلار تۇرپانىنىمۇ ئالا قويماپتۇ ـ دە، — شاپاق دوپپىلىق دىمىقىنى قاقتى، — ئى خۇدا، بۇ ئىمانسىزلارنىڭ جاجىسىنى بەرگەيسەن.

— توختاڭلار، گەپ تېخى ئارقىدا، — قىزغۇچ ساقالنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — قارىغوجىلىق خېلى مەرتىۋىلىك ئىككى كىشى ھېلىقى گۇمانلىقلارنى يوقلاپ كېلىپ نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟

— ھە، ھە، نېمە دەپتۇ، — قىزىقسىندى بەقەسەم تونلۇق، — قېنى سۆزلىسىلە زاتى مۇبارەك.

— ئەپەندىلەر، سىلەر بويتاق ئىكەنسىلەر، ئەر كىشى ئۆيدىن 15 كۈن ئايرىلسا، بىرەر مەزلۇم بىلەن ۋاقىتلىق نىكاھ قىلىش سۈننەتتۇر، دېگەن ئەقىدىمىز بار. شۇڭا سىلەرنى ئۆيلەپ قويۇپ ساۋاب تاپماقچىمىز، — دەپتۇ.

— نېمە بۇ ... بۇ ... كۇتۇلمىگەن ئىش بولدىغۇ، — دەپتۇ ئاكىسى فون لېكوك، — سىلەر بىزنى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭلار. بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

— سىلەر تارتىنماڭلار، — ئىككى مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ

① گۇمانلىقلار — گېرمانلىقلار دېمەكچى.

بىرى قولىنى كۆكسىگە قويۇپتۇ، — بىز ئىككىمىز قىزلىرىمىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ كەلگەندۇق.

— ھەممىستىگلارغا رەھمەت، — دەپتۇ فون لىكوكنىڭ ئىنىسى باتاس، — بىزنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىمىز بار.

— شۇنداق، — دەپتۇ فون لىكوك، — بۇ يەردە زىناخورلۇق قىلغانلارنى 25 دەررە ئۇرۇش ئادىتى بار ئىكەن، بىزنىڭ پادىشاھىمىز خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئالغانلارنى 50 دەررە ئۇرغۇزۇپ، جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويىدۇ①.

... شاپاق دوپپىلىق بىلەن بەقەسەم تونلۇق قىزغۇچ ساقاللىقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. خېلى مەرتىۋىلىك ھەم ئابرۇيلۇق ئىككى مۆتىۋەرنىڭ پۇل، مەنپەئەت ئۈچۈن قىلغان نومۇسسىزلىقى ئۇلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغانىدى.

— ئۇ ئەجنەبىيلەر ئۈچۈن ئىككى قىز دېگەن نېمىگە ئەرزىيتتى، — دېدى شاپاق دوپپىلىق ئاچچىقى بىلەن، — ئۇلارنىڭ قېرىۋاتقان قىممەتلىك بايلىقلىرى ئالدىدا يۈز قىز ئەكېلىپ بەرسەڭمۇ قىيا كۆزىنى سالماس.

ئۇلار بىردەم جىمىپ قېلىش ئارىلىقىدا، گۈلبادام كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى ھەم شاپاق دوپپىلىق ئادەمگە ئىلتىجا قىلدى:

— ئاكا، ئۇزلىرىنى مالال قىلدىم، — گۈلبادام سۇقىنا تەزىم قىلدى، — بايا سىلى قاپقان توغرۇلۇق گەپ قىلدىلا، ئۇ يىگىتنى تونۇملا؟

① پېتېر خوپكىرك (ئەنگلىيە)نىڭ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 191 ـ بېتىدىكى تارىخىي ۋەقە ئاساسىدا بەدىئىيلەشتۈرۈلدى.

— يو ... يوقسۇ، — شاپاق دوپپىلىق، قىزنىڭ لاتاپىتىدىن ئەيمىنىپ قالغاندى، — تو ... تونۇمايمەن، تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم.

— تەق - تۇرقى، چىرايى خەتلىرىدە باردۇ؟

— بۇ ... بۇ ... قانداق گەپ بولدى ئۆزى، — شاپاق دوپپىلىق ھەمراھلىرىغا ئوڭايسىزلىنىپ قاراپ قويدى، — قاپقاننىڭ ئەتراپىغا كۆپ ئادەملەر توپلىنىۋالغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سالماپتىمەن.

— سورىشىمدىن تەئەججۈپلىنىپ قالمىسىلا، — دېدى گۈلبادام مۇلايىملىق بىلەن، — خەق ئاچالمايدىغان ھەم قۇرالمايدىغان ئۇ قاپقان ئاتا - بوۋامدىن قالغان تەۋەررۈك ئىدى. بىر كىم ئوغرىلاپ كەتتى. مەن ئۇنى ئىزدەپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كەلدىم.

— ئۇ يىگىت، — شاپاق دوپپا جانلانغاندەك بولدى، — مۇشۇ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. جەزم قىلالايمەنكى، ئۇ «غۇدۇرقۇم» ئارقىلىق «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغا بېرىشى مۇمكىن. ھە راست، ئۇ 40 ياشلاردىن ئاشقان، قارىراق ئادەم.

— رەھمەت سىلىگە، خۇدايىم تىلىگەنلىرىدىن ئارتۇق ئۆمۈر بەرگەي.

قاپقان توغرۇلۇق ئېرىقنىڭ نېمىدەك ئۇچۇرغا ئىگە بولغان گۈلبادام چايخانىچىنىڭ ھەققىنى بېرىپ، مىلتىقىنى ئالدى - دە، دەرھاللا چىقىپ كەتتى. پاراڭخۇمار ھېلىقى دىلكەشلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە باشلىرىنى چايقاشتى. بەزىلىرى لەۋلىرىنى چىشلەپ، كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى.

— پاھ، پاھ، ئەر كىشىدەك ئەجەبمۇ شەرەنداز مەزلۇمكىنا، —

دېدى قىزغۇچ ساقال قېرى، — پاۋانلاردەك مىللىتىنىڭ ئېسىل ئىستېداتلىرىنى كۆرمەمدىغان.

— تېخى يۈزى ئېچىلمىغان ھالۋا[1] دەك قىلىدۇ، — بەقەسەم تونلۇق تامىقىنى چاكىلدىتىپ قويدى، — بىراق يېشى سەل ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— نېمە دېدىڭلە تەقسىر؟ — سورىدى شاپاق دوپپىلىق ھەيران بولۇپ، — ئۇ شەرەندازنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭلا؟

— زەن سالمىدىڭلارمۇ، ئايدەك يۈزىگە ئاندا - مۇندا قىز چېچىكى[2] چىقىپ قاپتۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق تاماقلىرىنى تامشىپ، «شەرەنداز قىز» ھەققىدە پاراڭغا چۈشكەندە، گۈلبادام ئېتىنى قاتىرىتىپ ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ «تۇران ئۆتىكى» بىلەن ماڭماي، «غۇدۇرقۇم» جاڭگاللىقىغا بارىدىغان قۇملۇق يولدا كېتىۋاتاتتى. قۇياش قۇم چۆللۈكى تەرەپكە قىيسايغان بولۇپ، غەمخانىسىغا ئالدىراۋاتقان مۇساپىردەك ئۇپۇق تامان پەسلىمەكتە ئىدى. جەنۇب تەرەپكە يول ئالغان بۇلۇتلار قارامتۇل بارخانلار ئۈستىگە سايە تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. قۇياشلىق ئاسماندا قانداقتۇر قۇشلار قاناتلىرىنى پىلدىرلىتىپ بىر يەردە تۇرۇشاتتى. قۇملۇق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە چاكاندا، يانتاق، تىكەنلىك چىتەنلەر ئاندا - مۇندا ئۇچراپ قالاتتى. « كۆلدەمە» كارۋان سارىيى بىلەن «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىنىڭ ئارىلىقى يارام ئات ئۇچۇن بىر كۈنلۈك يول ئىدى. گۈلبادام كارۋان ساراي، دەڭ دەرۋازىلىرىنىڭ تاقىلىشىدىن بۇرۇن يېتىپ بېرىشنى كۆزلىگە پۈكۈپ، ئېتىغا

① كونىلاردا ئوغۇل تۇغۇلسا «پولۇ»، قىز تۇغۇلسا ھالۋا دەيدىغان ئادەت بار.

② قىز چېچىكى — دانىخورەك.

قامچا سالدى.

گۈلبادام «غۇدۇرقۇم» جاڭگاللىقى ئىچىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ، پەسلىكتىكى قومۇشلۇققا كەلگەندە، قوشئاتار ملتىقنىڭ زاتورىنى قايرىپ، تەپكىنى باسسىلا ئېتىلىدىغان قىلىپ قويدى. چۈنكى، بۇنداق ئېگىز ئۆسكەن ئاق پۆپۈكلۈك قومۇشلۇقتا ياۋا توڭگۇزلار كۆچۈكلەپ كۆپىيەتتى. قاۋان[1] لىرى تۇمشۇقىدا پاتقاق تىلغاپ قومۇش يىلتىزلىرىنى يېگەچكە، ئۇلارنىڭ جاۋغايلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چىقىپ تۇرغان بىر غېرىچتەك مەگىنى[2] پىچاقتەك ئۆتكۈر بولۇپ، ئات، كالا، ھەتتا يولۋاسلارنىڭمۇ قارنىنى يېرىۋېتەلەيتتى. مېكىجىن[3] لىرىمۇ كۈچۈكلىرىدىن قىزغىنىپ ياۋۇزلىشىپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى نەقلەپ ئاتالمىغاندا، ئېغىر ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇش تەس ئىدى.

يىللاپ بىر تېمىم سۇ كۆرمەيدىغان دەشت قۇملۇقتا گاھ ـ گاھ ئۇچراپ قالىدىغان قومۇشلۇق، سازلىقلار ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. گۈلبادام ئۆزىچە بۇنىڭ سىرىنى مۇنداق يېشەتتى. ھەر يىلى 6 – 7 ـ ئايلاردا قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى قار ـ مۇزلار ئېرىپ شىددەتلىك كەلكۈن ياماراپ كېلەتتى. ئاندىن تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى قىنىدىن تېشىپ، تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا سىڭىپ كېتەتتى. چوڭقۇر يەر تېگىدىكى سۇ، قۇم تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ بارلىق دەشتكە تەكشى تارقالسىمۇ، پەقەت چوڭقۇر جىلغىلارغا، ئويمانلىقلارغا سىرغىپ چىقىپ كۆل ھاسىل

① قاۋان ـــ ئەركەك توڭگۇز.
② مەگەن ـــ سويۇ چىش.
③ مېكىجىن ـــ چىشى توڭگۇز.

قىلاتتى. تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدىكى سۇسىز قالغان كارۋانلار مۇشۇنداق كۆللەرنى مۆچەل قىلىپ مېڭىشاتتى. ئۇنىڭ سۈيى بەتتەم، قىرتاق بولسىمۇ تېنەپ كەتكەن سەيياھ ۋە بايلىق قىدىرغۇچىلار ئۇچۇن جانغا ئارام تۇرىدىغان ئابىزەمزەم ئىدى.

قومۇشلۇق ئىچىدىكى چىغىر يول ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بەزى يەرلەر ئاتنىڭ پۇتى پېتىپ كېتىدىغان بەز پېتىق بولسا، كۆپ يەرلىرىنى سۇنغان قومۇش، نەچچە يىللىق قومۇش چاۋار ـ چاتقاللىرى بېسىۋالغاچقا، ئات پۇتلىشىپ تېز ماڭالمايتتى. تېخى ئىككى تەرەپتىن گىرەلىشىپ كەتكەن قومۇش غوللىرى خۇددى سالمىغا ئوخشاش ئات ئۈستىدىكى ئادەمنى نەچچە غۇلاچ يەرگە ئىرغىتىپ تاشلايتتى. گۈلبادام بوجىنى بوشىتىۋېتىپ، ئاتنى ئۆز ئىختىيارىغا قويدى، ئۇنى «ئېھتىيات قىل» دېگەندەك پۇتىدا پات ـ پات بىقىنداپ قوياتتى. ئۆزى بولسا، بەتلەكلىك مىلتىقنىڭ پايىنىكىنى مۇرىسىگە تاقاپ، قايسى تەرەپتىن بىرەر شەپە ئاڭلانسا، دەرھاللا شۇ تەرەپكە ئەجەل ئېغىزىنى قارىتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىلتىق ئېتىشتىكى ماھارىتىگە ئىشىنەتتى. ئابدۇللا بوۋاي كوزا پۇچۇقلىرى، ئۆچكە مۈڭگۈزلىرىنى توغراق شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇپ، نەقلەپ ئېتىشنى خېلى ئۇزاق ۋاقىت مەشىق قىلدۇرغاچقا، ئۇ ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ يېغىرىنى چوقۇۋاتقان قۇزغۇننىمۇ نەچچە قېتىم ئېتىپ چۈشۈرگەنىدى.

«قاشقا يۇلتۇز» ئىگىسىنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە چىپپىدە توختاپ قىياقتەك قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، كىچىككىنە شەپىگىمۇ دىققەت قىلاتتى. گۈلبادام ئاتتىن چۈشۈپ، چۇلۋۇرنى بېلىگە باغلاپ ئالدىدا ماڭماقچىمۇ بولدى.

لېكىن قاۋاننىڭ ئارقىدىن ئېتىلىپ كېلىپ، ئاتنىڭ ساغرىسىنى يېرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئات ئۈستىدە ئالدى ـ كەينىنى تەڭ كۆزىتىپ مىلتىقىنى چەنلەپ ماڭدى.

ئۇلار قومۇشلۇقتىكى ئۇزاق يولدىن چىقىپ بولغۇچە، ھەر ئىككىلىسى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. گۈلبادام ئاتنىڭ بويۇنلىرىنى شاپىلاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن يەنە بىردەم يېتىلەپ ماڭدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار يەنە چەكسىز قۇملۇقلارغا كىرىپ كەتتى.

قۇياش ئاللىقاچان كۈن چېگراسىدىن ئۆتۈپ، بارخانلار چوققىلىرىنى سارغۇچ بىنەپشە رەڭدە بېزەپ، تەسكەي قاپتاللارغا قويۇق سۆسۈن رەڭ سايىلەرنى تاشلىغاندى. سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىدى. قۇملۇقتىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلار غايىب بولۇپ، كەسلەنچۈك، پاتمچۇقلار قۇم ئارىلىرىغا مۆكۈندى.

گۈلبادام بىرەر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن، بىر قۇم يانباغرىدا ئولتۇرۇپ، ئارپا كۆمىچى يەپ سۇ ئىچتى. ئاتمۇ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويغان توۋرىدىكى قوناق ۋە ئارپا بوغۇزىنى كورسىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى. نىل رەڭلىك كۆك ئاسماندا ئاي ئورغىقى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارمۇ سۇرلۇك قۇم جىلغىسىدا تەنھا ئولتۇرغان قىزغا كۆز قىسىشىپ پىلىلدايتتى. بۇككىدە يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن نېمىدۇر يۇمشاق ئاياغلىرى بىلەن شىتىرلىدى ۋە قانداقتۇر كىچىك چۆل قۇشىنىڭ ئۇيقۇلۇق چۇرۇقلىشى مەلۇم بولدى. گۈلبادام جامغا ئازراققىنە سۇ ئېلىپ ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا تەڭلىگەندى، ئۇ خۇددى چېچىلىپ كەتمىسۇن دېگەندەك سۇمۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ھەتتا گۈلبادامنىڭ سۇ بەرگەن قوللىرىنى يالاپ، ئۇنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈۋەتتى.

گۈلبادام تۇن نىسپىدىن ئۆتكەندە، «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغا يېتىپ كەلدى. بىراق ساراي دەرۋازىلىرى ئاللىبۇرۇن تاقىلىپ كەتكەندى. شۇڭا، ئۇ ئەتراپتىكى يالغۇز دەڭگە بېرىپ، ئۇ يەردىنمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئايدالادا تۈنەشتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىنىڭ قاغجىراپ كەتكەن دەرۋازىسىنى قېقىپ «ئادەم بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. بىر چاغدىلا ئىچكىرىدىن ئۆي ئىشىكىنىڭ «غىيىق» قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى بىلەن ماڭغان ئاياغ تىۋىشى كەلدى.

— قايسىڭ سەن؟ — ساراي غوجىدارى بولسا كېرەك، دەز كەتكەن تەشتەكتەك خىرقىرىدى، — ئالا كېچىدە دەرۋازا قېقىپ، قانداق بىمەسەل نېمە ئۇ.

— ئاكا، مەن بىر يولۇچى، — ۋارقىرىدى گۈلبادام، — ئىشىكنى ئاچسىلا، تۈنەشكە كەلدىم.

— بولمايدۇ ... سەن كېپەن ئوغرىسىمۇ، بۇلاڭچى، قاراقچىمۇ كىم بىلىدۇ؟

— ئاكا، مەن بىر قىز بالا، كېچىكى تۈندە تالادا قالسام بولماس.

غوجىدار دەرۋازىنىڭ كىچىك قانىتىنى ئېچىپلا «ۋاي ئانىمەي» دەۋەتتى. چۈنكى، ئۇ كىيىملىرى ئەرەنچە، مىلتىق ئاسقان گۈلبادامدىن قورقۇپ كەتكەندى. شۇڭا، دەرۋازىنى قايتا يېپىۋالماقچى بولدى - يۇ، ئەمما قىزنىڭ ئۆزىنى ئېتىۋېتىشىدىن قورقۇپ: «ئەمسە كىرسىلە» دەپ يول بوشاتتى. ئالا تونىنى ئۈستىگە ئارتىپلا چىققان بۇ ئادەمنىڭ بويىنىدىن تا ئىشتان ئېغىغىچە قاپقارا چۈپۈر باسقان بولۇپ، ئۈنىڭدىن

ئىسسىق يوتقان ھىدى بىلەن ئاچچىق تەر پۇرىقى گۇپپىلا ئۇرۇلغانىدى، گۇلبادام سەسكىنىپ كەتتى، ئەمما چاندۇرمىدى.

ـــ ياتقۇدەك ئايرىمخانىلىرى بارمىكىن؟ ـــ گۇلبادام مۇرىسىدىكى مىلتىقىنى ئۆرىدەپ قويدى، ـــ يەنە ئېتىمغا پىچان سېلىپ بەرگەن بولسىلىرى.

گۇلبادامنىڭ ئەرلەرگە خاس تەمكىن قىياپىتىدىن، ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى مىلتىقتىن ئەيمىنىپ تۇرغان غوجىدار بىردىنلا ھورىدىن چۈشۈپ، ئاۋازى مۇلايىملاشتى.

ـــ ئاشۇ قاتاردا، ـــ دېدى غوجىدار كەيپىگە ئوخشاش پاكار ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ، ـــ ئىككى ئۆي بىكار، قايسىسىنى خالىسىلا شۇنىڭدا ياتسىلا، ئاتلىرىغا يېڭى پىچان سېلىپ بېرىمەن.

ـــ ساراي ھەققىنى ھازىرلا بېرىمەنما؟

ـــ يوقسۇ، يوقسۇ، ئەتە قايتقاندا بەرسىلىمۇ بولىدۇ.

ـــ رەھمەت، خۇدايىم رىزقىلىرىنى كەڭ قىلسۇن!

گۇلبادام ئېتىنى غوجىدارغا تاپشۇرۇپ، چەتتىكى خانىغا كىردى. بۇ ئۆيدە سۇپا ياكى ياغاچ كاتمۇ يوق ئىدى. يەرگە يېيىتىلغان ياۋا قومۇش ئۈستىگىلا بىر پارچە پالاس تاشلانغان بولۇپ، دەسسىسە پىسىرلايتتى. گۇلبادام مايلىشىپ كەتكەن قۇم تەكىيگە، مورا ئالدىدىكى قاپقارا قۇيۇن باغلىغان قۇم چۆگۈنگە، پۇچۇق ھېجىرگە، بۇلۇڭدا قىيسىيىپ تۇرغان سۇ قاپىقىغا قاراپ چوڭقۇر تىندى. ئۇ ئىشىك كىلىتانىنى سالغاندىن كېيىن، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان بەكمۇ قوپال يېپىنچىنى تىزلىرىغا ئوراپ، تامغا يۆلەندى ـ دە، خىيالغا كەتتى:

«ھېلىقى لەنىتى ئوغرى مۇشۇ سارايغا چۈشكەنمىدۇ؟ كىم

بىلىدۇ، بىرەر غەمخانىدا خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋاتامدۇ؟ ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. ئېھتىمال قاپقاننى بىرەر هايانكەشكە سېتىپ كېتىپ قالدىمۇ؟ ساتقان بولسا ئالغان ئادەمنى، بولمىسا ئۆزىنى چوقۇم تاپىمەن. ئەگەر يولسىزلىق قىلسا قۇملۇققا ئاپىرىپ ئېتىۋېتىمەن. بۇنداق ئاتا ـ بوۋىلار تەۋەررۈكلىرىنى ئوغرىلىغان قارا كۆڭۈلنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى خوپ ! ... »

گۈلبادام ئېگىز ـ پەس خىياللار قاينىمىدا بىرهازا پىرقىراپ يۈرۈپ، قاچانلاردا كۆزى ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى تۇيماي قالدى. ئىككى كۈندىن بېرى قۇم دەشتلىرىدە سەرسان بولۇپ هاردۇق يېتىپ قالغانمۇ، ئۇ ئەتىسى سەل ۋاقىچە ئويغاندى. قاپاقتىكى سۇدىن ھېجىرغا ئېلىپ يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ سىرتقا چىققاندا، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. گۈلبادام ناماز ئۆتىگۈدەك بىرەر پاكىز ئورۇننى تېپىش كويىدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بىراق، كارۋان سارىيىنىڭ هويلىسى هەر خىل ئۇلاغلارنىڭ تېزەك، سۈيدۈكلىرى بىلەن بۇلغىنىپ، بەتبۇي پۇراپ تۇراتتى. ياتقان خانىسى هەر خىل ئادەملەر يېتىپ قوپقاچقىمۇ ئۇنىڭدىن بەتتەر ناپاك ئىدى. گۈلبادام كۆڭلىگە شەك چۈشكەن يەردە هەرگىز ناماز ئۆتىمەيتتى. شۇڭا، ئۇ كارۋان سارىيى ئالدىدىكى قۇم دۆڭلۈكلىرى ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، بۆككىدە قىزىرىپ تۇرغان بىر يۇلغۇن تۈپىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى رەكەت نامىزىنى ئۆتەپ بولغان گۈلبادام كارۋان سارىيىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاخشامقى تۈن قاراڭغۇسى هەم قاتتىق هېرىپ كەتكەچكىمۇ، هويلىنىڭ بۇنچىۋالا ۋەيرانە ۋە مەينەت

ئىكەنلىكىنى سەزمىگەنىدى. سۈنغان، ئاجرىغان يارىيار ھارۋىنىڭ چاق ۋە شوتىلىرى، سىپسىق سامان، ئوت ـ خەسلەر، سوغۇق زەللىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئات ـ كالا تېزەكلىرى، ساپسېرىق قېتىشىپ قالغان ئۆلاغ سۈيدۈكلىرى، مۇساپىر ـ يېتىمچىلەرنىڭ ئۈيەر ـ بۇيەرگە چىقىرىپ قويغان تەرەتلىرى، كاردىن چىققان تاشلاندۇق ئۇلاغ جابدۇقلىرى، ھەتتا زىناخورلار تاشلىۋەتكەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئەسكى ـ تۇسكىلىرى ھەممە يەردە سۆرىلىپ يۈرەتتى ... كارۋان سارىيى دەرۋازىسى ئۇدۇلىدىكى پاكار ئېغىللاردىن كېلىۋاتقان قاڭسىق چىلە ھىدى دىماقلارنى ئېچىشتۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان مۇساپىرخانىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بادرا ياغاچلارغا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئالىيېشىل تامبال، كۆڭلەكلىرى يېيىۋېتىلگەنىدى. يەردىكى پاسكىنىچىلىقلارنى دەسسىۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگەن گۈلبادام، مال ئېغىلى ئالدىغا ئارانلا كېلىۋالدى. ئېگىز ئوقۇرغا بويۇنداپ تۇرغان بىر ـ قانچىلىغان ئات ـ كالا، ئېشەكلەر ئېرىنچەكلىك بىلەن قالدۇق يېچان ئۈۋاقلىرىنى يالمايتتى. چۆكتۈرۈپ قويغان ئىككى تۆگە ئۈزۈن قايرىلما كىرپىكلىك دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۆشەۋاتاتتى. ھېچنېمىگە ئېغىز تەگمەي، نېرىقاپ تۇرغان «قاشقا يۇلتۇز» گۈلبادامنى كۆرۈپلا «كېتەيلىچۇ بۇ يەردىن» دېگەندەك بوشراققىنا كىشنەپ قويدى. گۈلبادام «بىردەم سەۋر قىل» دەپ ئۇنىڭ پېشانىلىرىنى سىلاپ، بويۇنلىرىنى شاپىلاقلاپ قويۇۋىدى، ئۇ «ماقۇل، ماقۇل» ئىشارىسىنى قىلىپ، بېشىنى توختىماي لىڭشىتتى.

گۈلبادام قاپقان ئوغرىسى يىگىتنى ئىزدەپ ھەممە

مۇساپىرخانىلارغا كىرىپ زەن سالدى. بەزىلىرىدىن سۈرۈشتە قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش يىگىت كۆرۈنمىدى. ھەممىسى دېگۈدەك داپساقال، كۈرەك ساقال، بومبا ساقال، بودەك ساقال بولۇپ، ئوغرى چىراي يىگىتلەردىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. لاسسىدە بولۇپ قالغان گۈلبادام غوجىدارنىڭ دەرۋازا يېنىدىكى ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. غوجىدار يوغان ئاياق① قا پوتەيدەك چىلىۋاتقان زاغىرنى ياغاچ قوشۇقتا ئويۇپ ھەدەپ پۇشاڭشىپ يەۋاتاتتى. ئۇ «كەلسىلە خان، كاتتا ئولتۇرسىلا» دېۋىدى، ئاغزىدىن زاغرا ئۇۋاقلىرى چاچراپ چىقتى. ئۇنىڭ دوساقتەك كۆپۈپ چىققان قوۋۇزلىرىغا قاراپ، گۈلبادامنىڭ ئىچى ئىلىشىپ «ھۆ» تۇتتى. تېخى ئۇ «ئۆلمەن دېسە، بىرنېمە قىلمەن» دېگەندەك «مەزەگە كەلمەملا» دەپ قويىدى.

غوجىدار بىر ئاياق زاغرا بىلەن قورسىقىنى پومىلىۋالغاندىن كېيىن سوزۇلۇپ تۇرۇپ «گارتىنىدا» بىر كېكىردى ـ دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئا ... » دەپ ئەسنىۋىدى، ئۇنىڭ تاماكا ئىسىدىن قارىداپ كەتكەن قاپقارا قوزۇقتەك چىشلىرى كۆرۈندى. ئاندىن ئۇ گۈلبادامغا قاراپ:

— خوش، كەپ قاپلا. ساراي ھەققى تۆلىۋېتەملا؟ ئاتلىرىنىڭ يەم ـ خەشەك، ئېغىل ھەققىمۇ بار جۇما، — دەپ ھىجايدى.

گۈلبادام ھېسابلىشىپ پۇلىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، غوجىدار ئىزمىلانغان خۇرجۇن، سۇ قاچىلانغان تۇلۇم، توقۇر ھەم ئېگەر ـ جابدۇقلارنى ئىچكىرىكى قازناقتىن ئاچىقىپ بەردى. نەرسە ـ كېرەكلەرنى يەرگە قويۇپ قويغان گۈلبادام كاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ غوجىدارغا تىكىلدى. بۇنىڭدىن ھەيرانلىق

① ئاياق — ياغاچ قاچا.

ھېس قىلغان غوجىدار تەئەججۇپلىنىپ قارىدى:

— يەنە بىرەر گەپ كالىچى بارما، قېنى دېسىلە.

گۈلبادام دېيىشكە تېگىشلىك گەپنىڭ ھەممىسىنى دېدى ۋە ئۇنىڭدىن راست گەپ قىلىشنى ئۆتۈندى. چۈنكى، ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى بۇيۇم، ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنىڭ كۆپلىرى ئوغرىلانغان، بۇلانغان ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلىنغان نەرسىلەر بولغاچقا، غوجىدارغا «ئاغزىنى ئېتىش» چوتار ھەققى بېرەتتى. شۇڭا، مەخپىيەتلىكنى ساقلىمىسا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ھەتتا غوجىدارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلاردىن گەپ ئېلىش قىدام كەكگە ساپ تاپماقتىنمۇ تەسكە توختايتتى. بىراق، ئۇ مىلتىق ئاسقان، ئەرەنچە ياسانغان بۇ قىزدىن ھەزەر ئەيلەپ قالدى. چۈنكى، گۈلبادامنىڭ كۆزلىرى خەنجەردەك قادىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان سىياقى، جىددىيلەشكەن چېھرى، خېلى ـ خېلى نوچىلىقنى تاما قىلىدىغان ئەرلەردىمۇ تېپىلمايتتى.

— ئەمدى خان ئايىم، قالىسىلا، — غوجىدار قورقۇپ قالغاندى، — باياتىن بېرى ھەممە مۇساپىرخانىلارنى ئايلىنىپ چىقتىلا، ئۇنداق يىگىتنىڭ يوقلۇقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە. بۇنىڭغا ئەمدى مەن يەنە نېمە دېيەلەيمەن؟

— مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم، — گۈلبادام ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۆزەتكەنلىكىنى پەملىدى، — بىرنەچچە كۈن ياكى ھەپتە ـ ئون كۈن ئىچىدە قاپقان ساتقانلار بارمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، ھۆددەس ئۇنداق ئىش بولمىدى، مەن ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن، — غوجىدارنىڭ

چىرايىدىن يالغان ئېيتماىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — بەزى كۆنلەردە كارۋان ساراي پۇت تىققۇدەك ئورۇن يوق تىقما - تىقماق بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بەزى چاغلاردا مېھمانلار تازىنىڭ بېشىدىكى تۈكتەك شالاڭلىشىپ قالىدۇ. لېكىن، قاپقان كۆتۈرۈپ كەلگەن يىگىتنى تەممەت چېلىقتۇرمىدىم.

— يېقىندىن بېرى سارايغا ئەجنەبىيلەر كەلدىمۇ؟

— ئىللا تاۋارا كەلمىدى. قۇرۇق يەل - يېمىش، تېبابەت دورىلىرى، ئەتلەس، گىلەم، بۇلغار، خۇرۇم، شاۋرۇن، مەسكاپ، ئورۇس رەختلىرى يۈكلەنگەن كارۋانلار كەلدى. غىلىتالىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى.

— راستتىنلا ئەجنەبىيلەر كەلمىدىما؟ — گۈلبادامنىڭ چىرايلىق قاشلىرى سۈر بىلەن تۈرۈلدى، — مەن بۇنى چوقۇم ئېنىقلايمەن. ئەگەر كېيىن تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قالسا، سىلىنى بوش قويۇۋەتمەيمەن.

— بىلىمەن، سىلىنىڭ ئەلپازلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. مىلتىقلىرى گۈملا قىلسا پوكلا چۈشىمەن شۇ! بىراق مەن يالغان ئېيتمىدىم.

— مىلتىقنى ئىشلىتىش ھاجەتسىز، — يەنىلا ئىشەنمەي تۇرغان گۈلبادام غوجىدارغا قوقاق سالدى، — مانا بۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

گۈلبادام قولىدىكى قامچىسىنىڭ نەرىنىدۇر تۇتۇۋىدى، قامچا دەستىسىنىڭ ئارقىسىدىن يالتىراپ تۇرغان خەنجەر شارتلا قىلىپ چىقتى. بۇنىڭدىن غوجىدار تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— ياپىرىم، يا ھەزرەت، — غوجىدار ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىنىپ ياقىسىنى تۇتتى، — سىلىدىن ھەزەر ئەيلىدىم،

ئۆزلىرىنى ھۆسن ـ كامالدا بىقارار ھۆر دېگەندىن كۆرە، چوققىلىرىدىن تاپانلىرىغىچە قورال-لانغان باتۇر پاۋان[1]، كۆچتۆگۈر رۇستەمى داستان دېگەن تۇزۇككەن!

گۈلبادامنىڭ سەككىز قات ئۆرۈلگەن ئات قامچىسى كىيىك پۇتىدىن قىلىنغان بولۇپ، دەستىسىنىڭ ئۇچىدا كىيىكنىڭ بىر جۇپ قاپقارا تۇيىقى بار ئىدى. تولا ئىشلىتىپ يالتىراپ كەتكەن تۇياقتا ئۇششاق قىزىل، يېشىل، سېرىق ياقۇت كۆزلەر قويۇلغاچقا، تولىمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى. كىيىك پۇتىنىڭ سارغۇچ تۈكلىرى ئارىسىدىنمۇ ئاشۇنداق قىممەت باھالىق مەرۋايىتلار كۆزگە چېلىقاتتى. قامچىنىڭ ئەڭ خاسىيەتلىك يېرى شۇكى، ئاستى تەرىپىگە ئورنىتىلغان قىزغۇچ مىس قەلەينىڭ نەرىنىدۇر باسسا شارتلا قىلىپ، بىر غېرىچتىن قىسقىراق خەنجەر ئېتىلىپ چىقاتتى.

زۇۋۇلىسى ئايالىق لېيىدىن قۇرۇلغان گۈلبادام ئاچچىقىدا بۇ ئەگگۈشتەرنى كۆز ـ كۆز قىلىۋەتتى. بىراق، شۇ ھامان ئۆزىنىڭ تەنتەكلىك قىلغىنىدىن پۇشايمان يېدى.

— خان ئايىم، گېپىمگە پۇتمىسىلە مەيلى، — دېدى غوجىدار مۇلايىملىق بىلەن، — مەن سىلىگە قاپقاننى تېپىشنىڭ ئەپلىك چارىسىنى دەپ بېرەي.

— قېنى دېسىلە ئاكا، — گۈلبادامنىڭ ئاۋازى بىردىنلا مۇلايىملاشتى، — بايىقى قوپاللىقلىرىمنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، تەنتەكلىك قىلىپ قويۇپتىمەن.

— يوقسۇ، مەزلۇم كىشىدىن ئاغرىنغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ، — غوجىدارمۇ لايىقىدا چىقىۋالدى، — يېرىم يىلدىن

[1] پاۋان — پالۋان ئوۋچى.

بېرى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئايىغى سىلىكتى. بايلىق ئىزدىگۈچىلەر، كېيەن ئوغرىلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى دارا [1] ئەزىم شەھەر قاراقاش بازىرىغا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، خوتەندىكى ۋاڭ ئامبال قاراقاشتىكى جەننەتسىمان چارۋاغلارنى ئەجنەبىيلەرگە تۈرالغۇ قىلىپ بەردى. بەلكىم ھېلىقى ئوغرى يىگىتمۇ قاپقاننى قىممەترەك پۇل قىلىش ئۈچۈن قاراقاشقا كەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

— قاراقاش؟ — گۈلبادامنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، — نەچچە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولار؟

— ئاتلىرى يارام بولسا ئىككى قونۇپ يېتىپ بارىلا، بولمىسا ئۈچ - تۆت كۈن كېتەر.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە، مەن چىقاي.

گۈلبادام قوناق، ئارپا ئارىلاشتۇرۇپ «چارمېغىز» قىلىنغان بوغۇزنى تۈۋرىغا ئادەتتىكىدىن كۆپرەك قۇيۇپ، «قاشقا يۇلتۇز»نىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن مۇساپىرخانىغا كىرىپ، قۇم چۆگۈننى مورا ئوچاقتا قويۇپ ئوت ياقتى. سۇ شىگىلدىغان ھامان كىچىككىنە چاي خالتىسىدىن بىر چىمدىم دورا چاي ئېلىپ سېلىۋەتتى. چاي بىر ئۆرلىگەندىن كېيىن زاغرىدىن بىرنى جامغا ئۇشتۇپ سېلىپ قورسىقىنى تويغۇزدى. ئۇ خۇرجۇن، تۇلۇم ۋە باشقا نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چىققۇچە، ئاتمۇ تۈۋرىدىكى بوغۇزنى يەپ بولغانىدى. گۈلبادام ھويلىدىكى قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇ تارتىپ ئېتىنى سۇغاردى، تۇلۇمنىمۇ تولدۇرۇۋالدى. ئاندىن ئۇ ئاتنى توقۇپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى غانجۇغىلاپ «قاشقا يۇلتۇز»غا مىندى. كېچىدىن

① دارا — ئۆدۈل.

ئوبدان ئارام ئېلىپ ھاردۇقى چىققان ئات «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىدىن ئۈچقاندەك چىقىپ كەتتى.

گۈلبادام كارۋانلار تولا مېڭىپ ئاق توپىلاقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن چوڭ يولغا چىقىش بىلەن «سەپەر قىلىش» سۆرىسىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئىگىسىنىڭ يىراق سەپەرگە ئىرادە قىلغانلىقىنى سەزگەندەك «قاشقا يۇلتۇز» يەر چاپچىپ تىككىدە بولدى ـ دە، ئۆكرەك تاشلاپ يورۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان قۇم ـ توپىلار قەدىمي كارۋان يولىدا خىيلىغىچە توزۇپ تۇردى.

ــ ئاھ! شاھ مەشرەپ ئەۋلىيانىڭ ئىزلىرى چۈشكەن ئەزىز شەھەر قاراقاش ... ئاللا سېنىڭ بوسۇغىلىرىڭنى تاۋاپ قىلىشنى نېسىپ قىلغاي ! ...

تەكلىماكان قىزى ئۈلۈغ ـ كىچىك تىنىغاندى، چىرايلىق كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ تاشلاندى ...

# تۆتىنچى باب

يىراقتىن قارىغاندا قاراقاش قەدىمىي قەلئەگە ئوخشايتتى. شەھەر ئەزىمىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ناھايىتى ئېگىز دۆڭ بولۇپ، يوقسۇللارنىڭ روزغارلىرى خۇددى ئۈستى - ئۈستىگە تىزىۋەتكەن ئورۇس سەرەڭگە قاپلىرىدەك، تا دۆڭ چوققىلىرىغىچە تىقما - تىقماق كۆرۈنەتتى. پەستە بولسا، شەھەرنىڭ قىڭغىر - قىيسىق كوچىلىرى، توپىلىق يوللار، ياڭاق، بېھى، ئەنجۈر، ئۆرۈك، شاپتۇللار بىلەن ئورالغان بوستانلىق ھويلىلار، ئىسلىق ۋە بۇسلۇق ئاشخانا، ناۋايخانىلار، لەمپىلىرىگە قەپەسلەر ئېسىلغان چايخانىلار، شايى - ئەتلەس، كىمخاب - دۇردۇنلار كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان ھەر خىل دۇكانلار، دوغاپچى، كاۋاپچى، كاۋچى، باققاللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىغا تولغان رەستىلەر ... شاۋقۇنلۇق ھاياتىي كۈچ بىلەن تولغانىدى. رەستىلەردە جۇلدۇر كىيىپەن قەلەندەرلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار ساپايىلىرىنى شاراقلىتىپ غەزەللەرنى توۋلىشاتتى:

*سەن - سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،*
*كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن؟*
*مەن - مەن دېگەن يارەننى،*
*يەر قوينىغا ئالدىڭ سەن ...*
*ئالدىڭ - ئالدىڭ تويمىدىڭ،*

*بارغانلارمۇ قايتمىدى.*
*بارغانلارمۇ يانمىسا*
*ئاخىر مەنزىل شۇنداقتۇر!...*

چاچلىرى مۇرىلىرىگە چۈشكەن، چىگىش ساقال، بېشىغا ئورىۋالغان سەللىسى خۇددى كۇلگە پۇچىلىغاندەك مەينەت، يۈزلىرى قاسماق دەرۋىش، ئاشىقلارمۇ ئاسمانىباقتى بولغىنىچە:

*ئايا دوستلار ھۇۋەيدا ئېيتىمۇ يىغلاپ،*
*بارچىگە ئۆلۈم ھەقتۇرا ...*

دېگىنىچە دۇكاندارلارغا، ئۆزىدىنمۇ بەتتەر يوقسۇللارغا قول سوزسا، قاياقتىندۇر جارچىنىڭ:

— ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ... ،— دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى كېلەتتى.

بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقىمۇ، رەستىلەر ئادەم بىلەن تولغانىدى. يۈزلىرىنى ھەر خىل رەڭلەردە بويىۋالغان خالۋاپلار، بادرا كۆتۈرگەن دېھقانلار، چىش تارتقۇچىلار، قوي ـ ئۆچكىلىرىنى ساتقىلى كەلگەن نامراتلار، رەڭدار تام بورىلىرىنى ئۇلاغلارغا ئارتقان بورا توقۇغۇچىلار، تەۋەڭلەرنى بېشىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ناۋايلار، باقىاللار ... ۋارقىرىشاتتى، تىللىشاتتى، كىملەرنىدۇر چاقىرىشاتتى. ئىشقىلىپ، ئالىمان بىلەن تولغان بازار قۇلاقلار پۈتۈپ كەتكۈدەك شاۋ ـ شۇۋغا تولغانىدى.

ئالىمان ئارىسىدا تاغار يۈدىگەن بىر يىگىت «پوش ـ پوش» دەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سەل قارىغا مايىل چىرايى تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، دەممۇدەم پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى ئالىقىنىدا سىيرىپ تاشلايتتى. ئۇنىڭ توم قاپقارا قاشلىرى،

قاتمۇقات جىيەكلىك چوڭ كۆزلىرى، چاسىغا مايىل يۈزلىرىدىن چۆل ئوغلى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يىگىت قىستاڭچىلىق ئىچىدە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، سۆگەتلىك كوچىغا قايرىلدى. ئۇ ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەپ تۇرغان ئېرىق بويىغا كەلگەندە، ئۆشنىسىدىكى تاغارنى يەرگە تاشلىشى «داراڭ» قىلغان قاتتىق بىر نەرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. يىگىت ئېرىقتا ئېگىشىپ، غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچكەندىن كېيىن يۈز ـ قوللىرىنى يۇدى. ئاندىن چاك ياقىلىق خام كۆڭلىكىنىڭ يان توپچىلىرىنى ئېچىپ شاپاق دوپپىسىدا يەلپۈندى. ئۇ بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ، تاغىرىنى يۈدىدى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى.ساپسېرىق سارغايغان ياپراقلار شىرتىلداپ تۆكۈلۈپ، قۇم توپىلىق يوللارغا چۇشۇۋاتاتتى. يىگىت ئىلمەك ئۇچى ئاسمانغا قاراپ تۇرغان قىزغۇچ كۆن ئۆتۈك كىيىۋالغان بولۇپ، لوڭ ـ لوڭ قەدەم ئېلىپ ماڭاتتى. ئىككى تەرەپتىكى سوقما تاملاردىن كوچىغا ئېگىشىپ تۇرغان ئۆرۈك، شاپتۇللارنىڭ يوپۇرماقلىرى قىپقىزىل ۋە قوڭۇر تاۋلىنىپ تۇراتتى. يول بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بېزەلگەن چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تاقالدى. ئېگىز ھەم كۆركەم ئەنجان تاملىرى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ قەسىرنىڭ ئىچى بۇك ـ باراقسانلىق باغ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئەنجانباغ» دەپ ئاتىشاتتى. نېمىلەرنىدۇر يۈدىگەن، قولتۇقلىغان ئادەملەر قەسىر ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، خالتا، تاغار، خۇرجۇنلىرى بوشىغان ھالدا خۇشال قايتىپ چىقىشاتتى. بەزىلىرى قوللىرىدىكى قىزغۇچ تەڭگىلەرنى ساناپ مېڭىشاتتى. دەرۋازىۋەن يىگىتنى تونۇغاچقا:

ـــ ھە، دانىش بۇ قېتىم نېمە كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ ـــ دەپ

سورىشى، دانىش ئىسمىلىك يىگىتمۇ:

ــ قاپقان، قەدىمكى زامان قاپقىنى، بەكمۇ غەلىتە، ــ دەپ قويۇپ، قەسىر ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ــ كارنىگ موللىېر جانابلىرى، ــ دەرۋازىۋەن ئارقىدىن ۋارقىرىدى، ــ كۆپرەك ئىلتىپات قىلىڭۋەتسە، ماڭىمۇ نەشە پۇلى بېرەرسەن؟

دانىش ئىچىدە: «ۋۇي ئاناڭنى نەشىكەش بەڭگى» دەپ تىللىغىنىچە، ئاپپاق گەج تۈۋرۈكلۈك بىنا ئالدىغا كەلدى. بەش باسقۇچلۇق پەلەمپەي ۋە بىنا ئالدىدىكى سەيناغا بىر ئادەم كۆتۈرەلمىگۈدەك كۆك خىشلار يېيىتىلغانىدى. غەرب پاسونىدا سېلىنغان بىنانىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىز بولۇپ، ئەتراپىنى قۇچاق يەتكۈسىز ياڭاقلار قورشاپ تۇراتتى. دېرىزە ئەينەكلىرىدىن ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ياقۇتگۈل، ئاق، سېرىق ئەتىرگۈللەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەجنەبىيلەرنىڭ «ئىشىك چېكىش» ئادىتى ئۆزىگە يادا بولۇپ كەتكەن دانىش ئىشىكنى بوشراق چېكىشى، ئىچكىرىدىن بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدا «كىرىۋە، ئىشىك ئوچۇق» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

دانىش كىرگەنچە ھېچ ئىلتىپاتسىزلا، تاغىرىنى پولغا دوككىدە قويدى ـ دە، كونا تونۇشلاردەك يېشىل مۇۋۇت قاپلانغان دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەنگلىيە پادىشاھى تەرىپىدىن قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەر ۋە قىممەتلىك گۆھەر يىغىشتا «سىرلىق ئەۋلىيا» دەپ نام ئالغان مەشھۇر ئارخېئولوگ كارنىگ موللىېر ۋە ئۇنىڭ «دانا پىكىرلەر» مەسلىھەتچىسى، دوستى كىناتون بايس بىرنەچچە «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» تونىغا ئورىنىۋالغان ئادەملەر بىلەن

سودىلىشىۋاتاتتى. كارىنگ موللېر لەپپىدە قاراپ، «دانىش، كەلدىڭمۇ؟» دەپ قويۇپ، ئالدىدىكى قىزغۇچ داتلاشقان مىس پەتنۇسنى قولىغا ئالدى، پەتنۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاغاتاي يېزىقى تۇخۇمسىمان قاپارتما قىلىنىپ سوقۇلغانىدى. كارىنگ موللېر لوپا ئەينىكىنى كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ، ئىنتايىن نەپىس خەتلەرگە قارىغىنىچە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىرغىتىپ، كىناتون بايسقا ئۆز تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دېگەنىدى، كىناتونمۇ مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى. موللېر ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ، بىچارىلەرچە ئېگىلىشىپ تۇرغان تولىمۇ ئاۋارە ئادەمگە قارىدى. ئۇنىڭ قوزۇقتەك ئۇچلۇق ئېگىكىدە ئۇزۇن ھەم تولغىنىشىپ تۇرغان بىرقانچە تال ساقىلى بولۇپ، ئىككى جاۋغىيىدا قانات يايغان بۇرۇتمۇ سانىغۇدەكلا شالاڭ ئىدى. ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن ئۇزۇن چەكمەن چاپىنى ئوشۇقلىرىدا سۆرۈلۈپ تۇراتتى.

— راست گېپىڭنى قىلساڭ ساڭا كۆپ ئىنئامىم بار، — دېدى موللېر ئۇيغۇر تىلىنى خېلىلا بۇزۇپ سۆزلەپ، — بولمىسا پەتنۇسۇڭ ئۇنچە كۆپ پۇلغا يارىمايدۇ. ئاتا ـ بوۋاڭدىن قالغان دېگىنىڭ قىپقىزىل يالغان.

شالاڭ ساقال سەل ئىككىلىنىپ قالغانىدى. موللېر دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— سەن بۇ پەتنۇسنى قېزىۋالغان يەرنى دەپ بەرگۈڭ كەلمەيۋاتىدۇ. نەپسىڭنى ئۇنداق يوغان قىلما، — موللېر گېلىنى قىرىپ قويدى، — بىزنى باشلاپ ئاپارساڭ، سېنى باي قىلىۋېتىمەن، بولمىسا بۇ پەتنۇسۇڭنى ئېلىپ دەرھال كەت.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ھەزرەتلىرىنى باشلاپ ئاپىراي، — شالاڭ

ساقال كۆچۈكلەندى، ـــ كەنتىمىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس.

كارنىگ موللىبر كىناتون بايسقا ئۆز تىلىدا مۇنداق دېدى:

ـــ بۇ ئادەمنىڭ تۇرالغۇ جايى، ئىسىملىرىغىچە ئارخىپقا ئېلىۋال. توغرا، بىر پارچە رەسىمگە تارتىۋال، ئاندىن كۆڭلى تىنغۇدەك پۇل بەر.

كىناتون شالاڭ ساقالنى باشلاپ چىقىپ كېتىشى، ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ، پاكار، دىقماق ئادەم تاغىرىدىن ئېغىر ھەم كېلەڭسىز بىر توننى سۆغۇرۇۋالدى. سارغۇچ تۈگە رەڭ بۇ توننىڭ ياماق چۈشمىگەن يېرى يوق ئىدى. ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىدە گۈلخان ئوتىدىن كۆيگەن تۆشۈكلىرىمۇ تۇراتتى.

ـــ موللا[1] جانابلىرى، ـــ «بىر غېرىچ» قايتا ـ قايتا تەزىم قىلدى، ـــ بۇ ئىنتايىن خىسلەتلىك تون، كاجۇلىرىغا سېلىپ قويسىلا ئادەمنى قارا باسمايدۇ، ئۈيگە ئوغرى كىرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگە كۆرۈنە ـ كۆرۈنمەس بالا ـ قازا ھەرگىز كەلمەيدۇ، مەرتىۋىلىرى قوغۇنلۇقتىكى شۇمبۇيىدەك ئۆسۈۋېرىدۇ.

ـــ مۇنداق دېگىن، ـــ موللىبر لوپا ئەينىكى بىلەن تۈگە يۇڭىدىن بەكمۇ قوپال توقۇلغان تونغا قاراشقا باشلىدى، ـــ بۇ تون سەن دېگەندەك راستلا شۇنداق خىسلەتلىكما؟

ـــ بەرھەق، چۈنكى ئۇ بوۋامنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسىدىن قېپقالغان شاھ مەشرەپنىڭ تونى، ئۆزلىرى مال تونۇيلا، سىلىگە دېمەك بىھاجەت.

موللىبر ئىشىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، توننىڭ تۈگە يۇڭىدىن قىلىنغان يىپلىرى، چىگە يىپ بىلەن ئالماپ قوپال تىكىلىشى، قايسى دەۋرگە تەئەللۇقلۇقى قاتارلىقلارنى ئىچىدىن

① موللا ـــ موللىبر دېمەكچى.

تەخمىن قىلىپ باھا بەرگەنىدى. ئۇ يەنە «شاھ مەشرەپ قاراقاشتا تۇرغىنىدا بىر مۆتىۋەر زاتقا تونىنى ھەدىيە قىلغان» دېگەن رىۋايەتنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ تارتمىدىن 12 تەڭگە پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالىقىنىغا قويدى. لېكىن «بىر غېرىچ» قانائەت تاپمىغاندەك موللىلارغا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرۇۋەردى. ئالىقىنىغا يەنە ئىككى تەڭگە شىرىقلاپ چۈشتى. «بىر غېرىچ» پۇت - قولى يەرگە تەگمەي چىقىپ كەتتى.

ئەمدى نۆۋەت خۇددى لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇقتەك، ئورۇق ئېگىز ئادەمگە كەلدى. ئۇ دات رەڭ يەكتەكنى ئىچىدىن بىر دەستە سارغىيىپ كەتكەن، چەت - چۆرىلىرى تىتىلغان، بەزى بەتلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە شىلىملاپ خام چاپلانغان قەغەزلەرنى ئېلىپ موللىلارنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەلگە قويدى. موللىلار قول يازمىلاردىكى «قارۇشتى»، «پىراكرىت» ياكى «بىراخما» يېزىقىغا ئوخشىمايدىغان غەلىتە پۈتۈكلەرنى كۆرۈپ، ئۇزاق قاراپ كەتتى - دە، ئورۇق، ئېگىز ئادەمگە مۇنداق دېدى:

— ماڭا قىشەنىسەڭ، بۇ نەرسىلىرىڭنى قالدۇرۇپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كەل، مەن بۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئاندىن بىرنېمە دەي.

— ئا، بۇ راسىيا، چىمپىشىق دەۋاتىمەن، بۇ دېگەن ...

— بولدى، بولدى، — كارنىگ موللىر قولىنى كۆتۈردى، — سىلەردە «ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتى سىپىلىپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن ئۆتمەيدۇ»، «بۇرنىغا سۇ كىرىپتۇ» دېگەن گەپلەر بار. بىر قېتىم مېنىڭ بۇرنۇمغا سۇ كىرىپ كۆزۈمدىن چىققان!

— خۇشخۇي جاناب، ئۆزلىرى ھېلىقى گوندىخانىغا كىرگۈزۈۋەتكەن ئىنايەت ئاخۇننى دەملا، بىز ئۇنىڭغا ھەرگىز

ئوخشىمايمىز ... يالغان نەرسىلەرنى سېتىپ تاپقان پۇل هارام بولىدۇ، ئەمەسما !

موللېر زەھەردەك ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئەجدادىڭنىڭ روھىنى ساتساڭ هالال، ئۇنى قوتقۇزۇۋالغان مەندەك بىر ساخاۋەتچىنىڭ پۇلى هاراما» دەپ غىجىندى.

— سەن ئىنايەت ئاخۇنغا ئوخشا ـ ئوخشىما بەربىر خوتەنلىكسەن، — موللېر قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى، — بىر خوتەنلىكنىڭ يالغان، ئۆزى ياسىغان پۈتۈكلىرىگە ئىشىنىپ قانچىلىك ۋەيران ئازابىغا قالغانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، مەنلا ئەمەس، ئەنگلىيەدىكى ئەڭ ئاتاقلىق، جاھانشۇمۇل ئالىملارمۇ بەش ـ ئالتە يىل ئالدىنىپ، دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئالدىدا يۈيۈپ تۈگەتكۈسىز ئار ـ نومۇسقا قالدى. مەن شۇنىڭدىن بېرى خوتەنلىكتىن ھەزەر ئەيلەپ قالدىم.

— بولىدۇ، بولىدۇ، تەكشۈرۈپ كۆرسىلە، مېنىڭ دىلىمدا ئىمانىم بار ئادەم، ھەرگىز سىلىگە يالغان نەرسىلەرنى چەنلەپ ئولتۇرمايمەن.

ئېگىز، ئورۇق ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، كارنىگ موللېر دىۋاندا قىيسىيىپ مۈگدەپ قالغان دانىشقا قارىدى. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كۆچتۈزىگۈر، كەم سۆز بۇ يىگىتكە ھەۋەس قىلاتتى. بىراق گۇماندىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى. ئۆز يېنىدا يەتتە ـ سەككىز ئاي خالىس ئىشلەپ بەرگەن دانىش ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغاندى. شۇنداقتىمۇ موللېر «قىساسكارىم شۇ بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئېھتىيات قىلاتتى. بىراق، قولىدا ئىز بېسىپ تۇرغۇدەك ئىسپاتى بولمىغاچقا، چاندۇرماي دادى ـ مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

— دانىش، ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى كارنىگ موللېر يارىشىملىق بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى يىمىرىپ تۇرۇپ، — سېنى ساقلىتىپ قويدۇم - ھە؟

— ياقەي جانابلىرى، — دانىش ئۆزىنى رۇسلىدى، — بايىقىلارنىڭ تاقىقا - تۇققا، ئىگىز - پەس گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتىمەن.

— ئادەم بىر نەرسىدىن بىزار بولسا، زېرىكىش ھېس قىلىپ ئۇيقۇ باسىدۇ، — موللېر دېرىزىدىن تالاغا قاراپ قويدى، — شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى پىسەنتىڭگە ياقماپتۇ - دە؟ ھە، ھويلىدا ئىتنىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ، پىيادە كەلدىڭمۇ؟

— بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا، بەك قىستا - قىستاڭچىلىق، ئات مىنگىلى بولمايدىكەن.

— تاغىرىڭدىكى نېمە ئۇ، ماڭا بىرەر نەرسە ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

دانىش تاغاردىكى قاپقاننى چىقىرىپ يەرگە قويدى. شەرقشۇناس موللېر بىر قاراپلا ئۇنىڭ ھايۋانلارنى تۇتىدىغان قاپقان ئىكەنلىكىنى بىلدى. بىراق، بۇ ئۆزى كۆرگەن قاپقانلارغا ھەرگىز ئوخشىمايتتى. قاپقاننىڭ چەمبەرسىمان قاسقىنىغا چىقىرىلغان نەقىشلەر، ھەرە چىشسىمان قىسقۇچلىرىدىكى قاپارتما گۈللەر، قىسقۇچ ئوقلىرىغا بېكىتىلگەن قاتتىق پۇرژىنىلار، ئىلمەك ۋە ھالقىلىرى ئىنتايىن پۇختا ياسالغانىدى. موللېر قاپقان قىسقۇچلىرىنى كېرىپ زادى ئاچالمىدى. ئۇ قاپقاننى ئۇياق - بۇياققا چۆرۈپ ۋە ئۆرۈپ سىرىنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

— سەن قۇرۇپ باققىنە، — دېدى موللېر ھەيران بولۇپ، — بۇ ... بۇ قانداق ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ياسالغان نېمە؟

— مەنمۇ قۇرۇشنى، ئېچىشنى بىلمەيمەن، قانچە ھەپىلىشىپ باقتىم، لېكىن ئامال قىلالمىدىم.

— بۇنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ؟

— بىر ئادەم يوقالغان ئېتىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، قومۇلۇقتا قوزۇقلىرى سۇغۇرۇلغان ھالدا ئۇچرىتىپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن سەككىز تەڭگىگە سېتىۋالدىم.

— بۇ قاپقان قايسى دەۋرگە تەئەللۇق، ئانالىز قىلساق بولىدۇ، — كارنىگ موللېر 20 تەڭگىنى ساناپ دانىشقا بەردى، — بىلىمەن، سەن ھەرگىز يالغان ئېيتمايسەن. ساڭىمۇ ئازراق نەپ بەردىم.

كارنىگ موللېر دانىشنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، يەنە قانداق ئاسارئەتىقىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئەمما دانىشنىڭ قولى چاندۇرماي غىلاپلىق پىچىقىنىڭ دەستىسى تەرەپكە سۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن كىناتون ھايال ئۆتمەيلا قايتىپ چىقتى. دانىش پىچاق دەستىسىدىكى قولىنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. قېيىنئىنىسى ھېنرى ئۆلگەندىن كېيىن دانىشقا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەن كىناتون ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالىيىپ قويۇپ، دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى.

— دوستۇم موللېر، — كىناتوننىڭ چىرايىدا ئىستىھزا بىلىندى، — بايىقى دىۋانىگە: «بۇرنۇمدىن كىرگەن سۇ، كۆزۈمدىن چىقتى» دېگەن گەپنى دېگۈلۈك ئەمەس ئىدى. بىر ساۋاتسىز خوتەنلىك ئىنايەت ئاخۇندىن يېڭىلگەن بولساقمۇ ئۇنى

تەن ئېلىش، بىز ئالىيزادىلەر ئۇچۇن نومۇس !

— مەن ئۇ ئىشنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم، — دېدى مولىبېر ئۇھسىنىپ، — چارروسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىي، ئەنگلىيە باش كونسۇلى ماكارتىنى ئالدانسىغۇ بىر نۆۋرى. لېكىن، ماڭا ئوخشاش شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ئۇستاز لاۋرېنس ۋە باشقا ئالىملارنىڭ نەچچە يىلغىچە ئەخمەق قىلىنىشى ئۇنتۇلغۇسىز ھەم كەچۈرگۈسىز ھاقارەتقۇ! بۇ ئەنگلىيە خان سارىيى مۇزېيى ئۈچۈنمۇ ئۆچمەس قارا تامغا! ...

— ھەببەللى، — كىناتون بايس ئۈستەلگە پاققىدە ئۇردى، — بۇ سەتچىلىكنى ئىچىمىزدە بىلەيلىكى، ھەرگىز سىرتىمىزغا چىقارمايلى. دىققەت قىلدىڭمىكىن، بايا سەن شۇ گەپنى قىلغاندا، دانىش دېگەن قەلەندەر زەھەردەك كۈلدى ... ئۇنىڭ ھىجىيىشى يۈرىكىمنى قوقاستا پۇچىلىغاندەك قىلىۋەتتى.

— بۇ دانىش دېگەن ئەبلەخنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — مولىبېرنىڭ قاپاقلىرى مىژژىدە تۈرۈلدى، — ئۇنىڭ تارىشا پۇتۇكلەر خارابىسىگە ئاپارغانلىقىنىڭ، مېنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنىڭ خاتىرىسىنى قىلمىغان بولسام، ئۇنى ئاللىقاچان جايلىۋېتەتتىم.

— ئەمدى ئالدىراقسانلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چېرىكلەر، ئايغاقچىلار نەچچە ئاي ئىزدەپ تاپالمىغان بۇ قاتىلنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن قورقماي كېلىشى ئادەمنى تەئەججۇپلەندۈرىدۇ، — دېدى كىناتون، — ئۇ تۆت يىل ياقا يۇرتلاردا يۈرۈپ فون لىكوك، باتاس ھەم ئاكا - ئۇكا بىلسۇۋسكلار بىلەن ئۇچرىشىپ كۆزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا تەڭ كەلمەك تەس !

— بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىركامىل، مەۋلىد، توختىلارنىڭ قانداق

ئۆلگەنلىكىدىن ھەتتا رۇسىيە، شىۋېتسىيە گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشى ئەڭ قورقۇنچلۇق ! شۇڭا، تۆكىنى يېتىشىغا سىلاپ، يولۋاسنى چۆچۈتۈپ قويماي، ئۇنى قۇملۇق ئىچكىرىسىگە تۈيدۇرماي ئېلىپ كىرىش كېرەك.

— بىزنىڭ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىمىز، ئۇنىڭ قاتىللىقى ھەققىدە ئېنىق پاكىتىمىزنىڭ يوقلۇقىدا، — كىناتوننىڭ كۆزلىرى نەگىدۇر قادىلىپ تۇراتتى، — شۇڭا ئۇ ئىشەنچلىك ھالدا: «مەن قاتىل بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئامبالغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن. قېنى سىلەرنىڭ گۇمان، پەرىزىڭلار يۈت دەسسەپ تۇرامدۇ ياكى مېنىڭ ئىسپاتلىرىممۇ؟!» دەپ بىزگە قوقاق سالالىدى. قىسقىسى، ئۇ بىزنىڭ تىتاڭ تومۇرىمىزنى تۇتۇۋالدى.

— ھەيرانمەن، — موللېر سارغۇچ چاچلىرىنى سىلىدى، — بىر يىلدەك بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئادەم، نېمە ئۈچۈن مەن قەستكە ئۇچراپ ئۈچىنچى كۈنى غايىب بولىدۇ؟

— بىز تەكلىماكان ئەتراپىدىكى جىق تۇرالغۇ، كەنتلەرنى يوشۇرۇن - ئاشكارا تەكشۈردۇق، لېكىن دانىش ئىسىملىك ئادەمنى تاپالمىدۇق. مېنىڭ گۇمانىم «دانىش» دېگەنمۇ ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى بولۇشى ناتايىن ...

— بۇ ... بۇ ... مۇم ... مۇمكىنمۇ؟ — مولللېر نېمە ئۈچۈندۇر، دۇدۇقلاپ كەتتى، — بولدىلا، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالىدىكەن.

كىناتون بايىس دىۋان يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. مولللېرنىڭ قانداقتۇر ئەرزىمەس ئادەملەر ئالدىدا ئۆزىنى پەسلىشى، كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىگەنىدى. ئۇنىڭ قىزىلكوس

چىرايىغا ئاچچىق تەنە ئۇيۇپ قالغان بولۇپ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. شۇڭا موللىپىرنىڭ «ئەمدى ئارام ئالايلى» دېگەن سۆزىدە ئۇ دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىنايەت ھەققىدىكى گەپنى ھەرقانداق سورۇن، يىغىلىش ۋە ئادەملەر ئالدىدا ئاغزىمىزدىن چىقارمايلى، — دېدى.

— بولىدۇ، گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق، دوستۇم كىناتون.

ئەتىگەندىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى باھالاپ، سودىلىشىپ چارچاپ كەتكەن موللىپىر بىلەن كىناتون ئىچكىرىكى ياسىداق سارايغا كىرىپ، قەھۋە دەملەپ ئىچتى. ئۇلار بال قوشۇق بىلەن چىنىدىكى كاللەك قەنتنى ئىلەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بىردەم سۆكۈتكە چۆمدى. ئاڭغىچە تۇرمۇش ۋە ئامبارغا مەسئۇل ئاقساقال قېرى ئىشقۇللا كىرىپ كەلدى. ئۇ تون، پەتنۇس، قاپقانلارنى تاغارغا تىققاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. خوتەن دوتىيى ۋاڭ ئامبال ئىشقۇللانى: «مېنىڭ قول ئاستىمدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم» دەپ ئەكېلىپ بەرگەنىدى. بۇ جىمغۇر ئادەم ئانچە گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئەجىنەبىيلەرگە دىلخا ئىشلەيتتى. ئۇ بۈگۈن ئامبارغا ئون قېتىمدەك قاتىرىدى بولغاي، لېكىن ۋايىسىمىدى. ئىشقۇللا سېتىۋېلىنغان بۇيۇملارنى ھەر قېتىم كۆتۈرۈپ ماڭغىنىدا، كارنىڭ موللىپىر: «ھەرقايسى بۇيۇمنى ئۆز تۈرى بويىچە قوي» دەپ جېكىلەيتتى. ئۇ بولسا «خوپ» دەپ قويۇپ ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرەتتى. بىراق ئىچىدە «بۇ ئەسكى - تۈسكىلەرگە شۇنچە پۇل خەجلەپ نېمە كەپتۇ. بىشىنى ئىشەك غاجىلىۋالغان پەرەڭلەر ... » دەپ غودۇڭشىپ قوياتتى. ئىشقۇللا

ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن كىناتون بايس ئىشىكنى يېپىۋېتىپ گەپ باشلىدى:

— ھېلىقى قىرىنىڭ جۇلدۇر كېيىنىگە بەرگەن 14 تەڭگىنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتتى، — دېدى كىناتون ئېچىنغان قىياپەتتە، — شۇنچىلىك پۇلغا ئەرزىمدۇ؟

— شاھ مەشرەپ دەيدىغان جاھانكەزدى بىر قەلەندەر غەزەلخان بار، — مولليېر قەھۋەدىن بىر ئوتلاپ، تامىقىنى تامشىپ قويدى، — ئۇيغۇرلار ئۇنى «ئەۋلىيا» دەپ بەيئەت قىلىشىدۇ. ئۇ تون مەشرەپ ياشىغان دەۋردىكى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بۇيۇم. يەنە تېخى شاھ مەشرەپنىڭ تونى ئەنگلىيە خان سارىيىنىڭ مۇزېيىدىن ئورۇن ئالسا، شەرقلىكلەرنىڭ كۆزلىرى ئالچەكمەن بولۇپ كېتەر.

— 14 يىلدىن بېرى تۆتىنچى قېتىم تەكلىماكانغا كېلىشىمىز، — كىناتون سارغۇچ يېشىل كۆزلىرىنى ھەمراھىغا تىكتى، — ھەر قېتىم يۈتكەلگەن يۈزلەپ - يۈزلەپ ساندۇق ئاسارئەتىقە، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، قىممەتلىك گۆھەرلەر، ئاجايىپ - غارايىپ پۈتۈكلەر، بۇددىزم يادىكارلىقلىرى دۆلىتىمىزنىڭ خان ساراي مۇزېيىغا يۆتكەلدى. ھەر قېتىم كەلگىنىمىزدە يەنە ئۆزگىچە نەرسىلەرنى قېزىۋالىمىز ھەم سېتىۋالىمىز. بۇ تۈگىمەيدىغان قانداق بايلىقتۇ دەپ قالىمەن.

— كىناتون، سەن ئىچىڭدىكىنى ئوچۇق دېمىدىڭ، — مولليېر قولىدىكى پىيالىنى ئۈستەلگە قويدى، — سەن «بۇ جۇلدۇر كېيەن، ھايۋاندىن بەتتەر ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولغان چېغى» دېمەكچىسەن، شۇنداقمۇ؟

— توپتوغرا، — كىناتون كۈلدى، — سەنمۇ شاھ مەشرەپ

ئەۋلىيادىن قىلىشمايسەن.

— نەدىكىنى، شاھ مەشرەپ ئالەمگە تونۇلغان جاھانشۇمۇل غەزەلخان. مەن بولسام ئېكسپېدىتسىيەچى، خالاس.

— ئاپارغان بايلىقلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىدىن پادىشاھىمىز ساڭا «سىرلىق ئەۋلىيا» دەپ نام بەرگەن تۇرسا.

— مېنىڭ قولغا كىرگۈزگەن نەرسىلىرىم باشقىلارنىڭ ئالدىدا، خوتەنلىكنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ھۇندىگە سۇندى بولالمايدۇ، — موللېر ئاچچىققىنە كۈلدى، — مىڭ يىللار ئىلگىرى قانچىلىغان ياۋروپالىق سەيياھ، تەۋەككۈلچى، دىن تارقاتقۇچى، قىدىرغۇچى، جاھانگەزدى ۋە ھۆكۈمەت ئەلچىلىرىنىڭ شەرقتىكى بۇ دىيارغا كەلگەنلىكى نامەلۇم. مىلادىيە تۆتىنچى ئەسىردە ئىمپېراتور ئالېكساندىر ماكېدونىسكىينىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى بىلەن گىرېك قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلدى. شۇندىلا ياۋروپالىقلار مەركىزي ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت لوق گۆشنى بىلىۋالدى. ئاددىيسى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كىرگەن گېرمانىيە، ۋېنگىرىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيە، رۇسىيە، ياپونىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، ئىلى، قومۇللارغىچە بېرىپ، نەچچە ئون يىللارغىچە بايلىق ئىزدەشنى داۋام قىلدى. بۇنداق تالان - تاراجنىڭ تارىختا تولدۇرۇۋالغۇسىز پاجىئەسىنى چىڭ ھۆكۈمىتى چۈشەنمىدى.

موللېرنىڭ بۇ ئۇزۇن نۇتقىدىن ناھايىتى سىرلىق بىر روجەكنى كۆرگەندەك بولغان كىناتون چوڭقۇر تىنغىنىچە بېشىنى كۆتۈردى.

— شۇنچە بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ مىللەتنىڭ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.
— ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى يەنە بىر قانچە ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشتى. يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزىدىن ئۆزگىنى بىلمەيدىغان بىكىنمە ھالەتكە ئۆتتى، — شەرقشۇناس موللېر سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى، — مەن يىراقنى سۆزلىمەي، بولۇپمۇ يېقىنقى 70 ـ 80 يىللاردىن بېرى ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ ئۇنتۇلغان زېمىنغا قەدەم ئېلىشى، بۇ يەردىكى توۋا ـ ئىستىغپار قۇلى بولغان ئىتائەتمەن ئادەملەرنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان ھەيرانلىقىنى ئاشۇردى. ئەزەلدىنلا سىرتتىن كەلگەن كارامەتچىلەرنى چوڭ بىلىدىغان، ئىخلاس قىلىدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇلارنىڭ تۆگە كارۋانلىرىنى يېتىلەپ، تەكلىماكاندىكى غايىب شەھەرلەرگە ئېلىپ كەلدى.
— توۋا، — كىناتون ياقىسىنى تۇتتى، — بۇ نېمىدېگەن گول خەق، نېمىدېگەن ئەخمەق. «بۇ ئادەملەر بىزگە ئامەت ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى ئاپەت» دەپ ئويلىمايدىكىنا.
— شۇ ئەمەسمۇ، — كارنىگ موللېر مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، — كۆك كۆز، سېرىق چاچ، بەستلىك كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ نېمىشقا قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن بۇ قەدىمىي شەھەرلەرگە شۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ئەسكى ـ تۇسكى ۋە جۇلدۇر كېپەنلەرنى يىغىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. چەت ئەللىكلەرنىڭ تۆت تەڭگىسى ئۇلارنى ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سېتىپ يەيدىغان غۇرۇرسىز، ئەقىلسىز، ۋىجدانسىزلارغا ئايلاندۇردى.

— بۇ خەق بىر قارىساڭ شۇنچە مۇلايىم ۋە رايىش، — دېدى كىناتون بايس، — ئەمما بىرەر ئىش پىسەنتىگە سىغمىسا بىردەمدىلا غالجىر بۆرىگە ئايلىنىدىكەن.

— بۇنىڭ تارىخىي ئاساسى بار، بۇ ھەقتە پىرىژىۋالىسكى مۇنداق دەپ يازغان:

... «بۇ يەردىكى ئادەملەر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىنلا نامرات بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي دۇنيا ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتىنمۇ ئاجايىپ زەئىپلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملىرى ۋە ئاڭ سېزىمى پەقەت ئەتراپىدىكى تار مۇھىت بىلەنلا چەكلىنىدىكەن ... نامراتلىق، ئاچ - زارلىق ۋە رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن توختاۋسىز رەۋىشتە كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بىر خىل جاھىللىق، ئىچىگە تىنىپ كەتكەن سوكۇت ۋە ئۆتكەن كۈنىگە شۈكۈر قىلىش پىسخىكىسى شەكىللەنگەنىكەن. ئۇلارنىڭ سولغۇن چىرايىدىن كۆلكە - تەبەسسۇمنى كۆرۈش ناھايىتى تەس ئىكەن ... »

— قىسقىسى ئۇلار، — كىناتون قەھۋەسىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى، — ئۆزلىرىنى سېتىۋاتىدۇ، ئەجدادىنىڭ روھىنى سېتىۋاتىدۇ، بۇ ئىنتايىن ھاقارەتلىك تامغا!

كارنىگ موللېر بىلەن كىناتون بايس 50 ياشلار ئەتراپىدىكى بەردەم ئادەملەر ئىدى. موللېر گېرمانىيە مىيۇنخېنىدا تۇغۇلۇپ، ئون نەچچە ياشلارغا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى بىلەن ئەنگلىيەگە قايتىپ كېلىپ، شۇ يەرنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتتى. ئۇ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان كىناتون بايس بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمىلەردە بىللە بولۇپ، يېقىن دوستلۇق ئورناتتى.

ئادۆوكاتلىق كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، بىرنەچچە يىل دەۋا ـ دەستۇرلار بىلەن شۇغۇللانغان كىناتون كېيىنچە كارنىڭ موللېرنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىلمىگە قىزىقىپ قېلىپ، جاھان كېزىشنى ئەڭ كۆڭۈللۈك هايات دەپ جەزملىدى.

كارنىگ موللېر جۇغى كىچىك، ئاق سېرىق يۈزىگە قىزغۇچ قارا بۇرۇتى ياراشقان، تەمكىن ئادەم ئىدى. كىناتون بولسا بەدىنى تولغان، ئېگىز بوي، ئېڭىكى ئۇچىغا بىر تۇتام قىرقىم ساقال قويغان، بۇرۇتسىز، تەبىئىتى سەل يېنىك، هىيلە ـ مىكىرگە ئۇستا، مۇلاھىزىلىرى چوڭقۇر، قىزىقكوس ئادەم ئىدى.

ـــ بايىس، ـــ دېدى موللېر مۇگدەك بېسىۋاتقان دوستىغا قاراپ، ـــ ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئارام ئالامدۇق؟

ـــ مەيلى.

ـــ چارچاپ قالدىڭمۇ نېمە؟ بەك خامۇش كۆرۈنىسەن، ـــ موللېر چاقچاق قىلدى، ـــ قۇملۇق قاراقچىسىغا ئەگەشسەڭ مۇشۇنداق ئارامسىق يوق، قانداق دېدىم؟

ـــ يوق يېمە بىر تۇتام، ـــ كىناتون جۇغى كىچىك موللېرغا شۇنداق دەپ چاقچاق قىلاتتى، ـــ 14 يىلدىن بېرى ساڭا ئەگىشىپ تەكلىماكانغا ئۈچ قېتىم كەلدىم، مانا بۇ تۆتىنچى قېتىملىقى، بىرەر قېتىم ۋايساپ باقتىممۇ؟

ـــ سېنىڭزە، ئاغزىڭنىڭ بىزەيلىكى، ئادەمنى تىللاپلا تۇرىسەن، ئەمما ئاشۇ قوپال گەپلىرىڭگە كۆنۈپ قاپتىمەن.

ـــ تۇرۇپلا هىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا رايوندا، قەدىمكى بۇيۇملارنى ئوغرىلاش ۋەقەسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. پاھ، ئاجايىپ بايلىقلار ئىدى ئۇلار ...

ـــ ئوغرىلاش دەپ نېمانداق سەت گەپ قىلىسەن؟ ئۇنى

قەدىمكى بايلىقلارنى قۇتقۇزۇش دەيمىز، چىرايلىق گەپ قىلىشنى قاچانمۇ ئۆگىنەرسەن؟

— بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوققۇ، ئۇ قىپقىزىل ئوغرىلىق تۇرسا.

— بولدى، بولدى، ساڭا گەپ توشاتقىلى بولمايدۇ، ئۇخلايلى.

ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بىر - بىرىگە تۇتاش ئىككى ھۇجرىدا ياتاتتى. كىناتون سول تەرەپتىكى ياتىقىغا كىرىپ كېتىشى، كارنىگ موللىبىر چىشىنى چوتكىلاپ بولۇپ، كىيىملىرىنى سالدى. ئۇ دائىم بېشىنى ئېگىز قويۇپ ياتاتقاچقا، ئىككى دانە پەي ياستۇقنى جۈپلەپ، كارىۋات يۆلەنچۈكىگە تىيەپ قويدى - دە، دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان بىر تەرىپى داغلاشقان ئايغا قارىدى. ئاي نۇرى دېرىزىدىكى گۈل بەرگىلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. كارنىگ موللىبىر چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنىلا ئىنايەت ئاخۇننىڭ قىلمىشلىرى كىرىۋالغانىدى. ئۇ، مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ موللىبىرغا تىكىلىپلا تۇراتتى. پاھ، پاھ، پاھ ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ سېسىقلىقىچۇ! ئەگەر ئۇ بىرەر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان بولسا، ئالەمشۇمۇل ناتىق بولغۇدەك! ھېلىقى ئەدلىيە تۇسىنى ئالغان سوراقتا موللىبىر ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى كېيىنلا چۈشەندى. ئۇ نېمىشقىمۇ: «سەن مېنىلا ئەمەس، مېنىڭ ئۇستازىم لاۋرېنس جانابىنىمۇ ئالدىدىڭ» دېگەن بولغىيتتى. شۇ چاغدا ئىنايەت ئاخۇن تەمتىرىمەي، ھودۇقماي ھىجايغىنىچە: «ئۇستازىڭ شۇنچىلىك بولسا، سەنمۇ چاغلىقكەنسەن» دېدى. بۇ سۆز ھازىرغىچە خۇددى سىگمەي تۇرۇۋالغان لوقمىدەك ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى ئۆرتەپ، يېگەن -

ئىچكىنى چىرايىغا چىقماي كېلىۋاتىدۇ.

— ھەي ئىنايەت، ھەي ئىنايەت ! — كارنىگ مولىلېر چىش ئارىلىقلىرىدىن شىۋىرلاشقا باشلىدى، — سەن يۈرىكىمگە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە ئۇنتۇلمايدىغان نەشتەر ئۇردۇڭ ! جاھانشۇمۇل ئالىملارنى بەش - ئالتە يىل ئەخمەق قىلدىڭا ... سەن خوتەنلىك نېمانچە ئەقىللىكتۇرسەن؟ سېنى تۈرمىگە كىرگۈزۈۋەتمەي، ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىۋەتسەمچۇ ! ! ...

كارنىگ مولىلېرنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ غەزەپكە كېلىشى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. ئەينى زاماننىڭ ئالىملىرىنى بەش - ئالتە يىل ئەخمەق قىلىپ، ئۇلارنى ساراسىمىگە سالغان، بىلىملىرىنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى ئەيىبلىگەن، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت بىلىم ئەھلىنىڭ دۇنياۋى مۇزېي يەرمەنكىلىرىدە كۆزلىرىنى ئالچەكمەن قىلىۋەتكەن، ئارقا - ئارقىدىن ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، دۆلەتلەر ئارا مۇنبەرلەردە دوكلاتلار بېرىلگەن «ئاجايىپ كەشپىيات» خوتەنلىك چالا ساۋات دېھقاننىڭ ئەقىل - پاراستىدىن ئاپىرىدە بولغان ساختا، يالغان مەھسۇلات ئىدى!! ...

# بەشىنچى باب

قاراڭغۇلۇق كېپەنلىنىۋالغان قۇم تاغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي چەكسىز قۇم چۆللۈكىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نۇرىدىن ھەممە ئەتراپ كۆكۈچ سىرلىق تىلسىمغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. بىر كۈن يول يۈرۈپ ھارغان گۈلبادام ئاتتىن چۈشۈپ، بىر كىچە تۈنىگۈدەك ئەپلىك ئورۇن تېپىش كويىدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئالدىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر دۆڭدىن باشقا يەر تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە «يېتىم» توغراقلارنىڭ غۇۋا ئىزنالىرى كۆرۈنەتتى. بۇنداق ئايدالادا يىرتقۇچ ھايۋانلار بولمىغان تەقدىردىمۇ، كۆزگە چېلىقىدىغان بۇنداق يەردە يېتىش بىخەتەر ئىدى. گۈلبادام ئالدىدىكى يېيىلىپ ياتقان دۆڭلۈككە ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى. دۆڭلۈك ئۈستى يۇمشاق قۇملۇق بولغاچقا سېلىنچا بولمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. ئۇ ئاتقا غانجۇغىلانغان خۇرجۇن، تۇلۇم، توۋرىلارنى يەرگە چۈشۈرۈپ ئاتنى ئېگەردىن بوشاتتى. ئاندىن تۇلۇمدىن جامغا سۇ قۇيۇپ ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا تۇتقانىدى، «قاشقا يۇلتۇز» بىردەمدىلا ئىچىۋېتىپ، خۇددى «رەھمەت» دېگەندەك بوشقىنە پۇرقۇپ قويدى.

بىر كۈن كەچكىچە ئات ئۈستىدە سىلكىنىپ، بەل ۋە پۇتلىرى ئارامسىزلىنىۋاتقان گۈلبادام قۇمغا ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلىۋەتتى. ئۇ بىردەم بىر تەرىپى داغلاشقان ئايغا، چاراقلىغان

يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بوغۇز تەييارلانغان توۋرىنى ئاتنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. ئاندىن ئۇنىڭ پېشانىلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـــ بۇ قېتىم بوغۇزنى جىق بەردىم، كېچىچە هوشيار بول، بىرەر شەپىنى سەزسەڭلا ماڭا بېشارەت بەر، بولمىسا سېنى هەرگىز يۇلتۇز دېمەيمەن، ـــ دەپ پىچىرلىدى.

ئات ئىنتايىن ئەقىللىك هەم هوشيار جانىۋار. ئۇ كۆپىنچە ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ. ناگان ـ ناگاندا يېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، مۈگدەيدۇكى ئۇخلىمايدۇ. ئەمما «شىتىر» قىلىپ چاشقان ئۆتۈپ كەتسىمۇ، قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كىشنەيدۇ، پۇرقۇيدۇ. بولمىسا يەر چاپچىپ ئىگىسىگە شەپە بېرىدۇ. شۇڭا گۈلبادام ئوۋغا چىققاندا، بىرەر ـ يېرىمدەم كۆز يۇمۇپ خاتىرجەم ئارام ئالىدۇ. هەتتا ئۇ ئۆيدە ياتقاندىمۇ، كىچىككىنە شەپىنى سەزگەن ياكى هىدىنى هىدلىغان «قاشقا يۇلتۇز» ئېغىلدا تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق كىشنەيدۇ، دوكۇلدىتىپ يەر چاپچىيدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئۆيى ئەتراپىغا قومۇلۇقنىڭ ئاق تۈلكىسى توخۇ ئوغرىلىغىلى كېلەتتى. ئاچچىقى زەهەردەك يامان مولۇنلار كېچىلىرى ئوغلاقلارنى بوغۇپ ئېلىپ قاچاتتى. «قاشقا يۇلتۇز»نىڭ غەلىتە كىشنەش، تاقەتسىز دوكۇرلاشلىرىدىن نېمە بولغانلىقىنى بىلىۋالىدىغان گۈلبادام، ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتقان هامان تۈلكە، مولۇنلار قېچىپ، «قاشقا يۇلتۇز» جىمىپ قالاتتى. گۈلبادام ئېتىنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيۈپ، بويۇن، ساغرىلىرىنى سىلاپ: «مېنىڭ يۇلتۇزۇم، ئەقىللىك يۇلتۇزۇم، سېنى پەرۋىن[1] دەيمۇ ياكى

[1] پەرۋىن ـــ ئۈكەر يۇلتۇزى.

چولپان ①» دەپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى.

گۈلبادام ئورنىدىن تۇرۇپ ئازراق نان يەپ سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن، مىلتىقنى بەتلەپ قولىغا ئېلىپلا ئاتقۇدەك قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ تاسمىسىنى بوينىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاندىن خۇرجۇننى بېشىغا قويۇپ قۇمدىلا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتتى. ئۇ سادىق ھەمراھى بولغان مىلتىقنى بىلەكلىرى ئارىسىغا ئېلىپ قۇچاقلىۋالغانىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە نېمىدۇر بېشارەت بولغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاتتىن بىر ئاز يىراقلىشىپ قۇم توپىدا تەيەممۇم② قىلغاندىن كېيىن، تەھەججۇپ نامىزى③ ئۆتەش ئۈچۈن خۇرجۇندىن ئاپپاق لىباس بىلەن نېپىز داكا رومالنى ئالدى. ئۇ قۇملۇقتىن پەسلەپ چۈشۈپ، سۆسۈن رەڭ گۈللىرى قۇرۇپ قالغان بىر توپ قوغۇزاقتىكەن ئارقىسىغا ئۆتتى ـ دە، قۇلاق قېقىپ ئەزان توۋلاپ، نامىزىنى باشلىدى، يىراقتىن ئۇ خۇددى پاختا يۇلغۇن كۆچىتىدەك ئاپپاق بولۇپ كۆرۈنەتتى.

گۈلبادام ئورنىغا كېلىپ ياتقاندىن كېيىن خېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. چۆل كېچىسى تولىمۇ جىمجىت سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. پەقەت تون كەسلەنچۈكلىرىنىڭ ئۇيقۇلۇق «كىر ... كىر ... كىر ... » قىلغان سۇس ئاۋازى بىلەن قۇرت ـ قوغۇز، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇق تىقىلغان جەزىرىنىڭ يىراق تامانلىرىدىن ئاللىقانداقتۇر ھۇقۇيتقان، ئۈششىرتقان، زەئىپ ئىڭرىغان ياكى يىغلىغاندەك

① چولپان ـــ چولپان يۇلتۇزى.
② تەيەممۇم ـــ سۇ بولمىغان يەردە توپىدا تاھارەت ئېلىش.
③ تەھەججۇپ نامىزى ـــ كېچىسى ئوقۇلىدىغان ناماز.

قورقۇنچلۇق شەپىلەر ئاڭلىنىپ قالاتتى. قىسقىسى، پۈتۈن كېچە روشەن بولمىغان سىرلىق ئاۋازلارغا تولغانىدى. بىراق گۈلبادامنى ئاززاقمۇ سۈر باسمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق چۆللەردە تۈنەپ قېلىشى تۇنجى بولۇۋاتقىنى يوق. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆچكە، قوي، كالا، ئاتلىرىنى ھەيدەپ، ئوت مول جايلارنى ئىزدەپ كېتەتتى. يىراق - يىراق توقاي، جاڭگال، چاتقاللىقلارغا ئاپىرىپ بىرنەچچە كۈن يېقىپ كېلەتتى. كېچىلىرى قۇمدا، ئاجايىپ زور توغراق غوللىرىدا ملتىقىنى قۇچاقلاپ ياتاتتى. بىر شەپىنى سەزگۈدەك بولسا، ملتىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتاتتى. «گۇم» قىلغان ئاۋازدىن ماللارمۇ ئىگىسىنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، غۇژمەك توپلىشىپ مۆگدىشەتتى. بوران - چاپقۇن، يامغۇر - يېشىن ئۇنى ھەرگىز قورقىتالمايتتى. بىر قېتىم تۇيۇقسىزلا بىر پارچە قارا بۇلۇت كېلىپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كەتتى. ئۇ قېرى توغراقنىڭ ئۆڭكۈردەك يوغان كاۋىكىغا كىرىشى، بىر يىرتقۇچ مولۇن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

گۈلبادام چۆللەردە يالغۇز - يېرىم قالغان چاغلىرىدا بوۋىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسكە ئالاتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا: «ئادەم قورققانسېرى سۈر باسىدۇ، سۈر باسقانسېرى پۈت - قولىدا جان قالماي، ئەقلىدىن ئازىدۇ. قورقۇنچاق ئادەملەر ئاللانىڭ ئەڭ ناباب بەندىلىرى، ئاللا قورقۇنچاق ئادەملەرگە ساخاۋەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ ... » دەپ نەسىھەت قىلاتتى. شۇڭا، گۈلبادام كىچىكىدىن تارتىپلا قورقۇمسىز چوڭ بولدى. بوۋىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆگەتكەنلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى. ئەدناسى، ئۇلارنىڭ

ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا پارچە ـ پارچە، كىچىك ـ كىچىك تېرىلغۇ يەرلىرى بار بولۇپ، باش باھاردا ئۇ يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ ئارپا چاچاتتى، چەت ـ چۆرىسىگە ئاق چامغۇر، مەككە چامغۇرى، قىزىل مارجاندەك ئۇششاق بولىدىغان غۇدۇر شوخلىلارنى تېرىپ قوياتتى. قۇملۇق كۈندۈزى قىزىپ، كېچىسى سوۋۇپ كەتكەچكىمۇ، زىرائەتلەر شەبنەم بىلەن كۆكلەپ ياشىراتتى. شۇنداقتىمۇ بوۋاي بىلەن نەۋرە قىز يىلىغا بىرەر قېتىم قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ چېچىپ سۇغىراتتى.

گۈلبادام ئەتىيازنىڭ بىركۈنى تورپاقنى ساپانغا قېتىپ، ئالىقاندەك پارچە يەرلەرنى ھەيدىمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان ئابدۇللا بوۋاي دېھقانچىلىق قىلىشتىكى ئەمرىمەرۇپلارنى چۈشەندۇرۇپ كەتتى:

— قىزىم، ئۆينى قوشقا قاتقاندا: «ھۇۋەل ئەۋەلۇۋەل ئاخىرۇ ۋەززاھىرۇ ۋەل باتىنۇ ۋەھۇۋە بىكۇللى شەيئىن ئەلىم» ① دېگەن ئايەتنى ئوقۇش كېرەك.

— بولىدۇ بوۋا، — گۈلبادام قىزىرىپ كەتتى، — ئۆينى ساپانغا قېتىپ ھەيدىگەندە ۋە تاپ بېشىدىن قايتقاندا ئوقۇلىدىغان ئايەت ئېسىمدە بار.

— قارىسىلا بالام، ئارپا پىشقاندا: «ياقەددىم، ياقەددىم» ②، بۇغداي پىشقاندا: «ياجەلىل، ياجەلىل» ③، شال سېرىقىدىغاندا: «يا

① «ئاللانىڭ ئىپتىداسى يوق، ئىنتىھاسى يوق، ئاللا ئاشكارىدۇر، يەنى مەۋجۇتلۇقنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر، مەخپىيدۇر. يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىل ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللا ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر ... »

② ھەممىدىن مۇقەددەم ئاللادۇر.

③ ئاللا ھەممىدىن ئارتۇق ئەزىمەتتۇر.

ۋەھهاب، ياسەبۇر» ①، ماش پۇرچاق قاتقاندا: «يا ئەزىز، يا كەرىم»
② دېگەن تەسبىھنى ئېيتىش لازىم.

— ئۇقتۇم بوۋا.

بوۋاي تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئۇزگىچىلىكلەرنى ئىسلام مىزانلىرى بويىچە ئۆگىتەتتى. شۇڭا قىزنىڭ كۆڭلىنى «ئاللا مۇقەددەستۇر» دېگەن ئېتىقاد قۇياشتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. خۇددى ئالتۇنغا يېقىن يۇرسەك چېكى يۇقار دېگەندەك، ئەتلىمە گۈش ۋاقتىدىن تارتىپ بوۋىسىنىڭ يېنىدا تەلىم ئالغان گۈلبادام چوڭ بولغانسېرى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ھايا - نومۇسنى ئۇلۇغ بىلىدىغان، گۆھەر تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ھارامدىن قورقىدىغان، بىراۋنى ئورۇنسىز رەنجىتمەيدىغان پەزىلەتلىك قىز بولۇپ يېتىلدى. دەرۋەقە، بوۋايمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى نەۋرىسىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا قاندەك سىڭدۇرۇۋەتتى.

بولۇپمۇ ئابدۇللا ئاتا - بوۋىلار ھەم قەدىمىي ئەجدادلار روھىنى، ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن، تۇرمۇش مىزانلىرى، ئەقىل - پاراسەت بىلەن كەشىپ قىلغان ئائىلە جابدۇق، نەپىس بۇيۇملار، چىنە - قاچا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ھەر خىل ھۈنەر - كاسىپ قورال - سايمانلىرى، ھەتتا بىر تال يىڭنە، بىر غېرىچ يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ تۇتىيا بىلەتتى. ئۇلارغا ئەجدادلارنىڭ روھى سىڭگەن دەپ قارايتتى. بىراق، بىر توپ ئەجنەبىي

① ئاللا ھەممىدىن سېخىي ھەم سەبىر قىلغۇچىلارغا كۆپلەپ ئەجىر بەرگۈچىدۇر.

② ئاللا ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ سېخىي بىر زاتتۇر.

تەۋەككۇلچىلەر تەكلىماكاندىن ئىبارەت سىرلىق جەزىرىگە ئاياغ باسقاندىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىدىكى قوم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى مەدەنىيەتنى بولاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان، لېكىن، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تارىخنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ ئۆزىنى ۋە ئەجدادىنى ئۇنتۇغان، ئۆز نەرسىلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان، ئۇنىڭ روھىي قىممىتىنى چۈشەنمەيدىغان بۇ بىپەرۋا خەلق، ئەجنەبىيلەرگە يالىنىپ ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سېتىپ يەيدىغان ئاچ كۆز قۇللارغا ئايلاندى. بارا ـ بارا پەرەڭلەرنىڭ ئازغىنە پۇلىغا دەندەپ قالغان تۇركۇم ـ تۇركۇم ئادەملەر كەسىپلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» گۇرۇھىغا ئايلىنىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىنىمۇ تىنچ ياتقۇزمىدى. «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» دېگەن چىرايلىق تونىنى يېپىنىۋالغان بۇ ئادەملەر ئەمەلىيەتتە «كېپەن ئوغرىلىرى»، «قەدىمكى مىراس بۇلاڭچىلىرى» بولۇپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئوۋ ئىتلىرى ئىدى.

مانا شۇ ئادەملەرنىڭ بىرى ئابدۇللا بوۋاينىڭ ئوغلى مىركامىل ئىدى. ئۇ دادىسىدىن يوشۇرۇن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بىلەن بىللە ئەجنەبىيلەرنىڭ يۇندىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قېتىلىپ كەتمەكچى بولدى. قانچە نەسىھەت قىلىپ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان ئابدۇللا بوۋاي ئاخىر مىركامىلنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى ...

... ئايغا تىكىلىپ ياتقان گۈلبادامنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. دادىسى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ئۇ تۆت

ياشلار چامىسىدا بولۇپ، مىركاملىنىڭ چىراي ـ شەكلىنى ئانچە ئەسكە ئالالمايتتى. پەقەت ئېگىز بوي بىر ئادەمنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىغا خىرە ـ شىرە كېلەتتى. «قىز بالا ئاجىز بولغاچقا دادىسىغا، قورساقتا ئامراق ئوغۇل بالا ئانىسىغا ئامراق بولىدۇ» دېگەن گەپنى كونىلار بىلىپ دەپتىكەن، دادىسىنىڭ قىلمىشى كۆڭلىگە خوپ كەلمىسىمۇ گۈلبادام يەنىلا دادىسىنى ئەسلەيتتى. ئۇنى سېغىناتتى، بەزىدە چۈشلىرىدە مەۋھۇم بىر سىيما ئايان بولاتتى. مومىسى، دادىسى، ئانىسى خالبانۇملار ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ خارابخانىسىغا تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئەمما، ۋاپادار بوۋىسىلا ئۇنىڭ بېشىنى سىلايدىغان شاپائەتچىسى، ساخاۋەتچىسى ھەم غەمگۇزارى ئىدى.

قاپقان يوقالغاندىن كېيىن، ئابدۇللا ئىنتايىن بىئارام بولدى. كېچىلىرى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلار، ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا تاشلاپ ئۇيقۇدىن بىدار بولۇشلار، چىرايىدىكى بىتاقەتلىكلەردىن ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بوۋىسىنىڭ: «قىزىم، روزغارىمىزغا ئوت كەتسىمۇ كارايىتى چاغلىق. ئەمما قاپقان بىلەن قامچىلىرىنى ئۆز جانلىرىدەك ساقلىسىلا» دېگەن گەپلىرىنى ئەستە ساقلاپ كېلىۋاتقان گۈلبادام قاپقاننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ، ئۇنى نەدىن بولسا تېپىشنى قەسەمياد قىلغانىدى.

ــ ھېلىقى لەنتى ئادەمنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟ ــ گۈلبادام يۇلتۇزلارغا باققىنىچە پىچىرلىدى، ــ ئەگەر ئۇ قاپقاننى ئەجنەبىيلەرگە سېتىۋەتكەن تەقدىردە، بوينۇمدىكى مارجان، قولۇمدىكى بىلەزۈكنى سېتىپ بولسىمۇ، چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن. ئەگەر ئۇنىمىسا، بېشىغا مىلتىقنى تەڭلەپ،

جىنىنى ئالىمەن.

بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن يول يۈرگەن گۈلبادام كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى. چۈنكى، ئۇ ئەتە ساق بىر كۈن قاتتىق يول ماڭسا، ئۆگۈنلۈككە قاراقاش دىيارىنىڭ قارىسىنى كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ قېلىن كىرپىكلىرى جۈپلىشىپ بىردىنلا ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق، بىر چاغدا ئۇ ئاتنىڭ قاتتىق پۇشقۇرۇپ، كىشنىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، مىلتىقىنى دەرھاللا قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. پەسلىكتىكى تۇزلەڭلىكتە بىر ياۋا توشقان جىنىنىڭ بارىچە سەكرەپ ـ تاقلاپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلى جايىغا چۈشكەن گۈلبادام ئېچىشىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئاسمانغا قارىدى. بايا تىككىدە ئۆرلىگەن ئاي ئەمدىلىكتە قاراقاش دىيارى تامان پەسلەپ كەتكەنىدى. كۈنچىقىش تەرەپتە يورۇقلۇقنىڭ دەسلەپكى ئىمىر ـ چىمىر قىلىپ تۇرغان نۇرى چېچىلىپ، قۇم تاغ چوققىلىرى، قۇم تۇزلەڭلىكىدىكى يەنە قانداقتۇر نەرسىلەرنىڭ ئىزنالىرى قاراڭغۇلۇقتىن گىرىمسەن سۇزۇلۇپ چىقىۋاتاتتى. بۇ تاڭ ئېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. گۈلبادام تەيەممۇم قىلىپ بامدات نامىزىنى ئۆتىۋالغاندىن كېيىن ئاتقا بوغۇز بېرىپ، ئۆزىمۇ ناشتا قىلىۋالدى. ئاندىن ئېتىنى توقۇپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى غانجۇغىلاپ پەستىكى يولغا پىيادە چۈشتى. ئات، ئېشەك، تۆگىلەرنىڭ ماياقلىرى چېچىلىپ ياتقان يول جىمجىت ھالدا، تېخى قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلمىگەن ئۈپۈق ئاسمان گۈمبىزىدە غايىب بولغانىدى.

گۈلبادام «بىسمىللا» دەپ ئېتىنى مىنىپ، كۈنپېتىشقا، دەشتۇقۇملۇققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ئات ئۈستىدە كېتىپ بارغىنى بىلەن كۆڭلى قاپقانى ئوغرىلىغان قارا كۆڭۈل

ئادەمدە ئىدى. ئۇنى قانداق تېپىش، نەدىن ئىزدەش، كىملەردىن سوراش تولىمۇ تەسكە توختايتتى ياكى ئۇ ئادەمنى تونۇمىسا، بىلمىسە، ئەدناسى قارىمۇ، ئاقمۇ، ساقاللىقمۇ، ناكوسىمۇ، ئېگىزمۇ، پاكارمۇ ... بۇ ئىشلار خۇددى قۇمغا تامغان بىر تامچە سۇنى، يەرگە قونغان چاڭنى تاپىمەن دېگەندەكلا مۇشكۇل ئىش ئىدى. بىرەرسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «قاپقىنىمنى سەن ئوغرىلىغانمۇ؟» دەپ سورىغىلى بولامدۇ؟! ئۇنىداقتا ئۇلار: «بۇ مەزلۇم ئەر خاپىلىقىدا ئىلىشىپ قاپتۇ ... »، «تېزەك ئۇستىگە سىيىپ قويۇپ شامال دارىپتۇ ... » دېيىشتىن يانمايدۇ. كىم بىلىدۇ، قاپقان ئوغرىسى ئەتراپىمدا يۈرسە، مەن بىلمەي يۈرەمدىم. مېنى باشقا يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى تاماشا كۆرۈۋاتامدۇ؟ توغرا، «كۆلدەمە» كارۋان سارىيىدا، قاپقان كۆتۈرۈپ كەلگەن يىگىت ھەققىدە سۆزلىگەن شاپاق دوپپىلىق شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە ! ئەگەر ئۇنى ئوغرىلىدى دېگەن تەقدىردە «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»، «كېيەن ئوغرىلىرى»نى ئەيىبلەپ سۆزلەپ يۈرمەس. ئەجەب تەس ئىش بولدىغۇ، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ياق ! خۇدا ئاسايىشلىق يول بېرىدۇ. قىسمەت ئۇنچە چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ھېلىقى ئوغرىنى ئالدىمغا ئەكېلىپ بېرەمدۇ تېخى. ئاھ خۇدا ! كارامىتىڭنى كۆرسەت !

قۇياش تىك كۆتۈرۈلۈپ، چۆل ـ جەزىرىنى ئىللىتتى. «قاشقا يۇلتۇز» سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. قۇم بارخانلىرى، ئېگىز چوقچايغان دۆڭلۈكلەر ئاخىرلىشىپ، ئەمدىلىكتە قۇرت ـ قوڭغۇز، كەسلەنچۈك، پاتمىچۇقلار گۇلدار ئىزلارنى سىلىۋەتكەن ئۆركەش ـ ئۆركەش قۇملۇق ئېدىرلار، پەس غوللار ئايان بولدى. گۇلبادام ئاچالغا دۈچ كېلىپ قېلىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى

سىيرىدى. بۇ قوشماق يول بىر ـ بىرىگە شۇنچە يېقىن تۇرغىنى بىلەن ئېچكىرىلەپ ماڭغانسېرى يىراقلىشىپ كېتەتتى. سول تەرەپتىكىسىنىڭ يول قىرلىرىدا پاكار ـ پاكار شالاڭ يۇلغۇنلار، چاكاندا، يانتاق تىكەنلەر ئۆسكەن بولۇپ، ئوڭدىكىسى گىياھسىز تۇزلەڭلىك ئىدى. گۈلبادام قايسىسىغا مېڭىشىنى بىلمەي تۇراتتى، تۇزلەڭلىك يولنىڭ يىراق بىر يېرىدە قارا كۆرۈم بىر ئاتلىق كۆرۈندى. ئۇ يېقىنلىغانسېرى، ئۇنىڭ قاپقارا تورۇق ئات مىنگەن يىگىت ئىكەنلىكى ئايان بولدى. ئۇ قىزغۇچ داشقال رەڭ كالتە تونى ئۈستىدىن ئۈيغۇر ئەرلىرى توي، مەشرەپ، ھېيت ـ ئايەملەردە باغلايدىغان توق قىزىل، غەلۋىر كۆزلىرىدەك شالاڭ سەيلە باغلىۋالغان بولۇپ، سەيلىنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى چۇچىلىرى شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى. گۈلبادام ئۇنىڭ ئايپاپتا كۆيگەن قارىمۇتۇق چاسا يۈزىگە، قاپقارا توم قاشلىرىغا، ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان قاڭشارلىق بۇرنىغا، ئېغىر نەزەردە باقىدىغان چوڭ كۆزلىرىگە قارىدى ـ يۇ، دەرھال يەرگە قارىۋالدى. قىزنىڭ ھايا بىلەن يۈزىنى قاچۇرغانلىقىنى سېزىپ قالغان يىگىتمۇ سەيلىنىڭ ئۇچىدا تەرلىرىنى سۈرتكەن بولۇپ، تىكىلىپ قارىمىدى. بىر غۇلاچتەك يىراقلىقتا تۇرغان «قاشقا يۇلتۇز» بىلەن قارا تورۇق بىر ـ بىرىگە تونۇشلۇق بىرىۋاتقاندەك بوشقىنە كىشنەپ قويۇپ، يەر چاپچىدى. قىزنىڭ يات بىراۋغا ئېغىز ئاچالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن يىگىت ئاستاغىنە سورىدى:

— سىڭلىم، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتىلىغۇ؟

— مەن قاراقاشقا ماڭغان، بۇ ئاچالغا كەلگەندە قايسى يولغا مېڭىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— مۇشۇ مەن كەلگەن يول بىلەن مېڭىۋەرسىلە، ئەتە

چۈشكىچە قاراقاشنىڭ قارىسىنى ئالدىلا.

— رەھمەت ئاكا، — گۈلبادام تارتىنىپقىنا سورىدى، — يوللاردا تۇنگۇدەك دەڭلەر بارمۇ؟

— تۇنجى قېتىم مېڭىشلىرىكەن ـ دە، — يىگىت سالقىنغىنا كۈلۈپ قويدى، — بۈگۈن «ئاچچىق بۇيا» ئۆتكىدە قونىدىلا.

— كەچكىچە يېتىپ بارغىلى بولامدۇ؟

— ئاتلىرى يارامكەن، بۈگۈن كۈنپاتارغا يېتىپ بارىلا.

— بۇياققا ئالدىراپ مېڭىپلا، — گۈلبادام ھۆرمەت يۈزىسىدىن سوراپ قويدى، — ئۆيلىرىگە كېتىۋاتامدىلا؟

— شۇنداق، «غۇدۇرقۇم» جاڭگاللىقىدا ئۆيۈم بار ... — يىگىتنىڭ ئارتۇق گەپ قىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى، — بالىلارنى كۆرۈپ كېلەي دەپ ماڭدىم.

— ئۇنداقتا ئۆزلىرى نەدە تۇرىدىلا؟

— قاراقاشتا، سودا ئىشى بىلەن.

— خوش ئەمىسە، مالال قىلدىم.

— يوقسۇ.

ئىككى ئات بىر ـ بىرىگە تارتىشقاندەك بولۇپ يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. لېكىن، يىگىت بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ ۋارقىرىدى.

— توختىسىلا خان ئايىم، بىر گەپنى جېكىلەپ قويمىسام بولمىغۇدەك.

— قېنى دېسىلە.

— ئەتە بىر ئاش پىشىم ماڭغاندا، مۇشۇنداق ئاچالغا يولۇقىدىلا، — يىگىت قامچا دەستىسىدە ئاچال يولنى

كۆرسەتتى، — ئوڭ تەرەپكە ماڭسىلا قاراقاش ئاقسارايىي ئارقىلىق تۆنۆن، تايتاق، يۇقاقۇنلارغا بېرىپ قالىدىلا، ئۇ يەرلەر ئىلچىغا تەۋە. شۇڭا، سول تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭسىلا، دارا قاراقاش بازىرىغا يېتىپ بارىدىلا.

— رەھمەت ئاكا ... خۇدايىم سىلىنىڭ تەنلىرىنى ساق، ئىمانلىرىنى پاك قىلغاي.

— ئېيتقانلىرىدەك بولسۇن، ئىلاھىم!

گۈلبادامنىڭ بىردىنلا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، بىلىنەر - بىلىنمەس بىر ئىللىقلىق پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىدى. «ئەجەب پەزىلەتلىك يىگىتكەنا» دېگەن بىر ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يالتىراپ يورۇپ ئۆتتى. بۇنداق ئادەمسىز چۆلدە، بويىغا يەتكەن بىرەر ساھىبجامالنى يالغۇز ئۇچراتقان ھەرقانداق ئەركەك قالايمىقان ھەزىل قىلىپ، نومۇسسىز تەلەپلەرنى قويۇشى بار گەپ. ئەمما بۇ يىگىت ئۇنداق بىزەڭ چىراي، ئېتىقسىزلاردىن ئەمەسكەن.

«خۇدايىمنىڭ بۇنداق دۇرۇس نىيەت، پاك مۇسۇلماننى يولۇقتۇرۇشى ياخشىلىقتىن بېشارەت» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن گۈلبادام قۇملۇق يولدا جىددەللەپ مېڭىپ كەتتى ...

# ئالتىنچى باب

كارنىگ موللىرنىڭ ئىنايەت ئاخۇننى «سېنى تۈرمىگە تاشلاتقۇزماي، ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىۋەتسەمچۇ!» دېيىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» تونىنى كىيىۋېلىپ، ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتكەن بىر سايىقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن قىلغان ھىيلە ـ مىكرى غەرب دۇنياسىدىكى ئالىملارنى تەۋرىتىپ، بىرقانچە يىل ئەخمەق قىلغانىدى. كارنىگ موللىر شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. بۇ نومۇسلۇق جاراھەت ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك ئورناپ كەتتى ...

ئەنگلىيەلىك كارنىگ موللىر ياشلىقىدىنلا بىلىمگە ھېرىسمەن، ئەقىللىك، ئۆتكۈر، تەپەككۇرغا باي يىگىت ئىدى. ئۇ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۈچ يىل، يىڭلۇن مۇزېيىدا يەنە بىرقانچە يىل كلاسسىك ئەسەرلەرنى، شەرق ئارخېئولوگىيەسىنى ۋە شەرق تىلشۇناسلىقىنى ئۆگەندى. ئەمما خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنمىدى. بۇ ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق خەزىنىسىدىكى ئىنتايىن چوڭ بوشلۇق بولۇپ، كېيىنكى ئالەمشۇمۇل ئىشلىرى يولىدا توسالغۇلارغا ئۇچراپ، خېلىلا ئېغىر زىيان تارتتى. شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەن موللىرنى شەرق ئارخېئولوگىيەسى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ ئارخېئولوگىيەگە ئائىت چوڭ ـ چوڭ دەستۇرلارنى كۆرگەنسېرى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىپايان قۇملۇق، قۇملۇق ئاس ـ

تىدىكى قەدىمكى بايلىقلار، ئاسارئەتىقىلەر، زىبۇ - زىننەت، گۆھەرلەر ئايان بولاتتى. مولىلىرغا شان - شۆھرەت، ئالىملىق ئۇنۋان، ھېسابسىز بايلىق كۆز قىسىپ تۇرغان بۇ دەشتۇقۇملۇق — تەكلىماكان ئىدى. شۇڭا، نەلەرگىدۇر باش ئېلىپ سەپەر قىلىش، قانداقتۇر سىرلىق باياۋانلاردا بايلىق ئىزدەش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوي - خىيالى بولۇپ قالدى. بىركۈنى ئۇ يېقىن بۇرادىرى، ھەمسۆھبەت دوستى كىناتون بايسىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى سۆزلەپ ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. چۈنكى، ئۇمۇ ئادۋوكاتلىق كەسپىدىن سەسكىنىپ قالغان بولۇپ، جېدەل - ماجىرا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي دەۋا - دەستۇرلار ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى.

— بۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل بولۇش كېرەك، — دېدى كىناتون سەل ئىككىلىنىپ، — قۇرۇق قول ئېكسپېدىتسىيە قىلغىلى بولماس.

— بۇنىڭ ئامالىنى قىلىپ قويدۇم، — مولىلىرنىڭ ئىشەنچىسى باردەك قىلاتتى، — بىز ئاۋۋال «ئاسارئەتىقىلەرنى قۇتقۇزۇش» سېپىگە قېتىلىپ بايلىق توپلايمىز. كۆزىمىز ئېچىلىپ، تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، مۇستەقىل ھەرىكەت باشلايمىز.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا قېيىنئىنىم ھېنرىنى ئېلىۋالايلى. ئۇمۇ بىكارچىلىقتا زېرىكىپ كەتتى. ئۇ تېخى ئۇستا فوتوگراف مۇتەخەسسىسى.

— مەنمۇ كۈنىست بىللى ئىسىملىك 35 ياشلاردىكى ئۆلچەش، خەرىتىگە ئېلىش ماھىرىدىن بىرنى تېپىپ قويدۇم.

ئۇلار بىر يىراقتا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىغا ئەگىشىپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا جايلاردا زور

مىقداردىكى قەدىمكى بۇيۇم، ئالتۇن ئەسۋاب، گۆھەرلەرنى ئوغرىلاش ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشكەن موللېر، كۋېنست، كىناتون، ھېنرىلار يەنە ئاشۇ «ئاسارئەتىقىلەرنى قۇتقۇزۇش» سېپىگە قېتىلىپ، بىرىنچى قېتىم تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلدى. لېكىن ئۇ دوستى كىناتونغا مەخپىي سىرىنى ئېيتىپ، بىر كېچىسى چېدىردىن غىپپىدە چىقىپ تۆگىسىگە مىنگەنچە قېچىپ كەتتى. موللېر خوتەن دىيارىغا يېتىپ كېلىپ، ئىنايەت ئاخۇننى ئىزدىدى. چۈنكى، ئۇ ئەنگلىيەدە شەرقشۇناسلىق ئارخېئولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۇستازى لاۋرېنس قەشقەردىكى ئەنگلىيە باش كونسۇلى ماكارتېنى ئەۋەتكەن ناتونۇش يېزىقتىكى قول يازما ۋە قېلىن - قېلىن كىتابلارنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن كارنىگ موللېرنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشتى. لاۋرېنسنىڭ دېيىشىچە، ئىنايەت ئاخۇن دېگەن ئادەمنىڭ بۇ قەدىمكى قىممەتلىك كىتابلارنى خوتەننىڭ شىمالىدىكى گۇمىغا يېقىن بىر قۇملۇقتىن قېزىۋېلىپ، قەشقەردىكى چاررۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكى، ئەنگلىيە باش كونسۇلى ماركاتېنىلارغا ساتقانىكەن. لاۋرېنس ۋە شەرقشۇناس ئالىملار بىرقانچە يىل تەتقىق قىلىپ، بۇ قول يازما ھەم كىتابلاردىكى ناتونۇش يېزىقنىڭ قايسى دەۋرگە، قايسى تىل سىستېمىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقالمىدى. ئۇلار بىلەلمىگەنسېرى، شۇنچە تەقەززالىق بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە ئەنجۇمەنلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئالىملار چاك باسقۇدەك ئىلمىي خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. شۇنداقتىمۇ، دوكتور لاۋرېنس يازغان بىرقانچە ئىلمىي ماقالە ۋە

دوكلاتلىرىدا ئىنايەت ئاخۇندىن سىتىۋالغان 45 كىتاب ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ شەرھلەنگەنىدى. ھەتتا دۇنياۋى ئېچىلغان مۇزېي يەرمەنكىلىرىدە لاۋرېنس بۇ كىتابلار شاراپىتىدىن ئالىملار ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەت، شان - شەرەپلەرگە نائىل بولدى. تەكلىپ بىلەن بىرقانچە دۆلەتكە بېرىپ، ئىلمىي ئەھلىگە دوكلات بەردى، قىزغىن سۆھبەتلەر ئۆيۈشتۇردى.

بۇ كۈنلەردە كارنىگ موللېر خۇددى ساغرىسىغا چىقان چىققاندەك ئولتۇرالمايلا قالدى. ئادەمنى ئاسانلا دۇنياغا تونۇتىدىغان بۇنداق گۆھەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىغا ئايلاندى. موللېرنىڭ بۇ قېتىمقى تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىشتىكى مۇددىئالىرىنىڭ بىرى شۇ ئىدى.

كارنىگ موللېر ئىلچىغا قەدەم ئېلىپلا خوتەن ئامبىلى ۋاڭ دوتەينى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنايەت ئاخۇننى بىر ھېزىدىن تاپتى. قارا ھەم ياداڭغۇ، ئېڭەك - يۈزلىرىنى ساقال - بۇرۇت باسقان 45 ~ 46 ياشلاردىكى ئىنايەت ئاخۇن ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، بىر ئاياقتا جىگدە شەربىتى قۇيۇپ بەردى. موللېر قاپاقتا مۇزدەك تۇرغان شەربەتنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچكەچ، ئۆزىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. بېشىنى سىلىپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىنايەت ئاخۇن پوسۇققىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۇ كىتابتىن مەندە ھازىر ئىككىسىلا قالدى. قالغانلىرىنى قەشقەردىكى كونسۇلخانىلارغا سىتىۋەتكەن، — دېدى.

— ئىلىپ چىققان بولسىلا، كۆرۈپ باققان بولسام.

ئىنايەت ئاخۇن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، قىلىن قوتۇرما قەغەزدە مۇقاۋىلانغان ئىككى چوڭ كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقتى. موللىبر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كىتابنى ۋاراقلاپ كۆردى. راست، بۇ دوكتور لاۋرېنسنىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ ئۆزى ئىدى.

— بۇنى ماڭا سېتىپ بېرەملا؟

— باھاسىغا يەتسە، ئەلۋەتتە ساتىمەن.

«بۇ كىتابلار تېپىلغان ئورۇن بەلكىم بىرەر شاھلىقنىڭ كۇتۇپخانىسى بولۇشى مۇمكىن، چوقۇم بۇنىڭدىنمۇ باشقا كىتاب ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چوڭقۇر قۇم ئاستىدا» دەپ ئويلىغان موللىبر ئىككىلەنمەيلا:

— ئەلۋەتتە باھاسىغا يېتىپ ئالىمەن، بىراق، مېنىڭ بىر شەرتىم بار، — دېدى.

— قېنى دېسىلە.

— مۇشۇ كىتابلار تېپىلغان يەرگە مېنى باشلاپ بارسىلا.

ئىنايەت ئاخۇن ئېغىزىنى قاماللاپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇ ئىشنى خوپ كۆرمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. «بۇ زەڭگى ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، ئۆزىلا ئىگىلىمەكچى» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەن موللىبر كېيىنكى ئاقىۋەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، بېسىم ئىشلەتتى:

— سىلىنىڭ بۇنداق زور قۇملۇقنى ئېچىشقا قۇربىلىرى يەتمەيدۇ. ئاجىزلىق قىلىدىلا، مەن بولسام 30 ~ 40 ئەمگەكچى سالىمەن. ئەمما سىلىنى پۇلغا كۆمۈۋېتىمەن. بۇ يۇرت ئاتلاپ كىتاب سېتىپ يۈرگەنلىرىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ. مانا

ھازىرچە بۇنى ئالسىلا.

موللىېر كىچىككىرەك تېرە خالتىدىكى جىرىڭلاپ تۇرغان كۈمۈش تەڭگىنى ئۇزاتتى. ئىككى كىتابنى ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ كۆپ پۇلغا ساتقان ئىنايەت ئاخۇن كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— باشلاپ بارسام باراي، ئەمما بىرنەچچە كۈن رۇخسەت قىلسىلا، مەن ئۆيدىكىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىسام بولماس.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، مەنمۇ تەييارلىق قىلىشىم كېرەك.

موللىېر ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتتى. ئىنايەت ئاخۇننىڭ ئۆيدىكىلىرى: «قەشقەردە بىر تونۇغىنىمىز قازا قىپتىكەن، بىزنىڭ مۇسۇلمان ئۇلۇشكۈن ئۇلاغ بىلەن يولغا چىقتى» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئامالسىز قالغان موللىېر ئىككى كىتابنى خۇرجۇنغا سالدى ـ دە، تۆگىسىگە مىنىپ «ئاسارئەتىقىلەرنى قوغداش» ئەترىتىنى ئىزدەپ يولغا چىقتى. ئۇ كەلگىچە ئەڭ يېقىن يوللارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋالغاچقا، تۆتىنچى كۈنى ئۇلارنى تاپتى. كىناتون بايس، كۆنىست، ھېنرىلار ئۇنى خۇددى ئاخىرەتتىن قايتىپ كەلگەندەك قارشى ئېلىشتى.

كارنىگ موللىېر مەسلىھەتچى دوستى، دانا پىكىرلەر ساھىبى بولغان كىناتونغا «ئاسارئەتىقىلەرنى قوغداش» ئەترىتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشنى ئېيتقاندى، ئۇمۇ دەرھاللا قوللىدى. چۈنكى، باشقىلارنىڭ قولىدىكى نانغا تاما قىلىپ ئۆتۈشمۇ ھار كېلىدىغان ئىش ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە «ھىندىستانغا قايتماقچى ئىدۇق» دېگەچكە، ئاسارئەتىقىلەرنى قوغداش ئەترىتىنىڭ ئاتامانى ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن

ئالتۇن قۇشقاچ بىرىپ رازى قىلدى. ئۇلار ئارىسىدا بىرەر تەجرىبىلىك يول باشلىغۇچى ياكى يەرلىك ئادەملەردىن بولمىغاچقا ئالدىغا ئۇچرىغان خارابىلىك، كونا قەلئە ئىزنالىرى، قۇمدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان تام سىپىللار ئەتراپىنى قىزىپ بۇددا نومىلىرى، ساكيامۇنىنىڭ ئالتۇن يالىتىلغان بۇتى، ساپال قاچىلار، گىلەم پارچىلىرى، مىمارچىلىق نەپىس بۇيۇملىرى، كىچىكرەك كوزىغا تولدۇرۇلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلارنى تېپىپ، ئۇنى 22 ساندۇققا قاچىلاپ، دەندەن ئۆيلۈك خارابىلىككە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار 13 كۈن جاپالىق سەپەر ئازابى تارتقانىغا تۇشلۇق كۆڭۈل خۇش بولغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. «ئاتىبېشى» مەھەللىسىدىن ياللىۋالغان 30 ئادەمنىڭ ئۇزاق تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ مەدىكارلار ئىچىدىكى مىركامىل، مەۋلىد، توختى، پەتقۇللا رىھىم دېگەن يىگىتلەر ئىشلەمچىلەرگە باش بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىگەن بولسىمۇ، بىسى قايرىلىپ كەتكەن كەتمەن، كۈرەكلەر، ئۇلارنىڭ سۇنغان دەستىلىرى، ئۇپرىغان جوتۇلار، ساپال پۇچۇقلىرى، گەج پارچىلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە چىقمىدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدە بىرەر «گۆھەر قازغۇچى» يەرلىكلەردىن بولمىغاچقا، بۇرۇن باشقىلار قايتا ـ قايتا كولاپ، ئەسكى ـ تۇسكىلىرىنى تاشلاپ كەتكەن خارابىلىكلەرنى قازغانلىقىنى بىلىپ، مەدىكارلارنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىشتى. بىركۈنى ئەتىگەنلىكى كارنىگ موللىېر، كىناتونلار چېدىردا خەرىتە كۆرۈپ ئولتۇرۇشى مىركامىل كىرىپ كەلدى.

— موللىېر ئەپەندى، ئىسرائىل ئىسىملىك بىر ئادەم سىزنى

ئىزدەپ كەپتىكەن، — دېدى مىركامىل چېدىرنىڭ سىرتىنى ئىشارە قىلىپ، — چاقىرايمۇ؟

— چاقىر، چاقىر، تېز كىرسۇن، — دېدى مولليېر جىددىي قىياپەتتە، — بىرەر مۇھىم ئىشى بولمىسا، بۇ دەشتۇقۇملۇقتا مېنى ئاتايىتەن ئىزدەپ كېلەمدۇ؟

دۇپدۇگىلەك بودەك ساقىلى ئاپپاق يۇزىگە ياراشقان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا قاپقارا مېڭى بار، ئۇزۇن قارا تون كىيگەن، 50 ياشلاردىكى ئىسرائىل ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلدى. مولليېر ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

— مېنى بىرەر ۋەجدىن ئىزدىگەنمىدىڭىز؟ — دېدى مولليېر سىپايىلىك بىلەن، — قېنى تارتىنماي سۆزلەڭ.

— مېنىڭ ئوغلۇم «گۆھەر قازغۇچىلار»غا قېتىلىپ كەتكەن. مەن بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي، بىر تۆگىگە يېمەك - ئىچمەك ئارتىپ، يەنە بىر تۆگىگە ئۆزۈم مىنىپ يولغا چىققانىدىم. لېكىن كۇتۇلمىگەندە تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمالىدا ئادەم ئاياغ باسمىغان بىر سىرلىق خارابىلىكنى ئۇچرىتىپ قالدىم ... ئۇ يەردىن كېچىكى تۇندە غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.

— سىز ئۇ يەردىن بۇ يەرگە نەچچە كۈندە كەلدىڭىز؟ — سورىدى مولليېر ئارىلىقتىكى مۇساپىنى بىلمەكچى بولۇپ.

— سىلەرنى تاپالماي بىھۇدە يول مېڭىپتىمەن، شۇنداقتىمۇ ئالتە كۈندە كەلدىم.

— ئەجەب بۇ ئىشنى خەۋەر قىلغۇڭىز كېلىپ قاپتۇغۇ؟

— مېنىڭ ئۇچ خوتۇندىن 13 بالام بار. ماڭىمۇ تۇرمۇش

كېرەك ــ تە. سىلەرنى كۆپ ھەق بېرىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

ــ بولىدۇ، سىز باشلاپ بارىدىغان ئۇ سىرلىق خارابىلىك بىزنى خۇشال قىلالىسا، مۇكاپاتتىن ئەنسىرىمەڭ.

ئىسرائىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن موللېر، كىناتون، ھېنرى، مىركامىل، مەۋلىد، توختى، پەتقۇللا قاتارلىقلار تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى سىرلىق خارابىلىككە يۈرۈش قىلدى. لېكىن دەشتۇقۇملۇقتا قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ، تۆتىنچى كۈنى نەرسە ــ كېرەككىلەر ئارتىلغان ئۈچ تۆگە قايتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن كۆيۈنىست تەرەپ ــ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ سەككىزىنچى كۈنى موللېر، كىناتون، ھېنرى، پەتقۇللانى ھالىدىن كەتكەن ھالدا بىر قۇم داۋىنىدىن تاپتى. لېكىن ئۇلار بىلەن بىللە كەتكەن مىركامىل، مەۋلىد، توختىلار يوق ئىدى! ... كۆيۈنىست سۈرۈشتە قىلىۋىدى، موللېر:

ــ قارا بوراندا كىمنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى كىم بىلسۇن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان موللېر دەندەن ئۆيلۈكنى قايتا قېزىشتىن ۋاز كەچتى. ئۇ ياللىۋالغان ئىشلەمچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، پەقەت پەتقۇللانىلا ئېلىپ قالدى. موللېر قۇملۇق يوللارنى، تاغ ئېغىزلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئىككى ھىندىگە كۆپ ھەق بېرىپ، ئۇلارنى يول باشلىغۇچى قىلدى ــ دە، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ مەقسىتى قەشقەر ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا بېرىپ، مىڭئۆي تاشكېمىرلىرىنى قېزىش ئىدى. ئۇ، ياش، بالا شەھەر چەرچەنگە كەلگەندە، يەرلىك ئەمەلدارلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، دېھقانلارنى مەجبۇرىي ئاشلىق ساتقۇزۇپ ئالتە ئايلىق ئوزۇق ھازىرلىدى. توپلىغان بايلىقلىرىنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ،

ئايمۇئاي قەشقەر ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا يۆتكەش شەرت قىلىنىپ، ئىشەنچلىك ئادەملەرگە تاپشۇرۇلدى. ئاندىن ئىككى ھىندى يول باشلىغۇچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن «ھونسا»غا قاراپ يولغا چىقتى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بەش ئايدەك يول يۈرۈپ، ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن 5000 مېتىرغىچە بولغان 15 تاغ ئېغىزىدىن، داۋاندىن بىخەتەر ئۆتۈپ قەشقەر يولىغا چىقىۋالدى.

كارنىگ موللېر قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قېچىپ كەتكەن ئىنايەت ئاخۇننى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. ئاخىر ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا دۇنخۇاڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ساندۇقىدىكى ئىنايەت ئاخۇندىن سېتىۋالغان ئىككى كىتاب قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى جىنچىراغدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

بىز موللېرنىڭ دۇنخۇاڭدىكى مىسلىسىز بۇلاڭ - تالاڭ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىنى، بۇ ھەقتە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئېچىنىش، غەزەپ بىلەن نېمە دېگەنلىكلىرىنى كېيىنكى بابلاردىكى موللېر ھەم كىناتونلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن بىلىۋالايلى. موللېر دۇنخۇاڭ بۇتخانىسىنىڭ شەيخى ۋاڭ يۈەنلۇنى: «بۇتخاناڭنى قايتىدىن ياساپ بېرىمەن» دەپ ئالداپ، يوشۇرۇن ۋە قەتئىي مەخپىي ساقلانغان نەچچە مىڭ يىللىق كىتاب ئامبىرىنى پاك - پاكىز قۇرۇقداپ، بىرىنچى قېتىمدا 45 ساندۇق، ئىككىنچى قېتىمدا 128 ساندۇق قىممەتلىك بۇيۇملار، ئاسارئەتىقىلەر، قەدىمكى يادىكارلىقلار، تام سۈرەتلىرى، ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر، بۇددا نوملىرى، تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقىرى بولغان كىتابلارنى ئوغرىلاپ قاچتى. ئۇ ھىندىستانغا قايتىش ھارپىسىدا پەتقۇللا رېھىمنى ئۆلتۈرۈش

ئۇچۇن بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي ھىندىستان سەپىرىگە ئاتلاندى.

ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستان ھۆكۈمىتى كونا دوستى كارنىگ موللېرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. 1888 ـ يىلى روھى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان 26 ياشلىق موللېر لاھۇردا مائارىپ خىزمىتىنى ئۆتىگەن بولۇپ، كېيىن بېنگالدا ھوقۇق تۇتقانىدى. ئۇ شۇ چاغلاردىلا «ئۆچمەس سەنئەت بۇيۇملىرى»نى يىغىپ ساقلايدىغان مۇزېي باشلىقى رودىيارد كىپلىڭدىن بۇددىزم سەنئىتى ۋە ھىندى ھەيكەللىرىنى سىزىش ئۇسۇللىرىنى ھەم شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشنى داۋام قىلغانىدى. شۇڭا ھىندىستان ھۆكۈمىتى موللېر، كىتاب، كۆنسىت، ھېنرىلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇردى. كىتاب، كۆنسىت، ھېنرىلار يەپ ـ ئىچىپ، ئەڭ مەنزىرىلىك جايلاردا كۆڭۈل ئېچىپ پوخادىن چىقتى. موللېر ئىنايەت ئاخۇندىن سېتىۋالغان ناتونۇش يېزىقتىكى ئىككى كىتابنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ تەتقىق قىلغانسېرى بۇ كىتابلاردىن گۇمانلىنىپ قالدى. تېخى ئىنايەت ئاخۇننىڭ قېچىپ كېتىشى ئۇنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. كىتابتىكى يېزىقلارنىڭ بەزىلىرى بىراخما يېزىقىغا، بەزىلىرى قارۇشتى يېزىقىغا يېقىن كېلەتتى. تېخى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سانسكرىت يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە شەكىللەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. موللېرنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى، يېزىقلار ئارا رۇس يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرپلەرمۇ بار ئىدى. قىسقىسى، بۇ ناتونۇش يېزىق ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان شەكىللەر بىلەن تولغان بولۇپ، كىتابنى ۋاراقلىغانسېرى كۆزگە ئىمىر ـ چىمىر

نەرسىلەر كۆرۈنەتتى. موللېرنى گۇمانلاندۇرغىنى كىتابنىڭ تۇپلىنىشى ئىدى. مىڭ يىللار ئىلگىرىكى بۇ كىتابنىڭ تۇپلىنىشى ھازىرقى زامان زاۋۇتلىرىنىڭ كىتاب تۇپلىنىشىگە ئوخشاپ كېتەتتى. تېخى بەزى ۋاراقلار ئوتتا كۆيگەندەك سارغىيىپ، قورۇلۇپ قالغانىدى.

موللېر بىردىنلا ئاچچىققىنە كۈلدى. ئەگەر بۇ كىتابلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېنىقلاپ چىقالىسا، بۇ ئارخېئولوگىيە ساھەسىگە قوشقان چوڭ تۆھپىسى بولاتتى. شۇنداقلا، دوستى ماكارتېنى، رۇسىيەلىك پېتروۋسكى، ئۇستازى لاۋرېنس ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىر تېپىمگە ئەرزىمەيدىغان بىر دۆۋە ئەخلەتلەر ئۈستىدە ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولدى. چۈنكى، ئىنايەت ئاخۇن جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ قانۇنىي جازاسىغا ئۇچرىسا، ئالدانغان، رەسۋا بولغان ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا بىردىنلا نام چىقىراتتى.

— ئاتلىنىش كېرەك، — موللېر ئىچىدىن پارتلاپ كەلگەن خۇشاللىق ئىلكىدە ئالىقانلىرىنى ئىشقىلىدى، — بۇ قېتىم ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوقمىسام زادى پۇخادىن چىقمايمەن.

ئۇخلىسىمۇ سەپەر قىلىش، قەدىمكى قىممەتلىك بايلىقلارنى قېزىشنى چۈشەيدىغان موللېر ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ھەم ئىنايەت ئاخۇننىڭ ئەدىپىنى بېرىشتىن ئىبارەت قارا نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر پارچە ئىلتىماس سۇندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق سەھىپىلەر بىلەن شەرھلەنگەنىدى:

«ھەممىگە ئايان بولغان تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ھازىرقى خوتەننىڭ تەۋەسى قەدىمكى بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بوپتىكەن. ناھايىتى روشەنكى، بۇ خىل مەدەنىيەت ھىندىستاندىن كەلگەن ھەمدە ھىندىستانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ... ئۇ يەردىكى گۆھەر ئوۋلىغۇچىلار ئويناشقاندەك ئىزدەش جەريانىدا شۇنچىۋالا كۆپ بايلىقلارنى تېپىپ چىقتى. ئۇنداقتا، ئەگەر بىرەر ياۋروپالىق ئارخېئولوگ يېپەك يولىدا سىستېمىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغانلا بولسا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چوقۇم تېپىپ چىقالايدۇ ... »

موللېرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پىلانى دوكتور لاۋرېنسنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ، كالكۇتتانىڭ ھوقۇقدارلار كوللېگىيەسى ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب ئىدى. لاۋرېنس بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىكنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەنگلىيەدىن بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭدا:

«جۇڭگو تۈركىستانى① نىڭ جەنۇبىي قىسمى ئەنگلىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەئەللۇق. بىز ئەسلىدە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان شان ـ شەرەپكە باشقىلارنىڭ ئىگە بولۇۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز ... » دېگەندەك تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە مەزمۇنلار يېزىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا موللېر ھىندىستاندا ئەڭ ھوقۇقلۇق گوبېرناتورنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ، ئۇ ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرىش پاسپورتى ھەل قىلىپ بەردى ھەم جۇڭگو دائىرىلىرىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ھەققىدە ئۇلتىماتوم ئەۋەتتى.

① شىنجاڭنى دېمەكچى. بۇ، خاتا ئۇقۇم.

ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشكەن موللېر سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان پەيتتە، روسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئەترەتلىرىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئۇلاردىن بالدۇر تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىشكە بەل باغلىدى.

مىلادىيە 1904 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىۋېتسىيەلىك ستىرىچ ۋېرنېر قەدىمكى شەھەر كىرورواندىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ مەملىكىتىگە قاراپ جەنۇبقا كېتىۋاتقاندا، 41 ياشلىق كارنىگ موللېر كىروران جايلاشقان تەكلىماكاننىڭ يەنە بىر چېتىدىن شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارىغا ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشنى باشلىدى.

كەشمىر ۋە قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ قەدىمكى شەھەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن موللېر ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. باش كونسۇل ماكارتېنى موللېرغا تەييارلانغان ئازادە تۇرالغۇدا ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ دوستلۇقىنى ئىزھار قىلدى. ئۈستەللەردە ئېسىل ياۋروپاچە يېمەك ـ ئىچمەك، قەشقەرنىڭ شېرىن ـ شەربەت مېۋىلىرى، ھېقىقەتتەك پارقىراپ تۇرغان بوكاللاردا قىپقىزىل ۋىنو، ئانار شەربەتلىرى تىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەززىلىك ھىدى ھەيۋەتلىك سارايىنى ئىللىق پۇراقلارغا تولدۇرغانىدى.

موللېر ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماكارتېنى بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندىن باشلاپلا ئىنتايىن چىقىشىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئاخىرغىچە داۋام قىلدى. مولليېر بىلەن ماكارتېنى ئوقۇش پۈتكۈزگەندە، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئۇلارنى ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستانغا ئەۋەتتى. ئىككىسى ھىندىستاندا دائىم بىر ـ بىرىنى ئىزدىشەتتى، ھەمسۆھبەتلەردە بولاتتى. كېيىن بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرقتە رۇسىيە بىلەن بولغان كېڭەيمىچىلىك رىقابىتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ماكارتېنىنى جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارىدىكى ئاسىيانىڭ مەركىزى قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدى. شۇڭا، قەدىناس دوستى كارنىگ مولليېرنىڭ چىنىباغدا پەيدا بولۇشى، ماكارتېنىنى ئېيتقۇسىز خۇشال قىلىۋەتتى.

— قېنى بۇرادەر، — دېدى ماكارتېنى ئېگىلىپ تۇرۇپ، — ئازغىنە غىزا تەييارلىدىم، بىلمىدىم ئاغزىڭىزغا تېتامدىكى؟

— نېمىشقا تېتىمىغۇدەك، ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ تائاملىرى تۇرسا، — مولليېرمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — بىراق دوستۇم، بۇ ھەشەمەتلىك داستىخىنىڭدىن كۆرە، ماڭا تەكلىماكاندىكى يەر ئاستى مەدەنىي مىراسلار ئورنىنىڭ بىر پارچە خەرىتىسىنى تېپىپ بەرسەڭلا كۇپايە ئىدى.

— يارايسەن ! سەندە باتۇرلارنىڭ خىسلىتى، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ جاسارىتى بار. ئەمما قورساقنى توقلىماي تۇرۇپ «ھالاكەت دېڭىزى»غا قانداق قەدەم باسقىلى بولىدۇ؟ ئاۋۋال بۇ قورۇمىلارغا ئېغىز تەگ، ئاغزىڭغا چوقۇم تېتىيدۇ.

ماكارتېنى چوڭ قورۇما قاچىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. مولليېر ھەيران بولغان ھالدا قاچىدا قورۇما ئەمەس، بەلكى قاتلاقلىق خەرىتە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە،

خەرىتىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى بىر تەڭنە سۇتنى كۆرگەن مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك چەكچىيىپ كەتتى.

— رازى بولغانسەن؟ — ماكارتېنى موللېرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — مانا بۇ سترېچ ۋېرنىر تەكلىماكان قۇملۇقىدا ماڭغان يول ۋە ئۇ بايقىغان قەدىمىي خارابىلىكلەر ئورنىنىڭ خەرىتىسى، يەنە تېخى ئۇ بايقىمىغان، ئەمما بىز بىلىدىغان خارابىلىكلەر ئورنىنىڭ بەلگىلىرىمۇ سىزىلغان.

— بەك ياخشى بولدى ! — موللېر دەرھاللا بۇكالنى قولىغا ئالدى، — بىز بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيەسى ھەم ئۇنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز شۆھرەت قازىنىشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى !

باياتىن بېرى نەپسى تاقىلداپ، ھاراققا ئىشتىھا ساقلاپ ئولتۇرغان كىناتون بايس، كۋىنست ۋە ھېنرىلار قەدەھلىرىنى ئۇرۇشتۇرمايلا گالغا تۆكتى. بۇنىڭدىن سەل ئوڭايسىزلانغان موللېر ئۇلارغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. بۇنى سېزىپ قالغان ماكارتېنى، بۇكاللارغا ھاراق قۇيغان بولۇپ چاندۇرمىدى. ئەمما موللېر خۇددى پوقنى ئوسۇرۇقتا باسقاندەك گەپكە تۇتۇندى:

— خوتەن قەدىمكى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى. ئەمما بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى شۈبھىسىزكى، ئىككىنچى ۋەتىنىمىز ھىندىستاندا، — موللېر چىرايلىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى، — يەرلىك كىشىلەر ۋە شەرقشۇناسلىقتىن خەۋىرى يوق سترېچ ۋېرنىر تەكلىماكان قۇملۇقىدىن شۇنچە كۆپ قول يازمىلار ۋە باشقا قەدىمكى بۇيۇملارنى تاپقان يەردە، مەندەك شەرقشۇناسنىڭ ئالەمشۇمول بايلىقلارغا ئېرىشىشىمگە قىل سىغمايدۇ.

— مەن بۇنىڭغا يۈزدەيۈز ئىشىنىمەن، — ماكارتېنى

قەدەھىنى كۆتۈردى، ــ قېنى سېنىڭ غەلىبىلىرىڭ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى !

ــ رەھمەت دوستۇم، سېنىڭ مېنى قوللايدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىم.

ــ دەسلەپتە قەيەرنى ئىرادە قىلدىڭ ؟

ــ خوتەن !

ــ شۇنداق، خوتەنگە بېرىش كېرەك.

ئاخىرقى كوزىرنى كۆرسەتمەكچى بولغان ماكارتېنى ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشى، تاشقىرىقى ئۆيدە تاماق يەۋاتقان ئىنايەت ئاخۇن كىرىپ كەلدى. تولىمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان موللېرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، «ئىنايەت ئاخۇن» دەپ سالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن ئاچچىقى يامان كىناتون ئورنىدىن دەس تۇرۇشى، موللېر ئۇنىڭغا «ئۆزۈڭنى باس» دېگەندەك ئىشارەت قىلىۋەتتى. ئۆزىمۇ قىلچە چاندۇرماي ئىنايەت ئاخۇن بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملاشتى ۋە ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

ــ سىلەر تونۇشىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ ــ سورىدى ماكارتېنى.

ــ شۇنداق، ــ موللېر غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، ــ مەن ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىمدە ئىنايەت ئاخۇن ماڭا ناھايىتى قىممەتلىك كىتابتىن ئىككىنى سېتىپ بەرگەنىدى.

ــ بەك ياخشى بولدى، ستىرىچ ۋېرنىر ئەڭ بۇرۇن خوتەندىكى خۇرانۇك شەھەر خارابىسىنى تاپقان. ئىنايەت ئاخۇن ئۇ يەرلەرنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدۇ. ئۇ يول باشلىسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭدا گەپ يوق.

بىراق، ماكارتېنى موللىپرنىڭ خوتەنگە بېرىشىدا يەنە بىر مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. بۇ بىر مەخپىيەتلىك بولۇپ، موللىپر بىلەن كىناتونلا بىلەتتى. ماكارتېنى ئەتىسى سەھەردە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئاغزىدىكى كۆمىلاچ خېمىرنى چايناپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر بارغانسېرى قەشقەردىن ئۇزاقلاپ، بىرنەچچە كۈنگە قالماي چۆل - جەزىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار خوتەن دىيارىغا يېقىنلاشقانسېرى پايانسىز قۇم - باياۋان، قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنلىرى، ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ كەتكەن ئۆيلەر، قۇم - توزانلار ئۇچۇپ تۇرغان يوللار ... بۇ يەرلەرنى قۇم - باياۋاندىكى بوستانلىق دېگەندىن كۆرە، قۇم - بورانلار يۇتۇپ كەتكەن بوستانلىقنىڭ بىر پارچىسى دېگەن تۈزۈك ئىدى. موللىپر خوتەندىكى ئاشۇنداق قاقاسلىقنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا كېرەكلىك بايلىقلار مانا مۇشۇنداق قاقاسلىقنىڭ ئاستىدىنلا تېپىلاتتى①.

ئىنايەت ئاخۇن موللىپرنىڭ نەزىرىدە گۇمانلىق ئادەم بولغاچقا، كىناتون، كۆنىست، ھېنرىلارغا ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇشنى تاپىلىدى. ئەگەر ئۇ قېچىپ كەتسە مۇھىم پىلاندىن بىرى سۇغا چىلىشاتتى. شۇڭا ئۇلار خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كىناتون، كۆنىست، ھېنرىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر قەدەم نېرى بولمىدى. بۇنى سېزىپ قالغان ئىنايەت ئاخۇنمۇ ئۆزىنى ناتونۇش يېزىدىكى كىتابلار چىققان يەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى پەملىدى. «قېنى ئاپارسا ئاپارمامدۇ، بۇنداق

① تاڭ دۇڭنىڭ: «كۆز يېشى قۇرۇغان يىپەك يولى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدىكى تارىخىي پاكىتلار ئاساس قىلىنغان ئابزاسلار بويىچە بەدىئىيلەشتۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈلدى.

ئەجىنەبىيلەرگە تېتىمىغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بەرمەي ... »
دېگەن ئوي ئىنايەت ئاخۇننىڭ جەھلىنى قاتۇردى.

خوتەننىڭ دوتىيى ۋاڭ ئامبال جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ، موللېرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە ئۇنىڭغا ئەڭ زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، ھەربىكىتىگە چەك قويماسلىق توغرىسىدىكى ئالاقىنى تاپشۇرۇۋالغاچقا، موللېر خوتەنگە كېلىشىگىلا ئەلچىلەردەك مۇئامىلىگە نائىل بولدى. ئەمما ئۇ چاي ـ زىياپەت، ئويۇن ـ تاماشىلارنى رەت قىلىپ ئادەتتىكىدەك غىزالاندى. قەبرى ـ چۇرىلەر ۋە يەرلىك مەنسەپدارلارنى چاقىرىپ «ناتونۇش يېزىق»تىكى كىتابلارنى سۈرۈشتۇردى. لېكىن ئۇلار: «خارابىلىكلەر تولا، ئەمما بىز ناتونۇش يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

كارنىگ موللېر ئۆلچەش خادىمى كۆپىنىست، فوتوگراف ھېنرى، ياللانغان مەدىكار ھېلىم تۇردى، مەسلىھەتچى ھەم دوستى كىناتون، خوتەن ئامبىلى قېتىپ بەرگەن ئاشپەزى قادىر ئاخۇن، يول باشلىغۇچى ئىنايەت ئاخۇن، ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەڭ كىچىك ئەزاسى «كەررۇ» ئىسىملىك پىستە ئىتنى ئېلىپ تاڭ يورۇماستا يولغا چىقتى. ئۇلار خوتەننىڭ شىمالىدىكى قۇملۇققا قاراپ يول ئېلىشتى. تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرغان موللېر نېمىنىدۇر بىلمەكچى بولغاندەك ئىنايەت ئاخۇنغا كۆز قىرىدا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. لېكىن ئىنايەت ئاخۇندا ھېچقانداق غەيرىي ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. ئۇ پاكار ئاتتا ئۇخلاپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. قۇم دېڭىزى يىراق جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگەرسىمان بارخانلىرى دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھە دېسىلا پاكار ئاتلارنىڭ

تۇياقلىرى يۇمشاق قۇملارغا پېتىپ قېلىپ، تەستە قەدەم ئالاتتى. موللىبىر ئىنايەت ئاخۇننىڭ يول باشلىشى بىلەن «ناتونۇش يېزىق»تىكى كىتابلار چىققان قۇملۇققا كېتىپ باراتتى.

گۇما قۇملۇقى گۇما بازىرىدىن خېلى يىراق ئىدى. موللىبىر تۆگىدىن چۈشۈپ، ناھايىتى تەستە چوڭ بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ئىنايەت ئاخۇن ئۇنىڭغا «كەلدۇق» دېدى.

— مۇشۇ يەر شۇمۇ؟

— ھەئە، بۇ يەرنى «قاراكۆل مازار» دەپ ئاتىشىدۇ. قاراڭ، — ئىنايەت ئاخۇن پەس تۈزلەڭلىكنى كۆرسەتتى، — ئەسلىدە قەبرىستانلىق ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ.

مولىبىر بۇ يەرنىڭ قەبرىستانلىققا ئوخشايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. قۇرۇق شور ئۆرلەپ تۇرغان كۆلچەكنىڭ بويىدا كىچىك قۇم دۆڭلۈكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە تال خادا ئورنىتىلىپ، خادىغا ھەر خىل تۇغ - ئەلەملەر چىگىلگەنىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلۇغلارنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇپراق بېشى يوق؟ — مولىبىر سىنچى كۆزلىرىنى تىكتى.

— بوران ئۇچۇرتۇپ كەتكەن، ھەممىسى يەر ئاستىدا.

— سەن بۇ يەردىن، — ئىنايەت ئاخۇننى سىلى - ئۆزلىرى دەپ كەلگەن مولىبىر بىردىنلا ئۇنى سەنلەشكە باشلىدى، — نېمىلەرنى بايقىغان؟

— بايقىغان نەرسىلەر كۆپ، قەدىمكى پۇللار، تارىشا پۈتۈك، ساپال قاچىلار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن تارتىپ ھەممىسى بار.

ئىنايەت ئاخۇن كىتابىنىڭ گېپىنى تىلغا ئالمىدى. بۇنىڭدىن موللىيرنىڭ غەزىپى تاشتى.

— كىتابچۇ؟

— ئەنە ئاۋۇ يەردىن كولىۋالغان. بىراق شامال ھەممىنى تىندۇرۇۋېتىپتۇ.

موللىير، ھېلىم تۇردى، قادىر ئاخۇن ۋە ھېنرىلارنى گۇما بازىرىغا ئەۋەتىپ ئون نەچچە ئىشلەمچى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. قالغانلار بىر ياللىقتا چېدىرلارنى تىكىپ، تۆمۈر تۇلۇككە ئورنىتىلغان رو كورىلىرىغا قۇرۇتۇلغان چۆپلەرنى سالدى. ئاندىن ئاپپاق چۆپ ئۇستىگىلا كونسىرۋا قۇتىلىرىدىكى بېلىق، توخۇ، كالا گۆشى قورۇمىلىرىنى سېلىپ يېدى. ئارقىدىن چاي قاينىتىپ ئىچىشتى. ئاخشىچە گۇما بازىرىغا كەتكەنلەر دېھقان ئىشلەمچىلەردىن سەككىز ئادەمنى ئەكەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇلدۇر كىيىم، چىرايى تاتىراڭغۇ ئادەملەر بولۇپ، پەقەت بىرنەچچىسىلا يىگەن ـ ئىچكەندەك بەردەم يىگىتلەردىن ئىدى. ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆڭلۈك ئىش ھەققى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۇلار خۇرجۇنلىرىدىكى قاتتىق زاغىرىلىرىنى غاجىلاپ، قۇم يانباغىرلىرىدا يىرتىق يەكتەكلىرىگە پۈركىنىپ يېتىپ قالدى. چۈنكى ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئەتىسى سەھەر تاڭ يورۇماستىنلا ئىشلەمچىلەر موللىير كۆرسەتكەن يەرلەرنى كولاشقا باشلىدى. ئۇلار چۈشكىچە تىنماي ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئىنايەت ئاخۇن كۆرسەتكەن يەردىن ھېچنېمىنى، ھەتتا ئادەم سۆڭىكىنىمۇ تاپالمىدى. غەزەپلەنگەن موللىير ئىنايەت ئاخۇنغا ھومىيىپ قارىغانىدى، ئۇ پەرۋايى پەلەك

ھالدا:

— بۇ دېگەن تەلەي. بەزى نەرسىلەرگە ھەممىلا ئادەم ئېرىشئەرمەيدۇ، — دېدى.

— سەن ئالدىمىزغا يەنە ئۈچ چاقىرىم ماڭساق، «قاراتال» دېگەن بوستانلىقتا خارابىلىك بار دېگەنىدىڭ، شۇ يەرگە بارساق قانداق؟

— ماقۇل ئەمىسە.

ئىنايەت ئاخۇن موللېر، كىناتون، كىۋىنستىلارنى باشلاپ، قۇمدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ خارابىسىگە باشلاپ كېلىپ، بۇ يەردىن بەزىلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلارنى قېزىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن موللېر ئىنچىكە زەن سېلىپ بۇ خارابىلىك تارىخىنىڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ 200 يىلدىن ئاشمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. بىراق ناتونۇش يېزىقتىكى قول يازمىلار ۋە كىتابلار ئاز دېگەندىمۇ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىشلەمچىلەر بۇيرۇقتا ئاساسەن بىرقانچە يەرنى كولاپ، خارابىلىك ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، قەدىمكى قول يازمىلار تۇرماق بىرەر تال ساپال پارچىسىمۇ چىقمىدى. موللېر غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا ئىشلەمچىلەرنى چېدىر تىكىپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى يەرلىكلەردىن ئەھۋال ئۇقۇشۇش ئۈچۈن ماڭدى. دېھقانلارمۇ بۇ خارابىلەرنىڭ قەدىم - ئايەمدىن تارتىپ بارلىقى، لېكىن ھېچكىمنىڭ كىتاب قېزىۋالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىشلار خېلىلا ئايدىڭلاشتى، موللېر قانداقتۇر «ناتونۇش يېزىق» پۈتۈلگەن كىتابنى بايقىغان ئىنايەت ئاخۇننىڭ بىر ئالدامچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئىككى قېتىملىق قىدىرىشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان

كارنىگ موللېر باشقىچە يول تۇتتى. ئۇ خوتەندە «بايلىق ئىزدىگۈچى قېرىنداشلار جەمئىيىتى»نىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلار ئاسارئەتىقە سودىسى ۋە ساختا قول يازمىلار سودىسىنى تىزگىنلىگەن گۇرۇھ بولۇپ، موللېر ئۇلارنى يوقىرى باھادا سېتىۋالدى ھەم بۇلارنىڭ ئىچىدىن كىچىك بىر چارلاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۇلارنى خوتەن ئەتراپىدىن بايلىق ۋە خارابە ئىزدەشكە سېلىپ، ئۆزى بىر فوتوگراف بىلەن خوتەننىڭ خەرىتىدىكى توغرا ئورنىنى ئۆلچەش ئۈچۈن قاراقۇرۇم تېغىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردىكى ئىشلار بىر قۇر سەرەمجان تاپقاندىن كېيىن خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ تەشكىللىگەن چارلاش ئەترىتى مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە تاپقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. بىراق ئۇلار ئارىسىدا ئىنايەت ئاخۇن كۆرۈنمەيتتى. موللېر ئۇنى سۈرۈشتۈرگەندى. باشقىلار ئۇنىڭ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا يوقاپ كەتكەنلىكى، ئۆيىگە ئىزدەپ بارسا بالىلىرىنى ئېلىپ نەگىدۇر قاچقانلىقى، ئەمما ئۆيىدە بىر قەدىمكى قول يازمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ قول يازما قېنى؟ — ئالدىراپ سورىدى موللېر.

— مەن ئەكېلىپ كىناتون ئەپەندىگە بەردىم، — دېدى ھېلىم تۇردى، — ئەسلىي ئۇنى ئاشپەز قادىر ئاخۇن ئۇچرىتىپتىكەن.

— سىلەر ئىككىڭلارنى ئەترىتىمگە ئېلىپ قېلىپ بەك ئاقىلانە ئىش قىپتىكەنمەن. سىلەر ماڭا كۆپ سادىقلىق كۆرسەتتىڭلار، قانچىلىك مۇكاپات بەرسەم ئەرزىيدۇ.

موللېر شۇ كۈنى كېچىدە قول يازمىغا بىر قاراپلا، بۇ

«ناتونۇش يېزىق» تا پۈتۈلگەن كىتابنىڭ قەغىزى ۋە يېزىق شەكلىنىڭ ئىنايەت ئاخۇن سېتىپ بەرگەن قەدىمكى كىتابقا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ بارمىقىنى ھۆللەپ كىتابتىكى خەتلەرگە تەگكۈزگەنىدى، ئۇلار شۇ ھامان تېزلا سۇۋۇشۇپ ئۆچۈپ كەتتى.

— ھۇ ئالدامچى كاززاپ، خەپ توختاپ تۇر، ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام، — مولليېرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى.

ئوت شارىدەك كۆتۈرۈلگەن قۇياش خوتەننى قىپقىزىل شايى ـ ئەتلەسلەرگە پۈركىدى. يىراقتىكى كەنت، يېزىلار بەجايىكى يامغۇر بۇلۇتلىرىدەك يېيىلىپ ياتاتتى. ئەتىگەنكى بۇ ھادىس گۈزەل مەنزىرە كارنىگ مولليېرنى قىزىقتۇرالمىدى. كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش بۇ باش قاتۇرىدىغان دەردىسەر ئىدى. ئىنايەت ئاخۇن قېچىپ كەتتى، قول يازمىنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئېنىقلانمىدى. ئېكسپېدىتسىيە چارلاش ئەترىتى نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئانچە قىممىتى يوق پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر ئىدى. ئۇنىڭغا كېرىكى بىر پۈتۈن شەھەر خارابىسى، توپ ـ توپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، باشقىلاردا يوق ئاسارئەتىقىلەر. قىسقىسى، بىردىنلا كۆزگە كۆرۈنىدىغان شان ـ شۆھرەت مەنبەسى ئىدى!

مولليېر ماكارتېنى سوۋغا قىلغان خەرىتىنى ئېچىپ ئەمدىلا كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇشى، سىرتتا بىركىمنىڭ «رۇخسەتمىكىن» دېگەن ئىلتىجاسى ئاڭلاندى. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن چېدىر ياپقۇچىنى قايرىپ ھېلىم تۇردى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خۇش خەۋەرنى سەزگەن مولليېر ئۇنى ئولتۇرۇشقا

تەكلىپ قىلدى.

— خوتەننىڭ «تېتى» يېزىسىدا توختىقۇل ئىسىملىك بىر كىشى بارئىكەن، — دېدى ھېلىم تۇردى تەمكىن ھالدا، — ئۇ ناھايىتى كۆپ ئاسارئەتىقىلەرنى بايقىغان ھەم تەكلىماكاننى پىششىق بىلىدىغان ئادەمكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ بايلىق ئىزدىگۈچى بولۇپ، تەكلىماكاندا 30 يىل قېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، دەرھال ئۇنى تاپايلى، — موللېر قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى، — ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، بۇلتۇر بىر ئاغىنەم باشلاپ بارغان، بىراق بۇ كىشىنىڭ مىجەزىنى غەلىتە دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ھېلىم تۇردى ماڭلىيىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — تەنھا ھەرىكەت قىلىپ، ھېچكىم بىلەن ھەمكارلاشمايدىكەن. دائىم قەدىمكى بۇيۇملار سودىگەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا ئۆيىدىن تاپماق تەس ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئېكسپېدىتسىيەچى ستىرىچ ۋېرنىر بۇ كىشىنى تاپالماپتىكەن.

— ھەي ھېلىم، پۇل ھەممىنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، مومدەك يۇمشىتىۋېتىدۇ، — موللېر ھېلىم تۇردىنىڭ خۇش خەۋىرى ئۈچۈن قولىغا ئىككى دانە ئاق تەڭگە تۇتقۇزدى، — سەنمۇ شۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىۋېتىپ يۈرمەمسەن، يۈر مېنى باشلا.

موللېر شۇ ھامانلا تەييارلىنىپ، ھېلىمنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ ئىلچىغا كىردى ـ دە، دوتەيىنىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى. ۋاڭ دوتەي ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇلارغا يەرلىك ئەمەلداردىن بىرنى قېتىپ قويدى ھەمدە «ئۇنىمىسا باغلاپ

ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

ئىچىدە مىڭبىر زىددىيەتلىك خىياللار چۇمۇلىدەك قىمىشىپ تۇرغان موللىبىر «تېتى» يېزىسىغا بارغۇچە: «ئۇ ئادەم ئۇنىماي قويارمۇ؟ خوتەنلىك دېگەن جاھىل خەق، ‹بىرنى بىر دېگۈلۈك› دەپ نەچچە يۈز ئادەم بېشىنى سىلىپ بەرگەن تۇرسا ... ‹بامىتمە ـ يا› دەپ تۇرىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ مەجبۇرلىغان ئىشتىن ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇنىغان تەقدىردىمۇ ئىنايەت ئاخۇندەك دوپپامغا جىگدە سالارمۇ؟ ... » دېگەندەك ئەنسىزچىلىكلەر ئىچىدە تېتى يېزىسىغا يېتىپ باردى. ھېلىم دېگەندەكلا توختىقۇلنىڭ ئىشىكىگە يوغان قارا قۇلۇپ سېلىقلىق تۇراتتى. موللىبىر سەۋرچانلىق بىلەن بىر كېچە ساقلىدى. يەرلىك ئەمەلدار بىر توپ دەرەخكە يۆلىنىپ مۈگدەپ قالغان بولۇپ، ھېلىم قۇرۇق ئېرىق ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتاتتى. تاڭ ئېتىپ كۈنمۇ چىقتى، بىراق توختىقۇلدىن ھېچ دېرەك يوق ئىدى. ئۇ چۈش پېشىن بىلەن قايتىپ كەلدى. چاچلىرى پاخپايغان، يۈز ـ كۆزلىرىنى كىر باسقان، چىگىش ساقال بۇ ئادەم تىرىك ئاسارئەتىقىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىمۇ ئېشەك ئېغىلىغا ئوخشاش بولۇپ، يەرگە سالغان كىگىز ـ پالاسلىرىنى توپىدىن پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ موللىبىر سۇپىدا ئۈيغۇرلار پەدىسىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلدى ھەم ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ، ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. 60 ياشلارغا ئۇلىشىپ قالغان توختىقۇل گەدىنىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەرلىك ئەمەلدارغا قورقۇپقىنا قاراپ قويدى، ئاندىن ئۇ ئىنجىقلاپ، دۇدۇقلاپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئەزەلدىن يالغۇز ھەرىكەت قىلىمەن. ئۆزلىرىگە

قانداق ياردەم قىلىشىمنى بىلەلمىدىم، ئەينا ...

— ماڭا يول باشلىغۇچى بولسۇڭ، قىممىتى بار خارابىلىكلەرگە باشلاپ بېرىڭ، — موللىېر كۈمۈش قاچىلانغان بىر خالتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدى، — بۇ سىزگە ئالدىن بېرىلگەن ھەق، مەن چوقۇم قەدرىڭىزگە يېتىمەن.

توختىقۇل بىر خالتا كۈمۈشكە قاراپ قويىدى، لېكىن چىرايىدىن خۇشال بولغانلىق ياكى ھەيران قالغانلىق ئالامىتى كۆرۈلمىدى.

— بۇ نەرسىلەر قۇملۇقتا ساماندەك، — دېدى توختىقۇل پەرۋايىغىمۇ ئالماي، — كېرەك بولسا ئۆزۈم كولىۋالىمەن.

— توختىقۇل، — دېدى يەرلىك ئەمەلدار كېبىرى بىلەن ھەيۋە قىلىپ، — موللىېر ئەپەندىم ھۆكۈمەت رۇخسىتى بىلەن ئېكسپېدىتسىيە قىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن قولايلىق يارىتىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇشى بار. بۇ ئىشقا بويۇنتاۋلىق قىلغانلىق، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقانلىق بىلەن باراۋەر. ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپراق بىرنېمە دېگىن.

يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى كۆپ كۆرۈپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن توختىقۇل لاسىسىدە بولۇپ قالدى. لېكىن ھىيلىگەر موللىېر ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، توختىقۇلنى قۇچاقلىۋالدى:

— دوستۇم، مېنىڭ سىزنى مەجبۇرلاش نىيىتىم يوق، كۈمۈش ئارقىلىق سودىلاشماقچىمۇ ئەمەسمەن. مەن پەقەتلا ياردىمىڭىزگە موھتاج. بىز دوست بولايلى، قەدىناس ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالايلى.

توختىقۇل بۇ شېرىن گەپلەردىن تەسىرلەندىمۇ ياكى يەرلىك

ئەمەلداردىن قورقتىمۇ، ئىشقىلىپ مولىلېرغا ماقۇل بولدى. ئۇ يوغان بىر ساندۇقنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ چىقىپ مولىلېرنىڭ ئالدىدا ئاغزىنى ئاچتى. مولىلېر كۆرگەنلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. كىچىك ـ كىچىك ئالتۇن بۇتلار، كۈمۈش قوشۇق، كۈمۈش تەخسىلەر، ياغاچ ئويمىلار، رەڭلىك لاي قورچاقلار ... كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. مولىلېر ھىندىستاننىڭ بىراخما يېزىقى پۈتۈلگەن تام رەسىمنىڭ پارچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك لاي قاپارتما سەنئەت بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ يەنە بىر پارچە قەغەزنى ئالدى. ئۇنىڭغا ئىجىر ـ مىجىر قىلىپ بىر خىل يېزىق يېزىلغان بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنى ئايەتلىرىدەك قىلاتتى.

— بۇ نەرسىلەرنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟ — سورىدى مولىلېر ھەيران بولۇپ،

— خوتەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇقتىن.

— ئۇ يەر يىراقمۇ؟

— توققۇز ـ ئون كۈنلۈك يول.

مولىلېر خەرىتىنى ئېچىپ، توختىقۇلدىن شۇ يەرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئېيتقاندى، ئۇ بېشىنى چايقاپ خەرىتىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ يەرنىڭ «دەندان ئۆيلۈك» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مولىلېر دەرھاللا ستىرىچ ۋېرنىر بارغان «پىل چىشى ئۆيى» دېگەن يەر بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ستىرىچ ۋېرنىر ئۇ يەردە نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى بايقىغاندى.

— توختىقۇل تەقسىر، — مولىلېر تەخسىكەشلىكىنى

ئوخشاتتى، ــــ بىز بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ قولغا ئىلغۇدەك نەرسە تاپالمىغانىدۇق، ئەجەبا ...

ــــ سىلى «دەندان ئۆيلۈك»نى قالپىقىمدەك دەپ چاغلاپ قالغان ئوخشايلا، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن يەرلەرمۇ بار، ــــ توختىقۇل ئىپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى، ــــ مەن سىلىنى نائۇمىد قويارمەنمۇ؟

ئۆزىدە ئىشەنچ پەيدا بولغان موللېر «دەندان ئۆيلۈك»نى بىرىنچى قېزىش نىشانى قىلىپ تاللىدى. ساددا، مۇلايىم، قۇل مىجەز توختىقۇلنىڭ ئالدامچىلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەردە ئارانلا بىر كۈن تۇرغان ستىرىچ ۋىرنېرنىڭ ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كېتەلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يەر ئاستىدىكى نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەر، بايلىقلارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن موللېر خۇشاللىقىنى سىرتقا چىقارمىدى.

موللېر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 11 كۈنلۈك جاپالىق سەپەردىن كېيىن، روژدېستۋا بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا «دەندان ئۆيلۈك»كە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر قاقاسلىق، ۋەيرانە، ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان، ھەممە يەر بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئىزلىرى بىلەن تولغان ناھايىتى سۈرلۈك جاي ئىدى. بايلىق ئىزدەش بىلەن داڭ چىقارغان توختىقۇل باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن جايلارنى كۆرسىتىپ بەردى ھەم قانداق قېزىشنىڭ ئۇسۇللىرىنىمۇ ئۆگەتتى. 20 دەك قاۋۇل مەدىكارلار ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقىغا قارىماي ئىشقا كىرىشىپ كېتىشتى. جوتۇ ۋە ئەنگلىيەدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئەپلىك گۈرجەكلەر، كۆز ئالدىدىكى ئامەتتىن بېشارەت بەرگەندەك تاراڭ ـ تۇرۇڭ

ئاۋازلارنى چىقىراتتى. بۇ بىشارەتتىن مولىلىرنىڭ يۇرەكلىرى تەرتىپسىز سوقماقتا ئىدى. ئۇ خۇددى دېھقانلار يەردىن چامغۇر كولىۋالغاندەك، بېلىقچىلار دەريا ـ دېڭىزدىن بېلىق سۇزۇۋالغاندەك، بايلىق ئۇسۇۋېلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ شادىمان كۆرۈنەتتى. توختىقۇل ھەدەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئىشلەمچىلەرگە مەدەت بەرمەكتە ئىدى.

بىرىنچى كۈنىلا 150 پارچىدەك قەدىمكى بۇددىزم تام رەسىملىرى ۋە ھاك قاپارتما نەقىشلەر قېزىۋېلىندى. بۇ يەرنىڭ بۇتخانا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن موللىر ھەربىر پارچە بۇيۇمنى رەسىمگە تارتىپ بولغاندىن كېيىن ساندۇقلارغا قاچىلاپ، توشۇشقا مەسئۇل خادىم ئارقىلىق ئەنگلىيە مۇزېيىغا يولغا سالدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ سەككىز فۇت چوڭقۇرلۇقتا قالغان قۇرۇلۇشلارنى قېزىپ، بىر تۈركۈم تام رەسىملىرى ۋە قاپارتما نەقىشلەرنى بايقىدى. ئەمما ئۇ ئەڭ تەشنا بولغان قەدىمكى قول يازمىلار تېپىلمىدى.

— قەدىرلىك بۇرادەرلەر، — ۋارقىرىدى ئۇ دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، — كىم بىرىنچى بولۇپ قول يازمىلارنى بايقىسا شۇنىڭغا 10 قاداق كۆمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ.

كۆمۈش پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئىشلەمچىلەر شۇنداق كىرىشىپ كەتتىكى، مۇشۇ قاتتىق سوغۇقتا چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇم ئازگىلى ئىچىدىن بىرىنىڭ: «ھۆججەت !» دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىرەيلەن مەينەت ھەم تۈكلۈك قولىدا بىر ۋاراق سوقىچاق قەغەزنى ئېگىز كۆتۈردى:

— مەن تاپتىم ! ...

موللېر ئېتىلىپ بېرىپ سارغىيىپ كەتكەن قەغەزنى ئىككى قوللاپ ئالدى. ئۇنىڭغا سانسكرىت يېزىقى پۈتۈلگەن بولۇپ، قەغەزنىڭ بىر چېتىدىكى تۆشۈككە قارىغاندا، بۇ تۇپلەكلىك كىتابنىڭ بىر ۋارىقى ئىدى. ئارقىدىنلا يەنە تېپىلدى. بۇ قول يازمىلارنىڭ ھەممىسى 5 ~ 6 - ئەسىرلەردە سانسكرىت يېزىقىدا پۈتۈلگەن بۇددا نوملىرى ئىدى. موللېر قول يازمىلار بايقالغان بۇ ئىمارەت بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلدى. خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالغان موللېر ئىنئام بېرىش ۋەدىسىنى دەرھاللا ئورۇنلىدى ۋە كېيىنرەك تاپقانلارغىمۇ ئازراقتىن كۆمۈش بەردى.

قىدىرىش، ئىزدەش تەلۋىلەرچە توختىماي داۋاملاشتى. قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئۈزۈكسىز قېزىپ چىقىرىلدى. موللېر ھەر قېتىم بايلىقنى ئېرىشكىنىدە ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، تەڭرىگە شۈكۈر سىنالار كەلتۈرەتتى. ئۈچ ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە «دەندان ئۆيلۈك»تە 14 خارابىنى قېزىپ ھېسابسىز مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئېرىشتى. ئۇ يانۋارنىڭ باشلىرى نۇرغۇن بايلىقنى ئات، ئېشەك، تۆگىلەرگە ئارتىپ «دەندان ئۆيلۈك»تىن ئايرىلدى. توختىقۇل كۆرسەتكەن يەنە بىر خارابىلىك نىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خۇددى يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىكتەك ۋەيران بولغان دەندان ئۆيلۈككە قاراپ، توختىقۇلدىن:

— بىز كەتكەندىن كېيىن بۇ يەر قانداق بولۇپ كېتەر؟ — دەپ سورىغاندى، توختىقۇل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بېشىنى سىلىپ تۇردى.

— ھا - ھا - ھا، — موللېر قاقاھلاپ كۈلدى، — بۇ يەر

ئىلگىرىكىدەكلا يەنە تونۇلماي قېلىۋېرىدۇ. قارىغىنە، خۇددى باللىرىدىن ئايرىلغان باغرى سۇنۇق ئانىغا ئوخشاپ قالغىنىنى !

ئۇ شۇ قېتىمدا نىيە، ئەندىر، قاراتوغ، راۋاق ... لارغا سەپەر قىلىپ ئۈچ - تۆت ئاي ئىچىدە ھېسابى يوق يادىكارلىق، زىبۇ - زىننەت، مەرۋايىت، گۆھەر، ئالتۇن بۇت ۋە قول يازمىلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ راۋاقتىكى توققۇز كۈن ئۇزۇلدۇرمەي قېزىشتا 91 يوغان بۇت ۋە بۇدساتۋانىڭ ھەيكەللىرىنى قېزىپ چىقىرىپ، نۇرغۇن تام رەسىملىرىنى ئويۇۋالدى.

ئاپرېلنىڭ باشلىرى تەكلىماكاننىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ، قۇم - بورانلار ئۇزۇلمەي چىقىشقا باشلىدى. كارىنىگ موللېر كىناتون بايس، ئۆلچەش ماھىرى كۆپنىست، تەييارتاپ ھېنرى، قىدىرىش ئەۋلىياسى توختىقۇل، ئاشپەز قادىرئاخۇن، سادىق چاكىرى ھېلىم تۇردى قاتارلىق ھەمراھلىرىنى ۋە بىر قىسىم قازغۇچىلارنى، شۇنداقلا كىچىك دوستى «كەررۇ» ئىسىملىك پىستە كۈچۈكنى ئېلىپ خوتەنگە قايتتى. قازغۇچىلارنىڭ مۈرىسىدىكى ئەنگلىيەدە ياسالغان گۈرجەكلەر قۇمغا بىلىنىۋەرگەچكە، ئاپتاپتا تېخىمۇ يالتىراپ كۆزلەرنى چاقاتتى.

موللېرنىڭ قېزىش پائالىيىتى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنايەت ئاخۇننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى «قېزىپ»، پۈتۈن ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا بولمايتتى. بۇنىڭ كەلتۈرىدىغان ئۇلۇغۋار شان - شۆھرىتى ياۋروپا ئىلىم ئەھلى ئالدىدا تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى ...

# يەتتىنچى باب

گۈلبادام كارىنىڭ موللىرىنىڭ ئارامگاھى بولغان «ئەنجانباغ» ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ بۈگۈن چۈش پېشىندىن ئۆتكەندە قاراقاش دىيارىغا يېتىپ كېلىپ، بازاردىن ئانچە يىراق بولمىغان «سادىر قاشلىق» دېگەنگە چۈشتى. گۈلبادام كىچىك بىر ئۆينىڭ ۋە ئات ئېغىلىنىڭ ئىككى كۈنلۈك ھەققىنى تۆلىگەندىن كېيىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، ئۆيگە قارا قۇلۇپنى سالدى؛ ئاندىن چۈشلۈك تاماقنى يېمەي ئەجنەبىيلەر تۇرالغۇلىرىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ ئىزدە ـ ئىزدە ئاخىر مۇشۇ ھەيۋەتلىك «ئەنجانباغ»نى تېپىپ كەلدى.

ئۇ قاپقاننىڭ مەشەدە تۇرۇشلۇق ئەجنەبىينىڭ ئامبىرىدا ئىكەنلىكىگە كۆڭلى تويۇپ تۇراتتى. چۈنكى، يەرلىك ئادەملەر كونا، ئاچماق، قۇرماق تەس بولغان بۇنداق قاپقاننىڭ قەدرىگە يەتمەيتتى. قىزىققان تەقدىردىمۇ «شاپاق نەرخى» سورايتتى. پەقەت ئەجنەبىيلەر قەدىمكى نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يېتەتتى ھەم قىممەت باھادا سېتىۋالاتتى.

گۈلبادامنىڭ كاللىسى زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن تولغان بولۇپ، زادى ئەجنەبىي بىلەن قانداق كۆرۈشۈش، ئۇنىڭغا نېمە دېيىش ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. ئەگەر قاپقاننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەررۇك ئىكەنلىكىنى دېسە، ئەجنەبىي تېخىمۇ قېتىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاماللاپ

يۈمشاتقان تەقدىردىمۇ، قاپقاننىڭ باھاسىغا چىقىشقىلى بولارمۇ؟ ئۇ «مۈنچىلىك كۈمۈش، مۈنچىلىك ئاق تەڭگىگە سېتىۋالغانمەن» دەپ ئاسمانغا تېپىپ تۇرسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەڭ ئورۇنلۇق چارە، قاپقاننى ساتقان ئاشۇ ئادەمنى تېپىپ، ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئەھياغا كەلتۈرۈش كېرەك، ئەگەر ئۇ تاش چىشلەپ تۇرسا، مىلتىقنى بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ ئەجنەبىينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىمەن. بۇ پەرەڭلەر بىر چىشلەم گۆشۈمنى يۇلۇۋالماس. نە ـ نەلەردىن كېلىپ، تۇپراقلىرىمىزنى تىلغاپ، ئاتا ـ بوۋىلار قەبرىلىرىنى چۇۋۇپ پاراكەندىچىلىك سالغىنى يەتمەي، يەنە تېخى قاپقىنىمنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا بۇنىڭغا قانداق چىدىغۇلۇق؟

گۈلبادام كەچكىچە ساقلىغان بولسىمۇ، «ئەنجانباغ» ئىچىدىن بىرەر گۇمانلىق ئادەم چىقمىدى. پەقەت يۈزدە قان دىدارى يوق، كەسلەنچۈكتەك بەترەڭ، توپا چىراي، چىگىش ساقال، يەكتەك تونلىرى كىر ھەم يىرتىق ئادەملەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. بەزىدە «ئەنجانباغ» شۇنچىلىك جىمىپ كېتەتتىكى، ھويلىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت باغ ئىچىدىن قانداقتۇر قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، چېكەتكە، تومۇزغىلارنىڭ ئۈزمەي چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى سالقىنلىق قاپلىدى. كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى غوللارنى قورۇپ، ساپسېرىق غازاڭلارنى كوچا ـ كويلاردا ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. گۈلبادام قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن دەڭگە قايتىپ كېتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە كېلىپ دەرۋازا ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ چۈشكىچە ساقلىغان بولسىمۇ ھويلا ئىچىدىن بىرەركىم چىقمىدى. پەقەت قاپقى يامان

ئىشىك باقار دەرۋازا ئەتراپىغا دۈۋىلىشىپ كەتكەن غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئىلىپ كىرىپ كەتتى. كۆن ئەنجانباغ تەرەپكە قىڭغىيىپ، گۈلبادامنىڭ قورسىقى ئىچىپ كەتتى. ئاخىر ئۇ: «كىرگەن ـ چىققاننى كۆرۈپ تۇرغان ئىشىك باقار، كىمنىڭ نېمە ئەكەلگەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن» دېگەن ئۈمىدتە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىدا، پەس كوچىدىن بىر ئادەم ئېتىنى قاتىرىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ لەپپىدە قارىغاندەك قىلدى ـ يۇ، لېكىن ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. گۈلبادام ئۇنىڭ قارا تورۇق ئېتىدىن تونۇغاندەك بولدى ـ دە، ھەم شۇ ھامان ئەسكە ئالدى. ئۇ ھېلىقى ئاچال بېشىدا يولۇقۇپ، يول كۆرسەتكەن يىگىت شۇ بولۇپ، يەنىلا بېشىغا مويى پەس قاپقارا تۇماق كىيىپ، قىزغۇچ قوڭۇر يەكتىكى ئۈستىدىن قىپقىزىل سەيلە باغلىۋالغانىدى. گۈلبادام خۇددى يوقالغان ئەڭگۈشتىرىنى تېپىۋالغاندەك قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئاكا، ھەي ئاكا ... بۇ مەن ... مېنى تونۇمىدىڭىزما؟

يىگىت ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كىرىپ كەتتى. ئۆز ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان گۈلبادام، ئاتنىڭ ئارقىسىغا باغلانغان تاغارنى كۆرۈپ: «بۇمۇ بىر نەرسە ساتقىلى كەپتۇ ـ دە، تۇۋا، خېلى تۇزۇكلا يىگىت كۆرۈنەتتى. بېشىڭنى يەيدىغان، ئۇمۇ كىپەن ئوغرىلىرىدىن ئوخشىمامدۇ ... » دەپ ئويلىدى.

ئەمدى يىگىتنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپلا كىرسە، ئۇ نېمىدەپ

ئويلاپ قالار؟ ئەگەر بۇ لەنىتى كىيپەن ئوغرىلىرىدىن بولسا، شىرىكلىرىنىڭ ئىسمىلەرنى ئوغرىلىغىنىدىن خەۋىرى بولماي قالامدۇ؟ ئەجەب ـ ھە، ئادەم دېگەننىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگىنى راستىكەن ـ دە! ئۇنىڭ يۇمشاق گەپ ـ سۆزلىرى، ھايا قىلغاندەك سىياقى، مۇلايىم كۆزلىرى، يەر بېقىپ تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ياسالمىلىق ئىكەن ـ دە، بۇنداقمۇ ئوخشاتقان بارمۇ! ۋۇي ئىمانسىز مۇرتەت!

گۈلبادامنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگۈسى، بىلگۈسى كېلىپ قالدى. بىراق ئەجنەبىينىڭ ھۇزۇرىغا نېمىنى باھانە قىلىپ كىرىشى كېرەك؟ بىرەر سەۋەب بولمىسا ئاۋۇ كىيپەن ئوغرىسى نېمىدەپ ئويلايدۇ، ئەجنەبىيچۇ؟

گۈلبادامنىڭ تەرەببا تېرە پىنجىكى ئىچىگە قىستۇرۇۋالغان قامچىسى ئېسىگە كەلدى. ئۇنى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ ھەرگىز ساتمايتتى. لېكىن باھالىتىپ بېقىش باھانىسىدە كىرسە بولىۋېرىدىغۇ. گۈلبادامدىن باشقا، پايتىممىسى سۆرىلىپ قالغانلارمۇ كىرىپ ـ چىقىپ يۇرمەمدۇ!

گۈلبادام ئىشىك باقارنىڭ: «ھاي، ھاي، ئايپاشا ئايىم، نەگە ماڭدىلا، موللېر جانابلىرىنىڭ چوكانلار بىلەن خۇشى يوق جۇما ...» دېگىنىگە قۇلاقمۇ سالماي كىرىپ كەتتى. لېكىن سۇرلۇك بىنانىڭ پەلەمپىيىگە كەلگەندە سەل ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى. ئىچكىرىدىن كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بوسۇغا يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئەمدى ئۆي ئىچىدە بولۇنۇۋاتقان سۆزلەر ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

ــ دانىش، سىنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭگە باشقىلاردىن

بىر ـ ئىككى ھەسسە ئارتۇق ھەق بېرىۋاتىمەن. بۇنىڭغۇ بىلگۈچىلىكىڭ باردۇ؟ چۈنكى سەن بىرەر يىلدەك مېنىڭ خىزمىتىمدە بولدۇڭ ئەمەسمۇ.

ـــ كۆڭلىڭىزدىكىدەك ئىشلەپ بېرەلمىدىم.

ـــ قىش پەسلى ئېكسپېدىتسىيەنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى. قىزىق يازلار ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۈچۈن ئاپەتتۇر، يېقىندا يەنە سەپەر قىلماقچىمەن. مەن بىلەن بىللە بارالامسەن؟

ـــ باراي، ئەلۋەتتە بارىمەن.

گۈلبادام ئىچىدە: «ۋۇي ئەجەبىنىڭ پوقىنى يېگەن غۇرۇرسىز ئەبلەخ، نومۇس قىلماي باراي دەۋاتقىنىنى قارا» دەپ تىللىدى ھەم قاياقتىندۇر پەيدا بولغان شىجائەت بىلەن ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ كەلدى. قورۇق تاغارنى ئالدىغا تاشلاپ قويغان دانىش قىزغا لەپپىدە قارىدى ـ دە، كۆزلىرىنى قاچۇردى. كارنىگ موللېر بولسا قولىدا ھېچنېمە يوق خېرىدارغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىدى. قىزنىڭ ئەرلەردەك سىياقىدىن، قارچىغىدەك تىكىلىپ قاراشلىرىدىن سەل ئەيمىنىپ قالغان موللېر سىپايىلىك بىلەن سورىدى:

ـــ چىرايلىق قىز، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

ـــ شۇنداق، مەن كېيىك پۇتلۇق قامچامنى باھالاتقىلى ئەكىرگەنىدىم، ـــ گۈلبادام تېرە پىنجىسكى ئىچىدىن قامچىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى، ـــ بۇ، بوۋامنىڭ بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەررۇك.

موللېر قامچىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆردى. لوپا ئەينەكنى كېيىك تۇيىقىدىكى ۋە سارغۇچ مويلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەر خىل رەڭدىكى مەرۋايىت، ياقۇتلارغا تۇتتى. ئۇ لوپا

ئەينەكنى بىردە كۆزىگە يېقىن ئېلىپ كەلسە، بىردە يىراقلاشتۇرۇپ قارايتتى. بولۇپمۇ كىيىك پۇتىنىڭ ئاستىدىكى سۆڭەككە بېكىتىلگەن مىس قەلەي شۇنچىلىك پارقىراق ۋە سىلىق ئىدىكى، ئادەمنىڭ ئەكسى كۆرۈنەتتى. موللىبىر ئىچىدە: «بۇ نەچچە يۈز يىل ئىشلەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى» دەپ ئويلىدى.

— خەتەرلىك پەيتلەردە، — دېدى گۈلبادام پەخىرلەنگەن هالدا، — ئۇنىڭدىن خەنجەر چىقىدۇ.

— نېمە؟ — موللىبىر قامچىنى قايتىدىن تەكشۈرۈشكە باشلىدى، — ئەجەب مەن كۆرمىدىمغۇ؟

— ئەپكېلىڭ جاناب.

گۈلبادام قامچىنى ئېلىپلا ئاستىدىكى قەلەينىڭ قەيىرىنىدۇر تۇتقانىدى، جۇپ تۇياق ئاستىدىن شارتلا قىلىپ چاقچاقانغىنە خەنجەر ئېتىلىپ چىقتى. چۆچۈپ كەتكەن كارنىگ موللىبىر: «سترىچ ۋېرنىرنىڭ 14 ـ ئەسىردە ياسالغان خەنجەرلىك قامچىسى بار ... » دېگەن گەپلەر راست ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قامچىغا مەھلىيا بولۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇنى نېمىشقا باهالاتماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟ — سورىدى موللىبىر ئۇمىدلەنگەن هالدا، — ئېغىر خىجالەتچىلىكىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— خىجالىتىم يوق، — گۈلبادام تېزلا جاۋاب بەردى، — بىراق بىر ئوۋچى تۇغقىنىمىز تەڭلىككە سېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— تۇغقىنىڭىزنىڭ باهاسىغا يېتىپ ئېلىشى ناتايىن، — دېدى موللىبىر تۇزۇت قىلمايلا، — ماڭا سېتىپ بېرىڭ، مەن ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇق پۇل بېرىمەن.

ــ قانچىگە ئالارسىز؟

ــ ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ. مال ئىگىسى سىز تۇرسىڭىز.

ــ مەن تىجارەتچى، سودىگەر ياكى كېپەن ئوغرىسى ئەمەسمەن، ــ گۈلبادام دانىشقا قاراپ قويىدى، ــ ئاتا ـ بوۋامنىڭ قەبرىلىرىنى تىلغاپ، ئەجدادىمنىڭ روھىنى سېتىپ باقمىدىم. شۇڭا سودىدا ئېپىم يوق.

قىزنىڭ زەھەردەك تەنىسىدىن بېشى چاترىقىغا كىرىپ كەتكەن دانىش ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشىك تەرەپكە ماڭغانىدى. موللىېر: «دانىش نەگە بارىسەن، ساڭا گەپ بار» دەپ ئۇنى توختىتىۋالدى. دانىشنىڭ كۆزلىرى غىل ـ پاللىشىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ ئەجەب ئىتائەتمەن يىگىتكەنسىز، مېنىڭ بىر ئىتىم بار، ئىتائەت قىلىشتا سىزگە يەتمەيدۇ.

موللىېر ئاغزىنى تۇتۇپ پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى. لېكىن دانىشنىڭ ئالىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھاللا گەپ باشلىدى:

ــ ئۇنداقتا قامچىڭىزنى ساتمايدىكەنسىز ـ دە؟

ــ ساتىمەن، ساتمىسام بۇ يەرگە كىرىپ باھالىتىپ يۈرەمدىم.

ــ ئۇنداقتا دەڭ، ــ موللىېر بىردىنلا ئۈمىدلەندى، ــ قانچە پۇل دېسىڭىز بېرەي.

ــ دېدىمغۇ، مېنىڭ سودا ـ سېتىقتىن خەۋىرىم يوق دەپ، يەنىلا سىز مالغا قاراپ بىرنېمە دەڭ.

ــ 15 دانە ئاق تەڭگە بېرەي، ــ موللىېر قىزدىن نومۇس قىلىپ سەل يۇقىرى سورىۋەتتى، ــ قانداق، سىز ئويلىغاندىن كۆپ بولغاندۇ؟

— ھا ـ ھا ـ ھا ... ، — گۈلبادام قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، — بەزىلەر چەت ئەللىك غوجايىنلار ئۇنداق مەرد، بۇنداق سېخىي دېيىشىپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنىمۇ سېتىۋەتكىلى تاسلا قالىدىكەن. چاغلىقكەنسىزغۇ، ۋاي دېگۈدەك يېرىڭىز يوقكەن ...

— نېمە، 15 تەڭگە ئازما، ئۇنىڭغا بازاردا بىر قوزىلىق قوي كېلىدۇ.

— ئەمىسە 100 تەڭگىگە نېمىلەر كېلەر، سىز ھېسابقا ئۇستىكەنسىز، دەپ بېقىڭا؟

— بىر موزايلىق سىيىر ياكى ئىككى تورپاق كېلىدۇ.

— ئەمىسە ئۇقۇپ قويۇڭ، — گۈلبادامنىڭ جەھلى قاتقاندى، — مېنىڭ ھېلىقى ئۈۋچى تۇغقىنىم، سىز دېگەن ئىككى تورپاقنى بەرمەكچى بولغان، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. توۋا، چەت ئەللىك غوجايىنىمۇ ئادەتتىكى بىر ئۇيغۇر ئۈۋچىدەكمۇ بولالمايدىكىنا، نېمىدېگەن چۇپەيلىك بۇ ...

كارنىگ موللېر غىققىدە بولۇپ قالدى. ئۇ قامچىغا باھا قويغان تىلىنى كېسىۋەتكۈدەك بولدى. بۇ نېمىدېگەن سېسىق تىل! تۇغۇلۇپ ئاڭلاپ باقمىغان ئاھانەت!! بۇقىنى تۇغدۇرۇۋېتىدىغان زەھەرلىك مەسخىرە!!! «چاغلىقكەنسىز»، «ۋاي دېگۈدەك يېرىڭىز يوقكەن»، «بىر چەت ئەللىك غوجايىن ئادەتتىكى ئۇيغۇر ئۈۋچىدەكمۇ بولالمايدىكەن ... »، «نېمىدېگەن چۇپەي ... »، پاھوي! ... بۇنىڭ ئاغزى ئوتكىنا ـ ئوت!

دانىش تاشقا قىلىنسا ۋاككىدە يېرىلىپ كەتكۈدەك گەپلەردىن موللېرنى ئىشخانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى ئېرىپ كەتكەندەك ئورۇندۇقىغا چاپلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بەجايىكى سورۇندىن

قاتتىق تاياق يەپ، باش ـ كۆزلىرى تاز بولۇپ كەتكەن خورازدەك ئۆياق ـ بۇياققا قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. ئاخىر بىر چاغدىلا بېشىنى سىلكىۋېتىپ قىزغا قارىدى.

— ئايقىز، سىز بۇ يەرگە ئادەم تىللىغىلى كىردىڭىزمۇ ياكى قامچا ساتقىلى، — مولليېرنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ تۇراتتى، — باياتىن بېرى گەپ قىلمىساق ئېشەكنى ئوسۇرتىۋەتكۇدەك گەپلەرنى قىلدىڭىزا؟

— خاپا بولماڭ جاناب، — گۈلبادام سەل چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، — گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە ئاتاڭدىن ياتما دەپتىكەن. سىزنىڭ ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك «15 تەڭگە» دېگىنىڭىزگە قورسىقىم كۆپۈپ بەزى گەپلەرنى دەپ سالدىم، بولمىسا قامچامدىن باشقىمۇ ساتىدىغان نەرسەم بار ئىدى.

— نېمە ئىدى ئۇ؟ — قەدىمكى نەرسىلەرگە ھېرىسمەن مولليېر بايىقى سېپسىق گەپلەرنى ئۇنتۇدى، — قېنى دەڭ، يەنە نېمە بار؟

— بىر قاپقان بار، قەدىم زاماندىن قالغان ... ، — گۈلبادام يالتتىدە قاراپ قويدى، — ئەگەر باشقىلاردىن ئالغان بولسىڭىز، ئەكەلمىسەممۇ بولىدۇ.

— ئاۋۋال ئەكېلىڭ، كۆرۈپ بىر نېمە دېمەيمىزمۇ.

مولليېردەك قەدىمكى يادىكارلىقلار سودىگەرلىرى ئالغان نەرسىلىرىنى ھەرگىز ئاشكارىلىمايتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ساتقۇچىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىسا، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ گۈلبادامنىڭ سوئالىغا «ئالدىم» ياكى «ئالمىدىم» دەپ جاۋاب بەرمىدى. لېكىن ئۇنىڭ

كۆڭلى قامچىدىلا قالغانىدى.

— قاراڭ قىزچاق، — موللىبر قامچىدىن كۆز ئۈزمەيتتى، — ئوۋچى تۇغقىنىڭىز بەرمەكچى بولغان پۇلنى مەن بېرەي، قامچىنى ماڭا بېرەمسىز؟

— مەن ئۇ پۇلغا بەرمىگەن تۇرسام، سىزگە بېرەمەنما؟

— ئۇنداقتا قانچە بەرسەم بولىدۇ؟

— ياق بولدى، سىز قامچىنىڭ باھاسىغا يېتەلمەيدىكەنسىز، — گۈلبادام قامچىسىنى بەلتاسمىسىغا قىستۇردى، — دەسلەپكى قويغان باھايىڭىزنى ئاڭلاپلا سىزنى چاغلاپ بولدۇم. بەزى دېۋەڭلەر ئېسىل تەۋەررۈكلەرنى كۆزنى يۇمۇپ سېتىۋەرگىنى بىلەن مەن ئەرۋاھلارنىڭ قارغىشىدىن قورقىمەن. سىزغۇ بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدرىنى ھەرگىز قىلمايسىز، بىراق مەن سىزگە ئوخشىمايمەن.

گۈلبادام دانىشقا لەپپىدە قاراپ ئالايدى - دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. موللىبر ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، ئىشىك ئالدىغىچە چىقتى. لېكىن گۈلبادام ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ، سايىلىرى شالاڭلاپ قالغان تال بوستان تېگىدە كېتىپ باراتتى. ئۇ موللىبرنىڭ: «10 تىللا بولسا بولامدۇ؟ ... » دېگەن گېپىگىمۇ پىسەنت قىلماي دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. موللىبر قايتىپ كىرىپ، دانىش ئولتۇرغان يېشىل موۋۇتلۇق دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ ئاستا غودۇڭشىپ قويدى.

— غەلىتە قىزكىنا، خۇددى تەخسىگە تاراسلاپ مارجان تۆكۈلگەندەك بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ - قىلىۋېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى قارا.

— قاراڭ ئەپەندىم، — دېدى دانىش بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — ئۇ قىز قامچىسىنى ساتمايدۇ. گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن ئاسارئەتىقە، قەدىمي بۇيۇملارنى ساتقان ئادەملەرگە ئۆچ ! ئۇ بۇ يەرگە ئەھۋال ئىگىلەپ كىرگەن گەپ.

— ئەمىسە، «ئوۋچى تۇغقىنىم خىجالەت قىلىپ تۇرۇۋالدى» دېدىغۇ؟

— ئۇنىڭ «ئوۋچى تۇغقىنىم» دېگىنىمۇ يالغان، ئەگەر راست دېگەن تەقدىردىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن قامچىنىڭ قىممىتىنى بىلىپ باقماقچى.

— ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — موللىير ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى، — ئۇ تېخى قەدىمكى زاماندىن قالغان قاپقىنىم بار دەيدىغۇ؟

— راست، ئۇ شۇنداق دېگەندەك قىلدى، — دانىشنىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — ئەمدى بىلدىم، ئۇنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق.

— گەپلىرىڭ روشەنرەك بولسۇن، ئۇنىڭ نېمە مەقسىتى باردۇ؟

— ئۇ: «ئەگەر باشقىلاردىن قاپقان ئالغان بولسىڭىز ...» دېيىش ئارقىلىق سىزنىڭ قاپقان ئالغان ـ ئالمىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ چوقۇم يىتكەن قاپقىنىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ يۈرگەن قىز.

— گەپلىرىڭ ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى، — موللىير بېشىنى چايقىدى، — ھېلىقى سەن سېتىپ بەرگەن قاپقان

شۇنىڭ ئوخشىمامدۇ؟

— توپتوغرا پەرەز قىلدىڭىز.

— سەن ئۇنى ئوغرىلاپ كەلگەنمىدىڭ؟

— قەسەم قىلىپ بىرەلەيمەن. ئۇنداق ئىش يوق، ئۇ قاپقاننى «كۆلدەمە» كارۋان سارىيىدىن كەلگەن بىر ئادەم «سېتىپ بەرگىن، سېنىڭ چەت ئەللىكلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتىڭ بار، تاپان ھەققىڭنى بېرىمەن» دېگەنىدى.

— مۇنداق دېگىن. ئەسلىدە ئۇ ئالۋاستى قاپقىنىنىڭ كويىدا، بىزنى كولدۇرلىتىپتۇ ـ دە.

موللىبىر بۇرۇتىنى يىمىرىپ خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. ئۇ بۇ چاغقىچە ئۇچراتقان نىمجان ئادەملەرنى دۆت، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەدرىنى قىلمايدىغان قارا كۆڭۈل، بىر پارچە ناننىڭ قۇلى، جاھىل، ئاچ كۆز، مۇشۇكتەك مۇلايىم، قۇرتتەك يۇمشاق ... دەپ باھا بېرەتتى. ئەمما مۇنۇ قىزدەك ئەجدادلىرىغا سادىق، ئۇلارنىڭ تەۋەررۇك ئەمگەكلىرىنىڭ قەدرىنى قىلىدىغان، ئۇنى تۇتىيا بىلىدىغان، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى چوڭ بىلمەيدىغان، غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق ئەۋلادلىرىنىمۇ بارلىقىنى ئويلىمىغانىدى! ئۇ قىزنىڭ جاسارىتى، ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان تۈرگۈنلۈكى، ئۆتكۈر تىلى، ئاچچىق تەنىلىرىنى ئويلىغىنىدا، خۇددى كەكرە يۇتۇۋالغاندەك ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ قامچىدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيۋاتقانلىقى غەشلىك چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئېكسپېدىتسىيە يادىكارلىقلىرى ھەم بىلىم، بايلىق ۋە شان ـ شۆھرەت جەھەتتە ئۆزى بىلەن پۇت تېپىشىپ كېلىۋاتقان ستىرىج ۋېرنېرنىڭ خەنجەرلىك قامچىسى بولغان يەردە كارنىگ موللىبېرنىڭ بولمىسا قانداق بولغىنى؟!

— دانىش، — دېدى موللىبىر ئىبغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، — بىر ۋەزىپە تاپشۇرسام بويۇنتاۋلىق قىلمايدىغانسەن؟

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز، قېنى دەڭ سۆلكەت قىلىپ ئولتۇرماي.

— ياخشى، سېنىڭ مۇشۇ كەسكىن مىجەزىڭنى ياقتۇرىمەن. سەن ئاشۇ جاۋىلداقنىڭ قامچىسىنى قولغا چۈشۈرسەڭ، ساڭا ئۆزگىچە ئىنئامىم بار ئىدى ...

دانىش يۈزلىرىنى قاماللاپ، تىزلىرىغا جەينىكىنى تىرەپ، قىسماقتەك ئېگىلگىنىچە جىمىپ كەتتى. چۈنكى، قىزنىڭ خەنجەردەك ئۆتكۈر سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەپ، ۋىجدانىنى قۇرتتەك غاجىماقتا ئىدى. ئۇ باياتىن بېرى نومۇس كۈچىدىن خۇددى قوقاستا ئولتۇرغاندەك ئازابلاندى. ئەگەر كارنىگ موللىبىرغا «ياق» دېسە، بىرقانچە يىللاردىن بېرى ئىچىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ كەتكەن پىلانلىرى كۆپۈككە ئايلىناتتى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى ـ بۇنى ئەكېلىپ موللىبىرنى ئاران يۇمشاتتى ھەم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قېتىلىپ تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىشنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلمايدىغان پۇرسەت ئىدى!

— ھە، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ — موللىبىر دانىشنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئىشەنچىڭ يوقمۇ نېمە؟

— گەپ ئامال ـ چارىدە، بىراق باشنى تاشقا ئۇرۇپمۇ قامچىنى ئۇ قىزدىن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

— سەن دېگەن قاملاشقان، سۆمباتلىق يىگىت تۇرساڭ، — موللىبىر كۈلۈپ تۇرۇپ دانىشنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ قويدى، —

قىزغا تەسىرىگىنى كۆرسەت، مەيلىنى تارت، ئۇ ھەرقانچە شەددات بولۇپ كەتكىنى بىلەن بەرىبىر قىز بالا! قىزلار بىرەر يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالسا جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ. مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى!

— ئۇ قىزنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلىدىڭىز، ماڭا گويا قېنىقماس دۈشمىنىگە قارىغاندەك نەزەردە باقتى، — دانىش ئېغىر تىندى، — بولۇپمۇ بۇنداق ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان قىزلار، جەننەتتىن چىققان غىلمان بولسىمۇ، ئىمانى ئالدىدا ئۇنى پۇچەك پۇلغا تەڭ قىلمايدۇ.

— مۇنداق - دە! ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟

— مەن ئۇنىڭغا بىر ئامالالپ يېقىنلىشاي، لېكىن قامچىنى ئوغرىلاشتىن باشقا چارە يوق. بۇنىسى ئېنىق!

— ئوغرىلامسەن، بۇلامسەن، قىزنى جەھەننەمگە ئۇزىتامسەن، نېمە قىلساڭ قىلىپ، خەنجەرلىك قامچىنى قولغا چۈشۈر، — موللىبىر ئۇستەل تارتمىسىنى ئېچىپ، ئاغزى بوغۇلغان كىچىككىنە تېرە خالتىنى ئېلىپ دانىشنىڭ قولغا تۇتقۇزدى، — بۇنىڭ ئىچىدە 20 دەك تەڭگە ۋە كۈمۈش بار. قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر سىقىم تېرىق كېتىدۇ ئەمەسمۇ، ئەمما سېنى ئىش تۈگىگەندە 15 تىللا بىلەن رازى قىلىمەن.

دانىش ئۇزاپ تالاغا چىققاندا، موللىبىر يەنە بىرمۇنچە ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەستلەرنى ئۆگىتىپ ئۇنى يولغا سالدى. بۈگۈن كەچكىچە نۇرغۇن ئادەملەرنى قوبۇل قىلىپ چارچاپ كەتكەن موللىبىر ياتىقىغا قايتىپ كىردى. ئۇ، ئامبارچى ئىشقۇللا تەييارلاپ قويغان قەھۋەنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ بىلەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ

تورۇسقا قادالغىنىچە: «ھەي ... بۇ خەقنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدىكەن ... » دەپ پىچىرلىدى. چۈنكى، بىرقانچە يىل مۇقەددەم ئۆزىگە پىچاق ئۇرغان قارا نىقابلىق نامەلۇم ئادەم، ھېلىلا بىرمۇنچە كولدۇرلاتقان قەھرلىك قىز گۈلبادام، پوتكۈل ياۋروپا ئىلىم ئەھلىنى بىرنەچچە يىل ئەخمەق قىلغان ئىنايەت ئاخۇنلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغانىدى. قارا، مۇنۇ قۇملۇق قىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ھەم جاسارىتىنى ! ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كەلگۈدەك ! بولۇپمۇ يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس نومۇسلۇق دېغى قالدۇرغان ئىنايەت ئاخۇن ھېلىھەم ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك نەزەردە قاراپ تۇرغاندەك قىلاتتى ...

كارنىگ موللېر «دەندان ئۆيلۈك»، نىيە، ئەندىر، قاراتوغ، راۋاقلارنى قېزىپ، نۇرغۇن بايلىق بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئېكسپېدىتسىيەدىن قايتىپ كەلگەن، ئىنايەت ئاخۇننى قولغا ئالدۇرغان، ئۆزى سوراق قىلغان ئاشۇ يىللار ئەسلىمىلىرىگە قايتتى ... ئۇ كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر خۇددى تۆگە كارۋانلىرىدەك بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى ...

# سەككىزىنچى باب

... كارنىگ موللېر خوتەنىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى ۋاڭ ئامبالنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ دېيىشكە تېگىشلىك ھەممە گەپنى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ، قايىل قىلارلىق ھالدا ئىزھارلاپ ئۆتتى. غەزەپلەنگەن ئامبال قولىنى شىلتىپ مۇنداق دېدى:

— مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياساپ ئالدامچىلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەپەندىم، سىزچە قانداق قىلساق بولار؟

— ئىنسايەت ئاخۇننىڭ ئىككى قېتىم قېچىشى، مەندىن گۇمان قىلغانلىقتىن بولغان، — دېدى موللېر زەردىسى قاينىغان ھالدا، — ئۇ مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيەدىن قايتىپ خوتەنگە كەلگەنلىكىمنى بىلىپ قالسا، يەنە قېچىشى تۇرغانلا گەپ. تېز تۇتۇش قىلمىساق ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز.

— ئۇنداق بولسا ئۇنى دەرھال قولغا ئالايلى، — ۋاڭ ئامبال شىرەگە مۇشتلىدى، — نېمىدېگەن قاپ يۈرەك نېمە ئۇ! ھازىر ئۇ ئەبلەخ نەدە تۇرۇۋېتىپتۇ؟

— يوشۇرۇن ئادەم سېلىپ كۆزىتىشىمچە، — موللېر ئىشخانىنىڭ ئەتراپىغا قاراپ قويىدى، — ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى گازۇن دېگەن كەنتتە تېۋىپلىق نامى بىلەن تۇرۇۋېتىپتۇ.

— مەن ھازىرلا ئادەم بەلگىلەي، — ئامبال قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى، — كېلىڭلار!

ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا ئېكسپېدىتسىيەدىن قايتىپ كەلگەن موللېر ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىككى تۈرمە ساقچىسى بىلەن تاڭ يورۇماستىنلا ئىنايەت ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىنايەت ئاخۇن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۆيدىن چىقتى، ئېتىلىپ كەلگەن ئىككى ساقچى ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، ئۇنىڭغا قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى. موللېر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر باغلام كونا قەغەز ۋە ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىغان سىياھنى تاپتى. رەڭگى ئۆزگەرتىلگەن قەغەزلەرگە «ناتونۇش يېزىق»لار يېزىلغانىدى. ئۇلار ئىنايەت ئاخۇننى يالاپ خوتەن شەھىرىدىكى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن «ناتونۇش يېزىق»تا يېزىلغان قول يازما ۋە ئۇلارنى ياساش ئەسۋابلىرىنى تاپتى. ئاندىن ئۇنى تاملىرى قېلىن بىر ئۆيگە قاماپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ساختا قول يازما ياساش ئەيت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا تاقىتى تاق بولغان موللېر بىركۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇنى ئۆزى سوراق قىلدى:

ـــ نېمە جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

ـــ مەن ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم.

ـــ قەدىمكى كىتاب ئويدۇرۇپ چىقىپ ساتقىنىڭنى جىنايەت دەپ ھېسابلىمامسەن؟

ـــ ئەپەندىم، نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىسىز؟ مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.

ـــ ئەمىسە، دوكتور لاۋرېنس، چاررۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىي، ئەنگلىيە باش كونسۇلى ماكارتنېي جانابلارغا ھەم ماڭا سېتىپ بەرگەن كىتابلار نەدىن كەلگەن؟ ئىككى ئۆيۈڭدىن

تېپىلغان «ناتونۇش يېزىق» يېزىلغان خوتەن قەغەزلىرى ھەمدە ئەسۋابلارنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىسەن؟

— سىز بىمەنە سوئاللارنى سوراشتىن ئۇيالمامسىز، — ئىنايەت ئاخۇن مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — ئۇ قول يازمىلار راستمۇ، ساختىمۇ مەن نەدىن بىلەي، ئۇلارنى باشقىلار ماڭا سېتىپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان. ئۆيۈمدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىمۇ شۇلار ئەكەلگەن. سىز تەكلىماكاندىن تاپالمىغان قول يازمىلار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. سىز ئۇلارنى چۆمۈلدەك ھەممىلا يەردە قىمىلداپ يۈرىدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— تولا گەپدانلىق قىلما، — ۋارقىرىدى موللېر، — ساڭا سېتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغۇچىلار كىملەر؟ ئۇلار قەيەردە تۇرىدۇ؟

— ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى، بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتتى، بەزىلىرىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

— ئۆلدىمۇ ـ كەتتىمۇ كارىم يوق، — موللېر بۇ گەپدان ئادەمگە تەڭ تۇرۇشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، — ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيت؟

— ئېيتسام ئېيتتىم، — ئىنايەت ئاخۇن قورقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — بىرىنىڭ ئېتى مەمتىمىن سەگەك، يەنە بىرىنىڭ ئېتى مەمتىمىن بەزگەك. ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن. مەمتىمىن سىيگەك دېگىنى ئۆلۈپ كەتتى.

كارنىگ موللېر نەئاچچىقلاشنى، نە كۈلۈشنى بىلەلمىدى. ھەممىسىنىڭ ئىسمى «مەمتىمىن»، لەقەملىرى «سەگەك»، «بەزگەك»، «سىيگەك» ... توۋا، مۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالغان

بارمۇ؟ ئىنايەت ئاخۇننىڭ قەستەن مازاق قىلىۋاتقانلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ؟ ئۇ بۇرادەرلىرىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىگە چاتماي، ھەممە بالا ـ قازانى مەنلا تارتاي دەمدىغاندۇ! بۇ نېمىدېگەن هارامزادە، ھىيلىگەر، غەلىتە ئادەم !

ئىنايەت ئاخۇنغا ئاسانلىقچە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن موللېر، دوكتور لاۋرېنسنىڭ ئىلمىي دوكلاتىنى كوزىر قىلىپ ئۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل مات قىلىشنى، ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار بولۇشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

بەش يىل بۇرۇن ناتونۇش يېزىقتىكى كىتابلارنى ئالىم لاۋرېنسقا، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى گېرتسوگ ماكارتېنىغا سېتىپ بەرگەندە ئۇ، ئىنايەت ئاخۇننىڭ: «بۇ قول يازمىلارنى ئۆزۈم قۇملۇقتىن قېزىۋالغان» دېگەن سۆزلىرىنى ئارخىپقا قوندۇرۇپ قويغانىدى. دوكتور لاۋرېنس ئارخىپتىكى بۇ سۆزلەرنى ھەمدە قېزىپ چىقىلىش جەريانلىرىنى ئىلمىي ماقالىسىگە كىرگۈزۈپ ئەنگلىيەدىكى بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغانىدى. بىراق هازىر ئىنايەت ئاخۇن ھەممىدىن تېنىپ، باشقىلارغا ئارتىپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا موللېر كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى ژۇرنالنى چىقىرىپ ئىنايەت ئاخۇنغا:

ـــ ئاڭلاپ تۇر، بۇ ژۇرنالغا ئەينى يىللاردا ماكارتېنىغا دېگەن سۆزلىرىڭ ئەينەن يېزىلغان ھەم سۈرىتىڭمۇ بېسىلغان ... ـــ دېدى.

موللېر لاۋرېنسنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىشى، ئىنايەت ئاخۇن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ژۇرنالنى تارتىۋېلىپ خۇددى ئىنگلىز يېزىقىنى بىلىدىغاندەك سىنچىلاپ قارىدى. لېكىن ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ رەسىمىنىلا تونۇيالىدى. «تۇۋا، بۇ ھىيلە ـ

مىكرىسى تولا پەرەڭلەركىنا. خۇددى كېيىنكى ئىشلارنى پال سېلىپ بىلىۋالغاندەك، ھەممىنى ئەينەن قوندۇرۇپ قويغىنىنى» دەپ ئويلىغان ئىنايەت ئاخۇن لاسىدە بولۇپ، بېشىنى قامالىلغىنچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ يېشىل كۆز، سارغۇچ تۇكباش ماكارتېنىنىڭ ئەينى يىللاردا ئۆزى توقۇغان ھېكايىنى خاتىرىلىۋېلىشىنى، ئۇنى لاۋرېنستەك دۇنياۋى ئالىمنىڭ ئىلمىي ماقالىسىگە كىرگۈزۈشىنى، بۇنى مولليېرنىڭ نەلەردىندۇر تېپىپ چىقىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ مولليېردەك ھىيلىگەر تۈلكىگە ئۇچراپ قېلىشىنى كۆرمەمدىغان !

— ئىنايەت، ھەممىنى كۆردۈڭ ـ ئاڭلىدىڭ، يەنە جاھىللىق قىلساڭ ساڭا ياخشى ئاقىۋەت يوق ! — دېدى مولليېر قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — راستچىللىق بىلەن ئىقرار قىلساڭ ۋاڭ ئامبالغا ئېيتىپ سېنى قويغۇزۇۋېتىمەن. ئاز دېگەندە بەش يىل، بولمىسا ئون يىل قاماقتا ياتىسەن. ھەر خىل قىيناشلاردا ئۆلۈپ كېتىشىڭمۇ مۇمكىن ... ئۆزۈڭ تاللا.

— راستىنلا ھەپسە جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالامسىز؟

— گېپىم گەپ. لەۋزىمدە تۇرمىسام مېنى ئەركەك ھېسابلىما.

— ئۇنداقتا مۇشۇ گېپىڭىز يادىڭىزدا بولسۇن. كېيىنچە تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قالسا، مەندىن يامانلىماڭ. ئۆمرۈم قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك قارغايمەن. سىزنى سېستىۋېتىمەن. بالىلىرىمدىن بالىلىرىمغا، بارلىق ئاۋامغا پەرەڭلەرگە ئىشەنمەسلىك ھەققىدە بار ئاۋازىمدا ۋارقىرايمەن.

«بۇ ئىنتايىن ئەقىللىك، قىزىقچى، دانا لۈكچەك ! ئەگەر ئۇ ياۋروپادەك تەربىيەلىنىش ئىمكانىيىتى بار يەردە ياشاپ قالسا،

پەيلاسوپ، ئالىم، ھەتتا زوڭتوڭ بولغان بولار ئىدى ... »
دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن موللىنىڭ ئاچچىققىدىن كۆلۈپ
قويۇپ:

— قېنى سۆزلە، — دېدى.

بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى ئىنايەت ئاخۇن قەدىمكى پۇل،
ساپال قاچا، تامغا ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى ئېلىپ ساتاتتى. ئۇ
تايىنى يوق، پايدىسى ئاز تىجارەتتىن ھېچقانچە روناق تاپالماي،
نامراتچىلىق ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى
ئافغانىستانلىق بىر سودىگەر ئۇنىڭغا ياۋروپادىن كەلگەن
جانابلارنىڭ يەر ئاستىدىن چىققان قەدىمكى كىتاب، قول
يازمىلارنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
دەسمايە سالمايدىغان ياكى چىقىمى يۇقىرى بولمىغان بۇ «ئوقەت»
ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. لېكىن، پايانى يوق قۇم جەزىرىسىدە
قەدىمكى كىتابلارنى تېپىش خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە، قۇمدىن
كېپەك ئالتۇن ئىزدىگەندەك جاپالىق ئىش بولۇپ، ئېغىر
ئاقىۋەتلىرىمۇ تولا ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا قەدىمكى كىتاب، قول
يازمىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئويى پەيدا بولدى. ئۇ ئىسرائىل
دېگەن بۇرادىرى بىلەن ھەمتاقان بولۇپ، «دەندان ئۆيلۈك»تىن
ھەقىقىي قەدىمكى كىتاب، قول يازمىلارنى تېپىپ كېلىشتى.
ئاندىن بازاردىن بىر خىل يىرىك، يەرلىكتە ياسالغان قەغەز
سېتىۋېلىپ، ئۇنى تېرەك يىلىمىدىن ياسالغان بوياقتا بوياپ،
سۇس قوڭۇر رەڭگە كىرگۈزدى. ئۇلار چالا ساۋات بولغاچقىمۇ،
خەتلەرنى پەي قەلەمدە دوراپ يازغاچقا، سەت ھەم كۆرۈمسىز
شەكىللەر رەت - رەت تىزىلدى. ئاندىن سېسىق سامانغا ئوت
يېقىپ، ئۇلارنى قاقلاپ، ئىسلاپ رەڭگىنى قۇملۇقتىن تېپىلغان

قەغەزگە ئەينەن ئوخشاتتى. كىتابنى توپلەپ نەم قۇم ئارىسىغا كۆمۈپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاچقىپ ساتتى.

... كارنىگ موللېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىنايەت ئاخۇننىڭ پەم - پاراسىتىگە، ھىيلە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇسۇل - چارىلىرىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. لېكىن بىرقانچە يىللارغىچە ساختا نەرسىلەرگە ئالدىنىپ، ھەقىقىي كىتابلاردىن مەھرۇم بولغانلىقىغا ئىچى تارتىلدى. بولۇپمۇ ئۇ «ئىسرائىل» دېگەن ئىسمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدى.

— توختا، — موللېر بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرىكى قارا بورانلىق كېچىدە يوقاپ كەتكەن ئادەمنى ئەسكە ئالدى، — ئىسرائىل دېگىنىڭ بودەك ساقال، ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بوي، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا قوناقتەك مېڭى بار، چىرايلىق ئادەممۇ؟ ھە راست، ئۇ تېخى ئۇچ خوتۇندىن 13 بالام بار دېگەندەك قىلغان.

— شۇ ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، — ئىنايەت ئاخۇن ھىجىيىپ قويدى، — لېكىن ئۇنىڭ بىر خوتۇنى، ئىككى قىزى بار.

ئىسرائىلنىڭمۇ بىر ئالدامچى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قەستەن قۇملۇققا ئەكىرىپ، ئۆزىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن موللېرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ چاندۇرماي سورىقىنى داۋاملاشتۇردى:

— ساختا كىتابىكى خېتىڭلار سەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەقىقىي قول يازمىدىن كۆچۈرۈپسىلەر، — دېدى موللېر ئىنچىكىلەپ سوراپ، — بىراق ھېلىقى ئوقۇغىلى بولمايدىغان ئىجىر - مىجىر ناتونۇش يېزىقتىكى كىتابلار، قول يازمىلار قانداق گەپ؟

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، بىز دەسلەپتە «دەندان ئۆيلۈك» تىن

تېپىلغان قول يازمىدىكى بىراخما يېزىقى بويىچە يازدۇق. ئىسرائىل ئانچە ـ مۇنچە رۇسچىنى بىلگەچكە رۇس يېزىقىنىمۇ ئارىلاشتۇردۇق. كىتابلارنى ئالغان ياۋروپالىقلارنىڭ بىرەرىمۇ ئۇ خەتلەرنى ئوقۇيالمىدى ھەم ساختىلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. بۇ دۆتلەر، ــ ئىنايەت ئاخۇن موللىبىرغا لەپپىدە قارىدى، ــ كەچۈرۈڭ جاناب، تىللاپ سالدىم.

ــ كېرەك يوق، ــ موللىبىر ئاچچىقىدا نېمە دېگىنىنى ئۆزى سەزمەي قالدى، ــ مەنمۇ ساڭا ئالدىنىپ قانچىلىك دۆتلۈك قىلغانلىقىمنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن، قېنى داۋاملاشتۇر.

ــ بۇ ياۋروپالىقلار ئوقۇيالمىغانسېرى، ئۇ كىتابلارنى بىباھا گۆھەر دەپ بىلىپ بەس ـ بەستە سېتىۋېلىشتى. بىز ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدۇق ھەم چانمىغانلىقىدىن كۆڭلىمىز جايىغا چۈشتى، ــ ئىنايەت ئاخۇننىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، ــ شۇڭا ھەقىقىي كىتابنى دوراپ يېزىشنى ئاۋارىچىلىك كۆرۈپ، ھەرقايسىمىز ھەر خىل «ناتونۇش يېزىق»لارنى كەشىپ قىلىپ، ھېچكىم بىلمەيدىغان خىلمۇخىل، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىللەرنى قەغەز يۈزىگە قوندۇرۇۋەردۇق.

ئىنايەت ئاخۇن، ئىسرائىللار ئەنە شۇنداق ئۇسۇللاردا نۇرغۇن كىتابلارنى چىقارغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلگۈرتەلمىدى. چۈنكى، قول بىلەن يازغاندا سۈرئەت ئاستا بولۇپ، ۋاقىت كۆپ كېتەتتى. شۇڭا ئىنايەت ئاخۇن «سەگەك»، «بەزگەك»، «سىيگەك»لەرنى تېپىپ ئەكېلىپ، ياغاچ مەتبەئەدە بېسىشنى ئەپلىك كۆردى. بىرقانچە ئايلاردىن كېيىن ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى كىتابلار «نەشر»دىن چىقتى. ئۇلار بۇ كىتابلارنى ساتقاندا باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى،

يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى ...

— سىلەر بۇ ساختا نەرسىلەرنى دەسلەپتە نەدە ساتتىڭلار؟ — سورىدى مولليېر، — ئۇنى كىملەر ئالغان؟

— قەشقەردە ساتتۇق. تۇنجى خېرىدارىمىز رۇس كونسۇلى پېترووۋسكىي بىلەن ئەنگلىيە باش كونسۇلى گېرتسوگ ماكارتىنى بولدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ھېلى پېترووۋسكىي مېنى ئۆيىدە مېھمان قىلسا، بۇنى بىلىپ قالغان ماكارتىنى دەرھاللا باغ - ئارامگاھلىرىغا تەكلىپ قىلاتتى. ھە توغرا، بىر قېتىم ماكارتىنىنىڭ چىنىباغدىكى ئۆيىدە لاۋرېنس ئىسىملىك بىر جاھانشۇمۇل ئالىم بار ئىكەن. ئۇ كىتابلارنى كۆرۈپ: «شەكلى ئۆزگىرىشچان، ھەرپلىرى ھەر خىل، نېمىدېگەن كۆركەم - ھە!» دەپ ماختاپ كەتكەنىدى. يۈرىكىم جايىغا چۈشتى.

— ياغاچ مەتبەئەلىرىڭنى يەنە نەلەرگە يوشۇردۇڭ؟

— ئۆيۈمدە بار، ئەگەر سىز ئادەم قاتسىڭىز بېرىپ ئەكېلەي.

— ھاجىتى يوق، مەن ئۇنى سېنى تۇتۇپ ئەكەلگەن كۈنىلا ئېلىپ كەلگەن.

كارنىگ مولليېر ياغاچ مەتبەئەنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بىر ۋاراق بېسىپ بېقىۋىدى، دەرۋەقە، ئۆزىدىكى ۋە لاۋرېنستىكى كىتابنىڭ ۋارىقىغا ناھايىتى ئوخشاش چىقتى. شۇندىلا گۇمانلىنىۋاتقان «ناتونۇش يېزىق» بىلەن پۈتۈلگەن كىتابلارنىڭ راست - يالغانلىقى ئۇزۇل - كېسىل ئىسپاتلاندى.

خەيرىيەت، ئىنايەت ئاخۇن شېرىكلىرى بىلەن زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، بۇ ساختا نەرسىلەر ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ مۇزېيلاردا ساقلىنىدىغان بۇيۇملارغا ئايلانغانىدى. ئۇ

يەردىكى ئالىملار باشتىن ـ ئاخىر بۇ «قىممەتلىك ئەسەرلەر»گە قاراپ، بېشى قېتىپ قانداق قىلارنى بىلمەي قېلىشتى، ھەتتا شەرقشۇناس مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي، گاڭگىراپ قېلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تىل بىلىمىنى يېتەرسىز ئىكەن، دەپ بىلىشتى.

كارنىگ موللېر بۇ ساختىپەزلەرنى ئەيىبلەش بىلەن بىللە، ساختا بۇيۇملارنى تالىشىپ سېتىۋالغۇچى دوستى ماكارتېنىنى، رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىيلارنىمۇ ئەيىبلەش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى شۇقەدەر قىزغىنلىق بىلەن قىلچە پەرق ئەتمەي سېتىۋېلىپ، ئالدامچىلارغا ماكان، زامان، شارائىت يارىتىپ بېرىپ مەدەت بەرگەنىدى. كارنىگ موللېرنى قاتتىق ئېچىندۇرغىنى دوستى، ئۇستازى، ھىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تىلشۇناسلىقىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغان داھىي دەرىجىلىك ئالىم لاۋرېنسىنىڭ ئەخمەقلەرچە ئالدانغانلىقى ئىدى! ئۇ، بۇ ئار ـ نومۇسنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇيۇپ تۈگىتەلەرمۇ؟!

ئىككى كۈنلۈك سوراق ئاخىرلىشىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئىنايەت ئاخۇن خوتەن تۈرمىسىگە تاشلاندى. گۇندىپايلار ئۇنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سېلىۋاتقاندا، كارنىگ موللېر ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. موللېرنى كۆرگىلى كەلدى دېگەنىدىن كۆرە، قىساس ھۇزۇرىنى سۈرگىلى كەلدى دېگەن تۈزۈك ئىدى ①.

ـــ ئىنايەت ئاخۇن، ئۆزۈڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن، ـــ

① بۇ بابتىكى تارىخىي پاكىتلار ۋە ۋەقەلەر تاڭ دۈگىنىڭ «كۆز يېشى قۇرۇغان يىپەك يولى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىگە ئاساسەن بەدىئىيلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

دېدى موللىبىر سىگارتىنى شوراپ تۇرۇپ، — پۇتۇڭدىكى زىننەت بۇيۇملار يارىشىپتۇ. لېكىن ئۇ ساختىنا ئەمەس جۇمۇ ...

— مەن ئۈچۈن ئانا تۇپراق، يۇرتۇمدىكى تۇرمە بەجايىكى جەننەت، — ئىنايەت ئاخۇن كۆزلىرىنى مىختەك قادىدى، — لېكىن، پاسكىنا ئاياغلىرىڭدا دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىن سەن ئۈچۈن ۋەيلۇن دوزاخ ... سەن قانچىلىغان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرە، مازار، لەھەتلىرىنى قېزىپ ۋەيران قىلمىدىڭ، ئۇلارنىڭ قارغىشى سېنى تۇتماسلىقىغا ئىشەنمەيمەن ... سېنى ئاخىر يەر يۇتىدۇ. ئەڭ دەھشەتلىكى تىرىك تۇرغۇزۇپ يۇتىدۇ!

— ئىنايەت، سېنى بۇنچىۋالا چىدىماس دەپ ئويلىماپتىمەن، — لېكىن موللىبىرنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ ئاغدى، — جىنىڭ تۇمشۇقۇڭغا كېلىپ قالسىمۇ، ئاسمانغا تېپىسەنا.

— چۈنكى مەن مۇشۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى. يوغان سۆزلەشكە ھەددىم بار، — ئىنايەتنىڭ كۆزلىرى كۈلدى، — ئەمما سەن ياتلارنىڭ يېرىنى دەسسەپ تۇرغاچقا، يۈرىكىڭ ھامان پوك - پوك، ئىشەنچىڭ يوق ... كېچىلىرى ياكى كۈندۈزلىرى تاپانچاڭنى پوكىنىڭغا بېسىپ ياتىسەن ... بۇنداق ئەنسىز ھاياتىڭنىڭ نېمە لەززىتى ! دەپ باقىسىنا، ھازىر ئۆزۈڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟

موللىبىر ئىنايەت ئاخۇننى بۇنچىۋالا سۆزمەن، ئاچچىق تىللىق دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇنداق، توشقانمۇ جان ئاچچىقىدا ئادەم چىشلەيدۇ ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئانا تۇپراق، ئاتا - بوۋىلار قارغىشى، ئەنسىز ھايات ھەققىدە دېگەنلىرى موللىبىرنىڭ يۈرەك باغرىنى تىرنا سالغاندەك تىلغىۋەتتى. ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن دېگەندەك، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەكلىماكاننى قىدىرىشى

ئېسىگە چۈشكەنىدى. رەھىمسدىل بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇشنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ قاراقچى، ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەر ئورالغان ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى نەپىس يىپەك رەختلەرنى ۋەھشىيلىك بىلەن سالدۇرۇۋالغانىدى.

موللېر ئىنايەت ئاخۇننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ گىرادۇسى بىردىنلا پەسلەپ مۇلايىم قىياپەتكە كىردى:

— ئىنايەت ئاخۇن، ئۆزۈڭنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭنى دەڭسەپ باق، — دېدى موللېر سىلىق - سىپايە ھالدا، — مېنى، پېتروۋسكى، ماكارتېنىلارنىلا ئالداپ قالماي، ئۇلۇغ ئالىم ھەم مېنىڭ ئۇستازىم لاۋرېنسىنىمۇ ئالدىدىڭ، بۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت!

— ئالىم ھەم ئۇستازلىرىڭ مەندەك ئاددىي خوتەنلىككە ئالدانغان بولسا، سەنمۇ چاغلىقكەنسەن، — ئىنايەت ئاخۇن پىسىڭگىدە كۈلدى، — بىلىپ قوي، مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن پەخىرلىنىمەن. سەندەك جاھانغا پاتماي قالغان ئالۋاستىلارنى ئالدىيالىغانىكەنمەن ئوغۇلبالا، يۇرت بالىسىغا مۇناسىپ ئىش قىپتىمەن! لېكىن سەنچۇ؟ ھېلىقى ۋەدەڭ ئېسىڭدىدۇ؟ سەن گەپنى ئاغزىڭدا قىلغانمۇ - كۆتۈڭدە ... ئەمدى سېنى مادا ئېشەك، كۇرسۇك قانجۇق، مېكىجىن دېسەك، ئەلھۆكمىللىللا دېيىشتىن باشقا چارەڭ يوق!

موللېرنىڭ يۈزى ھۆپپىدە ئوت ئالدى. ئۇ بۇ سەت ھاقارەتلەرگە نېمىدەپ ئۆكتە قوپسۇن؟ ئۇ، ئۆز ئاغزى بىلەن «لەۋزىمدە تۇرمىسام مېنى ئەركەك دېمە ...» دېگەن تۇرسا. مانا

ئىنايەت نەق مۇشۇ گەپنى ئىزاھلاپ بەردى، خالاس.

— گېپىڭدىن قارىغاندا، — دېدى موللىبىر ھەيران بولغان هالدا، — سەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەقىقىي كىتابلارنى ئېلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قەستەن ساختا كىتابلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپتىكەنسەن ـ دە؟

— ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ ھا ... ھا ... ھا ...

ئىنايەت ئاخۇن پۈتمىدىكى ئىشكەلنى شاراقلىتىپ، تا گۈندىخانىغا كىرىپ كەتكۈچە قاقاھلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى مىڭ پاتمان ئۇمۇتتەك مولليىرنىڭ بېشىغا ئۇرۇلدى.

گۈندىخانىدىن جانغا ئۆتكۈدەك تىل ـ ئاھانەت ئىشتىپ كەلگەن مولليىر ئىشخانىسىغا خامۇش ھالدا كىرىپ كەلگەندە، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن كىناتون بايىس بېشىنى سىلىپ دېۋاندا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھېيقىق كۈلدان سىگارت قالدۇقىغا تولغان بولۇپ، ئىشخانىدا كۆكۈچ ئىسلار لەيلەپ يۈرەتتى. كىناتوننىڭ ئەلپازىدىن يۈركى ئاغقان مولليىر ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— مەن سىېنى ساقلاپ تۇرغان، — كىناتون ئېغىر قاپاقلىرىنى كۆتۈردى، — ساڭا نېمىدەپ ئىزھار قىلىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن.

— تۇرقۇڭدىن قارىغاندا، ياخشى خەۋەر ئەمەستەك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ دەۋەرگىن، ئاڭلاپ بېقىپ بىرنېمە دېيىشەمدۇق.

مولليىر گۈندىخانىغا كەتكەندىن كېيىن، ئىشخانىغا بېشىغا ۋېنگىرىيەنىڭ قارا شىلەپىسىنى، ئۈچىسىغا رۇسىيەنىڭ كۆل رەڭ ياقىلىق سۇر رەڭ پەلتوسىنى كىيگەن سودىگەر سىياق بىر ئادەم ئۇزۇن قونچلۇق خۇرۇم ئۆتۈكىنى غاچىلدىتىپ كىرىپ

كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئالدىراش ئىكەنلىكى، قەشقەردىكى ئەنگلىيەنىڭ باش كونسۇلى ماكارتىنىنىڭ ھاۋالە قىلغان بىر پارچە خېتىنى ئالغاچ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇزاق ئولتۇرمىدى. ئۇ ئاغزى ئېچىلمىغان لىپاپىلىق خەتنى كىناتونغا تاپشۇرۇپلا چىقىپ كەتتى. كىناتون موللىبىرغا كەلگەن ھەرقانداق خەت ـ چەكنى ئېچىۋېرەتتى. شۇڭا ئۇ لىپاپىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەت بىلەن كېسىۋېلىنغان رۇس يېزىقىدىكى گېزىت پارچىسىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئورۇس يېزىقىنى بىلمىگەچكە، ماكارتىنىنىڭ خېتىنى ئوقۇغانسېرى كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، ھاسىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

ــ ئەبلەخلەر! ... ــ ۋارقىرىدى كىناتون قوللىرىنى شىلتىپ، ــ بۇ ... بۇ ... جىنايەتكە مېنى، قېيىنئىنىمنى ھېنرىنىمۇ چېتىۋالغىنىنى قارا! بىز ... بىز پەقەت قاراپ تۇردۇققۇ، خالاس!

ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان كىناتون، ئەينەك بوكالغا ئارقا ـ ئارقىدىن كانياك قۇيۇپ ئىچتى. تاماكىنى ئۇزۇلدۇرمەي چەكتى ... شۇنداقتىمۇ ئاچچىقى بېسىلماي تۇرغىنىدا موللىبىر قايتىپ كەلگەنىدى.

مىركامىل، مەۋلىد، توختىلارنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ رۇسىيە گېزىتىگە بېسىلغانلىقى ھەققىدىكى خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغان موللىبىرنىڭ پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ، چىرايى ئاقىرىپ، خۇددى قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان دەرەخ غولىغا ئوخشاپ قالدى. «بۇ كىمنىڭ زەھەرلىك قولى!» دېگەن سوئال ئۇنىڭ قارا كۆڭلىدە ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ

بىر دىنىلا تۇرپاندا قېچىپ كەتكەن پەتقۇللا رېھىمنى ئەسكە ئالدى. نېمىشقىمۇ بۇ دىۋاننى تەكلىماكاننىڭ ئۆزىدىلا مىركامىل، مەۋلىد، توختىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈتىپ قويىمىغان بولغىيتتى ! «سىر»نىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرى، تۇرپان قارىغوجا، سىڭگىم، سىم ـ سىم مىڭئۆيلىرىگە ئاپىرىپ يۇرگىچە بىرەر خارابىلىككە تىرىك كۆمۈۋەتسىچۇ! ئاشۇ قەلەندەرلەر ئۆيەر ـ بۇيەرلەردە يىلجىرلاپ يۈرمىگەن بولسا، بۇ يۈز تۆكۈلىدىغان، شان ـ شەرەپ بۇلغىنىدىغان ئاقىۋەت يۈز بېرەرمىدى؟

موللېرنىڭ گۇمان ھەم تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاڭلىغان كىناتون ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلۈپ قويدى. نېمىنى ئاران تېپىپ يەۋاتقان بىر ساۋاتسىز دېھقاننىڭ گەپلىرىگە كىم ئىشىنەر؟ ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاڭلاپلا قويىدۇ، خالاس ! رۇسىيە گېزىتىنىڭ ئايرىم ئىستونىدىن ئورۇن ئالغان بۇ خەۋەرنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم چوڭ ئەربابتىن بىرى بار. ئۇ بەلكىم كەسپىي جەھەتتىن رىقابەتلىشىۋاتقان ئادەم ! ...

كىناتوننىڭ پەرىزى بەرھەق ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. موللېر بىردىنىلا گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ، فون لىكوك ۋە باتاسلارنى ئەسكە ئالدى. ئۇلار موللېر بىلەن قارىغوجىدا خارابىلىك تالىشىپ قورال كۆتۈرۈپ قېلىشقا تاسلا قالغانىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشلەمچىلىرى، شۇ يەردىكى مۆتىۋەرلەر ئارىغا كىرىپ جېدەلنى ناھايىتى تەسلىكتە پەسكويغا چۈشۈرگەنىدى.

ـــ بىلدىم، ـــ دېدى موللېر مۇشتۇمىنى ئۈستەلگە ئۇرۇپ، ـــ بۇ فون لىكوك دېگەن قارا نىيەتنىڭ ئويۇنى. بىز تۇرپاندىن

كەتكەندىن كېيىن، پەتقۇللا رىيھىم چوقۇم شۇنىڭغا يالىنىپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسەن، فون لىكوك، باتاسلار رۇسىيە گېزىتىگە خەۋەر بەرگەن ...

— بۇ تەسەۋۋۇرلۇق ئەقىلگە سىغىدۇ، — دېدى كىناتون خىيالغا پاتقان هالدا، — پەتقۇللا رىيھىم دېگەن ئەبگارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماي قۇلاق تىنچىمايدۇ.

— كىناتون ئەپەندىم، قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئىشقا سەن بىر نېمە دېمىسەڭ، مېنىڭ ئەقلىم يەتمىدى.

— بۇنىڭغا باش كونسۇل ماكارتنېينىڭلا ئامالى بار، — كىناتون قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ كۇسۇرلىدى، — ئۇنىڭ ياۋروپادىن هىندىستانغىچە، هىندىستاندىن جۇڭگوغىچە بولغان شەهەر، ۋىلايەتلەرگە قولى يېتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرى ۋە ئايغاقچىلىرى كۆپ. بىر بېشارەت بىلەنلا پەتقۇللانىڭ ئىشىنى توغرىلايدۇ ...

— ئۇنداقتا بۈگۈن كېچىلا مەكتۇپ يېزىپ تەييارلايلى.

— هاجىتى يوق، بۇنداق زىل، نازۇك ئىشنى خەت ئارقىلىق يوللاش خەتەرلىك. بىرەر هەپتىنىڭ ئىچىدە يولغا چىقىمىز دەۋاتىمىز. هەممىنى ئۆز ئاغزىمىز بىلەن دەيلى ...

— سوقراتتەك كاللاڭ بار-دە، سېنىڭ ...

كارنىگ موللېر ماي ئايلىرىنىڭ چىرايلىق بىر ئەتىگەنلىكى، توپلىغان، سېتىۋالغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى 18 ئاتقا ئارتىپ يولغا چىقتى. بۇ قېتىم ماكارتنېينىڭمۇ ئالاهىدە قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تەييارلىدى. ئۇ 12 كۈندە قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ دوستى ماكارتنېينىڭ ئۆيىدە بىر هەپتە مېھمان بولۇپ،

كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى، بولۇپمۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپنى دېگەنىدى. ماكارتېنى ئۇنىڭغا:

— خاتىرجەم بول ئاغىنە، سېنىڭ تىرنىقىڭ كېسىلسە، مېنىڭ يۈرىكىم تىلىنىمادۇ ... ئۇ ئەبلەخنىڭ كاپ ـ كاپ ئاغزى چوقۇم توپا بىلەن تولسا، سەنمۇ ئەمىن تاپىسەن، — دەپ سىرلىق جاۋاب بەدى.

ماكارتېنىدىن كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشكەن مولليېر قەشقەردىن لوندونغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ جۇڭگو چېگراسىدىن چىققاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن هالدا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى:

— مەن غەلىبە قىلدىم! مەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم! ...

يا ھەزرەت! نەق شۇ دەقىقىدە ئىنايەت ئاخۇننىڭ ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا قاقاھلاپ كۈلگەن مەسخىرىلىك ئاۋازى جاراڭلاپ، گۇندىخانىغا ئىشكەلنى شاراقلىتىپ مەردانە كىتىۋاتقان سىياقى كۆز ئالدىدا ئايان بولدى! ... كارنىگ مولليېر شۇ هامان قازاق ئوفىتسېر سەييياھ چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مۇنۇ بىر كەلىمە سۆزىنى ئەسكە ئالدى:

«بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس ـ تۈگىمەس زورلۇق - زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھۇرۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىسىلا، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا

مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى»[1].

... ... ... ... ... ... ...

خەنجەرلىك قامچىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا دانىشنى يولغا سېلىشۇەتكەن كارنىگ موللېر كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە، تورۇسقا قاراپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە قىدىرىشنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئىنايەت ئاخۇننىڭ «سېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەر يۇتىدۇ ... » دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

راست! بىرىنچى قېتىملىق قىدىرىشتا مىركامىل، مەۋلىدلەر بىر تامچە سۇ ئۈچۈن ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئەگەر موللېر چاققانلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئېتىۋەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جەسىتى تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا قالغان بولاتتى.

ئىككىنچى قېتىملىق قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئىنايەت ئاخۇننىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى ... بۇ ئەقىل ــ پاراسەتلىك، چېچەن لوكچەك، ئەنگلىيە دۆلىتىنىڭ ئالىملىرىنى پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئالدىدا نومۇستىن ئۆلتۈردى ... بۇ ئۆلۈم قازايىقەدەر يېتىپ ئۆلگەندىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇق شەرمەندە ئۆلۈم ئىدى!

ئۈچىنچى قېتىم تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلغاندا، كارنىگ موللېرغا تۈن نىسپىدە، بىر قارا نىقابلىق ئادەم پىچاق ئۇردى. ئەگەر پىستە كۆچۈك قاۋاپ ئالدىن سىگنال بەرمىگەن بولسا، ئۇ

---

[1] چۇقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

يۈرىكىگە پىچاق يەپ قانغا چىلىشىپ قالغان بولاتتى !

بايلىق كويىدا بۇلاڭچىلىققا تويمىغان موللېر مانا تارىم ئويمانلىقىدىكى تەكلىماكانغا تۆتىنچى قېتىم كەلدى. ئېكسپېدىتسىيە ئۈچۈن ئەپلىك شارائىت قىش پەسلىنى تاللىغان موللېر زىمىستان قىشىنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ياتماقتا ... بۇ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟!

«سېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەر يۇتىدۇ!» دېگەن ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا بولۇپ ياڭرىغاندەك بولدى ...

موللېرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ تورۇسقا قادىلىپ قالدى ...

# توققۇزىنچى باب

دانىش بىلەن گۈلبادامنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىزدەۋاتقىنىغا بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئويلىغانلىرى ئۆزگىچە ئىدى. گۈلبادام: «قاپقىنىمنىڭ تەقدىرىنى كېيىن ئوغرىسى دانىش بىلىدۇ ... » دېگەن ئۈمىدتە ئۇنى ئىزدىسە، دانىش 15 تىللا كويىدا خەنجەرلىك قامچىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولاتتى. بۇگۈن قاراقاشتا ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازار كۈنى ئىدى. ئادەم، ئۇلاغ، ھەر خىل يارسىيار ھارۋىلار تېگىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان يەنە ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، بادام دوپپا، شاپاق دوپپا، تەلپەك، يۇزلەرگە ھەم تۇكلۇك مەيدىلەرگە قونۇپ، ئۇلارنى ھېلىلا گۆردىن چىققاندەك توپا چىراي قىلىۋەتكەنىدى. بازار بىر خىل شاۋ ـ شۇۋ، ۋارقىراش، تىللاش، بىر ـ بىرىنى ئۇنلۇك ئاۋازدا چاقىرىش، خېرىدار چىللاشلارغا تولغان بولۇپ، تەۋەككۈلدە نان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلار «ئىسسىق نان» دېسە، باققاللار «مەرۋايىتتەك ئۈزۈم، شاھ مانتىسى، شەربىتى قىيام» دەپ ۋارقىرىشاتتى. قىسقىسى، بازار رەستىلىرى قىيا ـ چىيا بىلەن ئاۋات ئىدى.

بۇگۈن چۈشكىچە گۈلبادامنى ئىزدىگەن دانىش رەستىلەرنى ئارىلا ـ ئارىلا ھەممىلا يەرگە بويۇنداپ، دوغاپ قاتارلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. دانىش شەربەتچى ئايالدىن بىر ھېجىر جىگدە شەربىتى ئېلىپ، پوتىسىدىكى زاغرىنى ئۇۋاپ

سالدى. ئاندىن ئۇ ھۆزۈرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى. بەك ئالدىراپ يېگەچكىمۇ، قېقىلىپ كېتىپ بېشىنى كۆتۈرگەنىدى، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى شەربەتچى ئايالنىڭ ئارقىسىدا قامچىسىنى تاسما كەمەرگە قىستۇرغان، كۆزلىرىدىن چېقىن چېقىۋاتقان گۈلبادامنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ خۇددى چېلىشقا چۈشىدىغان پالۋانلاردەك قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. دانىش مەڭدەپ قالغاندەك ئۈنىڭغا تەلۋىلەرچە ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالدى. ئۇ ئارانلا:

— سى ... سىلىكەنلا ... — دېيەلىدى.

— نېنىڭنى يەپ، شەربىتىڭنى ئىچىپ بول، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى گۈلبادام ئۇنى سەنلەپ، — شاپبول ...

— ما ... ماقۇل ...

دانىش ئاچال يولدىكى «سىلى»، «ئۆزلىرى»نىڭ ئورنىغا، قوپال سەنلەشلەرنىڭ ئالماشقانلىقىدىن سەل ئەندىكىپ قالدى. بۇ ئەلۋەتتە دوستلۇق، مېھرىبانلىقنىڭ دۈشمەنلىككە ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ھېچىردىكى ناننى شاپۇر - شۇپۇر يەپ، شەربەتنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى - دە، ھېچىرنى بىكارلىدى. ئۇ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن شەربەتچى ئايالنىڭ پۇلىنى بېرىپ ئورنىدىن تۇردى.

دانىش قىزدىن ئەيمىنگەن ھالدا، ئېگىلىپ سۇسقىنا تەزىم قىلدى. گۈلبادامىمۇ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى. ئاندىن بىرەر پىنھان جاينى ئىزدەپ، گۈلبادام ئالدىدا، ئۇ كەينىدە ماڭدى. ئۇلار كەلكۈندەك ئېقىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، قىستىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دانىش ئۇنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىزدەۋاتقانلىقى ھەققىدە

ئىغىز ئاچمىدى. قايناق بازار بارا ـ بارا ئارقىدا قېلىپ، ئادەملەر شالاڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار يول چېتىدىكى ئىگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەر دالدىسىدا توختىدى ـ دە، سۇسىز قۇرۇپ كەتكەن ئېرىقنىڭ قىرىدا ئولتۇردى. بىراق نېمە دېيىشىنى، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، ھەر ئىككىلىسى تىنىقى توختاپ قالغاندەك بىرھازا جىممىپ كەتتى. بۇ چاغدا ھاجەتمەن گۇلبادام بىر ئاز پەسكويغا چۈشكەن بولۇپ، گېپىنى سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن باشلىدى. چۈنكى، يىگىتنىڭ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىشى، ئۇنى: «نېمىلا بولسا، مۇسۇلماننىڭ بالىسى ـ دە ... » دېگەن ئويغا كەلتۈرگەنىدى.

— مەن سېنى ئۈچ كۈندىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن، — دېدى گۇلبادام كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، — نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— يوقسۇ، بىلمەيمەن، — دانىش چاندۇرمىدى. چۈنكى، ئۇ قىزنىڭ نېمە ۋەجدىن ئىزدىگەنلىكىنى سىنەكەپ بولغانىدى، — مېنى نېمىگە ئىزدىگەنلا؟

گۇلبادام ئىغىر ئۇھسىنغان ھالدا قاپقان توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى ھەم ئۆزىنىڭ 15 — 16 كۈندىن بېرى نۇرغۇن ھەرەج تارتقانلىقى، سۈرۈشتۈرمىگەن دەڭ، كارۋان ساراي، ئۆتەڭ، ئالدىغا ئۇچرىغان يولۇچىلار قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. دانىش بۇنىڭدىن بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كۆزلىرىنى قاچۇردى. چۈنكى، يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزسىلا 15 تىللا ئاللاھۇ ئەكبەرگە كېتەتتى. ئۇ بۇ تىللالار بىلەن بىر ئۆمۈر نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆمرىنى بەھۇزۇر راھەتتە

ئۆتكۈزەلەيتتى. بىراق، بۇمۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەستەك قىلاتتى. بۇ تىللالارنى ئالمىسا موللىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئىچىگە قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ كەتكەن «مەقسەت ـ نىشان»لىرىغا يېتەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ قىساس ئۇچۇن جېنىنى تىكىپ قويغان يىگىت ئىدى!

— بىر قاپقان ئۇچۇن نىمانچىلا ھەرەج تارتقانلىق، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن، — دېدى گۈلبادام يۈزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇ دېگەن نەچچە بوۋامدىن قالغان تەۋەررۈك. مەن ئۇنى تاپالمىسام بوۋىلىرىمنىڭ روھى قورۇنامدۇ؟

— بەلكىم ئۇلا ئەمەستۇ، — گۈلبادامنىڭ ئاچچىق تىللىرى دانىشنىڭ ئىسىدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى، — سىلى قەدىمكى نەرسىلەرنى ئەجدادلار روھى، ئۇنى ساتقانلىق ئەجدادلار روھىنى ساتقانلىق، ئۆزىمىزنى ساتقانلىق دەپ بىلىدىلا، شۇنداقمۇ دەيمەن؟

گۈلبادام ئىچىدە: «قارا بۇ كېپەن ئوغرىسىنىڭ يامانلىقىنى، ئەجەب ئىپىدە كەلتۈرۈپ چېقىۋالدا» دەپ ئويلىدى ـ دە، چاندۇرماي كۈلۈپ قويدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق ـ تە، — دانىش يانپاشقا چىققانىدى، — بەزى ئادەملەر ئازغىنە پۇلنى دەپ ئىمانىنى، غۇرۇرىنى، ۋىجدانىنى سېتىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ ئاغزىدا ئىمانى، دىلىدا خۇداسى بار مۇسۇلمانلارغۇ!

دانىش ئەنسىرەپ قالدى. بۇ قىزنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەرگەنلىكىدىن ئۆكۈندى. ئۇنىڭسىزمۇ دانىشنىڭ ۋىجدان ئازابلىرى، ئويلايدىغان ئاچچىق خىياللىرى، ئىچىنى ئۆرتەپ تۇرغان پىغانلىرى بار ئىدى. بۇ قىزنىڭ بىر سۆزى مىخ، يەنە

بىر سۆزى زىخ بولۇپ جاراھەتلىك يۈرىكىگە سانجىلىۋاتسا. بىراق قامچىنى قولغا چۇشۇرمىسە مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

ــ قاپقاننى تاپمىسىلا زادى بولمامدۇ؟ شۇنچىلىك ھەرەج تارتىشلىرىغا ئەرزىمدۇ؟ ئۇنىڭ يىتىپ كېتىشىمۇ بىر ئىرادىغۇا؟

ــ خۇدا ئادەمنى شۇنچىلىك ئۇلۇغ ياراتتى، سەۋەبى نېمە؟ــ قىزنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، ــ چۈنكى بەندە بالايىئاپەت، ھەربىر دىشۋارچىلىقلارغا چارە ـ تەدبىر ئىزدىگۈچى ھەم ئىزدەنگۈچى ! قانداقتۇر بىر لەنىتى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئوغرىلىق قىلدى. مەن بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرسام بولامدا؟ ئۇنداقتا ئىنساننى ئۇلۇغ ياراتقان خۇدا مەخپىرەت قىلارما؟ ...

دانىش بۇ قىزغا گەپ توشاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىش خۇددى ئاقتارمىلىقتا چالما تالاشقاندەك ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا، بۇ تەرسا قىزنى قاپقاننى تېپىپ بېرىش باھانىسىدە يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كېتىپ، ئەپلىك پۇرسەت چىققاندا خەنجەرلىك قامچىنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلمىسا، تەكلىماكانغا قانداق كىرەلەيدۇ؟ ئەگەر ئەجنەبىيىنىڭ مەيلىنى ئۇتالمىسا، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش بەسى مۇشكۇل ـ دە !

ــ ئەمىسە مەن ئوچۇق گەپنى قىلاي، ــ دانىش بېشىنى كۆتۈردى، ــ يەتتە ـ سەككىز كۈنلۈك قۇملۇق ئىچىدە «ياپسال كارۋان» سارىيى بار. ئۇ يەردىن ئاتلىق ئىككى كۈن ماڭسا بۇگۇر يېڭىسار دېگەن يۇرتقا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ساراي ئەجنەبىيلەرنىڭ ئاساسلىق تۇرالغۇسى، پۈتۈنلەي ئوۋچىلىقتا ئائىت قورال‌لار

سېتىلىدۇ.

— ئۇنداقتا، قاپقانلارمۇ شۇ يەردە سېتىلىدىكەن ـ دە؟

— ھەر خىل قاپقانلار دېسىلە، — دانىشنىڭ كۆزلىرى نەگىدۇر تىكىلىپ قالغانىدى، — ئالايلى، تۆمۈر قاپقان، مۇڭگۈز قاپقان، تاپانتۇزاق، قىلتاق، تور، چەتمەك، باسماق، كەپتەر، ئۆردەك، توشقان قىسماقلىرى، سوغان، مىلتىق، چوڭ ھەم يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئاتىدىغان ئۇچار نەيزە، ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىت ـ قۇشلارغىچە شۇ يەردىن تېپىلىدۇ. ئوۋچىلىق قەدىمكى قوراللىرىغا ھېرىسمەن ئەجنەبىيلەر، بايلار، كەسپىي ئوۋچىلار شۇ يەرگە توپلىنىشىدۇ.

— مېنىڭ قاپقىنىممۇ شۇ يەردىن تاپقىلى بولىدۇ، دېمەكچىمۇسەن؟

— ھۆددە قىلالمايمەن، ئەمما قەدىمكى ئوۋچىلىق قوراللىرى ئۇ يەردە قىممەت باھادا سېتىلىدۇ. ئېھتىمال قاپقانلىرىنىڭ خەۋىرى شۇ يەردىن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— ئاكا، مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بارغان بولساڭ، — يىلىندى گۈلبادام، — بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭنى قىلسامىمۇ مەيلى، بۇ قۇرۇق گەپكە چىنىپۇتمىسەڭ، ئۆيۈمدىكى ئالا ئات، كالا، ئۆچكىلىرىمنى سېتىپ ھەققىڭنى بېرەي.

— بولمايدۇ، مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈم يوق، — دېدى دانىش نېزىقىغان بولۇپ، — ئاش ـ ئوزۇق تۈگەپ كەتسە ناھايىتى خەتەرلىك، بولۇپمۇ سۇ قالمىسا ئەجەل يېنىمىزدىلا.

— ئاش ـ ئوزۇق، سۇنى يېتەرلىك ئالساق، تېجەپ ئىشلەتسەك بولىدىغۇ.

— ئاتلارچۇ؟ — دانىشنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، —

يـەم ـ خەشەك، تۇلـۇملار ئارتىـلغان ئـاتـلار قۇملـۇقـتا ئاسـانـلا هالـىدىن كېتىدۇ.

— خـۇدا مەدەت بېرىـدۇ ئاكا، — گۇلـبادامنىـڭ ئاغزىـدىـن «ئاكا» دېگەن گەپ ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشى، دانىش لەپپـىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— مەن سىلـىدىن بىر ئىشنـى سوراي، خاپا بـولسىلا جـاۋاب بـەرمىسىلـىمۇ بـولىدۇ، — دانىـش تۇنجى قـېتىـم گـۇلبادامـغـا تىكىلىپ قارىدى، — ئىسىم ـ شەرىپىلىرى كىم بولىدۇ؟

دانىشنى ھېلىمۇ كېپەن ئوغرىسى دەپ بىلىدىغان گۇلبـادام «بىـر ئوغرى سايـاق»قا ئىسىمىنى دېگۈسى كـەلـمىدى ھـەم ھـار ئالدى. ئەمما ئۇ ھازىر ئۇنىڭغا ھاجەتمەن بولـۇپ يېلـىنىۋاتسـا، ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇرغانىنىڭ گۇلبادامغا ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بوۋىسى ئابدۇللانىـڭ «كۆز تەگمىسۇن» ئۇچـۇن سەتلەپ چاقىرىدىغان ئىسمىنى دېيىشنى لايىق تاپتى:

— مېنىـڭ ئىسمىم بادىمەك ...

— نېمە؟— دانىشنىـڭ كۆزلىرى چىمچىقـلاپ كەتتى،— بـۇ ... بۇ قانداق ئىسىم بولـۇپ كەتتى ئەمدى؟ ... مېنى كەچۈرسىلە.

— ئاتا ـ ئانام بىر تال قىزىمىزغا كۆز تېگىپ كـەتمىسۇن دەپ ئاشۇنداق غەلىتە، سەت ئىسىمنى قويۇپتىكەن.

— بۇمۇ بار گەپ. ئاتا ـ بوۋىلار پەرزەنتلىرىنىڭ جېنىنىـڭ مەھكـەم بولۇشىـنى، ئۇزاق ئۆمـۈر كۆرۈشىـنى تىلـەپ: «پـولات، تۆمۈر، تاشپولات، تاشتۆمۈر، ئالماس، ئالتۇن» قـويۇشقان. كـۆز تەگمـىسۇن ئـۇچـۇن «چاۋار، پاسـار، يـانتاق، ئـەخـلەت، پالـتـا، سۈپۈرگـە، چـورۇق، كېپـەك، تـوقا، بـوسۇغـا» دېگـەنـدەك سـەت ئىسىملارنىمۇ قويۇپتىكەن.

— بۇ خۇددى قىلىقسىز مىۋە بەرگەن ئۈزۈم باراڭلىرىغا ئات، ئېشەك، تۈگىلەرنىڭ باش سۆڭگىكىنى ئېسىپ قويغاندەكلا بىر ئىش.

ئىسىم توغرۇلۇق گەپ چىقىشى، ئۇلار ئىچكى توقۇنۇشلارنى ئۇنتۇغان ھالدا پاراڭلىشىپ كەتتى. بۇ تەبىئىي ئۇلانغان سۆھبەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توڭنى ئاز - تولا ئېرىتتى.

— ئەمىسە دانىش، بۈگۈنلا ئاتلارغا يەم - خەشەك، ئۆزىمىزگە ئاش - ئوزۇق ئالايلى، — گۈلبادام يېنىككىنە تىن ئالدى، — ئاندىن تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقساق قانداق؟

— قارىسىلا بادىمەك ئايىم، مەن تېخى «ماقۇل» دېمىدىم جۇمۇسىلا ...

— ۋاي - ۋۇي، نېمانداق تۇتامىڭ يوق نېمىسەن؟ قىز بالا تۇرۇپ مەن قورقمىسام، خوتۇن كىشىدەك مىجەزىڭ زەئىپ نېمىكەنسىنا! سېنىڭ نەرىڭ ئەر ... قامىتىڭ بۈركۈتتەك بولغىنى بىلەن پاقا ئالالمايدىغان سارىدەك شىجائىتىڭ يوقكەن ...

— ۋاي ... ۋاي ... ۋاي، بولدى باراي، بارسام بولىدىغاندۇ؟ — دانىش ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — خوتۇن كىشى مىجەز، نەرىڭ ئەر، پاقا ئالالمايدىغان سار ... بۇ، بۇ نېمانداق سېسىق گەپلەر ... ياپىرەي، ئاغزى بالايىئاپەتكىنا بۇ قىزنىڭ ...

گۈلبادام تەتۈر قاراپ كۈلۈۋەتتى. يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن، تېرىكىشلىرىدىن ساددىلىقى ھەم ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇ شاللاق، بۇزۇق، پوخورلۇقلاردىن خالىي ئىدى. تېخى يەنە ئۇنىڭ توم، قارا قاشلىرىغا، چىرايلىق چوڭ كۆزلىرىگە، قاڭشارلىق بۇرنى يارىشىپ تۇرغان چاسا يۈزلىرىگە بىر خىل سەممىيلىك يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. دانىشنىڭ يات

بىراۋلار ئۇچۇن بۇنداق ئىچىر ۋە خەتەرلىك ئۇزۇن سەپەرگە رازىلىق بىلدۈرگىنىدىن مەمنۇن بولغان گۈلبادام بىردىنلا ئۇنى «سىز»لەپ گەپ قىلغىنىنى ئۆزىگە بىلىنمىدى.

— ئۆيىڭىز نەدە؟

— مېنىڭ بۇ يەردە ئۆيۈم يوق، دەڭدە ياتىمەن.

— قايسى دەڭدە؟

— «سادىر قاشلىق» دېگىندە.

— مەنمۇ شۇ دەڭگە چۈشكەن.

ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە بازار ئايلىنىپ، ئاش - ئوزۇق، يەم - خەشەك ئېلىپ دەڭگە قايتىپ كېلىشتى. ئىككىلىسى ئاتلىرىنى «سوۋۇتۇپ» كوچا ئايلاندۇردى. شەھەر سىرتىدىكى يېيىلىپ ئاقىدىغان ئۆستەڭگە ئاپىرىپ يۇدى. تۆمۈر تارغاقتا ئاتلارنىڭ بويۇن، ساغرا، پاقالچاقلىرىنى تاراپ، ھەر خىل چاققاق، قان شورايدىغان ھاشاراتلارنى تازىلىدى. ئۆزىگە شالاقلاپ چېچىلىۋاتقان سوغۇق سۇدىن ھۇزۇرلىنىپ كەتكەن ئاتلار: «خويمۇ بەلەن ئىش قىلدىڭلار» دېگەندەك پۇشقۇرۇشۇپ، كالتە - كالتە كىشنەپ قوياتتى.

ئەتتارلارنىڭ ساندۇقىدىن ئۈنچە - مارجان، دۇر - گۆھەرلەر تۆكۈلۈپ كەتكەندەك، قاراقاش ئاسمىنى چاراقلىغان يۇلتۇزلار بىلەن تولدى. ئاسماننىڭ يىراق بىر يېرىدە، ساھىبجامالللارنىڭ قېشىغا ئوخشايدىغان ئاي ئورغىقى پەسلەرگە قاراپ تۇراتتى. نەدىندۇر ئاڭلانغان قېرى مەزىننىڭ بوغۇق ۋە قايغۇلۇق ئەزان ئاۋازى كۆڭۈللەرنى مىسكىن ئويلارغا سالاتتى. كۈزنىڭ ئاچچىق شاملى يۈزلەرنى چېقىپ تۇرغىنى بىلەن تەنلەرگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى.

دانىش بىلەن گۈلبادام دەڭگە قايتىپ كەلدى - دە، ئاتلىرىنى

ئوقۇرغا باغلىدى.

— بولدى سىلى كىرىپ بالدۇرراق ياتسىلا، ئەتىكى تۈنجى سەپەر ئېغىرراق بولىدۇ، — دېدى دانىش گۈلبادامغا قارىمايلا، — مەن ئاتلارغا بوغۇز بېرىپ، ئوقۇرغا ئوت سېلىۋېتىپ ئاندىن ياتىمەن.

ئەتىسى تاڭ سەھەر نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاتقا ئارتىپ يولغا چىققان گۈلبادام بىلەن دانىش، جىمجىت توپىلاڭ كوچىلاردىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولغاچقىمۇ ئۈن - تىنسىز كېتىپ باراتتى. دانىش «ياپسال كارۋان» سارىيىغا بېرىش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدىلا خەنجەر قامچىنى ئوغرىلاپ، قاراقاشقا قايتىشنى ئويلايتتى. چۈنكى، بەكرەك سوغۇق چۈشكەن ھامان كارنىگ موللىبىر ئەترىتى تەكلىماكانغا تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە يۈرۈشنى باشلايتتى. ئەگەر ئۇلار كېتىپ قېلىپ ئارقىدىن قوغلاپ بارغىنىدا، ئەزەلدىنلا گۇمان نۇقتىسى بولۇپ قالغان دانىش موللىبىرنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تىنچ ياتقان يىلاننى سەگەكلەشتۈرۈپ قوياتتى. شۇڭا، ئۇ يول بويى خەنجەر قامچىنى پاتراق، قانداق ئۇسۇلدا قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار قاراقاش دىيارىغا كىرىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا «ئاچچىق بۇيا» ئۆتىڭىگە كۈن قايرىلغان مەزگىلدە يېتىپ كەلدى. ئۈن نەچچە كۈن ئىلگىرى دانىش ئاچال يول ئېغىزىدا گۈلبادامنى يولغا سېلىپ قويغان قونالغۇ شۇ ئىدى.

— بادىمەك ئايىم، — دېدى دانىش ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى سىيرىپ، — مۇشۇ ئۆتەڭ ئىچىدە بىر تۈل خوتۇن قېتىق

ساتىدۇ. بىرەر غىدىردىن ئىچىپ قورساقنى ئەستەرلىۋالساق قانداق؟ ئاتلارنىڭمۇ قارنى ئىچىگە تارتىلدى.

— بولىدۇ، ئەمما ھايال بولمايلى.

ئۇلار دەرۋازا ئورنىدا قاغجىراپ كەتكەن ئوچۇق غارالدىن ئايلىنىپ كىرىپ ئاتتىن چۈشتى. ئىككى تەرىپىدە پاكار مۇساپىرخانىلار، ئۇدۇلدا مال ئىغىلى غىرىبسىنىپ تۇرغان كۆرۈمسىز ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق بولۇپ، تىك موما ياغاچقا بېكىتىلگەن ئۇزۇن بادرا ياغاچ ئارقىلىق سۇ تارتىلاتتى. بادرىنىڭ چوڭ بېشىغا بىر خالتا قۇم باغلىنىپ، يەنە بىر كىچىك ئۇچىدىكى ئۇزۇن زەنجىردە بىر دانە چەمبەرلەنگەن ياغاچ تۇڭ بار ئىدى. كونىلار ئۇنى «تارتما قۇدۇق، موما قۇدۇق» دەپ ئاتىشاتتى.

دانىش ئىككى ئاتنىڭ بېشىغا بوغۇز سېلىنغان توۋرىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ، گۈلبادامنى باشلىدى ـ دە، ئەڭ چەتتىكى ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق كىچىك ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۆمۈر بويى چاچلىرى تارغاق كۆرمەي، كاللەكلىشىپ كەتكەن تۇل خوتۇن كىر ھەم مەينەت قوللىرىدا ئۇلارغا ئىككى ئاياق قېتىق ئۇزاتتى. دانىش بىلەن گۈلبادام خۇرجۇنلىرىدىكى زاغرا ھەم ئارپا كۆمەچلىرىنى ئېلىپ ئوشتۇپ سالدى. ئاندىن ياغاچ قوشۇقتا بىر چەتتىن ئويۇپ يېيىشكە باشلىدى.

ئۇلار بىر قورساق قېتىق ۋە نانلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن تۇل خوتۇن ھاڭگىي دەرىخنىڭ ياغىچىدا ياسالغان ياغاچ چۆمۈچتە، ئۇلارنىڭ ئاياقلىرىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. قېتىق يۇقى ۋە نان ئۇۋاقلىرى ئارىلاشقان بەدرەڭ ئاقۇچ سۇ كىر يۇندىسىغىلا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇلار بىر كۆتۈرۈپلا غورتۇلدىتىپ ئىچىپ ئاياقلارنى قۇرۇقداپ قويدى.

گۈلبادام قانداقتۇر سىرلىق بىر شەپىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپمۇ، ئارام ئالغاندىمۇ دانىشنىڭ پات ـ پات خەنجەرلىك قامچىغا قارىغانلىقى ئۈتكۈر نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ تاسما كەمەرگە قىستۇرۇلغان قامچىغا تىكىلىپ قالغانىدى.

ــ دانىش ئاكا، قامچامغا كۆزىڭىز چۈشۈپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ ــ دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، ــ يولدا كەلگىچىمۇ پات ـ پات قاراپ قويىسىز.

ــ يا، ياق، مۇنداقلا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويدۇم شۇ، ــ دانىش ئىچىدە يا ھەزرەت، نېمىدېگەن ھوشيار نېمە بۇ، دەپ ئويلىدى، ــ قامچىڭىزنىڭ سىرىنى بىلگەن ھەرقانداق ئادەم قىزىقىسىنىپ قارىغۇسى كېلىدۇ.

ئۇلار شۇ كۈنى ئاتلىرىنى تۈنجى كۈنىلا كاردىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، سالقىن ھەيدەپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. شۇڭا ئىككى ئاچماق ئاچال يولدىن ئۆتۈپ گۈلبادام بىر كېچە تۈنىگەن قۇم دۆڭلۈكىگە كەلگىچە، ئېغىر ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. دانىش قۇرۇغان يۇلغۇن شاخلىرىنى، قاقشال بەقەملەرنى يىغىپ كېلىپ گۈلخان ياقتى. قاراقاش بازىرىدىن سېتىۋالغان كىچىككىنە مىس چۆگۈننى چوغ ئۈستىگە قويۇپ چاي قايناتتى. دورا چاينىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئەسلىرىگە سالدى.

يەم ـ خەشەكنىڭ بالدۇرلا تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن دانىش ئىككى ئاتنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئالدى پۇتلىرىنى چۇشەپ، پەستىكى يۇلغۇنلۇققا ئوتلاشقا

قويۇۋەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى سەپەرداش ھۇزۇرلىنىپ چاي ئىچىشتى. دانىش گۈلبادام گەپ قىلمىغىچە ئېغىز ئاچمايتتى. پەقەت نەلەرگىدۇر قاراپ چاي ئىچەتتى. گۈلخانغا ئوتتۇن تاشلايتتى ياكى خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمىگەن گۈلبادام ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلاتتى. راست، دانىش ئەجنەبىيلەرگە سېتىپ بېرىۋاتقان يادىكارلىقلارنى قەيەردىن ئەكېلىدىغاندۇ؟ خارابىلىكلەرنى كولىمىسا، قەبرىلەرنى تىلغاپ ئاچمىسا، ئوغرىلىق قىلمىسا، ئۇ نەرسىلەر نەدىن كېلىدۇ؟ بۇ ئەجەب ئاغزى چىڭ، دىمىقتى ئادەمكىنا! ھېلىقى ئەجنەبىينىڭ «سېنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭگە باشقىلاردىن نەچچە باراۋەر ئارتۇق ھەق بېرىۋاتىمەن» دېگىنىگە قارىغاندا، دانىش ئۇنىڭ خېلىلا ئىشەنچلىك ئادىمى بولسا كېرەك. توغرا، ھېلىقى يېشىل كۆز، سېرىق چاچ ئالۋاستى «بىر يىلدەك خىزمىتىمدە بولغانلىقىڭ ئۈچۈن» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلغاندەك قىلدى. دانىش ئۇ ئەبلەخنىڭ قاچانلاردا خىزمىتىنى قىلغان بولغىيتتى؟ ئەجەب - ھە، ئەجنەبىينىڭ پات - پات بېرىپ تۇرىدىغان پۇلىغا دەندەپ قالغان بۇ غۇرۇرسىز ئادەم، گۈلبادامدەك ناتونۇش قىزنىڭ قاراسى بولمىغان قاپقان ئىزدىشىگە كېتىۋاتسىدۇ. ئۇنىڭ يەنە باشقا زەھەرلىك ئوي - خىياللىرى بارمۇ - يوق؟ ئەگەر ئۇ گۈلبادامغا ئىشتىياق باغلاپ، «ئىزىغا چۈشتى» دەپ پەرەز قىلغاندا، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ھەرىكىتى، چىرايلىرىدا ھېچقانداق كۆڭۈلگە تالىق سىرلىق ئالامەتلەر كۆرۈلمىسە! دانىش زادى قانداق يىگىت؟ ئۇ گۈلبادامغا ھىممەت قولىنى خالىس سۇنۇۋاتامدۇ ياكى غەرەزلىكمۇ؟!

— دانىش ئاكا، خوتۇن - بالىلىرىڭىزنى سېغىنىدىڭىزمۇ؟ —

گۈلبادام سىنچى كۆزلىرىدە قارىدى، — مەن سىزنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىۋاتىمەن، شۇنداقمۇ؟

— يوقسۇ، — دانىش گۈلخان ئوتىنى چۇخچىلىغاچ جاۋاب بەردى، — مەن بويتاق ئادەممەن.

— نىمە، ئايالىڭىزغا بىر ئىش بولغانمىدى؟

— ئۆيلەنمىسەم، ئايالىم نېمىش قىلسۇن.

— ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىڭىزچۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئاغرىقچان، شۇلارنى باقىمەن، داۋالىتىمەن دەپ باشقىلارنىڭ سىيىق گېپىنى ئاڭلاپ يۈرمەمدىم.

گۈلبادامنىڭ قىزارغىنى ئۆزىگە بىلىندى. دانىش ئىككى ئاجىز قېرىنى بېقىش، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى تېۋىپ، ھۆكۈمالارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن نائىلاج مۇشۇ يولغا كىرىپتىكەن، دېگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكەندە، ئۇ قىلغان گەپلىرىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا يەنىلا دەرگۇماندا بولۇپ تۇراتتى:

— ھەيرانمەن، مەندەك ناتونۇش قىزغا ئەجەب ياردەم قىلغىڭىز كېلىپ قالدىغۇ؟

— قىزىق گەپ بولدى ـ دە، بۇ، — دانىش قولىدىكى ئوت كوچىلاۋاتقان ياغاچنى گۈلخانغا ئاچچىقى بىلەن تاشلىۋەتتى، — مېنى سىلىنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار دەملا؟ ئۆزلىرى يالغۇزدىلا، ئۇنىمىسام دۇنيادىكى سەت گەپنىڭ ھەممىنى قىلدىلا، تېخى يىغلاپ ئادەمنى بىئارام قىلىشلىرىچۇ ... بىلىپ قويسىلا، مەن مەزلۇم خەقنىڭ كۆز يېشىغا چىدىيالمايمەن ... بولدى مەن كېتەي.

دانىش پېشىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇرۇشى، گۇلبادام ئۇنىڭ بېلىدىكى سەيلىسىنى قامالىلىۋالدى ھەم خىجىللىق بىلەن ئۆزرە سورىدى:

— بولدى خاپا بولماڭ، مەندىن سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا، ئۆز سىڭلىڭىز ئورنىدا كۆرۈپ كەچۈرۈۋېتىڭ. مېنى مۇشۇ جەزىرىگە يالغۇز تاشلىۋېتىپ كېتىشكە كۆڭلىڭىز قىيارمۇ؟

— بولدى ئۇخلايلى، تاڭ سوزۇلۇشكىمۇ ئاز قالدى، — دانىش كۇنچىقىش تەرەپكە نەزەر تاشلىدى، — ئەتە سەھەر يولغا چىقماي بولمايدۇ، مەن ئاتلارنىڭ قېشىدا ياتاي.

دانىش لوڭ ـ لوڭ چامداپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. گۇلبادام «قەھرىسىز ئەر ئەر ئەمەس» دېگەن تەمسىلنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ گۇلخان ئەتراپىدىكى شاخ ـ ئوتۇنلارنى ئوتقا تاشلاپ، خۇرجۇندىكى ئاق لىباس بىلەن داكا رومالنى ئالدى ـ دە، قولاق قېقىپ ناماز باشلىدى. يۇلغۇن تۈۋىدە تونىنى غېرىبچە يېپىنىپ ياتقان دانىش ئۇچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈۋاتقان گۇلخان تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭغا ناماز ئۆتەۋاتقان قىزنىڭ سىماسى، بەجايىكى ئاق لىباس، ئاق رومالىق پەرىزاتتەك كۆرۈندى. بىراق، بادىمەكىنىڭ ئۆزىگە پەقەتلا ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاچچىق تىل، زەھەردەك تەنلىرىنى ھار ئالغان دانىش ئۇنىڭدىن پاتراق ئايرىلىشنى ئويلىدى.

ئارىدىن خېلى ئۆتتى. لېكىن دانىش ئۇخلىمىدى. كۆيۈۋاتقان گۇلخانمۇ ئۆچۈپ ئۇنىڭدىن كۆكۈچ ئىس ئېرىنچەكلىك بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا قىزنىڭ بوش پۇشۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. دانىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئولتۇردى ـ دە ئەتراپقا نەزەر سالدى. تىلسىملىق چۆل

سۆكۈناتقا چۆمگەنىدى. كەسلەنچۈك، پاتمىچۇقلارنىڭ كىتىرلاشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. پەقەت ھۇۋقۇشنىڭ يۈرەكلەرنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان شۇم ھۇۋلاشلىرى ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىپ قالاتتى.

دانىش دۆڭگە قاراپ ئۆمىلىدى. ئۇ بايا خەنجەرلىك قامچىنىڭ تاسما بەلباغقا قىستۇرۇلغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدى. لىباسنى يېپىنچا قىلىۋالغان گۇلبادام خۇرجۇنغا بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. تىن چىقارماي قاراپ تۇرغان دانىش تىزلانغىنىچە ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشتى ـ دە، قامچىغا قول ئۇزاتتى.

— بەك ئېھتىيات قىلىڭ، — دانىش قىزنىڭ قىمىرلاپمۇ قويماي قىلغان سۆزىدىن چۆچۈپ قولىنى دەرھال تارتىۋالدى، — مېڭىمىزنىڭ قېتىقى ئۇستۇمنى بۇلغىۋەتمىسۇن ...

دانىش شۇ چاغدىلا ئەجەل ئاغزىنىڭ چېكىسىگە تىرىلىپ، قىزنىڭ بارماقلىرى مىلتىقنىڭ تەپكىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى ... ئۇ نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ كەتتى ... ئۇ دۇدۇقلىغانچە:

— مەن ... مەن ... گۇلخان ئۆچۈپ قاپتىكەن، ئۇستىگە ئوتۇن تاشلاي دەپ كەلگەنىدىم ... قامچىڭىزنى كۆرۈپ باققۇم كېلىپ ... — دېدى.

— مەڭ، كۆرۈپ بېقىڭ، — گۇلبادام ئولتۇرغىنىچە قامچىنى ئۇنىڭغا سۇندى، — يولغا چىققاندىن بېرى ئۇنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم ...

«نىيىتىڭىز» سۆزىنىڭ قەستەن يۇقىرى ئاۋازدا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى، دانىشنى ئېيتقۇسىز ئوسال ئەھۋالدا

قالدۇرغان بولسا، قىزنىڭ تولىمۇ چېچەن، ئەقىللىك، ھوشيارلىقى جاسارىتىدىن دېرەك بېرەتتى. مىلتىق ئىستوۋۇلىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىدىن قورققان دانىش قامچىنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەن كېتەي، كەچۈرسىلە، ئۆيقۇلىرىنى بۇزۇۋەتتىم.

— يوقسۇ، مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا قۇرت مىدىرلىسىمۇ تۇيۇپ ياتىدىغان ئەسكى ئادىتىم بار ...

— بۇ ... بۇنى ئەسكى ئادەت دېگىلى بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ـ تە، مانا سىزگە قامچىنى كۆرۈشكىمۇ ئىجازەت بەرمىگەن بۇنداق ئۇيقۇنى ياخشى دېگىلى بولماس ؟!

دانىش ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، بېلىدىكى سەيلىدە پېشانىلىرىنى سۈرتتى. چۈنكى، ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى. شۇنچە سىرلىق ۋە تىۋىشسىز ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق رەسۋالىق بىلەن ئاياغلىشىشىنى ئويلىمىغان دانىش ئاستا پىچىرلىدى:

— ئۇ، چېقىلغىلى بولمايدىغان ئادەم سىياقىدىكى ئالۋاستى ئىكەن ! غەيرىي غەرەزدىكى بىر ئەر كېچىكى تۈندە يېنىغا كەلسە، ئۇ نە قورققاي، نە تەمتىرىگەي ... ياكى ھودۇققاي ... بۇنداق جاسارەت ھەم تۇرگۇنلۇك پىشقان، يېتىلگەن، ئۆزىگە ئىشەنگەن باتۇرلاردىلا بولۇشى مۇمكىن !

# ئونىنچى باب

كارنىگ موللېر ئىشخانىسىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان سىرلىق قاپقان بىلەن جەينەكچىلىك كېلىدىغان بىر قەدىمكى ھەيكەلنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ قاپقاننىڭ ھەممە يېرىنى تەكشۈرۈپ، سىلاپ كۆرۈپ ئېچىلىدىغان بىرەر يېرىنى تاپالمىدى. ئۇ ئېچىلمىغانىكەن ئۇنى قۇرغىلىمۇ بولمايتتى. بىراق، قاپقاننىڭ قاسقان، ئىلمەك ۋە باشقا يەرلىرىدىكى قاپارتما نەقىش گۈللەر، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىدىن قارىغاندا 17 ـ ئەسىردىكى رەسساملىق ئۇسۇللىرىغا چۈشەتتى. ئۇ ئاخىر زېرىكىپ قاپقاننى بىر چەتكە قويدى ـ دە، ھەيكەلنى قولىغا ئېلىپ لوپا ئەينەكنى يېقىن ئېلىپ كەلدى. ھەيكەلنىڭ مۈشتۈمدەك بېشىغا ئېگىز تۇرتەكلىۋالغان نەرسە چاچمۇ ياكى سەللىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى، قوشۇما قاشلىرى، قوشقار مۈڭگۈزىدەك قايرىلغان بۇرۇتلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئەجدادلىرىنى ئەسكە سالاتتى. ھەيران قالارلىق يېرى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۇزۇن سوزۇلغان يايسىمان بويىنىنىڭ ئۇچى سۇ كالىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەيكەلنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ ئالدىدىكى بۇددىزىم دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلا ئىدى.

كارنىگ موللېر بۇ ئىككى قەدىمكى يادىكارلىقنى راسا قىزىقسىنىپ كۆرۈۋاتقاندا، ئىشخانىغا كىناتون بايس كىرىپ

كەلدى. بۇ شەھۋەتخور ئادەم «ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، بىرنەچچە كۈن كۆڭۈل ئېچىپ كېلەي» دەپ خوتەن ئىلچىغا كېتىپ، مانا ئەمدى يېرىم ئاينىڭ قارىسىنى ئالغاندىلا قايتىپ كەلگەنىدى.

— شەرقلىق ئاياللار تولىمۇ خۇلقلىق، ناز ـ كەرەشمىسى تولا كېلىدۇ، — دېدى موللىبىر چاقچاق قىلىپ، — كۆز قىيماق تەس كەلدىمۇ ـ نېمە؟

— قوي ھەزىلىڭنى، كۆڭلۈم پاراكەندە، — كىناتون ئۈستەلدىكى نەرسىلەرگە قىيا كۆزىدە قاراپ قويدى، — بۇ قاپقان بىلەن ھەيكەلنى ھېلىقى دانىش دېگەن ئەبلەخ ئەكەلگەنغۇ دەيمەن. ئۇ ھازىر قارىسىنى كۆرسەتمەسلا بولۇپ كەتتىغۇ؟

— سەن خوتەنگە كەتكەندە ئۇ كەپتىكەن. مەن ئۇنى بىر ۋەزىپە بىلەن يولغا سالدىم.

— ۋەزىپە؟ — كىناتون دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، — قانداق ۋەزىپە ئۇ؟

موللىبىر خەنجەرلىك قامچا ھەققىدە ھەۋەسلەنگەن ھالدا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋر ئۇۋچىلىق مەدەنىيىتىدىكى بىر گۆھەر ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي تەرىپلەپ كەتتى. لېكىن، گەپلىرىنىڭ كىناتونغا ياقمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن موللىبىر ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سالدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ كۆڭلۈم پاراكەندە دېگىنىڭگە قارىغاندا، بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ ـ قانداق؟

— سوغۇقمۇ چۈشتى، — كىناتوننىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى، — ئەمدى دەرھال تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەنى باشلاپ، ئالدىغاننى ئېلىپ تېزرەك كېتەيلى، مەن سەل ئەنسىرەپ قالدىم.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا ئىكەنلىكىنى سورىما، بىرەر كېلىشمەسلىك چىقىدىغاندەكلا، كۆڭلۈم ئۆيۈپ تۇرىدۇ.

— ئادەمنى ئەنسىزچىلىككە سالماي، نېمە ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىڭ بولسا دېمەمسەن؟

كىناتون بايس بۇ قېتىم شەھەرگە كىرىپ ھىندىستاندىن ئۆسۈملۈك دورىلىرى، قىممەت باھالىق گۆھەر، ئىنجۇ - يالتىراقلارنى ئېلىپ كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن تونۇشالىدىكى بىر باينىڭ ئارامگاھىدا بىللە بولۇپ قالدى. سورۇن ئارىلىقلىرىدا ئۇلار بىلەن كالكۇتتا ۋە لوندون ھەققىدە پاراڭلىشىپ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. چۈنكى، لوندوندىكى بەزى قەلەم ساھىبلىرى، يىرىك زىيالىيلار، شەرقپەرەسلەر، جۇڭگولۇق مۇھاجىر ئالىملار، جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارى ۋە گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي رايونلىرىدا ئارخېئولوگ تونىنى كىيىۋالغان چەت ئەللىكلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە نىقابى ئاستىدا قەدىمكى يادىكارلىقلارنى، ئېسىل، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى تالان - تاراج قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە گېزىت - ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ھەر خىل ئەنجۇمەنلەردە سۆزلەپ خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. بۇ ھەقتە ئۆز نەرسىلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن، توسمىغان ھەتتا ئۇلارغا ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن جۇڭگو دائىرىلىرىنىمۇ كېلىشتۈرۈپ قامچىلىغانىدى.

— مەن ھېلىقى سودىگەرلەر ئالغاچ كەلگەن گېزىت - ژۇرناللارنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى كىناتون ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ناھايىتى قاتتىق گەپلەر بار، كەچتە كۆرۈپ باقارسەن.

— مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئوچۇق ئەيىبلەپتىما؟ —

موللىر غورتتىدا يوتوندى، ــ سەنغو كىچىككىنە ئىشلارنىمو بەك موبالىغە قىلىۋېتىسەن.

ــ نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، ئادەمنى تىرىك تۇرغۇزۇپ جىنىنى ئالىدىغان تىللار بار، ــ كىناتون ئاچچىقىدا ئوقۇغان، ئاڭلىغانلىرىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، ــ جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ بىر پىروفېسسورى گېزىتكە: «جۇڭگولۇقلار چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار ئىچىدە ئەڭ پەسكەش، ئەڭ نومۇسسىز ئادەم كارنىگ موللىر، ئۇنىڭدىن قالسا فىرانسىيەلىك پىروفېسسور پېللىئوت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنخۇاڭ مىڭئۆيدىكى مەخپىي كىتاب ئامبىرىنى يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى جۇڭگو خەلقى مەڭگۇ ئەپۇ قىلمايدۇ. يەنە تويماس قاراقچى شىۋېتسىيەلىك ستىرىچ ۋېرنىر، ئۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان كىروران خارابىلىكىدىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ھەر خىل تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاپ كەتتى. بۇ بۇلاڭچىلاردىن جۇڭگو خەلقى مەڭگۇ نەپرەتلىنىدۇ ... » دەپ يېزىپتۇ.

كارنىگ موللىرنىڭ چىرايى سۈپسۈر تاتىرىپ كەتتى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كەلگەندە، «ئەنجانباغ»نىڭ ساپسېرىق زەپىران بولغان مەنزىرىسىگە قاراپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇ: «ئەگەر ئاشۇ نەرسىلەرنى قېزىپ قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسام يەر ئاستىدا چىرىپ، توپىغا ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟ بۇ تۆھپەمگە كىم كۆز يۇمالايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىردىنلا غەزەپكە كەلدى.

ــ يەنە قانداق تېتىقسىزلىقلار بار؟ ــ موللىر چىرتتىدە يەرگە تۈكۈردى، ــ قېنى دېگىنە؟

ــ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق بىر جۇڭگو مۇھاجىرى ئەپەندى ئىلىم ئەھلى، زىيالىيلار توپلاشقان بىر سورۇندا مۇنداق جار

ساپتۇ:

«ئارخېئولوگىيە ئۇپا ـ ئەخلىكىنى سورتۇۋالغان ئۇ ئادەملەرنى، جۇڭگونىڭ ئىنتايىن يىراق ھەم ئىنتايىن چۆل بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا كېلىشكە دالالەت قىلغان نەرسە نېمە؟ بايلىق، يادىكارلىق، قىممەت باھالىق گۆھەرلەر! ... ئەگەر بەزىلەر، كارنىگ موللېر، ستىرىچ ۋېرنىر، فون لېكوك، پېللىئوت ئېقىمىدىكىلەرنى ئاقلاپ: ‹ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلۈكىدىن چىرىپ تۈگەيدىغان ئېسىل گۆھەرلەرنى قۇتقۇزۇپ قالدى› دەيدىغان بولسا، بىز جۇڭگولۇقلارمۇ مەڭگۈ غايىب بولغان ئاشۇ نەرسىلەرنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز ... ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاقلىقىدىن نەچچە مىڭ يىللار چىرىمەي، سىپسىماي كەلگەن ئۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئاشۇ ئەبلەخلەرنىڭ قۇتقۇزۇشىغا موھتاجمىكەن؟! قۇتقۇزغانىكەن، نېمە ئۈچۈن شۇ دۆلەتنىڭ خەلقىگە تاپشۇرماي، ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىدۇ؟ بۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان نومۇسسىزلارچە بۇلاڭچىلىق ... »

— ئۇ ئەبلەخ سۆزلىگەن شۇ مەيداندا بولۇپ قالغان بولسام، ئۇنى چوقۇم ئېتىۋېتەتتىم، — ۋارقىرىدى موللېر ئەسەبىيلىشىپ، — ھەممىسى ساۋاتسىزلارچە ئۇقۇم، نادانلارچە بىلجىرلاش، گوياكى بىر توپ ساراڭلار!

— ئۇنداقتا، ئەنگلىيەلىك ئاتاقلىق نەزەرىيەچى ھەم تەتقىقاتچى پىتر خوپپىرىك ئەپەندىمۇ ئۆسەك سۆزلىگەندىمۇ، — دېدى كىناتون سەل قىزىشىپ، — ئۇ ئۆز ماقالىسىدە يۇقىرىقى ئارخېئولوگلارنى: «بۇلاڭچىلار»، «ئالدامچىلار»، «قاراقچىلار»، «ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئوغرىلار» دەپ يېزىپتۇ.

— نېمە؟ پېترخوپېرىك شۇنداق دەپتۇما، تۇفى! — موللېر قاتتىق ۋارقىرىدى، — ئالجىپتۇ ئۇ ئەبلەخ ... بۇيۇك برىتانىيە ئىمپېرىيەسىگە قىلچە مۇھەببىتى يوق مۇناپىق ...

— مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم ئۇلارلا ئەمەس، — كىناتون ئىشىك سىرتىغا قاراپ قويۇپ گەپ باشلىدى، — «كارنىگ موللېر نىقابلانغان ئارخېئولوگ، ئۇ ماھىيەتتە ئەنگلىيەنىڭ جاسۇسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ... بۇ بىزنى ئۇدۇل جۇڭگو گۇندىخانىلىرىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

— بۇنىڭدىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، — دېدى موللېر كىناتون ئولتۇرغان دىۋانغا كېلىپ، — بۇ چارروسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىينىڭ بىزگە كۆزى قىزىرىپ جۇڭگو دائىرىلىرىگە قىلغان قۇتراتقۇلۇقى، ۋاڭ ئامبال بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

— كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيدۇ، — كىناتون سىگارت تۇتاشتۇردى، — جۇڭگو دائىرىلىرى ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىپ، توسالغۇ بولغان ئىنايەت ئاخۇندەكلەرنى جازالاپ، بىزنى قوللاۋاتسا، ئۆزىمىزنىڭ غەربلىكلەرگە زادى نېمە بولغان؟ بۇ نېمانچە كۆپ پىتنە - ئىغۋا!

— مانا ئەمدى كىناتون بايستەك مۇلاھىزە قىلدىڭ، — موللېر بىردىنلا جانلاندى، — بىر قىسىم ۋەتەن ئاسىيلىرى بىزنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ. ئېسىڭدىدۇ، بىرىنچى قېتىملىق تەكلىماكاندىن قايتىپ، دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدىن، ۋاڭ يۈەنلۇڭ دېگەن قېرى ئەبلەخ ساقلىغان قەدىمكى كىتاب ئامبارلىرىدىن، قىزىل مىڭئۆي كېمىرلىرىدىن، تۇرپان سىڭگىم، سىم - سىم ۋە قارىغوجىلاردىن ئاپارغان جاھانشۇمۇل

بايلىقلار پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سالمىدىمۇ؟! نۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەن ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۆزلىرىنى قويار جاي تاپالماي قېلىشتى ...

كارنىگ موللېر گەرچە كىناتون بايىسنى قايىل قىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن دوستىنىڭ چىرايىدىن يەنە قانداقتۇر ئەنسىزلىك ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئورنىغا چۈشمىدى. شۇڭا، ئۇ يېقىنقى زامان تارىخىدىن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، كىناتوننى قايىل قىلماقچى بولدى ... ئۇ ئەينى دەۋردىكى تارىخىي پاكىتلارنى سۆزدەك ئېچىۋالغاندى:

مىلادىيە 1829 - يىلىدىن 1890 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە رۇسىيەلىك جۇغراپىيەشۇناس ھومبولت، رومانسوف، جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى سېمېنوف، قازاق ئوفىتسېر چوقان ۋەلىخانوف، كولبارس، ئاسترونومىيە ئالىمى شاينخوست، رۇس شەرقشۇناسى پىرژېۋالسكى، ئوفىتسېر كىروپاتكىن، كىرۇم- گىرژىمايلو ... قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى بېكىتىش خەرىتىسىنى سىزىش دېگەندەك باھانىلەردە قىدىرىش ئېلىپ باردى.

1857 - يىلى گېرمانىيەلىك ئادولفوس شىلاگىنتېۋېيت، ھېرمان شىلاگىنتېۋېيت ۋە روبېرت شىلاگىنتېۋېيت قاتارلىق ئۈچ ئاكا - ئۇكىلار كەشمىردىكى لاداقتىن يولغا چىقىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق يۇرتلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1824 - يىلىدىن 1889 - يىلىغىچە ئەنگلىيەلىك سودىگەر موركروفت، ھېنرى ستراچېي، مونتگومېر، ھايۋارد، روبېرت

شاۋ، فورسىس، مورگان، داگلېش، كارېي، كاپىتان بېلىل، جونسۇن، بوۋېر، رېينتال قاتارلىقلار بىرى كەتسە بىرى كېلىپ تارىم ۋادىسى، ھىمالايا تاغلىرى، قاراقۇرۇم، خوتەن، تىبەت، ئىلى، كېرىيە، بارسكۆل، گۈچۈڭ، ئۈرۈمچى، توقسۇن، قاراشەھەر، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ دىيارلارنىڭ نوپۇسى، ھاۋا كىلىماتى، ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي تەركىبى، ئىقتىسادى، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى، جەمئىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ كېتىشتى.

1873 ـ يىلى ھونگرىيەلىك (ۋېنگرىيە) بېرزېنسى، پول قاتارلىقلار قەشقەر، يەكەن، شەيدۇللا ئېغىزى ۋە قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈپ كەشمىردىكى لېھقىچە باردى ھەمدە مول ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.

1873 ـ يىلى فىرانسىيەلىك بونۋالوت، كاپۇس، پاپىن، ھېنرى دورلىئانلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى كېلىپ يەكەن، ئىلى، كورلا، يۇلتۇز، قاراشەھەر، لوپنور، ئالتۇنتاغلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىگە ئېرىشتى ...

تارىخىي پاكىتلارنى سۆزلەپ، ئۆز سۆزىدىن ھاياجانلانغان موللىېر چوڭقۇر ـ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى ھەم ئۆزىنى بېسىۋالالماي بىرھازا ھاسىرىدى.

— مەنغۇ بايلىقنى، قىممەت باھالىق گۆھەرلەرگە، تارىخىي قىممىتى بار يادىكارلىقلارغا ھېرىسمەن بولدۇم. لېكىن يامان غەرىزىم يوق، — موللىېر ئۈستەلگە پاققىدە ئۇردى، — ئەدناسى مۇشۇ يېقىنقى 1890 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان يىگىرمە

نەچچە يىل ئىچىدە، رۇسىيە بىلەن ياۋروپادىكى ھەرقايىسى ئەللەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىغا بولغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. رۇسىيەلىك كوزلوف، ئوبرۇچېف، كىرېمېنس، گېرمانىيەلىك دېرلان، فون لىكوك، فىرانسىيەلىك پېللىئوت، ياپونىيەلىك ئوتانى، جىرۇيچاۋ، يېسۋەن رۇڭسەنلاڭ، ئامېرىكىلىق ۋارنىر قاتارلىقلار قېزىپ تەكشۈرۈش، كۆزىتىپ بېقىش، ساياھەت قىلىش دېگەن نىقابلار بىلەن كېلىشتى. مەن ياخشى نىيەت بىلەن كەلسەم بولمامدىكىنا؟

— توغرا دەيسەن دوستۇم موللېر، — كىناتون بايىسنىڭ روھى كۆتۈرۈلگەندەك قىلاتتى، — بىز پەقەت ئېكسپېدىتسىيە بىلەن مۇھىم تارىخىي بايلىقلارغا ئېرىشىشنىلا ئويلايمىز. لېكىن، سەن دېگەن ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى نىقابلانغان جاسۇس بولۇپ يەر شەكلىنى ئوغرىلىقچە ئۆلچەپ، خەرىتە سىزىپ، ئاخبارات توپلاپ، تۈرلۈك شۇملۇقلارنىڭ ھامىيسى بولدى ...

«قاغا قاق ئېتەر، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەر» دېگەندەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى پەردازلاشقا ئۇستا ئىدى. ئىنايەت ئاخۇننىڭ «ناتونۇش يېزىق»تىكى كىتابلىرى تېپىلمىغاندىن كېيىن، موللېر «قېرىنداشلار بايلىق ئىزدەش ئەترىتى»نى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، خوتەن ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەرنى قېزىشقا تەشكىللەپ قويغاندىن كېيىن ئۆزى قاراقۇرۇم تاغلىرىغا بېرىپ، يەر شەكلى، دەريا ـ كۆللەر، يوللار، ئېگىز داۋان، ئېغىزلارغىچە خەرىتە سىزىپ، ئۆلچەپ كەلمىدىمۇ! ئۇ بۇلارنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەك ئاغزىغا ئېلىپ باقمىدى.

دەرۋەقە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە نۇرغۇن چەت ئەللىك ئالىملار، ھەربىيلەر، ئەمەلدارلار ۋە خىلمۇخىل ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ھەر خىل مەقسەت ۋە ۋەزىپىلەر بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا كېلىپ، تەكشۈرۈش ۋە ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىنكىلەر ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تارىخ، مىللەت، دىن، جۇغراپىيەسىگە دائىر خاتىرىلەر ۋە سۈرەتلىك ماتېرىياللارنى قالدۇردى. بۇ ئەلۋەتتە ئەھمىيەتلىك ئىش! لېكىن بۇزغۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، غەرەزلىك كۆزىتىش ۋە خەرىتە سىزىش، قۇتراتقۇلۇق قىلىش خاراكتېرىدىكى «ئېكسپېدىتسىيە»لەر، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ بىر قىسىم رايون، ئۆلكىلىرىگە شۇنچە قىزىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن يەر شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، تاغ ـ دەريالىرىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىسىنى سىزىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كىشىگە ئېيتالمايدىغان يەنە قانداق غەرەزلىرى بار؟ چۈنكى، بەزى جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارىنى، جۇڭگونى پۈتۈۋېلىش يامان غەرىزى بار ئىدى! ... ھەتتا بەزى قېرى جاھانگىرلار غەربىي دىيارنى تالىشىپ، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، مەنمەنلىك قىلىشىپ جىددىي ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئالايلى، كارنىگ موللېر ئۈچىنچى قېتىم غەربىي دىيارغا ئېكسپېدىتسىيەگە يۈرۈش قىلىشتىن سەل ئىلگىرى، دوستى ماكارتېنىدىن بىر مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئافغانىستان سەپىرى ئەمەلگە ئاشماي، بۇ يەرگە قايتا كېلىشنى خالىسىڭىز بالدۇرراق يولغا چىققىنىڭىز تۈزۈك. چۈنكى، لىكوكمۇ (فون لىكوكنى دېمەكچى) يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ. ئەگەر گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى روسىيە گېزىتلىرىدە كېيىنى - كېيىندىن تەشۋىق قىلىنىۋاتقان قەشقەردىكى قوزغىلاڭ سەۋەبىدىن پاسپورت بېرىشنى رەت قىلمىغان بولسا، ئۇ ھازىر غەربىي دىيارغا كېلىپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگولۇقلار، ھېچبولمىغاندا بۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن ئەنگلىيەگە قارىتا بۈگۈنكىدەك دوستانە بولمىغانىدى. جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، سىز يېتىپ كەلسىڭىز، ئاشۇ ئامبال دوستلىرىڭىز قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ قارشى ئالىدۇ ... »

كارنىگ موللېر قەشقەر باش كونسۇلى ماكارتېنى يازغان مۇشۇ خەتتىن كېيىن ئافغانىستانغا يۈرۈش قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ناھايىتى تېزلىكتە ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدا ئۈچىنچى قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى پىلانىنى سۇنغانىدى ... بۇ ئىشلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

كارنىگ موللېر بۇ نۆۋەت ئېلىپ بېرىلىدىغان تۆتىنچى قېتىملىق يۈرۈشكە پۇختا تەييارلىق قىلغانىدى. ئېكسپېدىتسىيەنى ئادەم چىدىغۇسىز تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ياز پەسلىدە ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن سوغۇق شارائىتتىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى نۇرغۇن تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزگەن

موللېر قىشلىق ئەسلىھەلەرنى ئالدىن تەييارلىغانىدى. ئۇ چېدىرنى ئىسسىتىش ئۈچۈن شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئىشلىتىدىغان «ستومېنت يىموفېي» ئوچىقى سېتىۋېلىشتىن سىرت، قاتتىق سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىچىك چېدىرىنى قېلىن رەخت بىلەن ئەستەرلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇخلىغاندا ۋە يولغا چىققاندا كىيىش ئۈچۈن يۇڭ تېرە كىيىملەرنى ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. ھەتتا 12 گاللون سۇ سىغىدىغان قەلەي سۇ ساندۇقى ياساتتى. بۇ قوش لوككىلىق بىر تۆگىنىڭ قوملۇقتا ئاران ئېلىپ ماڭالايدىغان يۈكى ئىكەنلىكىگە ھېسابلىناتتى ...

كارنىگ موللېر بىلەن كىناتون بايس ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ بىردەم جىمىپ قېلىشتى. موللېرنىڭ كاللىسىغا ئۆزى توغرۇلۇق ئەنگلىيەدە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەر، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر كىرىۋېلىپ، ئىچىدىن ئوۋغا قايناۋاتاتتى. ئۇ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئاياغلاشقان ھامان قايتىپ بېرىپ ماقالە يازغان، پىتنە تارقاتقانلار بىلەن قانداق ھېسابلىشىش، جاجىسىنى بېرىش، ئەگ بولمىغاندىمۇ يوشۇرۇن ئۆچ ئېلىش ھەققىدە قورسىقىدا چوت سوقۇۋاتاتتى ...

بىراق، كىناتون بايس تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەنى چاپسانراق تۈگىتىپ، پاتراق قايتىپ كېتىشنى ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇ رۇسىيە گېزىتىگە بېسىلغان بىر قورقۇنچلۇق خەۋەرنى موللېرغا ئېيتمىغانىدى. ئەگەر ئۇ بۇنى ئاڭلىغان تەقدىردە كەيپىياتىنىڭ قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.





— موللىبر بۇرادەر، ئەمدى خەنجەر قامچىغا ئىشتىها باغلىماي، دەرھال ئاتلىنايلى، — دېدى كىناتون هارغىن قىياپەتتە، — سوغۇقمۇ چۇشۇپ قالدى. كىم بىلىدۇ، ھېلىقى دانىش دېگەن هارامزادە قىزغا خام تامادا بولۇپ، قامچىنى ئۇنتۇدىمۇ.

— مېنىڭچە ئۇ چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلاردىن، بۇ قېتىمقى چوڭ يۇرۇشكە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئۇ بەكمۇ خۇشال، — مولليېرنىڭ قاپاقلىرى بىردىنلا تۈرۈلدى، — چۈنكى، ئۇچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە دانىش قاتتىق ئىشلىدى، ئىشلىگەنگە تۇشلۇق قولى پۇل كۆردى!

— لېكىن قېيىنئىنىم ھېنرى شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلدى — كىناتوننىڭ ئەلپازى بىردىنلا ئۆزگەردى، — كىم بىلىدۇ، ساڭا پىچاق ئۇرغان قاپ يۇرەك شۇمۇ تېخى!

— مەن نۇرغۇن ئويلاندىم، — مولليېرنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — مەن ياربىلىپ دانىشنىڭ 3 ـ كۈنى تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىشى، ئاربىدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتكەندە يەنە پەيدا بولۇپ، ئاسارئەتىقىلەرنى سېتىپ بەرگەن قىياپەتتە ماڭا يېقىنلىششى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس!

— مانا ئاخىر ھوشۇڭنى تېپىپسەن، ئۇ قارىماققا ئاق كۆڭۈل، سەممىي، راستچىل كۆرۈنگەندەك قىلغىنى بىلەن خۇددى كۆزىنىڭ ئارقىسىدا كۆزى، سۆزىنىڭ تېگىدە غۇمى باردەك سىرلىق ئەبلەخ!

— مېنى ئۇنداق دۆت چاغلىما، ئاغزىمدىن چىقارمىغىنىم بىلەن ھەممىنى ئىچىمدە بىلىمەن، — مولليېر نەگىدۇر تىكىلىپ

تۇراتتى، — ئۇنى بۇ قېتىم قومسلۇقتا ئېلىپ كىرىشىم ئىستراتېگىيەلىك پىلان!

— نېمە، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟ ئەمدى بولدى قىل. مىركامىل، مەۋلىد، توختىلارنىڭ دەرد - بالاسى ھازىرغىچە يۇڭ يېگەن ئىتنىڭ پوقىدەك سۆرىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇلارغا نېمە بوپتۇ؟ خۇددى قومغا چۈشكەن ئىككى تامچە سۇدەك ئۇن - تىنسىز يوقاپ كەتمىدىمۇ ... ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقان، بۇرادەرلىرى غوۋغا كۆتۈردىمۇ؟ بىرەر مەھكىمە شەرئىيلەرگە ئۇستىمىزدىن ئەرز قىلدىمۇ؟

— بۇ مۇسۇلمانلار بېشىغا بالا ياغسىمۇ «قازاغا رىزا» دەپ خۇدادىن كۆرۈپ ئولتۇرىدىغان خەق! ئەجەبمۇ كۆتۈرۈشلۈك خۇداكەن ئۇ!

— ئەمىسە «دەرد - بالا» دېگىنىڭ نېمىسى؟

— دەرد - بالا مۇسۇلمانلاردىن كەلمىگىنى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كۆك كۆز، سېرىق چاچ، بەستلىك ئادەملىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ!

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ بىرەر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتامسەن - قانداق؟ تېخى «ھازىرغىچە» دەۋاتىسەنغۇ؟ ھازىرغىچە ئىتنىڭ پوقىدەك سۆرىلىپ كەلگەن قانداق ئىش ئىكەن ئۇ؟

كىناتون بايىس تەرەپبال چىقىپ كەتكەن ئىككى ئېغىز سۆزىدىن تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولالمايتتى. چۈنكى، موللېر بىرەر ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزدىمۇ، خۇددى شىردەك ۋەھشىي، مولۇندەك تۇيغۇن، يىلاندەك زەھەرلىك بولۇپ كېتەتتى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا رۇسىيە گېزىتىگە بېسىلغان قاتىللىق ۋەقەسى ھەققىدىكى خەۋەرنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ قايناپ تېشىپ، تارىخىي ۋەقەلەرنى سۆزلەپ، كىملەرنىڭدۇر تىللاپ، قارغاپ، نەچچە كۈنلەرگىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمىگەنىدى. ئەمدى بۇ يېڭى خەۋەرنى ئاڭلىسا ئۇ نېمىلەر بولۇپ كېتەر؟!

— ھە، دېمەمسەن، ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ — موللىير كۆزىنى چەكچەيتىپ تىكىلىپ تۇراتتى، — مەن ئارقىسىغا تىرىكىدە ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغانلاردىن ئەمەس !

— بولدى ۋارقىرىما، — كىناتونمۇ تېرىكتى، — مەنمۇ شۇ سېنى ئويلاپ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. رۇسسىيە گېزىتىگە بېسىلغان ھېلىقى خەۋەرنى ئاڭلاپ نېمىلەر بولۇپ كەتمىدىڭ؟ قىلمۇۋاتقىنىڭ ئىغىر، جىددىي، مۇرەككەپ ئىش تۇرسا. سېنىڭ خىزمىتىڭگە، سالامەتلىكىڭگە تەسىر يەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىدىم.

— دېمىسەڭ، بۇرۇقتۇرمىلىق، ئوي - خىيال ئىچىمنى قۇرتتەك يەپ تۈگەشتۈرۈۋەتمەمدۇ؟ مېنى ئايىغىنىڭغا رەھمەت. ئەزرائىل بېشىمدا تىكىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى مەندە تەييارلىق بولۇشى كېرەك - تە!

كىناتون مۇشۇ يىلنىڭ ئىچىدە، ھېلىقى قاتىللىق ۋەقەسى ھەققىدە شىۋېتسىيە گېزىتىگە خەۋەر بېرىلگەنلىكى، خەۋەرنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق پاكىتلار بىلەن شەرھلەنگەنلىكىنى سۆزلىگەندە، موللىير ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك قورقۇپ، تىترەپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ كۆكۈچ قارىچۇقلۇق كۆزلىرى قىسىلىپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ گۇمانى دانىشقا مەركەزلەشتى. چۈنكى، باش كونسۇل ماكارتېنى تەرەپ - تەرەپلەرگە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن، پەتقۇللانىڭ فون لىكوك بىلەن گېرمانىيەگە

كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى. دانىش ئابىخان ئابباسنىڭ تۆگمىلىرىنى ھەيدەپ تۆت يىل قېچىپ يۈرگەن چاغلىرىدا فۇن لىكوك، باتاس، شۆنداقلا رۇسىيەلىك ئاكا ـ ئۇكا بىلسۆۋسكىلارغا يېمەكلىك ۋە سۇ توشۇپ بەرگەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ بەرگەنىدى. مولىپىرغا قىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بۇ كۇشەندىلەر دانىشنىڭ سۆزلىرىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، شۇۋېتسىيە گېزىتىدە ئېلان قىلغانلىقى «مانا مەن» دەپ تۇرمامدۇ!

مولىپىرنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغان كىناتون باش بارمىقىنى چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

ـــ مانا بۇ پەرەز ئەمەس، بەلكى پاكىت، ئىنايەت ئاخۇن، دانىش، پەتقۇللا، يەنە ھېلىقى بىزنى قۇملۇقتا ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان نىيىتى يامان ئىسرائىللارغا ئىشىنىش، جان دەرىخىمىزگە پالتا ئۇرغانلىق بىلەن باراۋەر.

ـــ مېنىڭ مەقسىتىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن، ـــ مولىپىر سىگارتىنى ئېلىپ كىناتونغا بىرنى ئۇزاتتى، ئۆزىمۇ بىرنى تۇتاشتۇردى، ـــ دانىش قۇملۇققا كىرىپ، ماڭا قول سېلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئىشىنى توغرىلايمەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ساقلىمىسام بولمايدۇ. ئۇ زادى نېمە غەرەزدە ماڭا پىچاق ئۇردى؟ بۇنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ.

ـــ ئۇ قورقۇنچلۇق ۋەقە، بەلكىم مىركامىل، مەۋلىد، توختىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، ئۇچەيلەننىڭ بىرى ئۇنىڭ دادىسى !

ـــ ئېھ ... ئېھتىمال، پەرىزىڭ توغرىدۇر، لېكىن پەرەز پاكىت بولالمايدۇ، ـــ مولىپىر يەنە دۇدۇقلىدى، ـــ ئويلاپ باق،

ئاشۇ كېلىشىمەسلىكنىڭ كاساپىتىدىن بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە تەكلىماكاندىن دەرھاللا چېكىنىپ دۇنخۇاڭغا كەتتۇق. ئىككىنچى قېتىمدا ئىنايەتنىڭ كاشىلىسى بىلەن ئېكسپېدىتسىيەدە ئىككى يىل بەش ئايغا سوزۇلۇپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە، جاراھىتىم يامانلىشىپ كېتىپ ئىككى يىل سەككىز ئاي بولغاندا لوندونغا قايتتۇق. ئىشقىلىپ، ھېلىقى دىۋانىلەرنىڭ ئۆلگىنىگە 14 يىلدەك بولۇپ قالدى. ئۇ چاغلاردا دانىش 11 ــ 12 ياشلاردا بولۇشى مۇمكىن، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، كىچىككىنە بالىنىڭ ...

ــ «تاز قوشقارنىڭ ئەنتى مۈڭگۈزلۈكىدە قالماس» دېگەن گەپ بار. بالىلىقىدا قېنىغا سىڭىپ كەتكەن قىساس ۋاقىت ئۆزارغانسېرى يىلتىز تارتىپ، قىنىقماس دۈشمەنلىك مېۋىسىنى بېرىدۇ.

ــ ئۇنداقتا، سېنىڭ «قازاغا رىزا» دەيدىغان خەلق دېگىنىڭ ئىز بېسىپ تۇرالمىدىغۇ؟

ــ ئۇلار مەھكۇم بولغان ئاسارئەتىقىلەرنىڭ قالدۇقلىرى ... لېكىن ئىنايەت، دانىش، ھېلىقى چۆل قىزى ھەم پەتقۇللا رېھىملار ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان قۇملۇق پەرزەنتلىرى ... شۇنداق بىر كۇنلەر كېلىدۇكى، بىز تەكلىماكانغا قەدەم ئېلىش ئەمەس، بەلكى «ئاشۇ يىللار بولۇپ ئۆتكەنمۇ» دەپ ئارزۇسىنى يەپ قالىمىز ...

ــ ئاھ تەڭرىم، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەيدىغان بۇ خوتەنلىكتىن ھەزەر ئەيلىدىم، ــ موللېر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ ئىشقۇللا!

ئىشقۇللا هايال ئۆتمەيلا بوسۇغىدا پەيدا بولدى.
ـــ خوش جانابىي ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىگە قۇللۇق !
ـــ مۇنۇ قاپقان بىلەن هەيكەلنى ئۆز جايىغا قويۇپ قوي ...
ـــ خوش، ـــ ئىشقۇللا قاپقان، هەيكەلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. موللېر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:
ـــ مۇشۇ قېرىمۇ كۆزۈمگە زادىلا سىغمايدۇ. قاچانلا بولسا ئىشخانامنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تىمىسقىلاپلا يۈرگەن ... ـــ دەپ غۇدۇرىغاندى، كىناتون ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ، موللېرنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىدى:
ـــ بۇ قېتىم شەهەرگە بارغىنىمدا، بىر گەپ ئاڭلىدىم. ئىشقۇللا بۇرۇن دوتەينىڭ هۇزۇرىدا خەنزۇ، ئىنگلىز، رۇس تىللىرى تەرجىمانى بوپتىكەن. شۇڭا ئۇنى خەقلەر «پەرەڭ تىلماچ» دېيىشىدىكەن.
ـــ بۇ ... بۇ راستما؟ ـــ موللېر قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.
ـــ ئىشقۇللا دوتەينىڭ كىچىك خوتۇنىغا پوخۇرلۇق قىلىپ قويۇپ جازالىنىپتۇ. ۋاڭ ئامبال ئۇنى تۈرمىگە سولاشقا ياكى كەتكۈزۈۋېتىشكە كۆزى قىيماي مەهكىمىدە يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارغا سېپتۇ. ئەمما چەت ئەللىك مېهمانلار، ۋەكىللەر كېلىپ قالسا يەنىلا تەرجىمانلىق قىلىدىكەن.
ـــ ۋاڭ ... ۋاڭ ئامبال ئۇنى «بەك ئىشەنچلىك» دەپ ئەكېلىپ بەرگەنىدىغۇ؟
ـــ ۋاڭ ئامبالغا ئىشەنچلىك ـ تە !
ـــ هىم، چۈشىنىشلىك، ـــ موللېرنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، ـــ ئۇنىڭ ئىشخانام ئەتراپىدىن كەتمەسلىكى، چاقىرىپ بولغۇچە هازىر بولۇشى، ئىشىك تۈۋىدە گەپ تىڭشاش

ئۆچۈنكەن ـ دە ! ئۇنداقتا ۋالى ئامبالمۇ ...

— ھەببەللى، ئۇمۇ دۇرۇس ئادەم ئەمەس. ئۆزگە ئاش ـ نان بېرىۋاتقان تۇپراققا مۇھەببىتى يوق ئادەم بولامدۇ؟

— ئۇنداقتا ئىنايەتنى تۇتۇشتا، جازالاشتا ئۇ بىزگە باش بولۇپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلاشتىغۇ.

— بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىكى باراڭ كۆرسىتىش، — كىناتون مەسخىرىلىك كۈلدى، — بىز خوتەندىن كېتىپ، بىرنەچچە ئايغا قالماي ئىنايەتنى قويۇۋەتكەن تۇرسا ...

— نېمە، نېمە، جۆيلۈمە، ئۇنى قانداق قىلىپ ...

— مەن بۇنى ۋالى ئامبالنىڭ كاتىپىدىن ئاڭلىدىم ... كۆرۈنۈشتە «قېچىپ كەتتى»، ئەمەلىيەتتە قويۇۋەتكەن گەپ.

— ۋالى ئامبالنىڭ ئىشقۇللانى يېنىمغا ئەكېلىپ قويۇشىمۇ مەقسەتلىك، نىشانلىق، غەرەزلىك بولغانىكەن ـ دە!

كارنىگ موللېر لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

# ئون بىرىنچى باب

دانىش بىلەن گۈلبادام سەپەر قىلغان تۆتىنچى كۈنى كۈنپاتارغا يېقىن، تۆگە لوككىلىرىدەك چوقچايغان قورقۇنچلۇق ھەم تىمتاس قۇم بارخانلىرى ئىچىگە كىرىپ كەلدى. بارخانلار چوققىلىرىدا پاخپايغان يۇلغۇن تۈپلىرى، پاخپاق توغراق شۆكلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. تىنىمسىز شاماللار يالاپ كوندەكلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ زور بارخانلار ئاستىدىن ساڭگىلىشىپ تۇرغان يىلتىزلار خۇددى ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن يىلانلارغا ئوخشايتتى. قەدەمدە بىر ئەگىلىپ - ئايلىنىپ ماڭىدىغان پورپاڭ قۇملۇق يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاقشال چاتقاللىقلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. كەچكى سوغۇقنىڭ چۇشۇشى بىلەن كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق، لەڭمەنتاقتاقلار قۇملارغا گۈلدار ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۇۋىلىرىغا ئالدىرىشاتتى. شەپەق قىزارتقان پايانسىز ئاسمان سەتھىسىدە ھېچقانداق ئۇچار قاناتلار كۆرۈنمەيتتى. كالپۇك نەم بولغۇدەك سۇغا قانمىغان ئاتلار بارغانسېرى ھالىدىن كېتىپ پۇتلىشاتتى.

تۇيۇقسىزلا ئېگىز قۇم دۆڭلۈكىنىڭ ئارقىسىدىن قوش لوككىلىق تۆگە مىنگەن، قىزغۇچ بۇرۇتلۇق 40 ياشلاردىكى بىر ئادەم يېتىپ كەلدى. ئۇ دانىشنى كۆرۈپ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى. دانىشمۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — يولۇچى قولىنى كۆكسىگە قويدى، — دانىش ئۇكا، ئىش ئوڭغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتتى دېگەندەك، ئەجەبمۇ ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭا! ساڭا يەنە بەزى نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويغانىدىم. نەگە ماڭدىڭ؟

— سەمەندەركا، بۇ قىزنىڭ قەدىم زاماندىن قالغان قاپقىنىنى يىتىپ كېتىپتىكەن، — دانىش كۆزىنى قىسىپ ئىشارە قىلىۋەتتى، — شۇنى ئىزدەپ «ياپسال» كارۋان سارىيىغا كېتىۋاتىمىز.

— ئاھۇي، سەپەر يىراققا دېگىنە، ئۇنداقتا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلەلمەيدىكەنسەن - دە. ئىسىت، «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىدا ساڭا تەييارلاپ قويغان نەرسىلىرىم بار ئىدى.

— خۇدا پۇرسەت بېرىدۇ ئاكا، — دانىش تۆگىدىكى سالپىيىپ تۇرغان تۇلۇمغا قارىدى، — سەمەندەركا، سۈيۈك بولسا بىرئاز ئىلتىپات قىلمامسەن؟

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، — سەمەندەر تۇلۇمنى مۇجۇپ قويدى، — بۇ نەرسە تولا سىغىپ خالتىلىشىپ كەتكەن ئۆچكىنىڭ يېلىنىدەك بولۇپ قالدى. سۇ بولسا سەندىن ئايامتىم.

— سەمەندەر ئاكا، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن ماڭماقچى ئىدىڭغۇ؟

— كارىنىگ موللىلىر جانابلىرى سوغۇق چۇشكىچە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يۇرۇشنى كەينىگە سۈردى. مەن شۇ چاغقىچە ئازراق بىرنېمە يىغىۋالاي دەپ چىققانىدىم. خوش ئەمىسە ئۇكام، قاراقاشقا بارساڭ مېنى ئىزدە.

— چوقۇم ئىزدەيمەن.

ئۇلار خەيرلىشىپ، بىر - بىرىگە ئامانلىق تىلەپ ئۆز

يوللىرىغا مېڭىشتى. دانىش ئوت شارىدەك قىزىرىپ، قومۇلۇققا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قارىدى. ئۇ ئىچىدە «بۇگۈن كېچە خەنجەرلىك قامچىنى ئوغرىلىغىلى بولمىسا، بۇلاپ بولسىمۇ ئېلىپ قاچىمەن» دەپ ئويلىدى. بىراق، گۈلبادام ئەنسىزلىك تورلىرىغا چىرمىلىپ كېتىۋاتاتتى. دانىش بىلەن ئىككىسىنىڭ تۇلۇملىرىدا ئىككى قېتىملىق ئېغىز ئالداشقا يەتكۈدەك سۇ قالغانىدى. ئۇلار تۆت كۈندىن بېرى ئاتلىرىنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە سۇ بىلەن گول قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، تۇلۇملار ئاسانلا شالاقلاپ قالدى.

دانىش بىلەن گۈلبادام بارخانلاردىن ئۆزۈلۈپ چىقىپ، كەڭ يېيىلىپ ياتقان قۇم دۆڭلۈكلىرىگە ياماشتى. دۆڭ ئۈستىدىن پەسلىكتىكى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن قومۇشلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېگەر ـ جابدۇقلىرى يېشىۋېتىلگەن ئاتلار ئۇسسۇزلۇقتا قۇلاقلىرى سالپىيىپ، ئۆزۈن قايرىلما كىرپىكلىك كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، تۇمشۇقلىرىنى قۇمغا تىرىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بوغۇزغىمۇ ئانچە رايى يوقتەك قىلاتتى. دانىش بىلەن گۈلبادام نانلىرىنى قۇرۇق يەپ، ئاخىردا يېرىم يۇتۇمدىن سۇ ئىچىشتى.

ــ بىرنەچچە تۇپ توغراق بار يەرگە يېتىۋالساق ئوبدان بولاتتى، ــ دېدى گۈلبادام ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، ــ سۇدىن ئۈمىد تۇغۇلاتتى.

ــ سىلىمۇ توغراق غولىدىن سۇ چىقىرىشنى بىلىدىكەنلا ـ دە، ــ دانىش كۈلۈپ قويدى، ــ ئۇنىڭغا ئەسۋاب بولمىسا.

ــ خۇرجۇندا بىرنەچچە تال يۇلغۇن مىخى ھەم تاش بار.

ــ پاھ، سەپەرگە پىششىقكەنلا ئەمەسمۇ.

— مەن دېگەن قۇملۇقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. ئۆچكە، ئاتلىرىمنى بېقىش ئۈچۈن نەچچە كۈنلۈك جەزىرىلەرگە كىرىپ كېتىمەن.

گۈلبادام دانىشنىڭ ئۆزىگە قارىيالماي دۇدۇقلاپ، تېلىقىپ گەپ قىلىشلىرىدىن، بىرىنچى قونالغۇ كېچىسىدىكى خەنجەر قامچا ئىشىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ، شۇ كۈنىمۇ ئەنە شۇنداق ھالەتتە بولغانىدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى دانىش ناھايىتى كەم سۆز، ئاستىدىكى تاشلارنى كۆرگىلى بولمايدىغان لاي سۇدەك، چىرايى ئېچىلىپ باقمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز قىلمىشىدىن خىجىل بولغانلىقىغا قارىغاندا، چېكىسىگە تەگلەنگەن مىلتىق «ئاۋايلا، مېگەڭنىڭ قېتىقى ئۇستۇمنى بۇلغىۋەتمىسۇن» دېگەن تەھدىت ۋە تەئەددىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ سەپەردىشىغا سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان گۈلبادام يولدا كەلگۈچە ئۇنى - بۇنى سوراپ، خۇش چىراي ئاچقان بولسىمۇ، دانىش جاۋاب بەرمەيتتى ياكى ئاڭلىماسقا سېلىپ كېتىۋېرەتتى. مانا ھازىرمۇ گۈلبادام ئېغىز ئاچمىغان بولسا، ئۇ بۆتەنەك تۇتۇلۇپ ئولتۇرۇۋەرگەن بولاتتى.

پايانسىز قۇملۇقنى نۇرغا تولدۇرۇپ ئاي تۇغدى. ئۇنىڭ سىرلىق نۇرى شۇنچىلىك روشەن ئىدىكى، يىراق - يىراقلاردىكى چاتقال، تىكەنلىك، چاكاندىلارنىڭ ئىمزنالىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئەمما ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى قومۇشلۇق خۇددى ئاق داستىخان يېيىپ قويغاندەك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. دانىش ئورنىدىن تۇردى - دە گۈلبادامغا قارىمايلا:

— مەن بالدۇرراق ياتاي، ئاتلار قومۇشلۇقتا ئوتلىغاچ تۇرسۇن، — دەپ ئىككى ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى.

ـــ هەي دانىشكا، ـــ ۋارقىرىدى گۈلبادام، ـــ قومۇشلۇقتا چۆل يولۋىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

ـــ بۇ يەردە يولۋاس نېمىش قىلسۇن، ئېھتىمال ياۋا توڭگۇز بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ھايۋانلارغا چېقىلمايدۇ، ئادەمگە خىرىس قىلىدۇ.

دانىش شامال تەگمىگۈدەك بىر ئويمانلىقنى تېپىپ، قۇم دۆۋىلەپ ياستۇق ياسىدى. كېچىنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتكۈدەك بولۇۋاتاتتى. يەكتەكنى يېپىنچا قىلىپ، كېچىنى چىقىرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن دانىش ئەتراپتىن قۇرۇق يۇلغۇن شاخلىرىنى، ئاپتاپ ۋە شامالدا قاقشال بولۇپ كەتكەن يىلتىزلارنى تېرىپ كېلىپ گۈلخان ياقماقچى بولدى. بىراق، ئۇنىڭغا تۇتۇرۇق بولمىسا، ئورۇس گۈگۈتى بىلەن تۇتاشتۇرماق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بىرەر قۇچاق قومۇش يۇلۇپ كېلىش ئۈچۈن قومۇشلۇققا ئەمدىلا كېلىپ، بىرنەچچە تۇتام قومۇشنى يۇلۇپ تۇرۇشى، قومۇشلۇقنىڭ ئىچى شالدىرلاپ تورپاقتەك يوغان بىر قاۋان خارتىلداپ ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى. دانىش قولىدىكى قومۇشنى تاشلىۋېتىپ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. كىرپىدەك يىرىك ياللىرى ئايدىڭدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان قاۋان خارت ـ خۇرت قىلغىنىچە قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. دانىش ۋارقىراپ ـ جارقىراپ گۈلبادام تەرەپكە قاچتى. ئەمدىلا نامىزىنى ئۆتەپ بولغان گۈلبادام شارتلا قايرىلىپ، دانىشنىڭ قىل ئۇستىدە قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، مىلتىقىنى ئالغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. دانىش قۇملۇقلاردا پۇتلىشىپ، مۇدۈرۈپ، قوللىرىدا قۇمغا تايىنىپ كېلىۋاتقاندا، گۈلبادام ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، مىلتىق پاينىكىنى

مۆرىسىگە قاتتىق تىرەپ، يىگىرمە قەدەم ئارىلىقىدا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قاۋاننىڭ نەق چېكىسىنى قورۇلغا ئالدى. ئۇ شۇنچىلىك تەمكىن ئىدىكى، ھەتتا دانىشنىڭ «بادىمەك ئايىم، بادىمەك خېنىم ... ئات ... ئاتسىلا !» دېگەن نالىسىگىمۇ قۇلاق سالمىدى. قاۋان يېقىنلاپ سەككىز - توققۇز قەدەم قالغاندىلا «گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىستوۋۇل ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت لاپپىدە ياندى. ئوقتەك تېز كېلىۋاتقان قاۋان ئىككى غۇلاچ يەردىن قاڭقىپ كېلىپ دانىشنىڭ ئالدىغىلا يىقىلدى ! ئۇ پۈت ئېتىشقا ياكى خارتىلداشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن ئورغاقتەك چىقىپ تۇرغان مەگىنى ئاي نۇرىدا خەنجەردەك يالتىراپ تۇراتتى.

دەھشەتلىك قورقۇپ كەتكەن دانىش ئولتۇرۇپ قالغان يېرىدىن ئۆرە بولالمىدى. ئالدىدىكى توڭگۇز تاپىدىن ئىسسىق ھەم قاڭسىق پۇراق دىماقلىرىغا ئۇرۇلدى. گۈلبادام ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ، دۆڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. ئۆزىنىڭ ئاستىغا سالغان ئېگەر كۆرپىسىگە ئۇنى ياتقۇزۇپ، بېشىغا خۇرجۇننى قويۇپ بەردى. ئاندىن تېرە جىلىتكىسىنى سېلىپ، جىلىتكە ئۈستىگە دانىشنىڭ يەكتىكىنى ياپتى. شۇنىڭدىمۇ ئۇ جالاقلاپ تىترەپ، زەئىپ ئىڭراۋاتاتتى.

— مەن ئاتلارنى ئەكېلىۋالاي، — دېدى گۈلبادام مىلتىقنى مۆرىسىگە ئېسىپ، — بىردەم ياتقاچ تۇرۇڭ.

— با ... بارماڭ ... بەك ... بەك خەتەرلىك ...

— خۇدايىم بار، مەندىن ئەنسىرىمەڭ.

گۈلبادام پەسلەپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قومۇشلۇققا يېتىپ كەلگەندە، ئاتلار ئوتلاپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

پەقەت قومۇش ياپراقلىرىنىڭ شالدىرلىشى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۇلبادام قوشئاتار مىلتىقنىڭ زاتورىنى قايرىپ، بايا ئېتىلغان ئوق ئورنىدىكى مىشەكنى چىقىرىۋەتتى. ئاندىن جىلتكە يانچۇقىدىن ئوق ئېلىپ تۆشۈككە كەپلىدى ــ دە، زاتورنى شاراقىدە ئورنىغا چۈشۈردى. قوش ئوقدانغا ئىككى پاي ئوق سېلىنغان مىلتىقنى چىڭ تۇتقان گۇلبادام قومۇشلۇققا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇ كىچىككىنە شەپە چىققان تەرەپكە مىلتىقىنى دەرھال قايرىپ، ئىككى ئاتنى يېتىلەپ قايتىپ كەلدى. ئەمما دانىشنىڭ تېخىچىلا تىترىكى توختىمىغانىدى.

ــ بادىمەك خېنىم ... سىلى ... سىلى مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىلا، مەن سىلىگە قىيامەتلىك جان قەرزى بولدۇم ــ دانىش ىچچىدە يىغلىۋەتتى، ــ ئەمما مەن بايا ئۆزلىرىنى جان ھەلەكچىلىكىدە «سىزلەپ» ... ھۆر ... ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ سالدىم ...

ــ بۇمۇ ياخشى بولدى، ــ گۇلبادام ئۇنىڭ يېنىغا چوقچايدى، ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا سىزلىشەيلى، بولامدۇ؟

ــ بۇ ... بولارمۇ؟ بۇنداق قىلسام ...

ــ ئويلاپ باقسام سىز كىچىكىڭىزدىن تارتىپ ئىسلام ئەخلاق تەربىيەسىدە چوڭ بولغاندەك قىلىسىز. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز، بۇ ماڭا قاراڭغۇلۇق.

ــ مەن يامان ئىش قىلمىدىم، بەلكىم سىلى ...

ــ يەنىلا «سىلى» دەۋاتىسىزغۇ؟

ــ ناھايىتى ئەپسىز تۇرىدىكەن، ئەمىسە مەندىن ئاغرىنماڭ، ئەمدى بولدىمۇ؟

— بەك ياخشى بولدى.

— بايا مەن نېمە دېمەكچى ئىدىم، ھە توغرا، بىز تۇنجى قېتىم ئاچال يولدا ئۇچراشقاندا «سىلى»لەشكەندۇق. كېيىن مېنى ئەجنەبىي ئىشخانىسىدا كۆرۈپ بىردىنلا «سەن»لەپ گەپ قىلدىڭىز. چۈنكى، سىز مېنى كېپەن ئوغرىسى، ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھىنى ساتقۇچى دەپ ئويلاپ قالدىڭىز، — دانىش ھاسىراپ بىردەم تىنىۋالدى، — شۇ چاغدىلا سىزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ھەم ھەممەتلىك قىز ئىكەنلىكىڭىزگە چىن دىلىمدىن پۈتتۈم. نۇر يېغىپ تۇرغان ھۆسن - رۇخسارىڭىزغا تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمەندىم. بەش ۋاق نامازنى تەرك ئەتمەي ئۆتىگىنىڭىزدە، خىجىللىقتىن ئۆزۈمنى قويارغا جاي تاپالماي قالدىم.

— بولدى، ئارام ئېلىڭ. بايىقى قاباھەت مەلئۇن سىزنى بەك قورقىتىۋەتكەن چېغى ... سىزنىڭ چىناردەك قەددىڭىز بولغان بىلەن يۈرىكىڭىز كىچىككەن.

— سىز بىلمەيسىز، بۇنداق ۋەھشىيەت ئالدىمدىن بىر قېتىم ئۆتكەن. سىز قاپ بەلدىن ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن، ئۈچەي باغىرلىرى نە - نەلەرگە چاچراپ چىققان ئادەمنى كۆرگەنمۇ؟ مانا مەن كۆرگەن!

دانىش بىر بۇرادىرى بىلەن توڭگۇز ئوۋلاپ، چالا ئوق تەگكەن قاۋان ئارقىسىدىن ئېتىلىپ كىلىپ، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن، ئۈچەيلىرى قومۇشلارغا ئىلىنىپ، يەرلەرگە چاپلىشىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندى، گۈلبادامنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— سىز توڭگۇزمۇ ئوۋلىغانمۇ؟

— مېنىڭ بۇرادىرىم ئەجنەبىي ئىدى. شۇنىڭ زورى بىلەن بارغانىدىم.

— بىلدىم، سىز ھېلىقى ئەجنەبىي ئالۋاستىغا ئىشلەپ بەرگەن چاغلىرىڭىزدا بولغان ئىشكەن ـ دە.

— سىز ... سىز قانداق بىلىسىز؟

— ئىشىك سىرتىدا سىلەرنىڭ سۆھبىتىڭلارنى ئاڭلىغان.

دانىش بىردىنلا ھاسىراپ، ئىڭراپ ياتالماي قالدى. ئۇ تورۇپلا «ۋاي ـ ۋايلاپ» تولغىنىپ كېتەتتى. گۈلبادام ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ، تەڭقىسلىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەيتتى.

— دانىش ئاكا، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— پۇ ... پۇتۇم، پاقالچىقىم ئېچىشىپ، قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ.

يات ئەرنىڭ يالاڭ پۇتىنى كۆرۈش ياكى تۇتۇش ئاياللار ئۈچۈن، بولۇپمۇ يۇزى ئېچىلمىغان قىزلارغا نامەھرەم بولاتتى. لېكىن ئادەمسىز بۇنداق قۇم دەشتىدە ھىماتسىز، شاپائەتسىز قالغان ئاجىز بىمارنى قۇتقۇزۇش، ھەربىر ئىمانى بار بەندىنىڭ ئاللا ئالدىدىكى پەرھىزى ھەم قەرزى ئىدى.

گۈلبادام يېپىنچا قىلىنغان يەكتەكنى قايرىپ، دانىشنىڭ سول پۇتىنى سىلاپ بېقىشى، قولىغا مىلىچچىدە شىلىمشىق بىر نەرسە چاپلاشتى. ئۇ ئاي يورۇقىدا ئالىقىنى قان يۇقى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. گۈلبادام يالقۇنى پەسىيىپ ئۆچۈپ قالاي دېگەن گۈلخانغا ئوتۇن، شاخلارنى تاشلاپ، ئوتنى راسا گۇركىرىتىپ يالقۇنجىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يورۇقىدا كېسىلىپ كەتكەن ئۆتۈك قونچىنى ھەم ئۇ يەردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ قالدى.

— پاقالچىقىڭىزدىن قان چىقىۋاتىدۇ. بۇ ... بۇ نېمىش؟

— قومۇشلۇقتىن قېچىپ چىققاندا، كېسىلگەن قومۇش كۆتىكى يېرىۋەتكەندەك قىلدى.

— ئۇ يەردە كېسىلگەن قومۇش نېمىش قىلىدۇ؟

— كارۋانلار ئوت يېقىش ياكى ئاستىغا سېلىپ يېتىش ئۈچۈن قومۇش ئوروپ كېلىپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆتىكى پىچاقتەك ئىتتىك بولىدۇ.

گۈلبادام داكا رومالىنى يىرتىپ تەييارلىغاندىن كېيىن دانىشنىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرۇپ، يارا ئېغىزىنى ئاچتى. كېسىلگەن يەر ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، چوڭقۇر بولغاچقا يەنىلا قان سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. گۈلبادام قامچىسىنىڭ خەنجىرىنى شارتىلا چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۈچىنى چوغ ئىچىگە تىقىپ قويدى. ئۇ يارا ئېغىزىنى پاكىز تازىلاپ، خەنجەرنى ئوتتىن ئالدى.

— دانىش ئاكا، چىداپ تۇرۇڭ، يارىنى داغلىۋەتمىسەم يىرىڭداپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئاغرىقىغا چىدىمايسىز ھەم ماڭالماي قالىسىز.

گۈلبادام ئۇچى قىزىرىپ كەتكەن خەنجەرنى يارىغا بىرلا بېسىشى، دانىش قاتتىق تولغىنىۋەتتى. جاراھەت ئۇچ قېتىم داغلانغاندىن كېيىن گۈلبادام داكا رومالدا چىڭ باغلاپ تېڭىپ قويدى.

گۈلبادام دانىشتىن ئىككى غۇلاچ نېرىدا، ئاق لىباسىنى يېپىنىپ ياتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە قامچىسىنى تاسما كەمەرگە قىستۇرۇپ، مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمما يۇلغۇن ۋە چاتقاللىقلار ئىچىدە قانداقتۇر نەرسىنىڭ يۇمشاق پۇتلىرىدا شىپىرلاپ مېڭىشلىرى، كەسلەنچۈك، پاتمىچۇقلارنىڭ «كىر ...

كىر ... كىر ... » قىلىشلىرى، ھاشاراتلارنىڭ قىسما ـ قىسما زەئىپ چىرىلداشلىرى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى ئۆتىگەن گۇلبادام، دانىشنىڭ ھۇپپىدە ئىسسىلىپ كەتكەن چىرايىنى، قىزىرىپ چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ دانىشنىڭ پېشانىسىگە ئالىقىنىنى يېقىپلا تارتىۋالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن بولۇپ، قول كۆيگۈدەك قىزىپ كەتكەنىدى. دانىش «سۇ ... سۇ ... » دەپ ئارامسىزلىق ئىچىدە پىچىرلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. گۇلبادام ئۇنىڭغا بىر يۇتۇم سۇ ئىچۈرۈپ قويغانىدى، ئۇ «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى. ئاندىن ياغاچ جامغا سېلىنغان ئازغىنە نان ئۇستىگە نەملەشكۇدەك سۇ قۇيۇپ ياغاچ قوشۇقتا دانىشقا يېگۈزدى. ئۆزىمۇ قورساقنى گوللىغۇدەك ناشتا قىلىۋالدى. بىر ئاز ماغدۇر پەيدا بولغان دانىش گۇلبادامغا «ماڭىلى» دەپ پىچىرلىدى. گۇلبادام ئاتلارنى توقۇپ كەلدى. ئۇ ئاقساقلاپ ھەم بېشى قېيىپ ماڭالمايۋاتقان دانىشنى قولتۇقلاپ كېلىپ، قارا تورۇققا ئارانلا مىندۈردى. ئۇنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرىگەن گۇلبادام قارا تورۇققا ياندىشىپ ماڭدى. ئىسسىتمىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن كۆزلىرى ئىلىشىپ، ياشاڭغۇراپ، ھەممە نەرسە غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان دانىش قۇملۇق يوللارغا، يىراقتىكى بارخانلارغا، ئېگىز دۆڭلەرگە ئېغىر نەزەردە قاراپ قوياتتى. بەزىدە ئىچى قاراڭغۇلىشىپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالاتتى. ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا كېلىۋاتقان گۇلبادام ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، بەزىدە پوتىسىدىن قاماللاپ، يىقىلغىلى قويمايتتى. شۇنداقتىمۇ دانىش ئاتتىن ئاغدۇرۇلۇپ

چۈشۈپ يۇمشاق قومغىلا يىقىلدى. ئۇ، «سۇ ... سۇ» دەپ ئىڭرايتتى. گۈلبادام ئۇنىڭغا ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچۈردى. دانىشنىڭ ئاغزىدىن ئۆرۈلگەن ئوتلۇق نەپەس ئۇنىڭ يۈزىگە قىزىق يالقۇندەك بىلىندى.

تولۇمدا نەچچە يۇتۇملا سۇ قالغانىدى. ئاتلارمۇ ئۇسسۇزلۇقتا قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ، تىنىقلىرى تېزلىشىپ كەتكەنىدى. دانىش ئىككىنچى قېتىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، قۇملۇقتا پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ يېتىپ قالدى. گۈلبادام «كۆن پاتقىچە مەشەدە ئارام ئالايلى» دېگەنىدى، ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى.

— بادىمەك ئايىم، — دانىش قاپاقلىرىنى ئارانلا كۆتۈردى، — ئېگەر ئۈستىدە ئۆرە تۇرالامسىز؟

— ئون نەچچە ياش ۋاقىتلىرىمدىلا ئۆرە تۇرالايتتىم.

— ياخشى، ئۇنداقتا ئېتىڭىزنى ئاشۇ قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، ئېگەردە تىك تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىڭ. قارا - قورا بىرنېمىلەر كۆرۈنەمدىكىن. بىرەر توغراقلىققا يېتىۋالساق ياخشى بولاتتى.

گۈلبادام «قاشقا يۇلتۇز»نى دۆڭنىڭ ئېگىز چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئېگەر ئۈستىدە ئۆرە تۇردى. ئۇ قولىنى كۆنگە سايىۋەن قىلىپ قاراپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى - دە، دانىشنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

— دانىش ئاكا، مەن ئىككى ئۇن يېتىم يەردىكى توغراق ئىزنالىرىنى كۆردۈم.

— ئۇنداقتا ماڭىلى، — دانىش ئورنىدىن ئارانلا تۇردى، — مېنىڭ ئىككى پۇتۇمنى ئاتنىڭ تۆشىبېغىغا باغلىۋېتىڭ. ئاندىن ئاتلارنى جېدەللەپ ھەيدەيلى.

ئۇلار ئاتلىرىنى بىقىنداپ، دېۋىتىپ خېلى بىر يەرلەرگىچە ماڭغاندىن كېيىن توغراقلار ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇسسۇزلۇقتا تۇزۇك بىرنەرسە يېمىگەن ئاتلار پۇتلىشىپ، مۇدۇرۇپ زادىلا ماڭالماي قالدى. شۇڭا گۈلبادام بىلەن دانىش يەرگە چۈشۈپ، ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى بەل پوتىلىرىغا باغلىدى. ئاندىن گۈلبادام دانىشنى يۆلەپ، قولتۇقلىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار چۈش پېشىنىدىن ئۆتكەندىلا شالاڭ، ئەمما قەدىمكى توغراقلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يالاڭلىققا يېتىپ كەلدى. گۈلبادام دانىشنى قۇملۇق ئىچىدىن يانتۇ چىقىپ قالغان سۇنۇق توغراق غولىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، خۇرجۇندىن يۇلغۇن مىخىدىن بىرقانچىنى ھەم يوغان تاشنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەتراپتىكى بىرنەچچە توغراق غولىغا يۇلغۇن مىخى قېقىپ كۆرگەن بولسىمۇ سۇ چىقمىدى. ئادەتتە توغراقلارنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، چوڭقۇر يىلتىزلاردىن سۈمۈرۈلگەن سۇ كاۋاكقا يىغىلىپ قالاتتى. يۇلغۇن مىخنى بىر قېقىپ، بىر سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن خۇددى چوكىدەك سۇ شىرىلداپ چۈشەتتى.

گۈلبادام ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەن ھالدا دانىشنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ يىغلىۋەتتى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى دانىش گەز باغلىغان كالپۇكلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ، — توغراقلارنىڭ غولى قۇم تېگىگە چوڭقۇر كۆمۈلۈپ كەتكەچكە، سۇ پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز، — گۈلبادام ياشلىرىنى ئالىقىنىدا سۈرتتى، — سۇ بولغان بولسا سىزگە دورا چاي

قايىنىتىپ بېرەتتىم. تېخى كورىنى ئېسىپ ئۇماچ ئەتكىلىمۇ بولاتتى. سىز ئىسسىقراق بىرنېمە يېگەن بولسىڭىز ماغدۇرىڭىزغا كېلىپ، ياخشى بولۇپ قالاتتىڭىز ئەمەسمۇ.

— ھەممىدىن ئاتالارغا ئۇۋال بولدى. ئۇلار قاتتىق چاڭقاپ كەتكەچكە بوغۇزمۇ يېمەيۋاتىدۇ.

گۈلبادام دانىشنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ھاياتلىق ھەلەكچىلىكىدە قالغان بۇ ئىككى سەپەرداش بىر - بىرىگە بولغان دۇشمەنلىكنى ئۇنتۇغانىدى. گۈلبادامنىڭ ئالدىدا «كېپەن ئوغرىسى»، «ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھىنى ساتقۇچى» ئەمەس، بەلكى گەپ - سۆزلىرى مۇلايىم، سەممىيەت، ئۆلۈم يۇراپ تۇرغان جەزىرىدە چىن ھەمراھ، ئۆزىگە تەسەللى بەرگۈچى شاپائەتچى ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. دانىشمۇ يۇمران تېرىلىرى سويۇلۇپ، قان تەپچىرەپ چىققان قىزنىڭ لەۋلىرىگە قاراپ بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئەجدادلاردىن قالغان بىر قاپقان ئۇچۇن، ئۇنىڭ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تارتىۋاتقان جاپالىرىنى ئويلىغىنىدا، دىمىقى زىڭىدە ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش ياماشتى. «خەنجەر قامچا»نى ئوغرىلاشتىن ئىبارەت قارا نىيەت چۆل شاماللىرىدا نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ يوقالغانىدى. ئۇ قولىنى ئاستا سوزۇپ قىزنىڭ قان يۇقى كالپۇكلىرىنى سىلىدى، قىزمۇ ئۆز ئاكىسىنىڭ مېھرىبانلىقىنى كۆرۈۋاتقان ئاجىز قېرىنداشتەك ياش تۆككەن ھالدا تۇرۇپ بەردى. لېكىن بۇ ناتىۋان قىز دانىشنىڭ يۈزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان سۇزۇك ياشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي «دانىش ئاكا» دېگىنىچە ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭ سىڭلىم، مەن سەللا ياخشى بولۇپ قالسام، بۇ

جەزىرىدىن سىزنى ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.

دانىشنىڭ بىردىنلا ئۆزى يۆلىنىپ ئولتۇرغان توغراقنىڭ سۇنغان بېشىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاستا سىلجىپ كېلىپ كاۋاك تۆشۈكىنى ھىدلاپ باقتى. ئاندىن قولىنى قولتۇقلىرىغىچە تىقىپ كۆرۈپ، چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى.

— قاراڭ، ئىچى نەمكەن، — دانىش قولىنى كۆرسەتتى، — بۇ، تېگىدىكى سۇنىڭ سىزىپ يۇقىرىغا ئۆرلىشىدىن پەيدا بولغان نەملىك.

— راستىما؟ — گۈلبادامنىڭ كۆزلىرى كۈلدى، — ئاھ خۇدايىم، ساخاۋەت قوللىرىڭنى ئۇزات!

— بادىمەك سىڭلىم، — دانىش ئەتراپىغا قارىدى، — تاشمۇ، قوۋزاقمۇ، ئېغىرراق بىرنەرسە تېپىپ كېلىڭ.

گۈلبادام ئەتراپنى ئىزدەپ شاپتۇل ئۇرۇقچىسىدەك تاشتىن ئىككىنى ئېلىپ كېلىپ دانىشقا بەردى.

— مەن تاشنى توغراق كاۋىكىغا تاشلايمەن، سىز توغراق غولىغا قۇلاق يېقىڭ.

دانىش بىر تال تاشنى توغراق كاۋىكىغا تاشلىشى بىلەن گۈلبادام توغراق غولىغا قۇلاق يېقىپ، بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاڭلىدىم، بىرھازا كولدۇر ـ كولدۇر قىلغاندىن كېيىن «چولتۇككىدە» قىلغان ئاۋاز كەلدى.

— ئەمىسە بۇ قېتىم تەڭلا قۇلاق ياقايلى.

— بولىدۇ.

دانىش تاشنى تاشلاپلا توغراق غولىغا قۇلىقىنى يېقىشى، ئۇ تەرەپتە تۇرغان گۈلبادامنىڭ بېشىغا گوسسىدە ئۇسۇۋالدى. ئىككىسى قىزىرىپ كۈلۈپ قويۇشتى. ئۇلار «چولتوككىدە»

قىلغان ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەڭلا ۋارقىرىشىپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بىراق سۇنى تارتىپ چىقىرىدىغان چېلەك يوق ئىدى. جام، كورىلارنى باغلاپ چۈشۈرگەن بىلەن يانتۇ توغراق كاۋىكىدىن چىققۇچە، ئۈزۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ بىر تېمىممۇ سۇ چىقىرالمايتتى. دانىش ئېكسپېدىتسىيەچى سىترىچ ۋېرنىرنىڭ ئۆتۈكىدە سۇ توشۇپ ھەمراھلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىق ۋەقەسىنى كىناتون بايسىنىڭ قېيىنئىنىسى ھېنرىدىن ئاڭلىغانىدى. لېكىن ئەجنەبىينىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا ئاچچىقى كېلىدىغان گۈلبادامغا «بىر سودىگەر» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇمۇ دەرھاللا دانىشنىڭ ئۆتۈكىگە قارىدى.

— ئەمما، — دانىش قىزغا يالتىتىدە قاراپ قويىدى، — ئۆتۈكتىكى سۇنى ئىچىشكە كۆڭلىڭىز كۆتۈرەمدىكىن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ كارۋانچىلار ئات ـ ئېشەك سۈيدۈكى، قېنىنىمۇ ئىچىپ جېنىنى ساقلاپ قالغان ئىشلار كۆپقۇ.

گۈلبادام دانىشنىڭ ساق ئۆتۈكىنى سالدۇردى. ئاندىن ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئۆتۈكنىڭ قۇلىقىغا ئۆتكۈزۈپ چىگدى. دانىش قۇلاق ئۈزۈلۈپ كېتىپ قالسىمۇ، سۇ تارتىپ چىقىش ئۈچۈن ئىنچىكىرەك چىگە يىپتا ئۆتۈك چەمىنى باغلاپ، ئارغامچىغا چېتىپ قويىدى. ئۇلار باغلانغان ئۆتۈكنى يانتۇ غول كاۋىكىدىن پەسكە قاراپ چۈشۈردى. تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان گۈلبادام ئارغامچىنى دەرھاللا تارتمۇدى، ھېچقانداق ئېغىرلىق بىلىنمىدى. ئۇ قورقۇپقىنا دانىشقا قارىدى.

— ئۆتۈك قۇرۇق بولغاچقا سۇغا چۆكمىگەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى دانىش، — يەنە بىردەم سەۋر قىلىڭ.

ئۇلار ئۇچۇن مىنۇت ـ دەقىقىلەر خۇددى ئاي، يىللەك بىلىنىپ، تاماقلىرىنى تامشىپ تۇراتتى. بىر چاغدىلا ئارغامچىنى تارتىشى، ئۆتۈك ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، يېقىنلاشقانسېرى شالاق ـ شۇلۇق ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى.

ــ ئاھاي ! ...

قونچلىرىغىچە سۇغا تولغان ئۆتۈكنى كۆرگەن دانىش خۇشاللىقىدىن سىغماي ۋارقىرىغانىدى، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى يېرىلىپ قاناپ كەتتى. ئۇ ئۆتۈكنىڭ ئاستىدىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ، مۇزدەك توغراق سۈيىنى گۈپۈلتىپ ئىچتى. چۈنكى، دانىش دەسلەپتە ئىچىش ئارقىلىق گۈلبادامنىڭ كۆڭلىدىكى شەكنى يوقاتماقچى ئىدى. ئۇنىڭ تامشىپ تۇرۇپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۈلباداممۇ تىنماي تۇرۇپ، ئۇسسۇزلۇقى قانغۇچە ئىچتى. سۇنى كۆرۈپ ھىدىنى ھىدلىغان ئاتلارمۇ قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، قىسقا ـ قىسقا كىشنەپ كېتىشتى.

ــ بادىمەك خېنىم، تۇلۇملارنى ئېلىپ كېلىڭ. ئاۋۋال شۇلارنى تولدۇرۇۋالايلى.

ئۆتۈكنىڭ يېرىمىدا قالغان قىزغۇچ، ئەمما سۈپسۈزۈك سۇ تۇلۇمغا تۆكۈلدى. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈكتە سۇ تارتىپ تۇلۇملارنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاۋۇر ـ جاملاردا ئاتلارنى سۇغاردى. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىپ، تۆتىنچى قېتىمدىلا تومشۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ: «ئۇھ، ئادەمدىن ئەقىللىك نەرسە يوق ئىكەن، قاراڭلار تاپقان ئېپىڭلارنى !» دېگەندەك باشلىرىنى توختىماي لىڭشىتىپ يەر چاپچىدى.

گۈلبادام بىردەمدىلا قۇرۇق توغراق شاخلىرىنى يىغىپ كەلدى. ئۇ قۇمنى كولاپ ئوچاق ياسىغاندىن كېيىن قۇم

چۈگۈننى ئېسىپ چاي قايناتتى. گۈپۈلدەپ دورا ھىدى كېلىپ تۇرغان قىزىق چاينى ئىچكەن دانىش بىردىنلا جانلانغاندەك بولدى. سۇ بولمىغاچقا زاغرا، ئارپا كۆمىچى، تالقانلارمۇ ئانچە يېيىلمىگەنىدى. ئۇنى ھەرقانچە زورلاپ ئاغزىغا تىققان بىلەنمۇ قۇرغاق نەرسە گالدىن ھەرگىز ئۆتمەيتتى. مانا ئۇسسۇزلۇقىغا قانغان ئاتلارمۇ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويغان توۋرىدىكى قوناقنى كوسۇلدىتىپ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى.

— دانىش ئاكا،ناننى جىق يەۋالماڭ، — دېدى گۈلبادام، ئاچ كۆزلەرچە نان يەۋاتقان دانىشقا قاراپ، — مەن سىزگە راسا مەززىلىك ئۇماچ ئېتىپ بېرىمەن.

— ئاق چامغۇر بولمىسا ئۇماچ ئوخشامدۇ؟

— خۇرجۇنۇمدا سەل قورۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ئۈچ - تۆت تال چامغۇر بار.

— يائاللا، سەپەرگە بەك چىڭكەنسىز، يۇلغۇن مىخ، تاش ئېلىۋالغانلىقىڭىزنى كۆرۈپلا سىزگە قايىل بولغانىدىم.

گۈلبادام كورىغا يېرىمدىن كۆپرەك سۇ قۇيۇپ، ئوچاققا قويۇشى، دانىش ئوتنى پۇۋلەپ قايتا تۇتاشتۇردى. سۇ قاينىغىچە ئىككى دانە ئاق چامغۇر ئاپپاق تازىلىنىپ تەييار بولدى. گۈلبادام سۇ قاينىغان ھامان بىر چىمدىم يىرىك تۇز تاشلىدى. ئاندىن چامغۇرنى ئالىقىنىدىلا ئۇششاق توغراپ سالدى.

— پاھ، پاھ، ئاق چامغۇرنىڭ ھىدى نېمىدېگەن كۈچلۈك - ھە؟ — دانىش خېلىلا تۇزلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى، — چامغۇر سالغان ئۇماچ بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولغانىدىم.

— ئەمىسە كۆپرەك ئىچىڭ، ئەمما ئېشىڭىز ئارتىپ كېتىپ يەنە كېسەل بولۇپ بەرمەڭ، بەك يىغلاڭغۇكەنسىز ...

دانىش خۇددى مېھمانغا بېرىپ، ئورنىغا سىيىپ قويغان بالىدەك خىجىللىق ۋە ۋىجدان ئازابىدىن ئۆرتەندى. شۇڭا، ئۇ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۇنگە قاراپ چوڭقۇر خورسىندى. تەكلىماكان ئاسمىنى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۇنپېتىش تەرەپ بەجايىكى شايى ـ ئەتلەس، بەقەسەملەرنى يېيىۋەتكەندەك يول ـ يول، تارام ـ تارام سوزۇلۇپ تۇراتتى. بىپايان دەشتۇقۇملۇق بىنەپشە رەڭ نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ، ئېگىز ـ پەس قۇم دۆڭلۇكلىرى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك كۆرۈنەتتى.

گۇلبادام ئۇماچتىن جامغا بۆلۇۋېلىپ، قالغىنىنى كورا بىلەنلا دانىشنىڭ ئالدىغا قويدى. نەچچە كۇندىن بېرى غىزا كۆرمىگەن دانىش ئالدى بىلەن كورىغا ئېگىشىپ ئۇماچنىڭ ھىدىنى ھىدلىدى. بۇ ئىش گۇلبادامغا ياقمىدى.

— غىزانى پۇراۋاتمىسىزغۇ، — گۇلبادام دومسايدى، — ئەجنەبىيلەرنىڭ ئارىسىدا يۇرۇپ بەمەسەل ئادەتنى يۇقتۇرۇۋاپسىز. تائامنى پۇرىسا، «شەك» كەلتۇرگەن بولۇپ، ھالال تائام مەكرۇھقا ئايلىنىدۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ بادىمەك قىز، — دانىش خىجىللىق بىلەن كۇلدى، — تاماق يېمەي ئېچىرقاپ كېتىپتىمەن.

گۇلبادام خۇرجۇندىن خۇددى ناسۋال قاپىقىدەك كىچىككىنە ياغاچ قۇتىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ ھىم ئېتىلگەن ئاغزىنى ئاچتى. ئاغزىنىڭ ئاستى تەرىپىدە چىمچىلاق بارماق ئۇزۇنلۇقىدا نازۇك، ئۇچى ياپىلاق «پالاقچە» بار ئىدى. گۇلبادام پالاقچىنى قۇتا ئىچىگە چۆكۇرۇپ، ئاندىن كورا ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇۋىدى، چۇچۇتۇلگەن ماي بىلەن ئەبجەش قىلىنغان مۇچ

قىيامى خۇددى قىزىل يىپەك يىپ تالاسىدەك، ئۇماچ ئۈستىدە پارقىراپ، ئىنچىكە سىزىقلارنى ھاسىل قىلدى. گۈلبادام قۇتا چۆرىسىدىكى ئېقىپ قالغان ماينى تىلىدا يالىۋېتىپ، بارماق ئۇچىدەك ئاغزىنى ياپتى.

— ئوھوي، ئەجەب بەلەن نەرسىگىز باركىنا؟ — دېدى دانىش قۇتىغا زوقلىنىپ، — سەپەرگە ئەڭ ئەپلىك نەرسىكەن ئەمەسمۇ.

— بۇ دېگەن قەدىمكىلەر ھاڭگىي① دەرىخىدىن ياسىغان «ماتال»② قۇتىسى. بۇ يېرىلمايدۇ، سۇنمايدۇ، شۇنداقلا ئىچىدىكى ھەرقانداق قىيام بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپنى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى كېپەنلەپ، يىراقتىكى قۇم تاغلىرى سۈۋارى مانان ئىچىدە ئېرىپ كەتمەكتە ئىدى. دانىش بىلەن گۈلبادام توغراق غولىغا يۆلىنىپ، سۈكۈت بىلەن يىراقلارغا نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتى. «ياپسال» كارۋان سارىيىغىمۇ كۆپ قالمىدى. قاپقاننى تاپسىلا گۈلبادام ئۆزىنىڭ «قومۇشلۇق» تىكى ئۆيىگە كېتىدۇ. ئۇ بوۋىسى ئابدۇللا بوۋاينى ئېيتقۇسىز سېغىندى. كىم بىلىدۇ، ئەگەر مۇزەپپەر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن بولسا، ئەزەمشاھ بوۋاي قومۇشلۇققا توي تارتىپ كېلەمدۇ ـ تېخى! ئۇ ئىككى بوۋاي، ئىككى مومايىنىڭ قىيامەتلىك ئەھدى تۇرسا! بۇ يەرلەردە «لەۋز ھالال ... لەۋز ئۇلۇغ» دەيدىغان ئەقىدە ھەممىلا ئادەمنىڭ دىلىدىكى ئىمانى ۋە ئېتىقادى! ئەگەر تەقدىر ـ قىسمەت شۇنداق بولسا، گۈلبادام

① ھاڭگىي دەرىخى — غولى پۇتۇنلەي ھۆررەك ـ ھۆرەك قاپارتمىلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ياغاچ يولى يوق بولغاچقا، جام، ئاياق، كاساڭ، نوغۇچ، يايغۇلارنى قىرىپ ياسايدۇ.

② ماتال — كالا ساغىدىغان، ئۆچكە ساغىدىغان، ماي قاچىلايدىغان، دورىپۇرۇشلار مەلھەم دورىلارنى ساقلايدىغان ياغاچ قۇتا.

بوۋىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. بوۋايدىن ئايرىلىپ ياشىغان كۈن، بۇ قۇملۇق قىزى ئۈچۈن بەجايىكى دوزاخ ـ تە! ...

گۈلبادام ئەنە شۇنداق شېرىن ـ لەزىز خىياللار قاينىمىدا ئۈزۈپ يۈرگەندە، دانىشمۇ چاتقاللىق ئىچىدىن يول تاپالمىغان يولۇچىدەك تولىمۇ چىگىش، مۇشكۈل ئوي ـ خىياللار ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئەمدىلىكتە خەنجەر قامچىنى ئوغرىلاشتىن ۋاز كەچكەندى. يۈرىكىمۇ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرمەيتتى. ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان، يارىلىرىنى داۋالاپ جاراھەت ئازابى تارتقۇزمىغان، كېسىلىدىن خەۋەر ئېلىپ ساقايتقان، ئۆزى ئىچمىسىمۇ دانىشقا سۇ بېرىپ ھىممەت قولىنى سۇنغان بىر ئاجىزە قىزغا قارا ساناپ، ئۇنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىسا، دانىشنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنى قاباھەت مەلئۇن دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەس! ئەمما خەنجەر قامچىنى ئېلىپ بارمىغاندا، كارنىگ موللېر ئۇنى تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىش سېپىگە قاتامدۇ؟ ئەگەر بۇ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدىن قېپقالسا، ئۇنىڭ ئىچىگە تىنىپ كەتكەن قىساس ئوتى مەڭگۇ ئۆچمەي، ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمەمدۇ! ياق، كارنىگ موللېر نىڭ نىشانى خەنجەر قامچا بولماي بەلكىم دانىشنىڭ ئۆزى! ... بۇ ئەجنەبىينىڭ كۆك كۆزلىرىدىن، سېرىق يۈزلىرىدىن، ياسالما سۆزلىرىدىن ئالدىبۇرۇنلا دانىشتىن گۇمانلىنىپ بولغانلىقى چىقىپلا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، شۇم نىيىتى كويىدا دانىشنى قۇملۇققا ئېلىپ كىرمەكچى. قېنى، موللېر چاققانمۇ ياكى دانىشمۇ؟!

دانىش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئايغا قاراپ «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى. باياتىن بېرى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇشنى خالىمىغان

گۈلبادام ئۇنىڭغا يالتىيىدە قاراپ، گېپىنى قىرىپ شەپە بەردى:

— دانىش ئاكا، — گۈلبادام قايرىلىپ قارىدى، — بايا «يىغلاڭغۇكەنسىز» دەپ قويسام، چىرايىڭىز باشقىچىلا بولۇپ كەتتى، مەندىن خاپا بولدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دانىش يۇلتۇزلارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن كىچىك چاغلىرىمدا بىر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتسەم، بىرنەچچە كۈنگىچە ئىسسىتمام ئۆرلەپ ئاغرىپ قالاتتىم. بۇ ئەيىبىم ھازىرغىچە تۈزەلمىدى.

— مەنمۇ ھەيران، قاۋان قوغلىغاندىن باشلاپ سىز كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالدىڭىز، — گۈلبادام ساددىلىق بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دانىش ئاكا، «ياپسال» كارۋان سارىيىغا ئاز قالدۇقمۇ؟

دانىش مۇشۇ سوئالنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئۇ قامچىنى ئېلىش كويىدا، گۈلبادامنى قەستەن يات يوللارغا باشلاپ، ئۆزىمۇ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ يولدىن ئاداشقانىسېرى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىپ، گۈلبادامنى قاتتىق چارچىتىپ، ھالىدىن كەتكەندىلا خەنجەر قامچىنى ئېلىپ قاچماقچى ئىدى. لېكىن «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك، ئۇنى قاۋان قوغلاپ ئۇچەي - باغرىنى چۇۋۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاق كۆڭۈل پاك نىيەت قىزنىڭ چەكسىز ھېممىتى ئۇنى نومۇس ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى! بۇ نومۇس ئۇنىڭ داتلىشىپ كەتكەن ۋىجدان قۇلۇپىنى ئېچىۋەتتى! ئەمدى يالغان ئېيتىپ ئۇنى ئالداشقا، ئۆزىنى ئازابلاشقا يول قالمىغاندەك قىلاتتى.

— دانىش ئاكا، گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — گۈلبادام ئۇنىڭ

ئاغزىغا تەلمۈردى، ــــ «ياپسال» كارۋان سارىيىغا يەنە نەچچە كۈندە يېتىپ بارىمىز؟

ــــ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ــــ دانىش ئىككى قولىنى توغراق غولىغا تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويدى، ــــ خۇدا ھەققى، راستىنلا بىلمەيمەن ...

ــــ بۇ ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ــــ گۈلبادام شارتلا قىلىپ، دانىشقا روبىرو ئولتۇردى، ــــ مېنى ئالدىغان ئوخشىمامسىز، سىز مۇسۇلمان پۇشتىدىن تۆرەلگەنمۇ ياكى مۇناپىق پۇشتىدىنمۇ؟! زادى مېنى نېمە غەرەزدە ئالداپ، بۇ ئادەم ئاياغ باسمىغان پىنھان چۆللەرگە ئېلىپ كەلدىڭىز؟

ــــ ئەسلىدە قاپقىنىڭىزنى مەن سېتىۋەتكەن ! ...

گۈلبادام دانىشنىڭ ئاي نۇرىدا قىپقىزىل يالتىراپ تۇرغان كۆز ئېقىغا، قارا تاشتىن ئويۇلغان بۇتتەك چىرايىغا، نەلەرگىدۇر قادالغان قارىچۇقلىرىغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ قامچىدىكى خەنجەرنى شارتلا چىقىرىپ، ئالدىدىكى بۇ لەنىتى كېپەن ئوغرىسىنىڭ نەق يۈرىكىگە ئۇرماقچى بولدى. ئەمما بىردىنلا قولىدىكى قامچا يەرگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ چاچلىرىنى قاماللىدى:

ــــ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدا ئىمان، دىلىڭىزدا خۇدا بولسا راست گەپ قىلىڭ، ــــ قىزنىڭ مەڭزىدىكى ئىككى تامچە ياش ئاي نۇرىدا مارجاندەك يالتىراپ تۇراتتى، ــــ قاپقانىنى ئۆزىڭىز ساتقان تۇرۇقلۇق، مېنى بۇ چۆللەردە نېمىشقا ئازدۇرۇپ يۈرىسىز؟

ــــ سىزنىڭ ئاشۇ خەنجەر قامچىڭىز ئۈچۈن !

ــــ نېمە، مېنىڭ مۇشۇ قامچام ئۈچۈنمۇ؟ ــــ قىز قولىدىكى قامچىنى سىلىكىدى، ــــ مەن بۇنى يولغا چىققان كۈنۈملا بىلگەن.

بۇ ئەجنەبىي ئۇچۇنمۇ؟ ئۇنىڭ 15 تىللاسى ئۇچۇنمۇ؟! سىزنى بۇنچىلىك پەسكەش، غۇرۇرسىز، ئىمانى ناپاك دەپ ئويلىماپتىكەنمەن!

— بۇ ئەجنەبىي ياكى 15 تىللا ئۇچۇن ئەمەس، ئۇقتىڭىزما؟ — دانىشمۇ شارتىلا بېشىنى كۆتۈردى، — خەنجەر قامچا نىيەت - ئىقباللىرىمغا يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر سەۋەبكارىم ئىدى. سىز بۇنى مەڭگۈ چۈشەنمەيسىز!

— ماڭا دېيىشنىمۇ خالىمامسىز؟

— بۇنى سىزگە نېمىشقا دېگۈدەكمەن؟ — دانىشنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — سىز - ئەسرا بولغۇدەك سىز مېنىڭ نېمەم ئىدىڭىز! ئاتاممۇ، داداممۇ، قېرىندىشىممۇ ياكى خوتۇنۇممۇ؟! يۇرتىمغا ئۆيۈپ كەتكەن بۇ خۇپىيە بىر خۇداغا، بىر ماڭا ئايان ... ئۆزۈم بىلەن باقىيغا كەتسە كېتىدۇكى، بىر كىمگە تىنالمايمەن ...

«خوتۇنۇممۇ» دېگەن سۆزدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن ئىپپەتلىك قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ يۈز - خاتىرنى چۆرۈپ تاشلاپ، تىل نەشتىرىنى سانجىدى:

— ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ. «خوتۇنۇممۇ» دېگەن ھاياسىزلىقنى قىلغۇچى بولماڭ ... سىزدەك ئەجدادلار قارغىشىغا كەتكەن ئادەمدىن، يەر تېگىدىن ماكان تۇتقىنىم ئەۋزەل ...

— ئۇنداقتا سىزمۇ، — دانىش تەپ تارتىپ ئولتۇرمىدى، — ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازدا ئايەت ئوقۇيدىغان ئاغزىڭىزنى بىزەپىلەشتۇرۇپ ئادەم تىللاۋەرمەڭ! قۇرئان سۈرىلىرىگە داغ چۈشۈرۈپ قويىسىز ...

دانىشنىڭ قاتتىق تەئەددىلىرىدىن بىردىنلا ھورىدىن چۈشكەن

گۇلبادام لاسىدە بولۇپ قالدى ۋە يىگىتنىڭ ئىچىدىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلەۋەرگىنىگە ئۆكۈندى. بولۇپمۇ «خەنجەر قامچا نىيەت ـ ئىقباللىرىمغا يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر سەۋەبكارىم ئىدى» دېگەن بىر ئېغىز سۆز ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. بۇنىڭدىن دانىشنىڭ تەكلىماكانغا كىرمىسە زادى بولمايدىغان زۆرۈر نىشانىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئېهتىمال، بۇ ئۆزى ئېيتقان سىرنىڭ مەنبەسى بولسا كېرەك !

گۇلبادامنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇغاندەك بولدى ـ دە، دانىشنىڭ قەهرلىك تەلەپپۇزلىرىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، ئاۋازىمۇ سىپايىلەشتى.

ـــ دانىش ئاكا، ئۇنداقتا قاپقاننى سىز قەيەردىن ئالغانىدىڭىز؟

ـــ خۇدا ھەقىقى ماڭا ئىشىنىڭ، مەن قاپقاننى ئوغرىلىمىدىم، قۇم بارخانلىرى ئارا يولۇققان تۆگىلىك ئادەم ئېسىڭىزدىمۇ؟

ـــ ئېسىمدە، ئۇنىڭ ئىسمى سەمەندەرغۇ دەيمەن؟ سىز ئۇنىڭدىن سۇ سورىغانىدىڭىز.

ـــ ھەببەللى، ئاشۇ بۇرادىرىم قاپقاننى «قاقشاللىق» دېگەن يەردىن تېپىپ كەپتىكەن.

ـــ ئاشۇ مېنىڭ قاپقىنىم، ـــ گۇلبادام ھاياجانلاندى، ـــ بوۋام داۋاملىق قاقشاللىقتا قاپقان قۇراتتى. سىز ئۇنى ھېلىقى ئەجنەبىيگە ساتقانمۇ؟

ـــ شۇنداق، ئەمدى ئۇنى قايتۇرۇۋالماق تەس !

ـــ نېمىشقا، پۇلىنى بەرسەك بولمىدىمۇ؟

ـــ ئەجنەبىيلەر «تارىخىي قىممىتى بار» دەپ بىلىدىغان

نەرسىلەرنى ھەرگىز ياندۇرمايدۇ.

— بىرەر ئامال - چارىڭىز يوقمۇ؟

— ئوغرىلاشتىن باشقا چارە يوق!

— ئوغرىلاش؟ — گۈلبادام تېڭىرقاپ قالدى، — ئوغرىلىق ئېغىر گۇناھ بولىدۇ.

— ئەمىسە يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېتىڭ.

— يا، ياق، — گۈلبادام دەرھاللا قارشى چىقتى، — سىز قاپقاننى قانچە پۇلغا ساتقان؟

— 12 تەڭگىگە.

— ئۇنداق بولسا 12 تەڭگىنى مەن بېرەي، قاپقاننىڭ ئورنىغا قويۇپ قويايلى.

— ئۇ پۇلنى مەن خەجلىسەم سىز بېرەمسىز؟ — دانىش غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، — بۇنداق قىلساق ئۇلار مەندىن گۇمانلىنىپ قالامدۇ؟

— قۇملۇقتىن كەلگەن خەنجەر قامچىلىق قىز ئوغرىلاپتۇ، دېيىشىڭىز بولمىدىمۇ؟

— ئەمىسە 12 تەڭگىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— ۋاي - ۋۇي، بىر ئامالىنى قىلمامسىز؟ — گۈلبادام پىسسىڭىدە كۈلدى، — قەددىڭىز ئۆرە تۇرغان ئېيىقتەك تۇرىدۇ ... ئەجەب مىكى - مىكىلىرىڭىز تولىكەن.

دانىش كۈلۈۋەتتى ...

— بولىدۇ، مەن قاپقاننى ئوغرىلاپ بېرىپلا يولۇمغا ماڭىمەن، سىزمۇ ئۆز يولىڭىزنى تېپىۋېلىڭ.

— مەندىن شۇنچىلىك بىزار بولدىڭىزمۇ؟

— «خوتۇنۇممۇ» دەپ قويغىنىمغا ئاغزى - بۇرنۇمغىچە

دەشنەم ئىشتتىم. سىز بىلەن بىللە بولۇپ قالسام، ئۇ سۆزنى يەنە تەكرارلاپ سېلىشتىن قورقىمەن ...

قىز قىزاردى، يۈرىكى تەرتىپسىز سوقۇپ كەتتى ...

ئۇلار ئوتتۇرا كىچە بولغاندا قاراقاش دەيارىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاسماندا سەيلانە ئۇزۇۋاتقان ئاي قۇملۇق پەرزەنتلىرىگە ئاقيول تىلەۋاتقاندەك، پۈتۈن كائىناتنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى ...

# ئون ئىككىنچى باب

ئۈچ كۈن ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن دانىش بىلەن گۈلبادام تۆتىنچى كۈنى كەچتە قاراقاش دىيارىغا يېتىپ كەلدى. بۇ مېھرى ئىللىق يۇرت ئۆزىنىڭ زەپىران باغلىرى، ئېتىزلىقلىرى ۋە يېزىلىرى بىلەن بارغانسىرى كەچكى گۇگۇم پەردىسىگە پۈركەنمەكتە ئىدى. يېڭى ئاي مەسچىت گۈمبەزلىرىنىڭ باشلىرىغا كۈمۈشتەك سوغ نۇرىنى چېچىپ، مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە بىر ئۆزى مۇڭلۇق بولۇپ پەسلەرگە قارايتتى. قاراقاش كوچىلىرى جىمجىت سۈكۈت ئىچىدە چۆلدەرەپ قالغانىدى. لېكىن كېچىلىك بازار رەستىلىرىدىن ئالىمانىنىڭ شاۋ - شۇۋلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دانىش بىلەن گۈلبادام ئاتلىرىنى قاترىتىپ «سادىر قاشلىق» دېگەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەڭجاغا ئاتلىرىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، خۇرجۇن، تۇلۇم، ئېگەر - جابدۇقلارنى دانىشنىڭ مۇساپىرخانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئەمما گۈلبادام مىلتىقى بىلەن قامچىسىنى ئۆزى ياتماقچى بولغان مۇساپىرخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئىشىككە يوغان قارا قۇلۇپنى سالدى. ئاندىن كېچە بىر ۋاقلارغىچە «غىلتاڭ قوينىڭ دۇمبىسى[①] دە ئەتكەن، بىر جام شورپىسى بار ... » دەپ ۋارقىرايدىغان مانتىخانىلارنىڭ بىرىدە قورسىقىنى تويغۇزۇپ

① دۇمبە — قوينىڭ قۇيرۇق مېيى.

كېلىشتى.

ئۇلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، گۈلبادامنىڭ مۇساپىرخانىسىدا «تۈن ئوغرىسى» راسكالنىقلىرىنى تەييارلاشقا ناھايىتى تېز كىرىشىپ كەتتى. دانىش چاققان، چەبدەس بولۇش ئۈچۈن، خۇرجۇنىدىن يازلىق قارا يەكتەكنى ئېلىپ كىيىپ، قارا پوتىدا بېشىنى مەھكەم باغلىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، دەڭنىڭ ئوتۇنخانىسىدىن بىلەكتەك توملۇقتا بىر دانە كالتەك كۆتۈرۈپ كىردى. «دانىش ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان گۈلبادامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— بۇ ... بۇ كالتەكنى نېمە قىلىسىز، — گۈلبادام ئىشىك سىرتىغا قاراپ قويۇپ يېنىپ كەلدى، — بۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرمەيدىغانسىز؟

ئاسارئەتىقە، يادىكارلىقلار دۆۋىلەنگەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم بولۇپ، دېرىزىلىرى يوق ئىدى. پەقەت ئۆگزىدىكى تۆت چاسا تۈڭلۈكىدىنلا ئۆيگە چۈشكىلى بولاتتى. بىراق چۈشكەن ئادەم قايتا چىقالمايتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئادەم ئۆلتۈرمەيمەن، — پىچىرلىدى دانىش، — بۇ كالتەكنى تۈڭلۈككە توغرا قويۇپ، ئارقاندىن سىيرىلىپ چۈشىمەن، ئاندىن يامىشىپ چىقامدىم، بولمىسا تۇتۇلۇپ قالسام قاپقانمۇ يوق، مەنمۇ تۈرمىدە ياتىمەن.

— بولدى، ئاغزىڭىزنى ئۈششۇتمەڭ. مەن تېخى ئىشىكنىڭ قۇلۇپلىرىنى قايرىپ كىرەمدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

— قۇلۇپلار قېلىن تۆمۈرلەردىن قىلىنغاچقا قايرىغىلى بولمايدۇ، — دېدى دانىش پەس ئاۋازدا، — ھەممە ئۆيلەرگە ئورۇس قۇلۇپى سېلىنغان، ئۇنى بولقا ياكى تاشتا ئۇرۇپمۇ

چىقمىش تەس.

ئوتتۇرىسى باغلىنىپ، ئارغامچا ئورالغان كالتەكنى يەكتىكىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان دانىش يۈزىنى كۆزلىرىگىچە ئوراپ تەييار بولدى. ئاندىن بازاردىن سېتىۋالغان ئورۇس گۆگۈتىنى قوينىغا تىقتى. ئۇلار ئىبغىر ئەلياتقۇ بولغۇچە ساقلاپ ئاندىن يولغا چىقتى.

«ئەنجانباغ»نىڭ ئەتراپى ھەيۋەتلىك «ئەنجان» تېمى بىلەن قورشالغانىدى. دانىش بىلەن گۈلبادام بولجالىق ۋە چوڭقۇر ئېرىقلار ئارقىلىق باغنىڭ ئارقىسىدىكى تېرەكلىككە يېتىپ كەلدى. يىراق - يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ قاۋاشلىرى سۈس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، ھۆۋۈلداپ قالغان قېرى قاپاق تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىدىكى چاڭگىلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بەزىدە توك قاغىلارنىڭ ئۈيقۇلۇق «غورۇق - غورۇق» قىلغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— دانىش ئاكا، — دېدى گۈلبادام تامغا بويۇنداپ، — تام ئېگىز ھەم دەسسىگۈدەكمۇ يېرى يوقكەن، قانداقمۇ چىقارمىز؟

— سىزنىڭ مۈرىڭىزگە دەسسىسەم، مېنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولالامسىز؟ — دانىش قىزغا قارىدى، — ئۇ تەرىپىگە پىچاقتا پۈت ئۇچۇم ئىلغۇدەك ئىككى تۆشۈك ئويسامىلا چىقىپ كېتىمەن.

— ئۇنداقتا مەنچۇ؟

— ئامال يوق، مەشەدە ساقلايسىز.

— نېمە، مەن ساقلايمەنما؟

— قىزىقكەنسىز، مەن قايتىپ كەلگەندە ئارغامچا باغلانغان كالتەكنى بۇ تەرەپكە تاشلايمەن. سىز ئۇنى بېلىڭىزگە باغلاپ تىرەجەپ تۇرمىسىڭىز، مەن نېمىگە ئېسىلىپ چىقىمەن؟

ئۇلار سەل يانپاش ئېگىز تام تۈۋىگە كەلگەندە، قىزنىڭ مۇرىسىنى ئاغرىتىۋېتىشتىن ئەنسىرىگەن دانىش ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ يەكتەكنىڭ بىر پېشىنى بىلىكىگە قىستۇردى.

— دانىش ئاكا، بۇ قەسىردىكىلەر ئۇخلىغانمىدۇ، — گۈلبادامنى ھاياجان تىترىكى باسقانىدى، — ھازىرغۇ خېلى بىر ۋاق بولۇپ قالدى.

— ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇيقۇسى كەم خەق. ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىپ، قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ قايسى ۋاق بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەيدۇ، — دانىش ئاستا كۇسۇرلىدى، — لېكىن كىناتون بايىس بىلەن كىۋىنست بېلىنىڭ ئۇيقۇسى قاتتىق، ئۇلار خورەك تارتسا، مەھەللىنىڭ ئىتلىرىمۇ قاۋاپ كېتىدۇ.

گۈلبادام ئاغزىنى تۇتۇپ كۇلۈۋەتتى.

— نېمە، ئىشەنمەمسىز؟ ئەمما كارنىگ مولليېر يىلاندەك سەگەك ئادەم.

— يەنە بىر ئەجنەبىينىڭ گېپىنى قىلغاندەك قىلىۋىدىڭىز، ئۇچۇ؟

— مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەن، ئۇچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە قاۋان ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن ھېنرى دېگەن يىگىت شۇ.

دانىش ئېگىشىپ تۇرغان گۇلبادامنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ چىقىشى، ئالدىغا دۈم چۈشكىلى تاسلا قالغان قىز دەرھاللا ئىككى قولى بىلەن تامغا تايىنىۋالدى. ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆرە بولدى. دانىش غىلىپىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، ئېگىز ـ پەس ئىككى يەرنى كولىغىچە گۇلبادام يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. دانىش تامغا چاپلىشىپ ئاخىر ئۈستىگە چىقىۋالدى ـ دە،

قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، باغ تەرەپكە سىيرىلىپ چۇشۇپ كەتتى. ئۇ بىردەم تىنىۋالغاچ ئەتراپقا نەزەر سالدى. باغ ئىچى تولىمۇ جىمجىت ئىدى. سارغايغان ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، بېھى، ياڭاقلار سۈكۈت ئىچىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. پەقەت مېۋە شاخلىرى ئۇچلىرىدا قالغان بىرەر - يېرىم يوپۇرماقلارلا ھاياتلىققا كۆز قىيمىغاندەك بوش شىلدىرلايتتى. كارىنىگ موللىېر تۇرۇۋاتقان گەج تۇۋرۇكلۇك بىنا ئايدىڭ كېچىدە خۇددى كۆلگە چۈشكەن ئاق قۇدەك سۈلەت بىلەن ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بولسا پاسىل تامدىن بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا تارتىپ سېلىنغان ئامبار ئۆيلەر بار ئىدى. بۇ ئۆيلەر، ئوڭ تەرەپتىكى لاپاسلىق مال ئېغىللىرى، مولىېر بىناسىدىن 60 ـ 70 قەدەم ئارىلىقىدا بولۇپ، يوللىرىغا كۆك خىش ياتقۇزۇلغانىدى. بىر جېسەكچى گاز لامپىنى كۆتۈرۈپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تەكشۈرۈپ كىرىپ كېتەتتى.

ئېگىز، قامەتلىك دانىش مېۋە شاخلىرى ئارا ئېگىشىپ، ئامبار ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. يۇمشاق يوپۇرماقلار ئۇستىگە چۈشكەن يالاڭ ئاياغ قەدەملەردىن ھېچقانداق تىۋىش ياكى شەپە ئاڭلانمايتتى. ئۇ قېرىپ دوڭغاقلىشىپ كەتكەن ئامۇت غولىغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىۋالدى. ئۆيلەرنىڭ ئادەم ئازادە پاتقۇدەك تۈڭلۈكلىرىگە بىر پارچىدىن ئەينەك قويۇلغانىدى. دانىش باشتىكى ئۆينىڭ توپا باسقان ئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ئارغامچىنى ئۆي ئىچىگە چۈشۈردى ـ دە، كالتەكنى تۈڭلۈك ئاغزىغا توغرا قويدى. ئاندىن ئۆزى ئارغامچىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇ بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن ئورۇس گۇگۇتىنى ياندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئالىقاندەك بوشلۇقتا تۇرغانلىقىنى

كۆردى. ئۆينىڭ تۆت تەرىپى قەدىمكى بۇيۇملار بىلەن زىچ تولغان بولۇپ، رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلغان تارىخىي قىممەتكە ئىگە يادىكارلىقلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى.

رەڭدار تاشلاردىن ياسالغان زىبۇ ـ زىننەتلەر، مىس تەڭگىلەر، نەقىشلەنگەن ئىۋرىق، تاش پىچاق، زۇمرەت كۆز قويۇلغان قاشتېشى ئۈزۈكلەر، ھەر خىل نەپىس كوزىلار، تاشتىن ياسالغان ساپلىق، پىچاق، نوغۇچلار، ئالتۇن يالاتقان ئاياغ قېلىپلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ئوتۇغاتلار، قاشتېشىدىن ئويۇلغان يولۋاس، شىرلار، سۆڭەكتىن قىرىلغان يىڭنە ـ دەرەپىشلەر، ئەقىلنى لال قالغۇدەك ئېگەر ـ جابدۇقلار، گىلەم ـ پالاسلار، يىپەكتىن توقۇلغان لىباس، شايى رومالار، مېمارچىلىق ئەسلىھەلىرى، چىگىدىن توقۇلغان كىيىملەر، تۆچتىن قۇيۇلغان كالا باشلىق ئادەم ھەيكەللىرى، تاشقا ئويۇلغان ھەر خىل ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قاپارتما رەسىملىرى، قەدىمكى زامان گىلەم، كىگىز نۇسخىلىرى، كۆز چاقنۇدەك فارفۇر ساپال بۇيۇملار ... قىسقىسى، دانىش تېخى كۆرۈپ باقمىغان، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ قىممەتلىك بۇيۇملار ئانا تۇپراقتىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك بويۇن قىسىپ تۇرۇشاتتى ...

دانىش ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى، بەزى نەرسىلەرنى يۆتكەپمۇ كۆردى، لېكىن ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالمىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە قاپقاننىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن ئارقانغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈمىدى يان ئۆيدە قالغانىدى. ئىككىنچى ئۆي بىرىنچى ئۆيگە ئارىستام بولۇپ، ئۇنىڭمۇ تۆڭلۈكىگە ئەينەك قويۇلغانىدى. دانىش ئەينەكنى شەپە چىقارماي

ئالغاندىن كېيىن، ئارقاندىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشتى. بىراق بۇ ئۆيدە مىستىن ياسالغان كىرىست، چىلاپچا، چۆگۈن، گىپىستىن قۇيۇلغان ئادەم ھەيكەللىرى، نېپىز شايى كېيىملەرنى كىيگەن گۈزەللەرنىڭ تام سۈرەتلىرى، ساكيامۇنىنىڭ ئىبتىكاپتا ئولتۇرغان بۇتى، بۇتخانىنىڭ ئويۇقلىرىغا قويۇلىدىغان زىننەتلىك ھەر خىل بۇت قاتارلىق تارىخقا شاھىت يادىكارلىقلار بار ئىدى ...

دانىش ئۈچىنچى ئۆينىڭ تۈگۈلۈكىدىن چۈشۈپ، لاسسىدە بولۇپ قالدى. چۈنكى، تارىشا پۈتۈكلەر، يىراق - يېقىنغا ئەۋەتىلىدىغان تارىشا خەت - چەكلەر، قىسما - قىسما يېزىقتىكى قول يازمىلار، بۇلغار تاشلىق دىۋانلار، شاھلارنىڭ ئەسلىمە - پەرمانلىرى يېزىلغان يىپەك لەۋھەلەر قويۇلغان بۇنداق ئىلىم - مەرىپەتكە ئائىت ئەسلىھەلەر ئۆيىگە قاپقاننىڭ قويۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«قاپقان زادى نەدىدۇ؟» كارنىگ موللىير ھەر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدىن كېيىن يۈزلەپ، 70 - 80 لەپ ساندۇقلارغا قاچىلانغان يادىكارلىقلارنى تۆگىلەر ئارقىلىق لوندونغا ماڭدۇراتتى. لېكىن ئۇ، تۆتىنچى قېتىملىق سەپىرىنى قىشقا، شۇنداقلا دانىشقا ساقلاپ تېخى باشلىمىغان تۇرسا، «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر»دىن سېتىۋالغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ يولغا سالارمۇ؟ سالغان تەقدىردە دانىش ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى! ئۇنداقتا قاپقان زادى نەگە يوشۇرۇلغان ؟

ئۇمىدلىرى كۆپۈككە ئايلانغان دانىش ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىشى، يېقىنلا بىر يەردە قاتتىق يۆتەلگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ، ئۆگزىدە جىم يېتىۋالدى. چۈنكى، گاز لامپا كۆتۈرگەن جېسەكچى

ئۆيىدىن چىققانىدى. ئۇ ئامبار ئەتراپىنى بىر چۆرگىلەپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى يۆتەل يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. بۇ كارىنگ موللىېرنىڭ غوجىدارى، ئامبارچىسى ئىشقۇللا ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خىرقىراق ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

دانىش، كارىنگ موللىېرنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە بىر يىلدەك يۈرگەن چاغلىرىدا، ئىما ـ ئىشارە، شەپە، سىگنال، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ھەر خىل ئاۋاز مەنە بەلگىلىرىنى ئاز ـ تولا بىلىۋالغانىدى. ئىشقۇللانىڭ تېز، تەرەببا ۋە قاتتىق يۆتىلىشى «ئاگاھلاندۇرۇش» سىگنالى بولۇپ: «ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ساڭا خەۋپ بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېيىنكىسى يۇمشاق، سوزۇك يۆتەلگەن ئاۋاز: «ئەمىنلىك بېشارىتى»نى بىلدۈرۈپ «خەۋپ ئۆتۈپ كەتتى» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى ... بۇ ئىشقۇللا دېگەن قېرى زادى قانداق ئادەم؟! ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قاپىقىدىن قار يېغىپلا يۈرگەن، كىشىگە چىراي ئاچمىغان، بىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىماق، بېخىلنىڭ ئالىقىنىدىكى بىر تەڭگىنى ئالماقتىنمۇ تەس ... ۋاي بولدىلا، نېمە بولسا بولمامدۇ، مەن نېمىگە غەم يەيتتىم ...

دانىش يەر سىبجىلاپ ئۆگزە قىرىغا كەلگەندىن كېيىن پەسنى خېلىغىچە كۆزىتىپ، ئاندىن دوڭغاق ئامۇت ئارقىلىق يەرگە چۈشتى. ئۇ غازاڭلار تولغان ئېرىقلار ئىچى بىلەن باغنىڭ ئاخىرقى پاسىل تېمى يېنىغا كەلدى ـ دە، كالتەكنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۇ تەرەپكە تاشلىدى. ئاز ئۆتمەيلا گۈلبادام ئارغامچىنى سىلكىپ شەپە بەردى.

دانىش ئارغامچىغا ئېسىلىپ، مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن تام ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئاندىن ئۇ تەرەپكە سىيرىلىپ چۈشۈپ

كەتتى. تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان گۈلبادام ئۇنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئەنسىز سالغان هالدا «قاپقان قېنى؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئەمما ئۇ دانىشنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ بىئارام بولۇپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئاسارئەتىقىلەر ئۆز تۈرى بويىچە قويۇلۇشى مۇمكىن، — دېدى گۈلبادام جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئوۋچىلىققا ئائىت قوراللارنى ئۇچراتمىدىڭىزمۇ؟

— توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە باركەن، لېكىن سىز دېگەن ئوۋ قوراللىرىنى ئۇچراتمىدىم.

— ئۇنداق بولسا، ئوۋ قوراللىرى باشقا ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

دانىشنىڭ بىردىنلا كۆزلىرى چەكچىيىپ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئۈچىنچى ئۆيگە چۈشكىنىدە: «بۇ ئۆيمۇ باشقا ئۆيلەر بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتا ئىكەن، بىراق ئۆگزىدە ئەجەب چوڭ كۆرۈنگەنىدى» دەپ ئويلىدى. توغرا، كىگىز ئاستىدا پىنھان قازناققا كىرىدىغان ئىشىك ياكى ئويۇق بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا نېمىشقىمۇ سەل قارىغان بولغىيتتى. دانىشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان گۈلبادامدا قايتىدىنلا ئۈمىد تۇغۇلدى.

— بولدى، ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەۋەرمەڭ، ئازمايدىغان بەندە يوق، — دېدى گۈلبادام دانىشقا تەسەللى بېرىپ، — ئەتە كېلەيلى، تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالدى.

— ياق، بولمايدۇ، — دانىشنىڭ قېلىن قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — موللېر ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكشۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆگزىدىكى ئىزلارنى كۆرۈپ قالسا، ئەتىلا جىسەكچىلەرنى كۆپەيتىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— بەرىبىر بولىدىغان ئىشنى كەينىگە سۈرمەيلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىش كاللامغا كىرىۋالسا كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

— ئۇنداق ئىرادىڭىز بولسا، رەھمەت دانىش ئاكا. لېكىن ئېھتىيات قىلىڭ.

— ئىرادە ـ پىرادە دېگەن نېمىكەن ئۇ، — دانىش كالتەكنى پوتىسىغا قىستۇردى، — قاپقاننى تېپىپ سىزنى پاتراق يولغا سېلىۋەتمىسەم، مېنىڭ ئىشلىرىم سۇغا چىلاشقۇدەك ...

يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى ئەدەپ يېگەن گۈلبادام، يۈرىكى ئەلەمزىدە بولغان ھالدا تام تۇۋىگە كەلدى. دانىش ئۇنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ چىقىشى، گۈلبادام مۇدۇرۇپ كەتتى. يىقىلغىلى تاسلا قالغان دانىش ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ ۋارقىرىدى:

— نېمانداق قىلىسىز؟ بايا دەسسىدە كۆتۈرگەنىدىڭىز ... ئەمدى نېمە بولدى سىزگە! تاسلا قالدىڭىز يىقىتىۋەتكىلى ...

— خاپا بولماڭ، — قىزنىڭ مەڭزىدە ياش كۆرۈندى، — پۇتۇم تېيىلىپ كېتىپ، — ئۇ ئىچىدە «ئېھ خۇدا، ئاخىرقى قارارىڭدا ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەيسەن» دەپ تىلەك تىلىدى.

دانىش باغقا چۈشۈشى، دەرھاللا چوڭقۇر ئېرىق ئىچىگە دۈم يىقىلدى. چۈنكى، جېسەكچى گاز لامپىسىنى كۆتۈرۈپ ئامبار ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. دانىش باغ ئىچىدىكى بىر دەستە نۇر يوقالغاندىن كېيىنلا بېشىنى كۆتۈردى. جېسەكچى ئۆرە تۇرۇپ شارقىرىتىپ بىرھازا سىيىپ بولۇپ، جېسەكچىخانىغا كىرىپ كەتتى. بىتاقەت بولۇۋاتقان دانىش ئىچىدە: «بۇ گۆينىڭ ئىچىدە بىر ئىدىش سۇ بارمۇ ـ نېمە؟» دېگىنىچە شىپىلداپ مېڭىپ ئامبار ئارقىسىغا ئۆتتى. ئۇ ئۆگزىگە چىققاندىن كېيىن

ئۇچىنچى ئۆي تۈگۈلۈكىدىن چۈشۈپلا، قارا كىگىزنى قايرىدى. دەرۋەقە، ئۇ يەردە ئىشىكى يوق ئويۇق بار ئىدى. دانىش قازناققا قەدەم ئېلىپلا ئورۇس گۈگۈتىنى چاقتى. ئۇنى ھەلەلىكۈمگە سېلىنۋەتكەن قاپقان خىلمۇخىل ئوۋ قوراللىرىنىڭ ئۈستىدە «مانا مەن» دەپ تۇراتتى. ئۇ ئايرىپ ئېلىپ قويغان 12 تەڭگىنى جايىغا قويۇۋېتىپ، قىزغا نېمانچىلا ئىتائەتمەن بولۇپ كەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. دانىش قاپقاننى تاشقىرىقى ئۆيگە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئارغامچىنىڭ ئۇچىدا باغلاپ بولۇپ، ئۆزى ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى. ئاندىن قاپقاننى تارتىۋالدى.

خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغان دانىش ھەممىنى ئۇنتۇپ قاپقاننى قولتۇقلىغىنىچە پاكار ئۆگزىدىن باغقا سەكرىدى. ئەمما پۇتىنىڭ ئوشۇقى «غىرس» قىلغاندەك شەپە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاغرىقى مېڭىسىگە تەپتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى ـ يۇ، بىراق يەر دەسسەپ تۇرالماي، ئامبار تېمىغا يۆلىنىپ قالدى. دانىش بىرقانچە قېتىم تىرىشىپ باققان بولسىمۇ زادىلا ماڭالمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆزىدىن بەكرەك قاپقاندىن ئەنسىرىدى. ئاخىر ئۇ ئۆمىلەپ، يەر بېغىرلاپ باغ تەرەپكە مېڭىشى، ئۇنىڭ قېشىدا بىر سايە پەيدا بولدى. شۇ ھامانلا يېنىدىكى پىچاققا قول ئۇزاتقان دانىشنىڭ بويىنىغا چۈشىدىغان تاقاق، پۇتىغا سېلىنىدىغان ئىشكەل كۆزىگە كۆرۈندى. ئەمما ھېلىقى سايە ئۇنىڭغا ئېگىشىپ:

ـــ دانىشمۇ سەن بالام، بايىلا باغدىن چىقىپ كەتكەنىدىڭغۇ، ئۇ چاغدا قاپقاننى تاپالمىغانىدىڭما؟ ـــ دېدى.

ـــ ئىشقۇللا ئاتا، ئۆزلىرىكەنلا، ـــ ئىشقۇللانىڭ سۆزى، سەمىمىي ئاۋازى دانىشقا مەدەت بەردى، ـــ پۇتۇم ... پۇتۇم، نېمە

بولدى بىلمەيمەن ...

ـــ دوڭغاق ئامۇتتىن چۈشمەي، نېمانداق ئۆگزىدىن سەكرەپ يۈرەرسەن؟ كەل، مەن سېنى يۇدۇپ باقاي.

ـــ مېنى كۆتۈرەلمەيلا، قولتۇقلاپ ئاپىرىپ، مېنى باغ تېمى ئۈستىگە چىقىرىپ قويغان بولسىلا.

بوۋاي راستتىنلا دانىشنى كۆتۈرەلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بېلىدىن قاماللاپ ماڭغان بولسىمۇ، دانىش بىر پۇتلاپ، دىڭگۇسلاپ ماڭدىكى، ئوڭ پۇتىنى باسالمىدى.

ـــ بالام، سەن سول پۇتۇڭ بىلەن مۈرەمگە دەسسە، مەن سېنى ئۆرىدەپ كۆتۈرەي، ئاندىن كالتىكىڭ بىلەن ساق پۇتۇڭ ئاستىدىن ئىتتىرەي، ئۇ تەرەپكە سىيرىلىپ چۈشسەڭ، ھېلىقى پاۋان قۇملۇق قىزى سېنى يۇدۇپ ئېلىپ كېتەلەيدۇ. خۇدا ئۇنىڭ مۇبارەك تېنىگە ئىسلام ئېتىقادىدىن كۈچ ـ مادار ئاتا قىلغان.

ـــ ئىشقۇللا ئاتا، ھەممىدىن خەۋەرلىرى باركەن.

ـــ يېرىم ئاي ئىلگىرىلا ئۇ قىز قامچىسىنى سېتىشنى باھانە قىلىپ، قاپقان كويىدا موللېرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، جاناب موللېر ساڭا ۋەزىپە تاپشۇرغاندا، ماڭا ھەممە ئىش ئايان بولۇپ بولغان! شۇنىڭدىن بېرى ھەر كۈنى باغ ئەتراپىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن، ـــ ئىشقۇللا بىر قولىدا تامغا تايىنىپ تۇرغان دانىشقا قاتىيىپ قارىدى، ـــ ئەمما بالام، ئوغۇل بالىغا ئۆمرىدە بىر قېتىم ئامەت كۈلۈپ قارايدۇ. ئۇنى تۇتۇۋالالىغان ئادەم سائادەت سارىيىغا يېتەلەيدۇ! سەن ئۇ قىزدىن ئايرىلما، قەدرىگە يەت، ۋاپادارلىق مىزانىڭ بولسۇن ... بولمىسا بىر ئۆمۈر داغدا قېلىپ، پۇشايمىنىڭ ئۇ دۇنياغىچە سەن بىلەن بىللە بولىدۇ ...




«ئەجنەبىي تىلماچ» ئىشقۇللا بىر ئاماللاپ دانىشنى تام ئۈستىگە چىقىرىۋالدى. ئاندىن كالتەك ئارقىلىق قاپقاننى سۇنۇپ بەردى. دانىشنىڭ كۆزلىرىدىكى نەملىك يالقۇن ئۇ تەرەپتىكى قىزغا، بۇ تەرەپتىكى بوۋايغا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاتا، ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ... ئەمما ئۆزلىرى دېگەن ئامەت ئاسمىنىدىكى يۇلتۇز، مەن بولسام يەردىكى پارقىراق قوڭغۇز، يۇلتۇز ئالەمگە نۇر ئاتا قىلىدۇ ... پارقىراق قوڭغۇز پەقەت ئۆزىنىلا يورۇتالايدۇ ... مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ بويلىشاي ! ...

— ھەي ئەخمەق بالا، — ئىشقۇللا ئارقا تەرىپىگە زەن سېلىپ قاراپ قويدى، — قىزلار ئىشقىنى چەكسىز جىلۋە ئىچىگە يوشۇرىدۇ، يىگىتلەر بولسا سەۋدالىقىنى ھەسرەت بىلەن ئاشكارىلايدۇ ... ئۇ قىزنىڭ موللىېر ئىشخانىسىدا ساڭا قىلغان تاپا - تەنە، تەئەددىلىرى، نەشتەردەك ئۇرغان ئاچچىق تىل تىغلىرىنى ئاڭلاپلا، سېنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى مۇسەللەپ بولغانمەن ... بەزى ھاللاردا ئىشق - سەۋدا دۇشمەنلىك، شەپقەتسىزلىك ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇنى ھەرگىز مۇبارەك خاتىرەڭدىن ساقىت قىلما !

— دانىش ئاكا، نېمانداق گېپىڭىز تۈگىمەيدۇ، — ۋارقىرىدى پەستىكى گۈلبادام، — ئۇ كىم؟ بۇ ... مۇڭدىشىدىغان چاغمۇ، قولىڭىزدىكى قاپقاننى تاشلىۋېتىڭ.

دانىش ئاغرىق پۇتىنى ئاۋايلاپ، يۇقىرى كۆتۈرگىنىچە تامدىن سېرىلىپ چۈشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ۋاي - ۋايلاپ كەتتى. گۈلبادام ئۇنى دەرھاللا يۆلىۋالدى. ئۇ پۇتىدا دەسسەش تۇرماق، تاپىنىنىمۇ يەرگە قويالمايۋاتاتتى. «يەنە بىر يېرىنى

جاراھەتلەندۇرۇۋاپتۇ» دەپ ئويلىغان گۇلبادام ئورۇس گۇگۇتنى چېقىپلا قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقى خۇددى پۇۋلىگەندەك ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، ئىششىق ھەتتا بارماق ئۇچلىرىغىچە بارغانىدى. دانىش ئۆگزىدىن سەكرىگەندە پۇتىنىڭ قايرىلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. گۇلبادام ئۇنىڭ قاپقانىنىڭ خۇشاللىقىدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن چوپچوڭ بىر ئەرنىڭ يەڭگىلتەكلىك قىلغىنىغا ئاچچىقى كەلدى.

— سول پۇتىڭىزنى ئاران ساقايتسام، بۇ قېتىم ئوڭ پۇتىڭىز ... ، — گۇلبادام ھۇپپىدە بودىلىپ كەتكەن بارماقلارنى سىلىدى، — بالا - قازانىڭ ھەممىسى سىزنىڭ پۇتىڭىزغىلا كېلەمدىغاندۇ؟

— خۇدايىم، يامان يوللارغا ماڭغان پۇتلارغا ئۆچ ئوخشايدۇ ...

گۇلبادام كۈلۈۋەتتى. دانىش بەزى چاغلاردا كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان گول چىرايى ئوماقلىشىپ، گەپ - سۆزلىرى ساددا - مۇلايىملىشىپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇ خىيال باسقان چاغلىرىدا، نېمە ئۈچۈندۇر يۈز - خاتىرنى ئۇنتۇپ قوپال، قاتتىق، سەپرا، تېرىككەك ئادەمگە ئايلىناتتى.

كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. گۇلبادام دانىشنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى يۇدۇپ بولجالىق، ئورمانلىق ھەم ئېتىزلاردىن ئايلاندۇرۇپ، «سادىر قاشلىق» دېگەن ئېلىپ كېلىۋالدى. ئۇ ئەتىگەندە بازاردىن سۈت ئەكېلىپ قايناتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نان چىلاپ يېگۈزدى. ئاندىن دانىشنى يۆگەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى سۇنۇقچى تېۋىپ ئىزدەپ «سەكسەنخالتا»

بازىرىغا كەتتى.

گۈلبادام چۈشكە يېقىن قول ياغلىقىغا بىرقانچە خام تۇخۇمنى چىگكەن هالدا، بىر سۇنۇقچى بوۋاينى باشلاپ كەلدى. بوۋاي «بىسمىللا» دەپ كۆرپىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، كىر ھەم كونىلىقىدىن رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان خالتىسىنى يېنىغا قويدى. ئۇ چىشسىز ئاغزىنى ماكىلدىتىپ بىرھازا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، دانىشنىڭ ئۇچىسىغا ياپقان يەكتەكنى قايرىۋېتىپ تۆگە تاپىنىدەك يوغىناپ كەتكەن پۇتىنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

بوۋاينىڭ بۇرۇت ھېسابىدا پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان بەش ـ ئالتە تال سارغۇچ تۈكلەر ئاغزىنىڭ ئىككى چاۋغىيىغا كىرىپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇچلۇق ئېڭىكىدىكى تولغىشىپ تۇرغان شالاڭ ساقىلى ئاستىدىن ئەتىكەنلىشىپ كەتكەن كۆكۈچ بويۇن تېرىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىلا يېرى چىگە يىپ بىلەن ياغلىنىپ، ھېچ مەسلىھەتى قالمىغان كۆزئەينىكىنى قىڭراق بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇۋالغانىدى.

ــ ھەي خان، ــ دېدى سۇنۇقچى گۈلبادامغا قاراپ، ــ ئۆزلىرى ئەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ، ئارقىلىرىغا قاتىيىپ تۇرسىلا، مەن پۇتىنى قاتتىق تارتىپ، چىقىپ كەتكەن ئوشۇقنى جايىغا چۈشۈرىمەن.

ــ ما ... قۇل.

گۈلبادام ئىزاھ بېرىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ قوللىرىنى دانىشنىڭ قولتۇقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ مەھكەم قۇچاقلىغان پېتى ئارقىغا تىرەجەپ تۇردى. مانا شۇ چاغدىلا دانىش قانداقتۇر سىپھرىي قۇدرەتنىڭ كارامىتىدىن تەنلىرى مومدەك ئېرىپ، يۈرىكى خۇددى

كـۆكرەك قەپـەسـدىن ئېتىلـىپ چىقـىپ كېتىشۋاتقـانـدەك، شىددەتلىك ئۇرۇلۇشىدىن ناگىـهان بىـر هالەتتـە ئىختىـيارىنى قىزغا بـەردى. گۈلبادامـۇ يىگىتنىـڭ دۈمبىـسـىدىن يۇمـران كۆكسىگە، گىرەلەشكەن قوللىرىدىن يۈرىكىگە ئېقىپ كىرگـەن ماگىـدەك هارارەتتىـن بـىهوش بولـۇپ يىقىلغىلـى تاسلا قالـدى. ئەمما ئۇ ئىچىدە: «ئېھ ئاللا ئـىبارا ئامـالسىزدۇرمـەن، بىلـىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناهلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسـەن ! ... » دەپ دۇرۇت ئوقۇدى ...

بۇ ئەسنادا، بوۋاي پۇتنى بىرلا تارتقانىدى، نـېمىدۇر «قـارس» قىلدى ـ دە، دانىش ۋارقىرىۋەتتى. سۇنۇقچى شىپالىق قوللىـرى بىلەن پۇتنىڭ ئاستى ـ ئۈستى، يانلىرىـنى بىرمـۇنچە سىـلاپ، ئۇۋۇلاپ، مۇجۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇخۇم سېرىقىنى سۈۋىـدى. ئاپپاق خامغىمۇ ئىككى تۇخۇمنى چېقىپ پۇتنى تاڭدى. تېڭىلغان پۇتنىڭ پەنجىسى ۋە ئىككى يېنـىغا تارىـشا تاختـايلار قويۇلـۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە چىلىڭ باغلاپ تېڭىلدى.

ـــ قارىـسلا خان، ئـەرلىرىنى ئوبدان كۆتـسلە، ـــ دېـدى سۇنۇقچى قېرى، گۈلبادامنىڭ قـىزىرىپ كـەتكىنـىدىن پەرۋايـى پەلـەك هـالدا، ـــ ئوڭ پۇتـىنـى بـەش ـ ئـالتـە كـۈنـلەرگـىچـە مىدىرلاتمىسۇن. سۇنۇق يۈز كۈندە ساقىيار، دېگەن تەمسىل بـار. لېكىن بۇ سۇنۇق ئەمەس، سۆڭەك مـىتكوت كەتكەن گەپ. شۇڭـا ئون نەچچە كۈنلەردە يەر دەسسەيدىغان بولىدۇ.

سۇنۇقچى بوۋاي ئىككى تەڭگە هەققىنى ئېلىپ ئۇزاپ كېتىپ قالـدى. گـۈلبـادامـۇ: «ئـۇمـاچ، يـوبـدان، سـۈيـۈق ـ سـەلـەڭ نەرسـىلەرنى ئىچىۋەرمـەڭ، پۇتىڭىـزغا قۇۋۋەت بـولغۇدەك بـىـر نەرسە ئەكېلەي» دەپ بازارغا ماڭدى. دانىش ئۇنىڭغا يا «ماقـۇل»،

ياكى «ياق» دېمىدى. ئەدناسى «رەھمەت»مۇ دەپ قويمىدى. شۇنداق ! قانداقتۇر كۆڭۈلسىز خىياللار چىرمىۋالغان دانىش، ئۈن ـ تىنسىز تورۇسقا قادالغىنىچە جىمىپ كەتكەندى. ئىشقۇللانىڭ ئاپپاق ئايدەك كېچىدە ئېيتقانلىرى، مۇنۇ تېڭىقچى بوۋاينىڭ «ئەرلىرىنى ئوبدان كۈتسىلە» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ ياشلىق سەيناسىدا غەلىيان كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن يىللار ئۇنتۇيالمىغان بىراۋلارنى ئەسكە سالغانىدى ! بۇ سىيما ھېلىھەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى.

دانىش خام كۆڭلىكىنىڭ يان تويچىلىرىنى يېشىپ، بويىنىدىكى قارا يىپەك يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن بىر تال كۆك مارجاننى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا كۆز قارىچۇقى ئېقىپ كەتكۇدەك تويماي ـ تويماي قارىدى ! ... ئەجەب ئىش ـ ھە! باللىقتىكى كۆڭۈلگە تالىق ئىشلار خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئۆچمىكى تەسكىنا ! دانىش بۇ مارجاننى قانداق بولۇپ ئوغرىلىۋالدىكىنە؟ ئاشۇ مەسۇمەنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟! قۇرۇق گەپ، پەقەت ئۇ چاغدا كۆپكۆك، پارقىراق مارجان كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈنلا بىلدۈرمەي ئالىقىنىغا يوشۇرۇۋالغانىدى! ئەلھەزەر، بۇ مارجانغا داخانلار كۆپ ـ سۇۋ قىلىپ ئىسسىق ئۆتكۈزمىگەن بولغىيتتى ! يىللار ئۆتكەنسېرى بۇ خىسلەتلىك گۆھەرگە زۇۋان كىرىپ: «مەيلى تەگسەم تېگەي ... »، «ئەپكەتسەڭ تەگمەيمەن ... » دېگەن باللارچە تاتلىق ئەھدىلەرنى سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى ... تېخى جاھانىنەما ئەينەكتەك ئاق يۈزلۈك، مەڭزى قىزىل، كۆزلىرى دۇپدۇگىلەك، پىستە لەۋلىك قىز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى ... ئەمما، دانىش چوڭ بولۇپ ساقال ـ بۇرۇت يۈزلىرىنى باسقاندىمۇ ئاشۇ كىچىككىنە ئايسەنەم يەنە شۇ پېتى

ئايان بولاتتى ... ھامان ئۇنىڭغا تەلمۈرگىنى تەلمۈرگەن ... شېرىن ـ لەززەت تىللىرىنى تەكرارلىغىنى تەكرارلىغان ... بارا ـ بارا ئۇ قۇملۇق قىزى دانىشنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پىنھانلىرىغا تىنىپ قالدى ...

دانىش 18 ـ 19 ياشلارغا كىرىپ، بېلىگە سەۋلە باغلاپ، تۇمىقىنى قىرلاپ كىيىپ، قانلىرى راسا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان يىللىرى ئۇ ناتىۋاننى ئىزدىمەكچى بولدى ... لېكىن، دادىسىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى، مۇبارەك تېنىنىڭ مەڭگۈ غايىب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىنى قىساس زەنجىرلىرى چىرمىۋالدى ... مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتى، ئاتىسىنىڭ ئەنت ـ قىساسى يولىدا سەرسانلىقتا ئۆتتى ! ئۇ بالاغەتكە يەتكەنلىرىدە، قىساس ئوچۇن تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەنلىرىدە، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇلاردا مۇساپىرچىلىق تارتقانلىرىدا، بوينىدىكى بۇ تۇمار مارجان ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدى ! يالغۇزلۇق، تەنھالىق، غېرىبلىق ئەسىر قىلغان كۈنلەردە، شامۇ ـ سەھەرلەردە، ئايدىڭ كېچىلەردە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتى ... سىرداشتى ... ئۇنتۇلماس بالىلىق خاتىرىلەرنى ئەسلەشتى ! ... جان ـ تېنىگە، قان ـ قېنىغا، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ھاياتلىق زەمزىمىدەك قېتىلىپ كەتكەن ئۇ ئوچۇق چىرايىنى، ھەمسۆھبەت ھەمراھىنى دانىش قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن !

مانا ئەمدىلىكتە دانىشنىڭ قەلب بوستانلىرىغا بادىمەكتىن ئىبارەت بىر دانا سۈپەت، ئاچچىق تىل، ئەمما پەرىشتىدەك بىر كېپىنەك لەيلەپ ئۇچۇپ كىرىپ كەلدى ... ئۇ گۈللەر ئارا ئايلىنا ـ ئايلىنا دانىشنىڭ نەق يۈرەك بېغىشىغا قوندى ! راست، ئىشقۇللا بوۋاي ئېيتقاندەك ئۇ ئامەت قۇشى، ئۆز ئايىغى بىلەن

باشقا قونغان ھۇما قۇشى ! ! ئۇنى دانىشنىڭ ھەرگىز ئۇچۇرۇۋەتكۈسى يوق ... بۇ ھۆرسىمان قۇش ئۇنىڭغا يەنە ئازغىنە ھەمراھ بولسا، ئۇ ئىشق بابىدا مەست ـ مۇستەغرەق بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ! ئەمما ... بىراق ... ھېلىقى تىلى تاتلىق قۇملۇق قىزىچۇ؟! بوۋىلىرى، موماىلىرى ئەھدۇپەيمان قىلىپ، گۆدەك چاغلىرىدىلا ئۇلارنىڭ باشلىرىنى قوشقان تۇرسا ... ئۇ دۇنياغا رەھلەت قىلغان موماىلارنىڭ، قۇم دەشتىدە قەبرىسىز قالغان ئاتىلىرىنىڭ روھى قورۇنماسمۇ؟! ھايات ياشاۋاتقان بوۋايلارنى ئاخىرقى ئۈمىدىدە نائۇمىد قىلىپ، داغدا قويماسمۇ؟! بوۋاي ـ موماىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ۋەسىق ـ ۋەدىلىرىنى پايخان قىلغان پەرزەنتنى خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟! ئۇلار ئۇنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، ھاياتلىق شەربىتى ئىچۈرگەن تۇرسا ... بەس شەيتان، دانىشنى ئازدۇرما ... ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قۇرئان سۈرىسىدەك مۇقەددەس بىلىدىغان يىگىت ! ئۇلار ئۇچۇن جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدىنمۇ كېچەلەيدۇ ... ئۇ ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئەمىن تاپتۇرغاندىن كېيىن قۇملۇق قىزىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ! ! ! ...

دانىش چىگىش خىياللار تۇگۇچىدىن ساۋابلىق ھەم خاسىيەتلىك پىكىر جەۋھەرلىرىنى سۈزۈۋالدى. ئۇ ئەمدىلا بىر قارارغا كېلىپ تۇرۇشى ئىشىك ئېچىلىپ، بىر تۇگۇچنى كۆتۈرگەن گۈلبادام كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەمنۇنلۇقى، خۇشاللىقى، ئەمىنلىكى يېلىنجاپ تۇراتتى. گۈلبادام دانىشنى ئاۋايلاپ تۇرغۇزدى ـ دە، ئارقىسىغا تەكىينى يۆلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىككىنە سەپەر تالىما داستىخىنىنى سېلىپ، تۇگۇچنى ئاچتى. تونۇر كاۋىپى،

گۆشگىردىلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى دانىشنىڭ بۇرنىغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. مورا ئوچاقتىكى بەقەم چوغىغا پاتۇرۇپ قويغان قۇم چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن سۇس ھور چىقىپ تۇراتتى. گۇلبادام جام ۋە ئاياقلارغا چاي قۇيغاندىن كېيىن، دانىشقا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردى.

— قېنى جىق - جىق ئېلىڭ، — دېدى قىز بىر پارچە قوۋۇرغىنى دانىشقا سۇنۇپ، — پاتراق ئەسلىڭىزگە كەلمىسىڭىز خاپا بولىمەن ...

شۇ تۇرقىدا گۇلبادامنىڭ چېھرىدە ناز - كەرەشمە جىلۋىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھۆسن كامالىغا يەتكەن بەرنا، ساھىبجامال قىز ئىكەنلىكى دانىشنىڭ يۈرىكىگە باشقىدىنلا ئوت تۇتاشتۇردى. ئۇ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقاپ، قولىدىكى قوۋۇرغىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن سىيرىپ يېدى ھەم چايدىنمۇ ئوتلاپ قويدى. ئۇنىڭ خامۇش ھالىتىدىن ئەنسىرىگەن گۇلبادام ئاستاغىنە سورىدى:

— قانداق، پۇتىڭىزنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بەرگەندەكمۇ؟

— ئەكەلگەن تېڭىقچىڭىزنىڭ قولى يېنىك ئادەممۇ نېمە، ئاغرىق ئازابىدىن بىر يولىلا قۇتۇلدۇم.

— چىقىپ كەتكەن ئوشۇق ئورنىغا چۈشكەچكە ئاراملىق بەرگەن چېغى. قېنى ئېلىڭا، نېمانداق نېزىقاپ ئولتۇرىسىز؟ — گۇلبادام گۆشگىردىدىن بىرنى ماكلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، — قاراڭ، غىلتاڭ دۇمبىدە قىلغانىكەن.

دانىش ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن چوقۇپ قويۇپ، داستىخاننىڭ قىرىدا قولىنى سۈرتتى، ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىنى ئاغرىق ئازابىدىن دەپ بىلگەن گۇلبادام ئۇنى

زورلىمىدى. ئۇ دۇئادىن كېيىن داستىخاننى يىغىشتۇرماقچى بولۇۋىدى، دانىش ئۇنىڭغا «گەپ بار» دېگەندەك بېشارەت بەردى. گۈلبادام ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا سەل يانتۇراق بولۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— بادىمەك خېنىم، قاپقىنىڭىزنى تاپتىڭىز، — دېدى دانىش ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئەمدى ئۇنى ئېلىپ قايتىپ كېتىڭ. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

گۈلبادام دانىشنىڭ تاشتەك قاتقان چىرايىغا، قاچۇرۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىنى، تۈيۇقسىز بىر قارارغا كېلىشىنى بىلەلمىگەن گۈلبادام ياندۇرۇپلا سورىدى:

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ مەن خاتا ئاڭلىمىغاندىمەن؟

— مەن سىزنى كېتىڭ دەۋاتىمەن، — دانىش يەنىلا قىزنىڭ چىرايىغا قارىمىدى، — ئەمدى سىزنىڭ بۇ يەردە تارتىشقۇدەك ھېچقانداق ئىشىڭىز قالمىدى.

— سىزنى مۇشۇ ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ كەتسەم، ئادىمىي پەزىلەت بولماس.

— بولدىلا، ھازىر بۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان چاغ ئەمەس، — دانىش بىزار بولغاندەك چىرايىنى تۈردى، — بىر نەرسىلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ دەرھال مېڭىڭ.

— دانىش ئاكا، توغرا، مەن سىزنى كۆپ دىشۋارچىلىقلارغا سالدىم، — دېدى گۈلبادام خىجىللىق بىلەن، — ئىككى قېتىم يارىلاندىڭىز، بىر قېتىم جېنىڭىزدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىڭىز ... مانا ئەمدى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بېشىڭىز ياستۇققا يەتكەندە تاشلاپ كەتسەم ۋىجدانىمغا، ئىمانىمغا يۈز كېلەلەمدىم؟ مېنى بىر

ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىدا ياشىسۇن دېمەيدىغانسىز؟

— سىز نېمانداق جاھىل قىز، — دانىش ۋارقىراپ ئەتتى، — ئادەمنى بىزار قىلماي، يولىڭىزغا مېڭىڭ ...

— قورقماڭ، — گۈلبادامۇ ۋارقىرىدى، — مەن سىزگە چاپلىشىۋالمايمەن ...

— ئىككى بالىسى، خوتۇنى بار ئادەمگە چاپلىشىۋالسىڭىزمۇ سەت تۇرار! ...

— سىزمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭمۇ خۇۋالاشقان يىگىتىم بار ...

ھەر ئىككىلىسى خېلىغىچە زۇۋان سۈرمەي جىمىپ قېلىشتى. «ئىككى بالىسى، خوتۇنى بار ئادەمگە چاپلىشىۋالسىڭىز سەت تۇرار!» دېگەن سۆز ئېغىر ئاھانەت ۋە خورلۇق كالتىكىدەك ئۇرۇلغان گۈلبادامنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى. «خۇۋالاشقان يىگىتىم بار» دېگەن نەشتەر يۈرىكىگە سانجىلغان دانىشمۇ تولغىنىپ كەتتىكى، چاندۇرمىدى. ئەمما ئۇ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، يەر باققىنىچە ياش تۆكۈۋاتقان قىزغا قارىغىنىدا، دىمىقى زىڭگىدە ئېچىشىپ، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزاردى ...

— بادىمەك خېنىم، قوپاللىقىمنى ئەپۇ قىلىڭ، — دانىش پەس ئاۋازدا غودۇڭشىدى، — مەنمۇ شۇ سىزنىڭ تەقدىرىڭىزدىن، قايغىڭىزدىن ئەنسىرەپ، سىزنى چاپسانراق كەتكۈزۈۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدىم.

— گەپلىرىڭىز روشەنرەك بولسۇن، — گۈلبادام بېشىنى كۆتۈرمىدى، — مۇددىئايىڭىزنى بىلگۈم بار.

كارىڭ موللىلېر ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم

ئامبارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، بەزى نەرسىلەرنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ تەتقىقات ئېلىپ باراتتى. ئەگەر ئۇ قاپقاننىڭ يوقالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىدا 12 تەڭگە تۇرغانلىقىنى كۆرسە دانىشتىن گۇمانلانماي قالمايتتى. ئۇ كونا ـ يېڭى ھېسابنى بىر يولىلا ئېلىش ئۈچۈن، تەرەپ ـ تەرەپكە چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتىپ تاپمىغۇچە بولدى قىلمايتتى. ھەتتا خوتەننىڭ دوتىيى ۋاڭ ئامبال ئارقىلىق چېرىك چىقىرىپ، يىراق ـ يېقىنلارنى قىدىرىشنى باشلايتتى. قاپقان ئۈچۈن شۇنچە كۆپ رىيازەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن گۈلبادام بىلەن دانىشنىڭ ئەجىر ـ ئېھسانلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپلا قالماي، ئۆزلىرىنى ھەپسىدە كۆرەتتى.

دانىشنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەن گۈلبادام شۇ ھامان جىددىيلەشتى. راست، ئۇ ئاشۇ قاپقان ئۈچۈن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟ ئەجنەبىيلەرگە ھەم ئۇلار تايانغان ھۆكۈمرانلارغا تەڭ كېلىش مۇمكىنمۇ؟! ھۆكۈمەتكە پۇت ئېتىش خۇددى ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىگەنگە ئوخشاش نادانلىق بولمامدۇ؟ تېخى ھەپسىگە كىرىپ قالسا، قومۇشلۇقتا تەنها قالغان بوۋىسى نېمە بولۇپ كېتەر؟! قاپقاننىڭ خۇشلۇقىدا بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلىغىنى نېمىسى! ئەگەر دانىش ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا، كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپتىن قۇتۇلغىلى بولارمىدى؟ ...

— دانىش ئاكا، — دېدى گۈلبادام ھودۇققان ھالدا، — بىز ھازىرلا شەھەر سىرتىدىكى دەڭلەرنىڭ بىرىگە يۆتكىلەيلى. مەن سىزنى كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈرەلەيمەن.

— ئاتقا مىنىش چوڭ گەپ ئەمەس، — دانىش تېڭىلغان پۇتىنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ ئاستا يۆتكىدى، — ئۇلار غەزەپكە

كەلسە، شەھەر ئىچى ـ سىرتىدىكى دەڭلەرلا ئەمەس، بىرنەچچە كۆنلۈك قۇملۇقلارنىمۇ ئالا قويمايدۇ.

ـــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ـــ گۈلبادام كەسكىن تەلەپپۇزدا سورىدى، ـــ لېكىن بىلىپ قويۇڭكى، سىزنىڭ پۇتىڭىز ساقىيىپ بولمىغىچە مەن سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن ... «چاپلىشىۋالدى»، «يامىشىۋالدى»، «ئېسىلىۋالدى» دەپ ئويلىسىڭىزمۇ پەرۋايىم پەلەك!

دانىش كۈلۈۋەتتى.

ـــ مۇنداق بولسۇن، شەھەر سىرتىدا توختىخان شالۇك دېگەن تۇل خوتۇننىڭ دېڭى بار. ئۇ يەردىن سولغا قايرىلىپ ئازراق ماڭساق سەمەندەركامىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارىمىز. ئاشۇ يەردە بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇنايلى.

ـــ قاپقىنىمنى ئوغرىلىغان ھېلىقى ئادەمما؟

ـــ بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭ ئالدىدا دەپ يۈرمەڭ، قاپقاننى تاغارغا تىقىپ چىڭ باغلىۋېتىڭ.

ـــ ياقەي، دانىش ئاكا، ـــ گۈلبادام پىسسىڭىدە كۈلدى، ـــ بىر كىمنىڭ ئوغرىلىقىنى يۈزىگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە تۈرغىلى بولامدۇ؟ ئەمىسە مەن ئاتلارنى توقۇپ تەييارلاي.

ـــ ئالدىرىماڭ، قاراڭغۇ چۈشسۇن، ئاندىن دەڭدىن ئايرىلايلى.

ـــ كېچىكىپ قالماسمىز ـ ھە؟

ـــ قاپقاننى ئاخشام ئوغرىلىدۇق. كارنىڭ موللىبىر بەلكىم ئامبارنى تەكشۈرۈشكە ئۈلگۈرمىدى. بىلگەن تەقدىردىمۇ كىناتون بايىس، كىۋىنىست بېلىللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەتراپتىن ئادەم يىغىپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتىدۇ. ئاڭغىچە بىز قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كېتىپ قالىمىز

...

— دانا ئەقلىڭىزگە تەسەددۇق !

جىمجىت كېچە، نېپىز بۇلۇتلار ئاينىڭ يۈزىنى قاپلاپ، ئۇنىڭ نۇرىنى يورۇق تۇمانغا ئايلاندۇرغانىدى. توپىلاڭ كوچىلاردا سوغۇق قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈپ، كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدىكى سۇلارنىڭ ئۈنلۈك شارقىرىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قايسىدۇر غاراللىق ھويلىلاردىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى، كۈچۈكنىڭ زىل ئاۋازدا قاۋىشى كۆڭۈللەرنى خىرە قىلاتتى ... كۆكتىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار پىلىلدىشىپ، پەستىكى ئىككى قاچقۇنغا ھەيران بولۇپ قارىشىۋاتقاندەك قىلىشاتتى ...

دانىش بىلەن گۈلبادام «سادىر قاشلىق» دېگىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئۇزاپ كەتتى ...

# ئون ئۈچىنچى باب

ئەتراپىدا ئاھادا قىلىنغان تامىلىرىمۇ يوق، پەقەت جىگدىنىڭ تىكەنلىك شاخلىرىدا چىتىلانغان ئالىقانىدەك كىچىك قورۇ، سەمەندەرنىڭ قاراقاش شەھىرىدىكى تۇرالغۇسى ئىدى. ئۇ ئەسلىي «ئاچچىق بۇيا» ئۆتىڭىدە ئۇۋچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى قىزى ۋە ئايالى بىلەن ئاچچىق بۇيىدا تۇراتتى. سەمەندەر 13 يىلدىن بېرى قۇملۇقتا «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» قاتارىدا ھېچكىمگە ئارىلاشماي، تەنھا قۇم قىدىرىپ تاپقان نەرسىلىرىنى ئەجنەبىيلەرگە، ئاسارئەتىقە ھايانكەشلىرىگە سېتىپ جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، بۇ قېتىم بىر يولىلا «باي» بولۇش كويىدا كارنىگ موللېرنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قېتىلىپ، ئۇنىڭ غوللۇق چاپارمەنلىرىدىن بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان قەدىناس بۇرادىرى، مەرد يىگىت دانىش ھەققىدە غوجايىنىغا زادىلا تىنمىدى. سەمەندەر تۇنۇگۈن سەھەردە تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى ـ دە، دانىش ۋە گۈلبادام بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن گۈلبادام دانىشنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتىدىكى تېڭىقنى يېشىپ، تۇخۇم سېرىقى سۈرتتى، ئاندىن ئاق خام بىلەن قايتا تاڭدى. دانىش

ئوشۇق سۆڭەكنىڭ «زىر ... زىر ... » قىلىپ ئاغرىشلىرىنىمۇ سەزمەي، نەگىدۇر تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ گەرچە سەمەندەرنىڭ يىرتىق كىگىزلەر سېلىنغان كىچىككىنە ئۆيىدە ياتقىنى بىلەن، كۆڭلى تەكلىماكان جەزىرە قۇملۇقلىرىدا جەۋلان قىلاتتى ...

شۇنداق! كارىنىگ موللېر قانچە ئۇزاپ كەتمىسۇن، دانىش ئۇنى هامان تاپىدۇ. قېنى ئۇ يەر دەسسىگۇدەك بولالىسىلا، گۇلبادامنى يۇرتىغا يولغا سېلىۋېتىپ، قاتىل، مۇناپىق كارىنىگ موللېرنىڭ ئىزىغا چۈشىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، تىكەندەك يالغۇز قالغان بوۋىسىنى ئېلىپ، قومۇشلۇققا بارىدۇ. بەلكىم هېلىقى قۇملۇق قىزى هازىر 19 ـ 20 ياشلارغا كىرىپ قالغاندۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ دانىشنى كۈتۈۋاتقاندۇ، سېغىنغاندۇ! ... يوللىرىغا تەلمۈرۈپ باقىدىغاندۇ! ... ھەتتا ئىنتىزار بولا، ئاچچىقىدا دومسىيىپ تاتلىققىنە تىللاپمۇ قويىدىغاندۇ! ...

ـــ دانىش ئاكا، ـــ دېدى گۇلبادام ئۇنىڭ پۇتىنى تېڭىپ بولۇپ، ـــ نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ پۇتىڭىزنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمەي بەك جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

ـــ نېمىنى ئويلايتتىم، قۇرۇق خىيال دېمەمسىز، ـــ دانىش يەنىلا بىر چېكىتكە تىكىلىپ تۇراتتى، ـــ كونا ئىشلار ئېسىمگە چۈشۈپ ...

ـــ ئىككى بالىڭىز بىلەن ئايالىڭىز ئېسىڭىزگە كېلىپ قالدىمۇ ـ يە؟

ـــ سىز بەك يامان جۇمۇق، چىرايىمغا قاراپلا بىلىۋاپسىز.

گۇلبادام بىردىنلا ئاچچىق بويا ئۆتكەندە قېتىق ئىچىپ، بىرىنچى قونالغۇ قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىدە تۇنگەن كېچىنى

ئەسكە ئالدى. ئۇ دانىشتىن «خوتۇن ـ بالىلىرىڭىزنى سېغىنىدىڭىزمۇ» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن ئۆيلەنمىگەن تۇرسام خوتۇن ـ بالىلىرىم نېمىش قىلسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئەمدى بولسا ...

گۈلبادام ئۇنىڭ ئۆزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا، قىپقىزىل يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ پىسسىڭدە كۈلۈۋەتتى. بۇنى سېزىپ قالغان دانىش دەرھال ئۇنىڭغا قارىدى:

ـــ كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟ گېپىمگە ئىشەنمىدىڭىز ـ هە؟

ـــ ياقەي، ئۆزۈمچىلا، ـــ گۈلبادام قونغان شېخى مىدىرلىسا يەنە بىر شاخقا قونۇشنى بىلەتتى، ـــ دانىش ئاكا، كارنىڭ موللىرى ئەترىتى نەگە يېتىپ بارغاندۇ؟

ـــ تۈنۈگۈن سەھەردىن كەچكىچە، كەچتىن بۈگۈن ئەتىگەنگىچە بىر كۈندۈز، بىر كېچە ئۆتتى، ـــ دانىش بارماقلىرىنى پۈكۈپ سانىدى، ـــ بەلكىم هازىر چىرىنىڭ سايلىرىغا كىرىپ بارغاندۇ ...

ـــ شۇنداق تېزما؟

ـــ موللىرى دائىم لوككىلىرى دىڭ تۇرىدىغان كۈچلۈك تۆگىلەرنى هەم يارام ئاتلارنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ.

ـــ بۇ گالۋاڭ ئەجنەبىي قاپقانىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلمىدىمىكىنە؟

ـــ مەنمۇ شۇنىڭغا هەيران، ئۇ كىچىككىنە بىرنەرسىسى سۇنسا ياكى يوقالسا ئۆگزىگە چىقىپ ناغرا چېلىشتىن يانمايدىغان چىدىماس نېمە.

ـــ بەلكىم سوغۇق چۈشۈپ كېتىۋاتقاچقا، ئامبارلارنى ئالدىراپلا ئىشقۇللاغا تاپشۇرۇپ ماڭغان چېغى.

قىزغىن بولۇنۇۋاتقان پاراڭ ئاياغلاشمايلا، سىرتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ گۈپۈرلىگەن ئاۋازى كېلىپ، ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. گۈلبادام دەرھال مىلتىقىنى ئېلىپ، ئىشىكنى قىيا ئاچتى. ئاڭغىچە ئېتىنى كوچىدا قويۇپ يۈگۈرۈپ كىرگەن سەمەندەر ئالاقزەدىلىك بىلەن ئۆي ئىشىكىنى جالاقىدە ئاچتى ـ دە، دانىشنى كۆرگەندىن كېيىنلا «ئۇھ» دەپ مەيدىسىگە قولىنى قويدى. دانىشمۇ ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ تامغا يۆلەندى.

— سەمەندەركا، ساڭا نېمە بولدى؟ — ئەندىكىپ سورىدى دانىش، — تۈنۈگۈن سەھەردىلا يولغا چىقماقچى ئىدىڭلارغۇ؟

— نەدىكىنى، مەن تۈنۈگۈن ئەتىگەن بارسام كارنىگ مولليېر قەسرى ئوپۇر ـ توپۇر بولۇپ كېتىپتۇ. ئەجنەبىي جانابنىڭ ئەتىۋارلىق قاپقىنى يوقاپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— ئوغرىنى تۇتالىدىڭلارمۇ؟

— ئوغرى بۇ يەردە ياتسا، ئۇلار كىمنى تۇتىدۇ؟

— نېمە، مېنىما؟

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، 12 تەڭگە پۇلنى قاپقان ئورنىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئاشكارىلىغان تۇرساڭ. تېخى سىېنى تۇتقانلارغا 10 ئاق تەڭگە، بىر دانە تىللا سۆيۈنچە بەرمەكچى. بۇنى ئاڭلاپ بىزنىڭ ئادەملەر يەڭلىرىنى شىمايلاپ، پۇشقاقلىرىنى تۈرۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ كېتىشتى.

— ئۇنداقتا مېنى تۇتقىلى كەپسەن ـ دە؟

— تولا پوق يېمە، ھەرقانچە تىلەپ ـ تىرىپ يېسەممۇ بۇرادىرىنى ساتقۇدەك ھالغا كېلىپ قالمىدىم. ئۇنداق مۇناپىقلىقنى خۇدا يولاتمىسۇن !

— ئەمىسە، نېمانچە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدىڭ؟

— سېنىڭدىن ئەنسىرەپ بولىمامدۇ.
— رەھمەت ساڭا.
— مېنى ئىككى ئادەمگە باش قىلىپ ئاچچىق بويىا تەرەپكە ئەۋەتكەنىدى. مانا ھازىرلا كەلدىم. ئاڭلىسام ئىمىن سېسىق دەيدىغان بىر ئوتقۇيرۇقى خۇمسىنى توختىخان شالۇك دېگى تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ دېگەن بىر تەڭگە ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىدىغان توخۇ پوقى.
— مەنمۇ ئاڭلىغان، ئۇنى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئوۋ ئىتى دېيىشىدىكەن.
— سىلەر ئۆيدىن چىقماي، مەزمۇت بېكىنىپ يېتىڭلار. بىرنەچچە كۈنگىچە سېنى ئىزدەيدىغان ئوخشايمىز، — سەمەندەر ئورنىدىن تۇردى، — مەن موللېر قەسرىگە بارمىسام بولمايدۇ. ھە راست، ئىمىن سېسىق ئادەملىرىنى باشلاپ يوراپ كېلىپ قالسا، بىر پاي ئوق چىقارساڭلارلا ھەممىسى ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي قاچىدۇ. ئاندىن قۇملۇق ئىچىگە قېچىڭلار.

سەمەندەر كوچىغا چىقتى ـ دە، ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ، قاراقاش شەھەر ئىچى تەرەپكە قاراپ قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى. ئۇ ئەنجانباغ قەسرىگە كىرىپ كەلگەندە، تاپانچا تۇتقان كارنىگ موللېر بىر كۆزىنى قىسقان ھالدا ئالما شېخىغا ئېسىپ قويغان كونسېرۋا قۇتىسىنى نەقلەپ مەشىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان سەمەندەرنى كۆرۈپ، سەككىز ۋالتىنلىق كىچىككىنە تاپانچىسىنى كالتە كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئىككى قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ گىدىيىپ تۇردى. ئۇ بەش تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن گورۇپپىلارنىڭ ھەربىرىگە ئىشەنچلىك دەپ قارىغان كىشىلىرىدىن بىردىن قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ

بىرى سەمەندەر بولۇپ، مولليېر ئەجدادلىرىنىڭ تۇتىيا بىلگەن قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ئون نەچچە يىل ياتلارغا ساتقان بۇنداق غۇرۇرسىز، ۋىجدانى پۇچەك ئادەملەرنى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ بىلەتتى.

— نېمانچە سالپىيىپ كەتتىڭ؟ — دېدى مولليېر پېتىنى بۇزماي، — چىرايىڭدىن ئۇمىدىڭنىڭ يوقلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ.

— بىز نىشاندىكى ئاچچىق بويا ئۆتىڭلا ئەمەس، «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغىمۇ باردۇق. ئاتلارمۇ بىر ئايلىق ھالىدىن كەتتى.

— بىرەر خەۋىرىنىمۇ ئالالمىدىڭلارمۇ؟

— نۇرغۇن سۈرۈشتۈردۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا، دانىش بىلەن ھېلىقى قىز ئۇ تەرەپلەرگە زادىلا ئۆتمەپتۇ. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ تەرەپكە قاچقان بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرەرى كۆرگەن بولاتتى.

— راست دەيسەن، بۇ ئەبلەخلەر قاياقىقا باش ئېلىپ كەتكەندۇ؟ — مولليېرنىڭ كۆك كۆزلىرى قىسىلدى، — باشقا تەرەپكە كەتكەنلەرمۇ ساڭا ئوخشاشلا خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

— جانابىي مولليېر ئەپەندى، بۈگۈن ئۆيدە قونۇپ كەلسەم بولامدۇ؟

— نېمىشقا؟

— ئەتە ـ ئۆگۈنلەتىن يولغا چىقىپ قالساق، ئازراق تەييارلىق قىلىۋالمىسام بولماس.

— بوپتۇ، لېكىن ئەتە سەھەردە يېتىپ كەل. بىز بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقمايمىز.

— يەنە دانىشنى ئىزدەيمىزمۇ؟

— شۈنداق، ئەتە سەھەردىن باشلاپ شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى گۇمانلىق ئائىلىلەردە تىنتىش ئېلىپ بارىمىز.

سەمەندەر سەل ئاقساپ قالغان ئېتىنى مىنمەي، يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. موللىبر بېشىنى سىلىپ خامۇش هالدا كېتىۋاتقان سەمەندەر بىلەن ئاتقا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ، دىمىقىنى قاقتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا بىر خىل مەنسىتمەسلىك بىلەن مەنمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. راست ئەمەسمۇ، دۇنيانىڭ كۇنپېتىش تەرىپىدىن كۇنچىقىش تەرىپىگە كېلىپ، بۇ دىيارنىڭ مۇسۇلمانلىرىنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ، قۇلدەك ئىشلىتىۋاتسا ... ھەتتا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ خوش دەپ تۇرسا ... بىر كۆزىنى قىسىپلا قويسا، ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىنى دەررىگە بېسىپ، كاللىسىنى ئېلىپ، گۇندىخانىلارغا تاشلاۋاتسا ... يەنە تېخى «نېمە ھاجەتلىرى باركىن، پەرمانبەردارمەن» دەپ بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ خۇشامەتنى ئوخشىتىپ قىلىۋاتسا ... كارنىگ موللىبر، كىناتون بايس، كىۋنىست بىللىلار ... خۇشاللىقتىن ھېلىمۇ يېرىلىپ كەتمەيدىكەن! ھەتتا موللىبر چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ۋەتەنداشلىرىغا ئايانماي زۇلۇم سېلىۋاتقان ئاشۇ ھۆكۈمران، ئەمەلدارلارنى: «ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سايىنىڭ تۈلكىسىگە ئېغىز سالالايدىغان تەدبىرلىك تايغانلار ... » دەپ قويياتتى.

ھاياجانلىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەن كارنىگ موللىبر ئۆزىنى ئامەتلىك، شانۇشەۋكەتلىك، ئىززەت ـ ئىكراملىق ياراتقان تەڭرىگە شۈكۈر ـ سانا كەلتۈرۈپ تۇرغىنىدا، مۇرىسىگە چۈشكەن قولدىن چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى. كىناتون بايس ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىش سەپىرىنىڭ يەنە بىرنەچچە

كۆن كەيىنگە سۈرۈلگەنلىكىدىن ئاچچىقى كەلگەن كىناتون بايسىنىڭ چىرايىدىن ئىستىھزالىق ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

— كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى چېقىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا، — كىرىپ كېتەيلى، زۇكامداپ قالمىغىن يەنە.

ئۇلار قولتۇقلىشىپ ئىشخانىغا كىرىپ، ئىشقۇللا ئوت يېقىپ قويغان چويۇن مەشنىڭ يېنىدىكى دىۋانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. دوستىنىڭ خاپا ھالىتىنى كۆرگەن موللېر ئاچچىقىنى كولۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئىنايەت ئاخۇن، مىركامىل، مەۋلىد، دانىش، قۇملۇق قىزى ھەققىدە دېگەن «مانا بۇ قۇملۇق پەرزەنتلىرىنىڭ ئويغىنىشى ... تەكلىماكاننىڭ ئويغىنىشى» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى. توغرا، بۇ ئويغىنىش «شىنجاڭ مىڭىنىڭ» دەپ جار سالغان بۇ تەلۋىگە ھەرگىز ياقمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەگە قانائەت قىلىش ئەمەس، بەلكى تەكلىماكاننى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىنى مەڭگۈلۈك قېزىش، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن ھەممە بايلىقنى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيلىرىغا، خەزىنىلىرىگە يۆتكەش خام خىيالى يوق ئەمەس ئىدى! شۇڭا، بۇ جۇلدۇر كىيىملىك دىۋانىلەرنىڭ ئويغىنىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرەتتى. ئەگەر بۇ قېتىم دانىش بىلەن ھېلىقى قۇملۇق ئالۋاستىسىنىڭ ئەدىپىنى راسا كېلىشتۈرۈپ بېرىپ، يۈت ئاتقانلارغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسا، كېيىنكى ئالەمشۇمۇل پىلانلىرىنى قانداقمۇ روياپقا چىقىرالىسۇن!

— رازۋېدكا قىلىپ كەتكەنلەردىن قانداق خەۋەرلەر بار؟ — ھەممىنى بىلىپ تۇرغان كىناتون خۇپسەنلىك قىلىپ سورىدى، —

ھېلىقى ئوغرىلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالاپتىمۇ؟

— ياق، — دېدى موللېر خۇشياقمىغان ئەلپازدا، — بىر سوتكا تىنتىشنىڭ نەتىجىسى قۇرۇق ئاۋارىچىلىكتىن ئىبارەت بولدى.

— بەش گۇرۇپپا ئادەم ئۇلار توغرۇلۇق كىچىككىنە ئۇچۇرغىمۇ ئىگە بولالماپتىما؟

— شۇ ئەمەسمۇ، مېنىڭچە ئۇ ئوغرىلار شەھەردىن چىقىپ كەتمىدى، — موللېر كىناتونغا تىكىلىپ قارىدى، — شۇڭا ئەتە سەھەردىن تارتىپ گۇمانلىق ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشنى ئۇقتۇرۇۋەتتىم.

— ئۇقتۇرۇۋەتتىم؟ — كىناتوننىڭ ئاچچىقى كەلدى، — مۇشۇنداق ئىشنىمۇ بىر كۈن بۇرۇن ئۇقتۇرغۇلۇقما؟ دانىش تېخىمۇ چوڭقۇر يوشۇرۇنمامدۇ! ئەتە سەھەردىلا ئۇقتۇرساق، خەۋەر يەتكۈزىدىغانلارمۇ ئامالسىز قالىدۇ - دە!

— ئون ئاق تەڭگە، بىر تىللا ئۈچۈن ھەممىسى پىداكارلىق كۆرسىتەر، دەپ ئويلاپتىمەن ئەمەسمۇ؟

— خېلى ئەقىللىق ئادەمتىڭ. ئۆچمەنلىك، قىساس سىنىڭ كاللاڭنى ئىلەشتۇرۇۋېتىپتۇ. مۇشۇ يالاڭتۆشلەرگە ئىشەنگۈلۈكما؟ كىم بىلىدۇ، بىز ياللىۋالغانلار ئىچىدە نەچچىسى دانىشقا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتامدۇ، ھەتتا شۇلارنىڭ بىرى يوشۇرۇپ قويىدىمۇ ...

— مۇنداق دېگىن، — موللېر تېڭىرقاپ قالدى، — مەن بۇ تەرەپلىرىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. دەپ باققىنا، ئۇلارنى قانداق قىلغاندا ئۇۋىسىدىن چىقارغىلى بولار؟

كىناتون بايىس لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىنىڭ ئالدى ئىشىكىنى ئېچىپ قاراپ بولغاندىن كېيىن ئارقا ئىشىكنى

ئېچىپلا چۆچۈگەندەك بولدى. چۈنكى، ئىشقۇللا چوڭ چىخ سۈپۈرگىسىدە شۇ ئەتراپتىكى غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ يۈرەتتى. كىناتون ئىشىكنى گۈپپىلا يېپىپ، موللىلارغا كۆزىنى قىسىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ «قولاق باركەن» دېگەن بېشارىتى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار كىناتونىڭ ياتىقىغا غىپپىدە كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى ھەم ياپتى. ئاندىن كىناتون موللىلارنىڭ قۇلىقىغا خېلى ئۇزۇن كۇسۇرلىدى.

— بۇ بولىدىغان چاركەن، — دېدى موللىلار روھلىنىپ، — بىزنىڭ پەيشەنبە كۈنى سەھەر يولغا چىققانلىقىمىزنى ئاڭلاپلا، دانىش جۈمە كۈنى ئازنا بازارغا چوقۇم كېلىدۇ. شۇڭا ئىشلەمچىلەرنى چارشەنبە كەچتىن باشلاپ، ھېچ يەرگە بارغۇزماي قەسىردە قوندۇرساق بولغۇدەك.

— ھەببەللى، ئاڭغىچە ۋاڭ ئامبالغا: «بىز يولغا چىقماقچىمىز، ئۆزلىرىگە خوشلىشىش چېيى بەرمەكچى» دەپ خەۋەر بېرىۋېتىمىز. بازار كۈنى نەق جەرەستاندا ۋاڭ ئامبالغا، دانىش بىلەن ھېلىقى قىزغا ھۆكۈم كەستۈرۈپ تۈرمىگە ئۇزىتىپ قويىمىز. شۇندىلا سەن ئىنتىقام ھوزۇرىنى سۈرىسەن.

— سەنمۇ قۇرۇق قالمايسەن، ھا ... ھا ... ھا! ...

ئىككى كۆك كۆز، سېرىق چاچ، ئەگرى بۇرۇن ئەجنەبىي تەڭلا كۈلۈپ كەتتى ...

ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى گۇمانلىق ئائىلىلەرنى تىنتىش باشلىنىپ كەتتى. ئىتلار قاۋاپ، توخۇلار قاقاقلاپ، ئېشەكلەر ئەنسىز ھاڭراپ كېتىشتى. توختىخان شالۇك دېگەن تەرەپكە مەسئۇل بولغان سەمەندەر ئادەملىرىنى باشلاپ، باي بولامدۇ ياكى كۆك نامرات، ئىشقىلىپ، گۇمانلىق دەپ قارالغان

ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلمۇۋېتىشتى. ئۇلار مېھمانساراي، دالان، كاجۇ ساندۇق، تام ئويۇقلىرى، ئۆگزىلەرگىچە ھەتتا مال ئېغىللىرى، قوتان، توخۇ ـ ئىت كاتەكلىرىگىچە ئالا قويماي تىنتىش ئېلىپ باردى. بۇ بىر توپ ئالىقاناتلار ئون ئاق تەڭگە، بىر تىللانىڭ ئىشق ـ پىراقىدا راستىنلا پايپېتەك بولۇشۇپ، سەمەندەرنىڭ يۇلغۇن، ئاق تىكەن، قوڭغۇراقتىكەن، لويلا، ئەمەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن كۆرۈمسىز ھويلىسى ئالدىغا كەلگەندە، سەمەندەر ئۇنلۇك ۋارقىرىدى:

ـــ بۇرادەرلەر، بۇ مېنىڭ غېرىب خانەم، دانىش بىلەن قۇملۇق قىزى مەشەدىن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، قېنى ئاختۇرۇڭلار!

ـــ سەمەندەركا، بىزنى پەللىمىگىنە، ـــ دېدى دىقماققىنە يىگىت، ـــ ئوغرىلار مەشەدە بولسا بىزگە دېمەي ئۆزۈڭلا تۇتۇپ بېرىپ ئون ئاق تەڭگە بىلەن تىللاغا ئىگە بولماتتىڭ! يۇرۇڭلار ئاغىنىلەر، ئاياغ مەھەللىگە بارايلى.

تىنتىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى چارشەنبە، سەمەندەر چۈشلەر بىلەن پوتىسىغا بىرقانچە گىردە ۋە زاغرا تۈگكەن ھالدا ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ تام ياقىلاپ، دىڭگۇسلاپ مېڭىپ يۇرگەن دانىشنى كۆرۈپ، كوچا تەرەپكە قاراپ قويدى. سەمەندەر پوتىسىدىكى نانلارنى گۇلبادامغا بەرگەندىن كېيىن، دانىشنى قولتۇقلاپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

ـــ بالدۇرلا ئورنۇڭدىن تۇرۇۋالدىڭمۇ نېمە؟ ـــ دېدى ئۇ تېڭىلغان پۇتىغا قاراپ، ـــ پۇتۇڭ زورۇقۇپ قالمىسۇن يەنە.

ـــ بەك زېرىكىپ كەتتىم، ھاسا بولغۇدەك بىرەر تاياق تېپىپ

بەرگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى.

— ماقۇل، مەن ھازىرلا ئامالىنى قىلاي، — سەمەندەر دانىشنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — قارا ئۇكام، مەن كەچلەپ قەسىرگە قايتىمەن، ئەتە سەھەردە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يولغا چىقماقچى.

— ئۆگۈنلۈككە ئازنا بازار قىزىيدىغان كۈن تۇرسا، ئەجەب ئەتە يولغا چىقماقچى بوپسىلەرغۇ؟

— بۈگۈن چۈشتە موللىھېر بىلەن كىناتون ھويلىدىلا ۋارقىرىشىپ قالدى. شۇڭا ئەتە يولغا چىقىشنى ئۇقتۇردى.

— مېنى تۇتۇشنى بىكار قىپتۇ ـ دە؟

— نەدىكىنى، ئېكسپېدىتسىيەدىن قايتىپ كېلىپ ھېسابلىشىمەن، دەيدۇ.

— ھى، — دانىش دىمىقىنى قاقتى، — ئۇ ھېسابلىشىپ بولغۇچە، مەن ئۇنىڭ ...

— ھە، قانداق قىلماقچىدىڭ؟

— مەنمۇ، — دانىش دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن ـ دە، ئۇچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە ئۇنىڭدا خېلى كۆپ ھەققىم قالغان تۇرسا.

سەمەندەر شۇ كۈنى كەچكىچە بىر ئاچىماق ياغاچنى يونۇپ، سىلىقلاپ قولتۇق تاياقتىن بىرنى ياسىدى. گۈلبادام تاياقنىڭ ئاچىمىقىغا تېرە، كىگىز پارچىلىرى ۋە لاتىلارنى ئوراپ ئەپچىل قىلىپ بەردى. دانىش ئۇنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئاغرىق پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي ماڭالايدىغان بولدى.

سەمەندەر گۈگۈم چۈشۈش بىلەن گۈلبادام ئەتكەن لەگمەندىن ئىككى قاچا يەپ، بىر قاچا ئاش سۈيى ئىچىپ، چوڭقۇر دۇئا

قىلدى ـ دە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خوشلىشىپ كوچىغا چىققاندا دانىشنى قۇچاقلاپ:

ــ چاپسانراق ساقايغىن، بۇ قىزنى تەقەززا قىلما، ئەگەر يۇرتۇڭغا قايتقۇدەك بولساڭ، ئۇيۇقتىكى قارا قۇلۇپنى ئىشىككە سېلىۋەت. ئۆيگە قۇلۇپ سالغۇدەكقۇ بىر نېمە يوق. شۇنداقتىمۇ كەلسەمدۇ ـ كەتسەمدۇ يېتىپ قوپقۇدەك يىرتىق كىگىز، كونا يېپىنچىلار بار، ــ دەپ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.

سەمەندەر ئېتىنىڭ تېقىمىغا بىر قامچا سېلىشى، ئات چاپچىپ قاراقاش شەھەر ئىچىگە ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن چاچرىغان قۇم ـ توپىلار خېلى يەرلەرگىچە توزۇپ تۇردى.

ئۇلار ئىككىسى قايتىپ ھويلىغا كىرگەندە دانىشنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ قالغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم قولتۇق تاياقتا ماڭغاچقا، تېڭىلغان ئۇشۇقى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، گۈلبادامنىڭ ئالدىدا چاندۇرماي:

ــ بادىمەك خېنىم، سىزمۇ ئۆيىڭىزگە كىرىپ يېتىپ قېلىڭ، مەنمۇ چارچاپ قالدىم ئارام ئالاي، ــ دەپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

دانىش مورا ئوچاق ئۈستىدىكى قارا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ياتتى. تۇڭلۇكتىن چۈشكەن ئاي يورۇقى غېرىبانە ئۆينى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. توساتتىن كارنىگ موللىرىنىڭ «قايتىپ كېلىپ ھېسابلىشىمەن» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن دانىشنىڭ قويۇق، توم قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، يوغان مۇشتۇملىرى تۈرۈلدى. ئۇ بايىلا غەزىپىگە بەرداشلىق بېرەلمەي «مەنمۇ ئۇنىڭ ... » دېدى ـ يۇ،

بىراق سەمەندەردىن ئېھتىيات قىلىپ «جېنىمنى ئالمەن» دېگەن قەسىمىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، زاڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، مۇشتۇملىرى تېخىمۇ قاتتىق تۈگۈلدى ...

بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىللار ئىلگىرىكى ئۇچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ۋە يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ باستى ...

# ئون تۆتىنچى باب

... دادىسى مەۋلىدىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىك سەۋەبىنى مومىسىدىن ئاڭلىغان 19 ياشلىق مۇزەپپەر غىلاپلىق پىچىقىنى، سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇمنى، تالقان قاچىلانغان خۇرجۇننى ئېلىپ، سەرسانلىق سەپىرىگە پىيادە ئاتلاندى. ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ، تەكلىماكان ئىچىدىكى تولىمۇ تارقاق ۋە ئارىلىقى يىراق بولغان «كۆلدەمە»، «غۇدۇرقۇم»، «قۇمسالدى»، «ياپسال» كارۋان سارايلىرىدا ھەپتىلەپ، ئايلاپ يېتىپ، دادىسىنىڭ قاتىلى ئېكسپېدىتسىيەچى ئەجنەبىينى ئىزدىدى. كارۋان يوللىرىنى توسۇپ، يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. قۇم جەزىرىلەردە سۇسىز، ئاش ـ ئوزۇقسىز قالغان مۇزەپپەر قۇرۇق قاقشال بولۇپ يېتىپ قالغاندا، كارۋانلار ئۇنى نەچچە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. قانچىلىغان ئايدىڭ كېچىلەر، بوران ـ چاپقۇنلۇق جۇدۇنلار، قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتسە قانىتى كۆيىدىغان تومۇز قىزىقلار، قۇملار ئۇچۇپ تۇرغان دەشتۇچۆللەر ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرالمىدى. «دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن ئانا تۇپرىقىمىزغا كېلىپ، ئاتىلىرىمىزنىڭ قېنىنى تۆككەندىغانغا، ئۇنىڭغا كىم بەرگەن يولسىزلىق !» دېگەندىن ئىبارەت ئۆچمەنلىك يالقۇنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى دەممۇدەم كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ قاتتىق رىيازەت چەككەنسېرى، جاپا ـ مۇشەققەت كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتكەنسېرى بۇ ئوت يالقۇنجاپ كەتتىكى، ئۆچۈپ

قالمىدى، قىساسقا تولغان يۈرىكىنى تاۋلانغان بىر پارچە پولاتقا ئايلاندۇردى.

سەككىز ئاي كارۋان ساراي، ئۆتەڭ، دەڭلەردە رەقىبىنى ساقلىغان مۇزەپپەر سودىگەر، سەيياھ ۋە جاھانكەزدىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قاراقاش دىيارىغا يول ئېلىپ پىيادە 11 كۈندە يېتىپ كەلدى. ئۇ رەستە پىنھانلىرىدا، كۆۋرۈك ئاستىلىرىدا، لەمپىلىك دۇكانلار دالدىلىرىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، كۈندۈزلىرى تىكتىڭلىدى. ئاقىۋەت «ئەنجانباغ» قەسرىنى تاپتى ھەم ئىشقۇللاغا چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نىمە ۋەجدىن كەلگەنلىكىنى ئەدەپ بىلەن ئىزھار قىلدى. ئىشقۇللا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندىمۇ ياكى ئىشەنمىدىمۇ بۇنىسى نامەلۇم، شۇنداقتىمۇ ئۇ، قاملاشقان قىران يىگىتكە قادىلىپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ مەسۇم چىرايىدىن يىلىنجاپ تۇرغان سەممىيەت، ئاق كۆڭۈللۈك، جەسۇرلۇق نۇرلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بىردىنلا ئامراق بولۇپ قالدى.

— بالام، سىنىڭ ئەجنەبىيلەرنى ئىزدىشىڭ ئىشلەپ پۇل تېپىش ئۈچۈنلىمۇ ياكى باشقا نىيەت ـ ئىقباللىرىڭمۇ بارمۇ؟ — سورىدى ئىشقۇللا بورۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش يىگىتتىن زوقلىنىپ، — ئەگەر دېگۈڭ كەلمىسە مەيلى، مەنمۇ سىنى خىجالەت قىلماي.

— ئەمدى ئاتا، پېشانىلىرىدىن ئاقىللىكلىك، دانالىق ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ چېقىنلىرى چېقىپ تۇرۇپتۇ ... — مۇزەپپەر تارتىنىپقىنا كۈلۈپ قويدى، — ئەمدى شۇ نۇرغۇن كىشىلەردىن ئاڭلىسام، ئەجنەبىيلەر كارۋان ـ كارۋان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ. زادى ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئېلىپ

كېتمۇاتقانلىقىنى كۆرۈپ باققۇم بار ...

ئىشقۇللا مۇزەپپەرنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىگە، كەڭ مۈرىلىرىگە، چاك ياقىلىق يەكتەكدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زاغرا نانىدەك قىزغۇچ ھەم تۈكسىز كۆكرىكىگە، چىڭچاسا قارامتۇل چىرايىغا، قاغا پېيىدەك تۇم قارا قاشلىرىغا، قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىگە زەن سېلىپ، يىگىتنىڭ يەنىلا راست گېپىنى قىلمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. لېكىن چاندۇرمىدى.

— بالام، ئۇلار ئېلىپ كېتىۋاتقان نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئىچىڭنى ئاچچىق قىلغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەڭ ياخشىسى كۆرمەيلا قوي !

— ئاتا، بۇ ئىچىمگە كىرىۋالغان بىر ھەۋەس دېسىلە ... قانغا قوشۇلۇپ كەتكەن ھەۋەسنى سۇزۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىكەن ...

ئىشقۇللا يىگىتنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭىپ قالغان مەۋھۇم بىر سىرنى كۆرگەندەك بولدى ـ دە، ئارتۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى. شۇڭا ئۇ گېپىنى دەرھال يۆتكىدى:

— بالام، ئىسمىڭ نېمە، نەدىن كەلدىڭ؟

— ئىسمىم دانىش، — مۇزەپپەر ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قويۇۋالغان يالغان ئىسمىنى مەخدىمەيلا دېدى، — ئۆزۈم «غۇدۇرقۇم»لۇق.

مۇزەپپەر ھەتتا ئۆزىنىڭ «تۇران ئۆتەڭ»لىك ئىكەنلىكىنىمۇ خۇپىيانە تۇتتى. چۈنكى، ئۇ كېيىنكى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوڭقۇر يوشۇرۇنۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئىشقۇللامۇ يەنە كوچىلاپ سوراشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئېكسپېدىتسىيەچى كارىنگ موللېرنىڭ يىگىرمە كۈنلەر ئىلگىرى

ئادەملىرى بىلەن نىيە تەرەپكە ئاتلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مۇزەپپەر «كارنىگ موللىپر» ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن مومىسىنىڭ «كېرىم موللا دېدىمۇ ياكى كىۋىر موللا دېدىمۇ، ئەيتاۋۇر موللىغا يېقىن بىرنېمە دېدىغۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى.

— ئاتا، سايتىن[①] دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ؟ — مۇزەپپەر چېكىپ باقتى، — ئىشقىلىپ تونۇشلا تۇرىدىغۇ.

— جانابىي كارنىگ موللىپرنىڭ بۇ ئۇچىنچى قېتىملىق تەكلىماكانغا سەپەر قىلىشى.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ جاناب بۇرۇن بىر قېتىم نىيە تەرەپلەرنى قىدىرىپ تەكشۈرۈپتىكەن. يەنە نىيە خارابىلىكىگە ماڭدىما؟

— بىر دالتەك[②] نىيەنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قۇملۇقتا كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەن بىر شەھەر خارابىسىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر كۆتۈرۈپ كەپتىكەن، — دېدى ئىشقۇللا بېشىنى چايقاپ، — شۇڭا بۇ قېتىم يەنە شۇ تەرەپكە يول ئالدى.

— رەھمەت ئاتا، ئۆزلىرىدىن كۆپ گەپ سوراپ بىزار قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— يوقسۇ بالام، — ئىشقۇللا چارلاشقان كەكە ساقىلىنى سىلاپ قويدى، — سەن ئۇلارنى ئىزدەپ بارماقچىمۇ؟

— خۇدا خالىسا ...

— بۇ ئۇزاق، ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان يوللار، ھەر ھالدا ئۆزۈڭگە پۇختىراق بولارسەن.

---

① ساي — ھېلى، ھازىرلا، شۇ تۇرقىدا دېگەن مەنىدە.

② دالتەك — سۇخەنچى، ئاتىكارچى، يالاقچى مەنىسىدە.

ــ رەھمەت ئاتا، خۇدا ئۆزلىرىگە قوياشتەك ئۆمۈر بەرسۇن !

ــ سىنىڭمۇ ئارزۇ ـ نىيازلىرىڭغا يېتىشنى نېسىپ قىلسۇن !

مۇزەپپەر سەككىز ئايدىن بېرى كارۋان سارايلىرىنىڭ مال ئېغىللىرىنى تازىلاپ، ھامماللىق قىلىپ، گىر بازارلىرىدا ئاشلىق تاغارلىرىنى كۆتۈرۈپ، يامان ئەمەس پۇل تاپقانىدى. ئۇ رەستىلەرنى ئارىلاپ، سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، خۇرجۇن بىلەن سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى مورىسىگە ئارتىپ، بىر سەھەرلىكى يولغا چىقتى. مۇزەپپەر بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن پۇرۇم چورۇقىنى ئاۋايلاپ كۇندۇزلىرى سېلىۋېتىپ، سوغۇق چۇشكەندە كىيىۋالاتتى. خۇرجۇننىڭ ئارقا يېيىغا پۇرلەپ تىقىۋەتكەن يۇڭ شالۋۇر، تېرە پىنجىكنى كېچىسى كىيىپ قۇملۇقلاردىلا يېتىۋېرەتتى. ئۇ يۇرۇڭقاش دەريا ئېقىنىنى بويلاپ بىرنەچچە كۇن ماڭغاندىن كېيىن، لوپنىڭ سەھرا كەنتلىرى ئارقىلىق چىرىنىڭ چەكسىز سايلىقلىرىغا يېتىپ كەلدى. بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ ئانارلىق باغلىرى، كۆز يەتكۇسىز چىلانزارلىقلىرى، شور تاملىق كۆرۈمسىز ھويلىلىرى بارا ـ بارا ئارقىدا قېلىپ، كېرىيەنىڭ توغراق، يۇلغۇن، پاختا يۇلغۇنلار قاپلىغان جاڭگال، چاتقاللىق، ئورمانلىرى ئايان بولۇشقا باشلىدى.

مۇزەپپەر توختىماي مېڭىپ، يول بويى تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ، ئۆتەڭ ـ دەڭلەردە ئاش ـ ئوزۇقىنى تولۇقلاپ 17 كۇن بولغاندا نىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېكسپېدىتسىيەچى ئەجنەبىينىڭ قايسى قۇملۇققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، كارۋانلاردىن، يولۇچىلاردىن، چايخانىچى غوجايىنلاردىن

سۇرۇشتۇرۇپ، شىمالىي قۇملۇقنى نىشانلاپ ماڭدى. مۇزەپپەر ئادەمسىز دەشتۇقۇملۇق ئىچىدە ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن يول ئىزنالىرىنى پەرق ئېتەلمەي بىر جىلغا ئىچىدە توختاپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئات ـ ئېشەك تېزەكلىرىنى، تۆگە مايافلىرىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ بىر كىچىك تۈنگۈدەك ئەپلىكرەك جاي ئىزدەپ ئەتراپىغا قارىغانىدى، ئالدىدىكى دۆڭلۈك ئۈستىدە كىچىككىنە بىر خارابىلىك قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇزەپپەر دۆڭگە يامىشىپ چىقىپ قۇم ئىچىدىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغان ئەسكى تاملىقنى كۆردى. گەرچە ئۇنىڭ بىر تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قالغان ئۈچ تېمى شامالدا دالدا بولالايتتى. ئۇ قاراڭغۇ ئۆي ئىچىگە دۆۋىلەنگەن قۇملارنى ئالىقانلىرىدا تارتىپ، پۇتلىرىدا ئىتتىرىپ تۈزلەۋاتقاندا، قولىغا ھەم پۇتىغا ياپىلاق بىر نەرسىلەر ئۇرۇلدى. مۇزەپپەر ئۇلارنى تامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاۋەردى. بىراق ئۇ ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرغاندا، تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئالىقاندەك ھەم ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغان تارشىلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇ نېپىز تارشىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىر يۈزىدە، بەزىلىرىنىڭ ئىككىلا يۈزىدە ئىمىر ـ چىمىر خەتلەر بار ئىدى. مۇزەپپەر ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان نەرسىلەردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى قىلچىلىكمۇ قىممىتى يوق نېمىلەر ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ كۆلخان ياققاندا تۇتۇرۇق قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە تال تارشىنى خۇرجۇنىغا سېلىۋالدى.

پايانسىز قۇملۇق ئىچىدە تېنەپ كەتكەن مۇزەپپەر يەنە ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئۇلاغ تۇياقلىرى بىلەن تىلغانغان يولنى تېپىۋالدى. ئۇ يول بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىن

بىر ئادەم تۆگىسىنى لوكۇلدىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈز، مەيدىلىرىنى قاپقارا چۈپۈر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، تۇرقىدىن 40 ياشلار ئەتراپىدا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇكا، — دېدى ئۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، — سۈيۈڭ بولسا، ئىككى يۇتۇم بەرسەڭچۇ، بۇگۈن كەچكىچە سۇ بار يەرگە يېتىۋالالايتتىم.

— ئاكا، سۇنى ساڭا بەرسەم، مەن قانداق قىلارمەن؟

— سەن يەنە ئالدىڭغا يېرىم كۈن ماڭساڭ ئەجنەبىيلەر قۇم كولاۋاتقان يەرگە يېتىپ بارالايسەن، ئۇلاردا سۇ دېگەن كۆپ.

يولۇچىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن مۇزەپپەر سۈيىدىن ئۇنىڭ تۇلۇمىغا ئازراق بۆلۈپ بەردى.

— بۇ دەشتۇقۇملۇقتا يالغۇز نەگە ماڭدىڭ ئاكا؟ — سورىدى مۇزەپپەر، — سودىگەرمىكىن دېسەم تاغار، خۇرجۇنلىرىڭ سالپىيىپ قاپتۇ.

— هازىر ساڭا دەپ بەرگەن ئەجنەبىيگە ئىشلىشىمغا سېتىۋېتىپ ماكانىمغا قايتتىم. مەن تەنها ھەرىكەت قىلىدىغان «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەردىن بولىمەن.

— ساتقىنىڭ نېمىلەر ئىدى؟

— نېمە بولاتتى، قۇملۇقتىن تاپقان نەرسىلەر، — بايلىق ئىزدىگۈچى بىر يۇتۇم سۇ ئىچىپ، ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى شوراپ قويدى، — هازىر قىش كىرىپ قالدى. بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك بايلىق يىغىۋېلىشى ئاياغلاشتى.

— بايلىق يىغىشمۇ پەسىلگە قاراپ بولامدا؟

— شۇنداق بولمايچۇ، ئېگىز تاغلاردىكى قار ـ مۇزلار

ئېرىشكە باشلىغاندا، غايەت دەھشەتلىك كەلگەن كەلكۈن ئاجايىپ ئېسىل قول ھۈنەر، نەپىس بۇيۇملارنى قۇم ئاستىدىن ئېقىتىپ سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ، تەييارلا يىغىۋالىمىز، بۇياققا مېڭىمىسەنغۇ؟

— ئەجنەبىيلەرگە ئىشلەپ، ئازراق پۇل تاپاي دەپ ...

— ئېيتىڭ نېمە ئۇكا؟

— دانىش.

— تونۇشۇپ قالدۇق. ئەلچى، قاراقاشلارغا بېرىپ قالساڭ مېنى ئىزدە، سەمەندەر دېسەڭ تونۇمايدىغىنى يوق.

— بولىدۇ سەمەندەرئاكا، خوش ئەمىسە.

— سۇيۇڭگە رەھمەت.

مۇزەپپەر ئۇلاغ يولىدىن چىقماي كەچكە يېقىن بىر قۇم يانباغرىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىرقانچە چېدىرلارنى كۆرۈپ، خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمايلا قالدى. يىگىرمىدىن كۆپرەك جۇل - جۇل كىيىملىك، توپا چىراي ئىشلەمچىلەر قۇمدىلا يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، ئاياق - جاملاردا تاماق يەۋاتاتتى. چەمبەرسىمان تۆمۈر جازىغا ئېسىپ قويغان قازاندىن سۇس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. مۇزەپپەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماق تاما قىلىپ بارغاندەك بولۇپ قالماي، دەپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. لېكىن، ئىسسىق تاماقنىڭ ھىدى ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاپ تۇراتتى. ئەمما نېمىنى باھانە قىلىپ بېرىشنى بىلەلمەي، بىردىنلا خۇرجۇندىكى خەت پۈتۈلگەن تارىشلار ئېسىگە كېلىپ قالدى.

مۇزەپپەر قۇملارغا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ، يوغان - يوغان چامداپ يېتىپ كەلدى. ئىشلەمچىلەر ئۇنىڭ بەستلىك قامىتىگە قاراپ بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاشتى. ئۇلارنىڭ

ئارىسىدا ئاپپاق ساقاللىق بىر ئادەم قوشۇقىنى يالاپ ئاش ئىچىۋاتاتتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە، بايلىقى ۋە قىممەتلىك يادىكارلىقلىرى ئەڭ كۆپ خارابىلىكلەرگە يول باشلامچىلىق قىلىپ، كارنىڭ موللېرنىڭ بايلىقىنى، شان ـ شۆھرىتىنى، خەلقئارادىكى ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىنى ئاشۇرغان توختىقۇل ئىدى. ئۇ مۇزەپپەرگە لەپپىدە قاراپ:

ــ بىر كىمنى ئىزدەمسەن ياكى ئىشلىگىلى كەلدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، مۇزەپپەرمۇ ئىشەنچلىك ھالدا:

ــ غوجايىنىڭلارغا كۆرسىتىدىغان بىرنەرسەم بار ئىدى، ــ دېدى.

ــ ئەمىسە، ــ دېدى توختىقۇل قولى بىلەن كۆرسىتىپ، ــ ئاشۇ چەتتىكى چېدىرغا كىرگىن.

مۇزەپپەر چېدىر ياپقۇچىنى قايرىپ «كىرسەم بولامدۇ؟» دېيىشى، پاكار، ۋىجىكرەك، سارغۇچ بۇرۇتلىرى ئاق سېرىق يۈزىگە ياراشقان كۆك كۆز بىرى: «كىرىڭەر، كىرىڭەر ... » دېدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئاھاڭ تەرەپتىن بۇزۇۋېراق دېگەن بولسىمۇ، سۆزلەرنى تولۇق تەلەپپۇز قىلاتتى. مۇزەپپەر ئېڭىشىپ چېدىرغا كىرىپ كېلىشى، كىچىككىنە ئاق پىستە كۆچۈك ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ قاۋاپ كەتتى. ئاڭغىچە تاماق يەپ ئولتۇرغان چاچلىرىدىن كىرپىكلىرىگىچە ئاپپاق، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى يىگىت:

ــ كەررۇ بۇياققا ئۆت، ۋۇي ئۇياتسىز، ــ دەپ ۋارقىرىشى، پىستە كۈچۈك يىغلىما كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئۆيدە بۇرۇتلۇق ۋىجىك ۋە ئاقباش يىگىتتىن باشقا يەنە ئىككى ئادەم بولۇپ، ئېگىز، تەتۈر ئۇستىخان، قاشلىرى شالاڭ، بۇرۇتى يوق،

ئېگەك ئۇچىغىلا قىرقىم ساقال قويۇۋالغان 50 ياشلاردىكى ئادەم تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدىكى ئورۇق، يۈزلىرى سوزۇنچاق، چاچلىرى شالاڭ 38 ياشلاردىكى ئادەم بولسا سىرلىرى ئۆچكەن كورۇشكىدا چاي ئىچىۋاتاتتى. ئۇلار توغراق ياغاچلىرىدىن قوپال قىلىپ ياسالغان پاكار ئۈستەل ئەتراپىدىكى كۆتەكلەردە ئولتۇرۇشاتتى.

— ھە، كېلىپ قاپسەن، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ — سورىدى پاكار بۇرۇتلۇق.

— مەندە بىرنەرسە بار ئىدى، — مۇزەپپەر خۇرجۇنىدىن ئىككى پارچە تارىشا پۈتۈكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇ نەرسىلەرنىڭ سىز ئۈچۈن قىممىتى بارمىكىن؟

— ۋۇي، بۇ ... ، — شەرقشۇناس موللېر تارىشىلارنىڭ ئالدى - ئارقىسىنى كۆردى، — بۇ نەرسىلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟

— بۇ يەردىن پىيادە ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر خارابىلىكتىن.

— بىزنى باشلاپ بارالامسەن؟ — بۇرۇتلۇق ئادەم تارىشا پۈتۈكلەرنى ئېگەك ساقالغا سۇندى، — كىناتون قارا بۇنىڭغا، مانا بۇ ھەقىقىي قارۇشتى[1] يېزىقى !

بۇرۇتلۇق قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن، مۇزەپپەرگە خېلىلا كۆپ كۇمۇش تەڭگە بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئۆزىدىن باشلاپ ئولتۇرغانلارنى تونۇشتۇردى:

— مېنىڭ ئىسمىم كارنىگ موللېر، بۇ كىشى، — ئۇ ئېگەك

---

① قارۇشتى يېزىقى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئوتتۇرا قەدىمكى ھىندى ئارىيان تىلىنىڭ قەدىمكى يېزىق شەكلى، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

ساقالنى كۆرسەتتى، — مېنىڭ مەسلىھەتچىم كىناتون بايس، ئۇنىڭ ئەپلاتونىدەك ئۆتكۈر كاللىسى بار، مۇنۇ ئورۇق، ئات يۈزلۈك يىگىت ئەترىتىمىزنىڭ ئۆلچەش ئىنژېنېرى كىۋىنست بېللى، ماۋۇ ئاقباش يىگىت بولسا فوتوگراف ھېنرى مالكولىم ... ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— دانىش.

— دانىش؟ بەللى، چىرايلىق ئىسىمكەن، ھەيۋەت ئاڭلىنىدىكەن ئەمەسمۇ، — كارنىگ موللېر ھاياجانلانسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى، — ھە، قانداقلا بولۇپ بىز تەرەپلەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

— تۆگەم يىتىپ كەتكەنىدى. شۇنى ئىزدەپ تونىگەن خارابىلىكتىن بۇ نەرسىلەرنى تېپىۋالدىم. يولدا سەمەندەر دېگەن بىر ئادەم يولۇقۇپ، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارنى دەپ بەردى.

— ھە توغرا، توغرا، ئۇ بىزگە قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى سېتىپ بەرگەنىدى، — موللېر ئېگىز مۇزەپپەرگە قادىلىپ قارىدى، — ۋۇي، سەن تېخى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭغۇ؟

— يول باشلاش ئىشىنى دەمسىز؟

— توغرا، زېھنىياتىڭ ئۆتكۈر نېمىكەنسەن !

— ئەلۋەتتە باشلاپ بارىمەن ـ دە، ماڭا شۇنچە كۆپ پۇل بەرگەن تۇرسىڭىز، ياق دېسەممۇ ئادەمگەرچىلىك بولماس.

— ھەببەللى، يارايسەن، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ. ئەگەر سەن تارىشا پۇتۇكلەر چىققان يەرگە ئاپارساڭ، ساڭا بېرىدىغان نۇرغۇن مۇكاپاتىم بار.

— رەھمەت، مۇشۇمۇ يېتەرلىك ...

— قورسىقىڭ قانداقراق؟

— ئەمدى ... ، — ئۇگرە ئاشنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان مۇزەپپەر تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — مەن ئون نەچچە كۈندىن بېرى تاماق يېمەي، نان غاجاپلا كېلىۋاتىمەن.

— ھېنرى، — موللېر ئاقباش يىگىتكە قارىدى، — سەن دەرھال چىقىپ بۇ يىگىتچاققا ئاش ئېلىپ بەرگىن، تويغۇچە يېسۇن.

ھېنرى بىلەن مۇزەپپەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، موللېر كىناتون بايىس بىلەن كىۋېنست بىللىغا پەس ئاۋازدا كۈسۈرلىدى:

— بۇ ئەبلەخكە كۆز ـ قۇلاق بولۇڭلار، ئىنايەت ئاخۇندەك بىزنى ئالداپ قېچىپ كەتمىسۇن.

— ئەڭ ياخشى چارە، ھېنرىنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قويايلى. ئۇلار كېچىسىمۇ بىللە ياتسۇن.

— كىۋېنست سەن، — موللېر ئىككىلىنىپ قالدى، — بولدىلا ھېنرىگە ئۆزۈملا دەي.

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سەھەردە ئون نەچچە ساندۇق يادىكارلىقنى تۆگە ـ ئاتلارغا ئارتىپ يولغا چىقتى. يېنىكرەك يۈك ئارتىلغان تۆگىدە ئولتۇرغان مۇزەپپەر ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تۆگىدە مۈگدەك باسقان ھېنرى بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. كارنىگ موللېرنىڭ كەمتەرلىكى، ئادەمگەرچىلىكى، سىلىق ـ سىپايىلىكى، مەردلىكىدىن قايىل بولغان مۇزەپپەر ئىچىدە: «دادامنى ئۆلتۈرگەن بۇ ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇنداق ئالىي پەزىلەتلىك ئادەم قاتىللىق قىلامدۇ؟ قېنى ئۇنىڭ قېشىدا ئىشلەپ باقاي، بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس ... »

دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇلار مۇز تۇتقان نىيە دەرياسىنى بويلاپ ئىككى كۈندىن ئارتۇق مېڭىشتى. ئەمدىلىكتە چوققىلىرى ئاق قار بىلەن قاپلىنىپ، كۆزنى چاقىدىغان كۈمۈشلۈك تېغى سۈس مانانىلار ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى. كارنىگ موللېر دانىش ئېلىپ كەلگەن نەقىشلىرى كۆركەم تارىشا پۇتۇكلەرنىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، بۇ چاغقىچە تارىشا پۇتۇكلەر تېپىلغان خارابىلىكلەردىنمۇ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىلىۋالدى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئات - تۆگىلەر كارۋىنى ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. ئىشلەمچىلەر قومۇلۇقلارنى تۈزلەپ چېدىر - بارگاھلارنى تىكلىدى. بەزىلىرى قازان ئېسىپ تاماقنا تۇتۇش قىلىشتى. بىرقانچە ئىشلەمچى نە - نەلەرگە يوگۇرۇپ قۇرۇغان توغراق، قاقشال بەقەم، يۇلغۇن شاخلىرىنى يۇدۇپ كېلىشتى. ئاسما قازان ئاستىغا ئوت يېقىلدى. ئىككى دۆڭ ئوتتۇرىسىدىكى لوغۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخاننىڭ يورۇقى يىراق - يىراقلاردىكى بارخانلارنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قازاندىن ئاچچىق قىچا يېغىنىڭ بۇسى كۆتۈرۈلدى. ھەممە ئىشلەمچىلەر ۋار - چۇر ۋارقىرىشىپ، بەزىلىرى سەۋزە قىرسا، يەنە بەزىلىرى گۇرۇچ يۇياتتى. ئەسىرلەر بويى سۇرلۇك جىمجىتلىققا چۆمگەن قۇملۇق، بەجايىكى توي مەشرىپى ئويناۋاتقان مەھەللە - كەنتلەردەك ھاياتىي زوققا تولغانىدى.

ئېكسپېدىتسىيە يۇرۇشلىرىدە پىشىپ كەتكەن كارنىگ موللېر مەخسۇس ئۈچ تۆگىنى سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يۆتكەشكە ئاجراتقان بولۇپ، ئۇلار ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ھەتتا تۆت - بەش

كۆنلۈك مۇساپىلەردىكى كەنت ـ ئۆتەڭلەردىن ئۈزمەي نەرسە ـ كېرەك توشۇيتتى.

كارنىگ موللېر دانىشنىڭ باشقا يەرگە باشلىماي، ئەسلىي خارابىلىككە ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇلار بىرىنچى كۈنىلا مۇزەپپەر بىر كىچە تۈنىگەن ئۆي ئورنىدىن ئۈستىگە خەت نەقىشلەنگەن 85 پارچە تارىشا پۈتۈك تېپىۋالدى. ئارقىدىن قۇملارنى تارتىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن باشقا ئۆيلەردىنمۇ كۆپ تارىشا پۈتۈكلەر تېپىلىشقا باشلىدى. بۇ تارىخىي قىممىتى يۇقىرى ئەتىۋارلىق پۈتۈكلەر يەر قۇرۇق بولغاچقىمۇ، ناھايىتى پاكىز، خەتلىرى ئېنىق، ياخشى ساقلانغانىدى①.

ئىشلەمچىلەر موللېرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇزەپپەر باشلاپ كەلگەن دەسلەپكى ئىككى ئېغىز ئۆينى چوڭقۇرلاپ كولاشقا باشلىدى. ئۇلار كولىغانسېرى ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆي، كارىدور، مېھمانساراي، ھۇجرىلار، ئىشخانىلار ئايان بولدى. بۇ ئۆيلەردىن ئىنتايىن چىرايلىق نەقىشلەنگەن بىر دانە كەڭ ھەم ئۇزۇن ئورۇندۇق②، ئۆتۈك قېلىپى، چىدامىلىق ھاسا، گىلەمنىڭ بىر قىسمى، كېرىلگەن ئوقيا، چوڭ ۋە تولىمۇ ھەيۋەتلىك توقۇلغان گىلەم، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان-جابدۇقلار، شۇنداقلا تارىشىلارغا يېزىلغان خەت ـ چەك، ھۆججەتلەر، ھەتتا كالا مۈڭگۈزلىرى، سىياھدان، سۆڭەك قەلەم، پەي قەلەملەر تېپىلدى.

يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. چوڭ چېدىر ئىچىدە كىناتون،

---

① قەغەز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىلادىيە 105 ـ يىلى كەشىپ قىلىنغان. لېكىن غەربىي يۇرتلارغا تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى.

② بۇ ئورۇندۇق ھازىرمۇ ئەنگلىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

كىۋىنىست، ھېنىرى، مۇزەيپەرلەر ھېچنىمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. لېكىن كارنىگ موللېر گاز لامپا يورۇقىدا تارىشا پۇتۇكلەرنى تەتقىق قىلىپ، خاتىرە يېزىۋاتاتتى. تارىشا پۇتۇكلەر ئالىقاندەك ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، كۆپىرى قوزۇق شەكلىدە ئىدى. ئۇلار چىگە يىپ بىلەن جۈپ قىلىپ باغلىنىپ، چىگىلگەن تۇگۇچ تۆشۈكى تۆگە يۇڭى ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال لېيى بىلەن چاپلانغان بولۇپ، لاي ئۈستىگە پېچەت تامغا ئۇرۇلغانىدى. ھازىرقى زامان كونۇپېرتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ تارىشا پۇتۇكلەرنىڭ ئىچىدىكى يېزىقلار ھازىرلا يېزىلغاندەك، شۇنچە روشەن كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلار يەرلىك ئەمەلدار، ئاھالىلىق ساقلىغۇچىلارغا ئەۋەتىلگەن دوكلات، بۇيرۇق، شىكايەتنامە، چاقىرىق، قانۇنغا بويسۇنۇش، قولغا ئېلىش، ئالۋانغا بارىدىغانلارنىڭ ئىسمىلىكى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئىدى.

كارنىگ موللېر پېچەت ئۈستىنى چوتكا بىلەن ئاۋايلاپ تازىلىغاندىن كېيىن، گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەت ئىلاھى ئاسىنەنىڭ، باش ئىلاھ جۇسىنىڭ قالقىنىنى تۇتقان ھالدا تۇرغان قاپارتما سۈرىتىنى تونۇۋالدى. باشقا پېچەتلەردىمۇ ئاشىق ئىلاھى ئېروس، كۈچ ئىلاھى خېرا كېلىنىسىنىڭ ئوبرازى سىزىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدى. بۇ تارىشا پۇتۇكلەردىن باشقا يەنە خۇرۇم ئۈستىگە يېزىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر ھۆججەتمۇ بار ئىدى. كارنىگ موللېر «دەندان ئۆيلۈك»تىن تېپىلغان نەرسىلەرگە ئوخشاش بۇ ئېسىل نەرسىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىگە قارىغاندا تارىخىي قىممىتىنىڭ باھاسىز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگىنىدە قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ غەربىي دىيارنىڭ بۇددىزم دەۋرىدە،

مۆلچەرلىگۈسىز تەرەققىياتىنى، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىقتىسادىي گۈللىنىش دەۋرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ھەم ئاجايىپ زور ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ پايانسىز قۇم تېگىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

كارنىگ موللېرنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە نىشانى گەرچە كىروران بولسىمۇ، يول بويىدىكى كونا خارابىلىك ئىزلاردىن كادالىك، دومۇكۇ، راۋاق، نىيە ۋە مىرەنلەرنى يەنە بىر قېتىم قېزىپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولدى. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى، راسا قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە نىيە خارابىلىكىدىن ئايرىلىپ، ئەندىر دەرياسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ بىر ھەپتە ماڭغاندىن كېيىن مۇز تۇتقان ئېقىننى كېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رەتلىك تىزىلغان قەدىمىي ياغاچ تۈۋرۈكلەر قۇملۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاجايىپ بىر مەنزىرە ئايان بولدى. بۇ تۈۋرۈكلەر يەككە - يېگانە قاقاس چۆلدە بىر جەمئىيەتنىڭ بىرمەھەل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. يەنە خارابىلەشكەن بىرقانچە ئىمارەت دۆۋىلىرىنى باش قايغۇدەك ئېگىز كېسەك تاملار ئوراپ تۇراتتى. تېخى بۇ تاملارنىڭ ئۈستىگە كۆك خىشتىن ياسالغان توسما تاملار قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار مۇداپىئە ئۈچۈن ياسالغاندەك قىلاتتى.

كارنىگ موللېرنىڭ مەدىكارلىرى توققۇز كۈن ئىچىدە بۇ ئىمارەتلەرنى كولاپ خۇددى يەر تەۋرىگەندەك قىلىۋېتىشتى. ئۇنىڭ تېگىدىن قاتار - قاتار تۇرغان بۇددا ۋە بۇدساتۋا ھەيكەللىرىدىن 91 نى قېزىپ چىقىرىۋالدى. بۇ ئەسنادا قۇم

چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئەڭ تېگىدە ئىشلەۋاتقان بىر مەدىكار ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى:

— غوجايىن، بۇ يەردە چوڭ ئىدىشتىن بىرى بار ئىكەن.

كارنىگ موللىېر قۇمدىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ ھاياجاندىن ھاسىراپ كەتتى.

— ئەخمەقلەر، كەتمەن، كۈرەكتە ئەمەس، قولدا كولاڭلار، بولمىسا ئىدىش سۇنۇپ كېتىدۇ.

بۇ يەردىن چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان، ئەمما ئېغىزلىرى پېچەتلەنگەن ئۈچ دانە ئىدىشنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇلارنى مەدىكارلار كۆتۈرۈشۈپ كارنىگ مولليېرنىڭ چېدىرىغا ئارانلا ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى. ئەتىسى مولليېر ئىشلەمچىلەرگە:

— دۇنيا تېپىۋالدۇق، دەپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇق، ھەممىسى جەسەت كۆلىكەن ئەمەسمۇ ... ، — دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقىلارمۇ ئاسمانباقتى بولۇپ كۈلۈشتى. ئەمما، نادان مەدىكارلار ئىشەنگەن بولسىمۇ مۇزەيپەر بىلەن توختىقۇل ئىشەنمىگەنىدى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە مۇزەپپەر بىلەن ھېنرى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار قۇملۇقلاردا بىللە بولاتتى. ھېنرى ئەنگلىيەدىكى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان سۆيگەن قىزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇزەپپەر 11 يېشىدا بىللە ئۆچكە باققان كۆزلىرى ئويناق، يۈزلىرى يۇمىلاق قۇملۇق قىزىنى ئەسلەيتتى. گۈلبادامنىڭ تولغان گۈزەل رۇخسارىنى خىيالەن ھۆر ـ پەرىشتىلەرگە

ئوخشىتىپ باقاتتى. ھازىر موللىبىر دانىش ئاتلىق بۇ يىگىتچاقنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يول باشلىشىدىن ئاجايىپ قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ دانىش كۈچلۈك، تەدبىرلىك بولۇپ، ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيتتى. موللىبىر ئۇنىڭغا ھېنرىسىڭكىگە ئوخشاش يۇك سېلىنغان ئىشتان ـ چاپان بەردى. بولۇپمۇ يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقەدىن كېيىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى.

قۇملۇق ئاستىدىن يانتۇ چىقىپ تۇرغان تۇۋرۇكلەرنىڭ ئاستىنى ئىشلەمچىلەر راسا قېزىۋاتقاندا، يوغان بىر تۇۋرۇك ئۇن ـ تىۋىشسىز يىقىلىشقا باشلىدى. ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن مۇزەپپەر كارىنگ موللىبىرنى قۇچاقلاپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. ئاڭغىچە ھېلىقى تۇۋرۇك موللىبىر تۇرغان يەرگە گۈپپىدە چۈشۈپ، قۇمغا پېتىپ كەتتى. مۇزەپپەرنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ قوپقان موللىبىر ئۈستىبېشىدىكى توپىلارنى قاقماي، ئاغزى ـ بۇرنىغا كىرىپ كەتكەن قۇملارنى تۈكۈرمەي تۇرۇپ، مۇزەپپەرنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە، ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى ھەم:

ـــ مېنىڭ جېنىمغا ئارا تۇردۇڭ، رەھمەت ساڭا ... ـــ دەپ پىچىرلىدى ...

كارىنگ موللىبىر يىغقان، سېتىۋالغان «دۇنيا»سىنى ياللىۋالغان 30 ئېشەك ۋە بىرقانچىلىغان ئاتلارغا ئارتىپ، مەخسۇس توشۇغۇچىلار ئارقىلىق قەشقەردىكى ئەنگلىيە باش كونسۇلى ماكارتېنىنىڭ ھوزۇرىغا يولغا سالغاندىن كېيىن سەپەر تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇ ئېكسپېدىتسىيەچى ستېرىچ ۋېرنېرنىڭ سىزغان خەرىتىسىنى قايتا كۆرۈپ چىققىنىدا، «روران»نىڭ

پاراللېلدىكى ئورنى كىروراننىڭ مېرىدىياندىكى ئورنىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇڭا، ئۇ باش باھار كېلىشى بىلەن روراتغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ بۇ يەردە بەش كۈنلا قېزىش ئېلىپ بېرىپ كىرورانغا يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ماكارتېنىنىڭ خەتلىرى ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەر دائىم خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. شۇڭا، فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوتنىڭ كىرورانغا ئۆزىدىن بۇرۇن بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان كارۋان 11 كۈن يول يۈرگەن بولسىمۇ، كىروران خارابىلىكى زادىلا كۆزگە چېلىقمىدى. شۇڭا، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدى. كارنىگ موللېر ئادەملەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن: «كىم كۆمۈلۈپ قالغان ئىمارەت دۆۋىسىنى بىرىنچى بولۇپ بايقىسا، شۇنىڭغا مەلۇم ساندا كۈمۈش بېرىدىغان»لىقىنى ۋەدە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەدىكارلار بىردىنلا جانلىنىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە يۈگۈرۈشتى. ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان بىر تۆگىچى تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

ـــ مەن كۆردۈم ... مەن تاپتىم! ... ئىنئام مېنىڭ! ...

مولليېر دۇربۇنى ئارقىلىق يىراق شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا تۇرغان ئىنتايىن ۋەيرانە ھىندى مۇنارىنى كۆرۈپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇ شۇ ھامان تۆگىچىگە كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ۋەدىسىنى شۇ يەردىلا نەقلەشتۈردى.

مەدىكارلار شۇ كۈنىلا مۇنار ئەتراپىدىكى قۇملۇقلاردىن چىقىپ تۇرغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىنى كولاشقا باشلىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىۋاتقان تام سۇرەتلىرى، قاناتلىق پەرىشتىنىڭ

ئۇچۇۋاتقان رەسىمى، تارىشا پۈتۈك، تاش ئابىدە، مىس ۋە تۆچتىن ياسالغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، چىراغدان، پىچاقلار، بىر قەۋەت ئالتۇن يالاتقان بۇتلار ۋە قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرگەن كارىنگ موللېر ھېلى قېزىلغان چوڭقۇرلارغا چۈشسە، ھېلى دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى. قوللىرىنى شىلتىپ قەيەرلەرنىدۇر كۆرسىتەتتى. ئەمما ئۇ دەسسەپ تۇرغان قۇم دۆڭلۈكى بىردىنلا ئۆيۈلۈپ، خۇددى قاينام ھاسىل بولغاندەك قۇملار پىرقىراپ، چوڭقۇرلۇقتىكى ئەجەل ئاغزىغا شۇرقىراپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. سىلىندىر شەكىللىك چوڭقۇرلۇق موللېرنى بوغما يىلاندەك يۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىلا كۆرۈنۈپ قالدى. ھەتتا سىرتتا قالغان ئىككى قولىمۇ «بۇ ئۆلۈم ساڭا ھەق!» دېگەندەك پۇلاڭلاشتىن توختىغانىدى. ئۇ دەھشەتلىك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن زۇۋانىمۇ بوغۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى ... ھېچ ئويلىمىغان يەردىن پۈتنىڭ ئۇشۇقلىرىدىن باغلانغان مۇزەپپەر چوڭقۇرلۇققا ئۇچقاندەك يەر بېغىرلاپ سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، موللېرنىڭ بىلەكلىرىدىن قامالالىۋالدى ھەم كۈچلۈك قوللىرىدا ئۇنى لەھەڭ ئاغزىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ:

— تارتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۈستىدە تۇرغان ئىشلەمچىلەر موللېرنى قويۇپ بەرمەي، قوللىرىدىن سۆرەپ چىقىۋاتقان مۇزەپپەرنىڭ پاقالچىقىغا باغلانغان ئارقاننى تارتىپ، ئۇلارنى ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان موللېرنىڭ چىرايى شاكىلى سويۇۋېلىنغان تۇخۇمدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇزەپپەرنى قۇچاقلاپ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. كەچلىك تاماقتا بىر خالتا كۈمۈش ئىنئام قىلىۋىدى، مۇزەپپەر زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى.

موللىر:

ــ بۇنى ئاز كۆرسەڭ تىللامۇ قوشۇپ بېرەي، ــ دېيىشى مۇزەپپەر ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى:

ــ غوجايىن، مەن سىلىنى پۇل ئۈچۈن قۇتقۇزمىدىم. بىز مۇسۇلمانلار خۇدا ياراتقان بەندىلا بولسا، ئۇنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كەلگەندە ھەممەت قولىمىزنى سۇنىمىز ... بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز! ... ئەمما سىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ، ــ دانىش قورۇق غىلاپىنى كۆرسەتتى، ــ پىچىقىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ــ قوم ئازگىلىغا دۇم يېتىپ سىيرىلىپ چۈشكىنىڭدە، غىلاپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مەن شەھەرگە كىرگىنىمدە ئۇنىڭدىن چىرايلىق پىچاق ئېلىپ بېرىمەن.

دولا كۆيدۈرىدىغان ئىسسىق يازلار باشلاندى. مۇزەپپەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن يۈرگىنىگە سەككىز ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئۇ ھېنرىدىن: «غوجايىننىڭ تاپانچىسى باركەن، ئىشلىتىپمۇ باقامدۇ؟»، «ئۇ شۇنچە مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، مەرد ئادەمكەن، پەقەتلا ئاچچىقلانمايدىكەن ... » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ گەپ كوچىلاپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى. ئۇ ئۆزىمۇ موللېردەك رايىش ئادەمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بىرەر مەدىكارغا قاتتىقراق گەپ قىلىپ، كۆڭلىنى رەنجىتكەنلىكىنىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ، باشقا ئەجنەبىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى ئىزدەشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ھېنرى غەربىي دىيارغا قىلىنغان ئۈچ قېتىملىق

ئېكسپېدىتسىيەدە ئۇيغۇر دېھقان مەدىكارلار بىلەن دائىم دېگۈدەك بىللە يۈرگەچكە، ئۇيغۇرچىنى گاچىلىشىپ سۆزلەيتتى. ئۇ 30 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئويۇنغا بەك ئامراق ئىدى. داۋاملىق ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، مۇزەپپەر بىلەن ياۋا توشقان، كېيىك، توڭگۇز ئوۋلايتتى. ئوۋلىغان نەرسىلىرىنى ئاشخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، مەدىكارلارنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ گۆش بىلەن تەمىنلەيتتى. بىر قېتىم ئۇ ئەمچەكلىرى ساڭگىلاپ، پاتقاقتا بۇلغىنىپ كەتكەن مېكىنجىنى ئاتقانىدى، مۇزەپپەر ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا بارغىلى ئۇنىمىدى.

— ئەگەر سىلەر بۇنىڭ گۆشىنى يېسەڭلار، ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالىدۇ، — دېدى مۇزەپپەر توڭگۇزنىڭ تاپىغا قاراپ، — شۇڭا دەرھال قۇمغا كۆمۈۋېتەيلى.

— بىلىمەن دانىش، — كۈلدى ئاقباش ھېنرى، — مۇسۇلمانلار بۇنى هارام دەپ يېمەيدۇ. لېكىن ئوۋچىلىق دېگەن ئاجايىپ بىر ھەۋەس، خۇمارى يامان! شۇڭا نىملا ئۇچرىسا ئاتقۇڭ كېلىپلا تۇرىدۇ.

سېنتەبىرنىڭ باشلىرى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ «قاراخوتو» خارابىسىگە يېتىپ كەلدى. ئەسلىدە كارنىگ موللېر كۆچا قىزىل مىڭئۆي كېمىرلىرىگە يەنە بىر قېتىم بېرىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن بۇ چاغدا رۇسىيەلىك ئاكا ـ ئۇكا بىلسۇۋېسكىلار كۇچادا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە قېزىش ئىشىنى باشلىۋەتكەنىدى.

ھاۋا راسا ئىسسىغان بىركۈنى كارنىگ موللېر ئىشلەمچىلەرنى بىركۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. كىچە ـ كۈندۈز قۇم ـ توپىلارنى قازغان بۇ بىچارىلەرمۇ يۈزلىرى

قاسماق، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ، كىر بولۇپ كەتكىنىدىن، تەر پۇراپ يېنىدا تۇرغۇسىز ئىدى. موللىېر ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن قىزغۇچ، سۈزۈك كىر سوپۇنىدىن بىردىن بېرىشى، ئىشلەمچىلەر سوپۇنلىرىنى پۇراپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى. قېزىلىۋاتقان خارابىلىكتىن قارىغاندا كۆز يېتىم يەردە قومۇشلۇق، يېكەنلىكلەر سارغىيىپ تۇرغان سازلىق غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشلەمچىلەر بىر ـ بىرىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىش، كىر يۇيۇش، بەزىلىرى قۇمغا يايغان كىيىملىرىدىن پىتلار يامراپ قاچقىچە يۇيۇنۇۋېلىش ئۈچۈن يېقىن ئارىدىكى ئېقىن بويلىرىغا كەتتى. دەم ئېلىش كۈنىنىڭ شاراپىتىدىن ھاراق ئىچىپ قىزىۋالغان كىناتون بايىس، كىۋىنست، ئۇۋ مىلتىقى كۆتۈرۈۋالغان ھېنرى چېدىردىن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ چىقىپ كەلدى. كارنىگ موللىېر ئادەتتە ھاراققا ئۆزىنى ئۇنچىلا ئۇرۇپ كەتمەيتتى. ئىچكەن تەقدىردىمۇ گىرادۇسى تۆۋەن كانياك، ۋىنولاردىن بىرەر ـ ئىككى قەدەھ كۆتۈرۈپ بولدى قىلاتتى. بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئىشلەمچىلەر ئالدىدا ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى زادى قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ ھەمراھلىرىغا قاراپ ئالىيىپ قويدى:

— بۇرادەرلەر، سىلەرنىڭ ھاراق ئىچكىنىڭلارنى مۇسۇلمان ئىشلەمچىلەر كۆرسە، ئۇلار بۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرمايدۇ، — دېدى موللىېر سەل خاپا بولغان ئەلپازدا، — كىرىپ چېدىردا ئۇخلاڭلار، بولمىسا ئۇلار بار يەرگە بارماڭلار.

كىناتون بايىس بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىگەندى، ئەمما ئۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى قاداۋاتقان دانىشنى كۆرۈپ، دەرھاللا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

(ئۇلار ئادەتتە ئۆگىنىۋاتقان تىلنى پىششىقلاش ئۈچۈن، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشەتتى، ھەتتا بىرەر سۆز ئۈچۈن تاكاللىشىپمۇ قالاتتى.)

— ئۇلارنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ، بىر توپ ياۋايىلار ... — كىناتون بايىس چىش ئارىلىقىدىن چىرتتىدە تۈكۈرۈپ قويىدى، — سەنمۇ شۇ غەربىي دىيار يۇرتلىرىدا كۆپ يۈرۈپ، ئاشۇ ئاڭسىز مەخلۇقلارنىڭ قۇللۇق مىجەزىنى يۇقتۇرۇۋاپسەن.

— ئۇلار ياۋايى، ئاڭسىز مەخلۇق، قۇل بولغىنى ئۈچۈنلا بىزلەر ئەتىۋارلىنىۋاتىمىز. بولمىسا «يۇرتىمىزدا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دېسە، سەن بىلەن بىز نېمىمۇ دېيەلەيتتۇق. بولدى چېدىرغا كىرىپ ئارام ئال.

— دانىش! — ھېنرىنىڭ كەيپى خېلىلا ئۆرلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن موللېرنىڭ گەپلىرى زادىلا قۇلىقىغا ياقمىدى، — يۇر، ئوۋ ئوۋلىغىلى بارىمىز، سەن نەدە توشقان، كېيىك، ياۋا ئۆچكە بارلىقىنى بىلىسەنغۇ.

— توڭگۇز ئوۋلىساڭ بارمايمەن، — دېدى مۇزەپپەر ۋارقىراپ، — توڭگۇزنى كۆرسەملا كۆڭلۈم ئېلىشىدىكەن.

— ئەمىسە، ئاشۇ كۆرۈنگەن قومۇشلۇقتا توڭگۇز بارئىكەن ـ دە؟

— ئۇ كىچىككىنە قومۇشلۇقتا توڭگۇز نېمىش قىلسۇن؟ توڭگۇز دېگەن ئۇنىڭ نېرىسىدىكى چوڭ قومۇشلۇقتا بار.

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— غوجايىن مېنى «ئات ـ تۆگىلەرنى سۇغارغاچ بېقىپ كەل» دەپ ئەۋەتكەندە كۆرگەن.

— بولدى ئۇ يەرگە بارمايلى، باشقا يەرگە باشلا.

مۇزەپپەر چىشى بىلەن تۈگمە قادىغان يېپنى ئۈزۈپ ئورنىدىن تۇردى. موللىبىر، كىناتون، كىۋىنستلار ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىدىن مەمنۇن بولغاندەك، بىر ـ بىرىگە نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. مۇزەپپەر موللىبىرغا «قانداق قىلاي» دېگەندەك قارىغانىدى، ئۇ «بارغىن» دەپ بېشىدا ئىشارە قىلدى.

ئۇلار قۇملۇق، چاتقاللىق، يۇلغۇنلۇقلارنى ئايلىنىپ ھېچنېمە ئاتالمىدى. بىر ياۋا توشقان ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تىكەنلىكتىن «پارتلا»قىلىپ قاچقانىدى، ھېنرى ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزگەن بولسىمۇ تەگكۈزەلمىدى.

تىك كۆتۈرۈلگەن قۇياش تەپتىدىن بىپايان قۇملۇق بارغانسېرى قىزىماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ئۇپ ئىسسىق يۈزلەرنى يالقۇندەك كۆيدۈرۈپ، ھاراق كۆتۈرەلمەيدىغان ھېنرىنىڭ كەيپىنى ئۆرلىتىۋەتتى. ئۇ بارغانسېرى تولا گەپ قىلىپ، ئالجوقا سۆزلىگىلى تۇردى.

ــ دانىش، غوجايىن سېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ جۇمۇ، ــ ھېنرى قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى، ــ سەن ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدىڭ ...

ــ ئۇ دېگەن شۇنداقلا توغرا كېلىپ قالغان ئىش ...

ــ ھەي، ھەي، ئۇنداق دېمە سەن ... بۇ دېگەن ئاسانمۇ ـ ھە؟ ــ ھېنرىنىڭ يۈز، بويۇنلىرى ئۆپكىدەك ھال رەڭ ئېسىلىپ كەتكەنىدى، ــ تېخى ... تېخى تارىشا پۇتۇكلەر كانىغا ئاپارغىنىڭچۇ؟

ــ ئۇلار قانچىلىك نېمىلەرتى، ناھايىتى شۇ بىزلەر ئۇنى

تاختا گۇگۇت ئورنىدا تۇتۇرۇق قىلىمىز.

— سەن سارالىڭ ... ھەقىقىي دۆت ئىكەنسەن ... موللىپىر ئۇنىڭدىن توم - توم كىتابلارنى يازىدۇ. تەتقىقات ئورۇنلىرىغا، ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە ساتىدۇ. مۇزېيلاردىن ھەددى - ھېسابسىز ھەق ئالىدۇ ... ھەممىسى پۇل، بىكارغا ئىش يوق!

— ئاشۇ تارىشلار شۇنچىلىك پۇلغا يارامدا؟ — مۇزەپپەر مەست ھېنرىنى گەپكە سالدى، — ئىشەنمەيمەن.

— ھەي قاپاقباش، ئاشۇ تارىشلار ئارقىلىق تارىخنى، بۇرۇن ئۆتكەن شاھلىقلارنى، ھەر خىل دىندىكى ئادەملەرنى، نەچچە مىڭ يىللار ئالدىدىكى يېغىلىق، تەبىئىي ئاپەتلەرنى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ... قىسقىسى، تارىخنى تارىخقا ئۇلاپ كائىنات سىرلىرىنى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى، ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈم - مىزانلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ! ئۇقتۇڭمۇ، يەنە جىق ...

— ئۇنداقتا موللىپىر جاناب كاتتا زاتكەن - دە؟ — مۇزەپپەر ھېنرىنىڭ ئەلەس كۆزلىرىگە قارىدى، — ئۆزىمىزغۇ مۇلايىم، مەرد، بىركىمگە ئازار بەرمەيدىغان، كۆڭلى يۇمشاق ئادەمدەك قىلىدۇ ...

— ئەمما ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلمىسۇن، كېلىدىغان بولسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش خۇددى چىۋىننى ياكى چۈمۈلىنى دەسسىۋەتكەندەكلا بىر ئىش.

— موللىپىر جانابىنىڭ ئۇنداق قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ گېپىڭگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

— ئىشەنمەيدۇ؟ ھىھى، — ھېنرى دىمىقىنى قاقتى، — مەن

ساڭا بىر ئىشنى دەپ بېرەي، ھەرگىز بىركىمگە تىنما.
— تولا ئادەم قورقاتمىغىنە، قانچىلىك ئىشتى ئۇ؟
مۇزەپپەر گەرچە بىغەم ھەم گول قىياپەتكە كىرىۋالغاندەك قىلىسىمۇ، يۈرىكى جىغ قىلىدى ـ دە، پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك بولدى. مەستلىكى تېخىچىلا يېشىلمىگەن ھېنرىنىڭ چىرايى سىرلىق تۈس بىلەن تۈرۈلدى.
— بىز ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم تەكلىماكانغا كەلگىنىمىزدە مەن سەنچىلىك بار ئىدىم. ھازىر نەچچە ياشقا كىردىڭ؟
— يىگىرمىنى تۈگىتىپ يىگىرمە بىرگە قەدەم قويدۇم.
— ھەببەللى، شۇ چاغدا ئەترىتىمىزدىكى مەدىكارلار ئىچىدە كۆچتۈڭگۈر، ساڭا ئوخشاش قامەتلىك، خۇش پېئىل ئىككى ئىشلەمچى بار ئىدى.
— ئېنىقراق دېمەمسەن؟
— توغرا، بىرىنىڭ ئىسمى مىركامىل، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مەۋلىد ئىدى ...
مۇزەپپەر «دادا» دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ، ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالدى.
— بىركۈنى ئىسرائىل دېگەن چاڭگا ساقال بىر ئادەم ئاجايىپ سىرلىق بىر خارابىلىكنى بايقىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كەلدى. موللېر، مېنىڭ قېيىنئاكام كىناتون، مەن، پەتقۇللا رېھىم، مىركامىل، مەۋلىد، توختى يەنە ئىسرائىللار بولۇپ سەككىز ئادەم ئاتلاندۇق ...
ھېنرى زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغان قارا بورانلىق بىر كېچە ـ كۈندۈز، سۇ، ئوزۇقلۇقلار بىلەن پىتىراپ

كەتكەن تۆگىلەر، ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا چۆل ئارا يۈرگەن كىشىلەر، مىركامىل بىلەن موللىلىرنىڭ يوملاقلىشىپ قۇم دۆڭلۈكلىرىدىن يۇمىلىنىپ ئېلىشقانلىرى ... قاتارلىق جەريانلارنى سۆزلىگەندە، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىلىپ كەلگەن بىر نىدا، مۇزەپپەرنىڭ كۆزلىرىنى لىقمۇلىق سۇزۇك ياشلارغا تولدۇردى.

ـــ شۇ چاغدا موللىلىرنى ئاستىغا بېسىپ كانىيىنى بوغۇۋالغان مىركامىل «مەۋلىد، سۇدانىنى ئال» دەپ ۋارقىرىدى. مەۋلىد ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. لېكىن موللىلار پىلاشنىڭ يانچۇقىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ھەر ئىككىسىنى ئېتىۋەتتى. توختى دېگەن مەدىكار بولسا ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا ئورنىدىن تۇرالماي ئىڭرىغانچە جان بەردى ... لېكىن، گېرمانىيەلىك فون لىكوك دېگەن ئەبلەخ بۇ قاتىللىقنى رۇسىيە گېزىتىدە ئېلان قىلىۋەتكەچكە، موللىلار جانابىنىڭ خەلقئارادا، بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلى ئالدىدا يۈزى تۆكۈلۈپ كەتتى ... بۇنىڭ جاۋابكارلىقى تېخى ئالدىمىزدا !

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئىشىنى قولدەك ئىشلەپ 11 ئاي بولغاندا دادىسىنىڭ قاتىلىنى بىلگەن مۇزەپپەر، شۇ تۇرقىدا موللىلىرنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ تېنىگە غەلىۋىردەك ئۆتمىتۆشۈك بولغۇچە تىنماي پىچاق ئۇرۇشنى ئويلىدى. بىراق، ئىش ئالدىراقسانلىق بىلەن پۈتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتۈپ قول سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇ چاغدا ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، ئۆزىنى قۇمغا ئوڭدىسىغا تاشلىۋەتكەن ھېنرى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مۇزەپپەرگە يېلىندى:

ـــ دانىش، مېنى ھېلىقى قومۇشلۇققا ئاپارغىن. قەسەم

قىلىپ بېرەي، ئاتقان توڭگۇزنىڭ تاپىنى كۆمۈۋېتىمەن.
— توڭگۇز ئېتىشقا نېمانچە ئامراقسەن؟
— ئامراق ئەمەس دېدىمغۇ ساڭا، بۇ دېگەن ئوۋچىلىقنىڭ خۇمارى، بىرەر چوڭراق نەرسە ئېتىپ خۇماردىن چىقىۋالاي.
— ئۇ يەر بەك خەتەرلىكتەك قىلىدۇ، — مۇزەپپەرمۇ ئەنسىرەپ تۇراتتى، — مەن ئۇ يەردە بىر قاۋاننى كۆردۈمكى، ئىككى جاۋغىيىدىكى ھەربىر مەگىنى ئورغاقتەك بار، ئاپتاپتا يالت-يۇلت پارقىراپ تۇرىدۇ.
— مىلتىق تۇرسا نېمىدىن قورقاتتۇق. يۈرگىنە، مەنمۇ ساڭا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دەپ بەردىمغۇ.
ھېنرى ئارقىلىق ئۆز قىساسكارىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان مۇزەپپەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئىشلەمچىلەر سوغا چۇشۇپ، چاچ - ساقاللىرىنى ئېلىۋاتقان، بەزىلىرى ياغاچ كاساڭدا كىر يۇيۇۋاتقان سازلىق ئېقىنىدىن ئۆتۈپ ئالدىغا يەنە خېلى ماڭغاندىن كېيىن، پەس لايداڭلىقتىكى قومۇشلۇققا يېتىپ كەلدى. كەيپى تېخى يېشىلمىگەن ھېنرى مىلتىقىنى بەتلەپ، قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇزەپپەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرمە، خەتەرلىك» دەپ ۋارقىرايتتى. ھېنرى بىردىنلا قومۇشلۇق سىرتىدىكى پاتقاقلىقتا ئېغىناپ ياتقان ئېشەكتەك يوغان قاۋاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ گەجگىسىدىكى ياللىرى تىككىدە بولۇپ، ئىككى جاۋغىيىدىكى مەگىنى خۇددى مۇزەپپەر ئېيتقاندەك يوغان ھەم يالتىراپ تۇراتتى. پاتقاق ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ياتقان توڭگۇز تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان ھېنرىدىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇنىڭغا

بىر ھۆرپىيىشۋىدى، ياللىرى تىككىدە بولۇپ، خارتىلداپ كەتتى. ھىنرى مىلتىقىنىڭ پايىنىكىنى كۆكرىكىگە تىرەپ، بىر كۆزىنى قىسقان ھالدا «گۇم» لا قىلىپ ئاتقانىدى، قاۋان ئارقا بىر پۇتىنى سۆرەپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ، قومۇشلۇقتىكى چىغىر يولغا كىرىپ كەتتى. قېنى قىزىپ كەتكەن ھىنرى ئۇچىسىدىكى تېرە پىنجىكىنى سىلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى.

— ھىنرى، قومۇشلۇق ئىچىگە كىرمە، بەك خەتەرلىك، — ۋارقىرىدى مۇزەپپەر، — ھىنرى ئۇنداق قىلما! كەينىڭگە قايت!

— قاۋان يىقىلىپ بولدى، خاتىرجەم بول، ئۇنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى بىر كۆرۈۋالاي ...

ھىنرى قومۇشلۇق ئىچىدىكى چىغىر يولغا كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا «ئا! ... » دېگەن ئاۋاز كەلدى ـ دە، ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. پەقەت قاۋاننىڭ پۇتىنى سۆرەپ، ئىڭكىرلەپ كىرىپ كېتىۋاتقىنى قومۇشلارنىڭ شالدىرلىشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. مۇزەپپەر بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن «ھىنرى !» دەپ بىرنەچچە قېتىم ۋارقىراپ باقتى. لېكىن ھېچقانداق جاۋاب ياكى شەپە چىقمىدى. مۇزەپپەر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئون نەچچە قەدەم ماڭغا ـ ماڭمايلا «ھا! ... » دەپلا ئاغزىنى تۇتتى. ھىنرىنىڭ يېرىمى چىغىر يولنىڭ سول تەرىپىدە، يېرىمى ئوڭ تەرەپتە تۇراتتى. يان تەرەپكە يوشۇرۇنۇۋالغان قاۋان ھىنرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئارقىدىن ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەنىدى ... پەقەت ئۇزۇن ئۇچەيلەر ئىككى بەدەن ئوتتۇرىسىدا سۆرىلىپ تۇراتتى. تېخى قىپقىزىل بولغىنىپ كەتكەن قومۇشلاردا قان تامچىپ تۇرغان قانداقتۇر لەشتەك

بىر نېمىلەر ئېسىلىپ قالغاندى ...

ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن مۇزېيپەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان كىناتون بايس، مولىلېر يەنە بىرقانچە ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كېلىشتى. كىناتون بايس ئامىراق قېيىنئىنىسىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ يۈزىنى قاماللىغىنىچە ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ھېنرىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا كىۋنىست ئىككى ئۇيغۇر ئىشلەمچىنى باشلاپ، چېدىردىن يىغىلما كارىۋاتتىن بىرنى ئەكېلىپ، جەسەتنى جۇپلەپ شۇنىڭغا ياتقۇزدى.

كاتولىك دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى بولغان كىناتون بايس، كارنىگ مولىلېر، كىۋنىست بىللىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە چېدىر ئىچىدە بىر كېچە قائىدە ئىرىملىرىنى قىلىشتى. ئاندىن تاڭ سەھەرلىكتە مەيدىسىگە جۇپلەنگەن قوللىرىغا شام تۇتقۇزۇلغان، يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرگەن ھېنرىنى ھەممىسى ئۇچ قېتىمدىن سۆيۈپ، قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇلار ئەتىگەنلىكى ئىشلەمچىلەر توغراق تاختايلىرىدىن قوپال ياسىغان ئاددىيغىنە ساندۇققا مېيىتنى سېلىپ، ئۈستىگە تۆۋاق تاختاينى مىخلىدى. ساندۇق قۇم ئىچىگە كۆمۈلگەندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە تاختاي مىخلانغان قوزۇق قېقىلدى. تاختايغا:

«كارنىگ مولىلېر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئۇچ قېتىملىق ئىشتىراكچىسى، داڭلىق ئوپېراتور، ئەنگلىيەلىك ھېنرى مالكولىم ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا قازا تاپتى. تەڭرى ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي، ئامىن!» دېگەن خەتلەر، ئابىدە

خاتىرىنىڭ ئاستى تەرىپىگە مەرھۇمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن يىل، ئاي، كۈنلىرى يېزىلغانىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ كىناتون بايىس مۇزەيپەرگە ئۆچ بولۇپ قالدى. ئەگەر ئىشلەمچىلەر ھېنرىنىڭ دانىشنى زورلاپ ئالدىغا سېلىپ ماڭغانلىقى ھەققىدە يالغان گۇۋاھلىق بەرمىگەن بولسا، ئۇ بىر ئاماللاپ مۇزەيپەرنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتى. كارنىگ موللېرمۇ كىناتون بايىسقا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ: «سەن تۇڭگۇز بار يەرنى دەپ بەرمىگەن بولساڭ، بۇ پاجىئە يۈز بېرەرمىدى؟ بۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن» دەپ مۇزەيپەرگە خېلىلا قاتتىق گەپلەرنى قىلىۋەتتى.

كىناتون بايىسنىڭ زەھەر تېمىپ تۇرغان كۆزلىرى، كارنىگ موللېرنىڭ «مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن» دېگەندەك تەھدىتى ۋە دۈشمەنلىك نەزىرى مۇزەيپەرنىڭ قىساسقا تولغان يۈرىكىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ قالدى. ئەمما: «سەنلەردىن ھەرگىز نىجاتلىق تىلىمەيمەن. دادامنىڭ قان قەرزىنى تۆلەشكە ھازىرلان !» دېگەن قەسەم ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان تومۇرلىرىدا قان بولۇپ ئاقتى ...

# ئون بەشنچى باب

كىناتون بايس، كارنىگ موللېر، كىۋنىست بېلىلىلار ئۇچۇن ئېغىر ئازاب ئېلىپ كەلگەن بۇ مۇسىبەت يۈز بېرىپ، ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى چۆل دەشتىنى يالمىۋەتكۈدەك بوران چىقتى. پەس جىلغىغا چۆكتۈرۈپ قويغان تۆگىلەر ئەنسىز بوزلاشتى. يۆتلىرىغا چېتىق سېلىنغان ئاتلار چاپچىپ كىشنەپ كېتىشتى. غەزەپ بىلەن ئۆرۈلۈۋاتقان بوران دەستىدىن چېدىرلار گۈپۈلدەيتتى. قانداقتۇر ھۇقۇيتقاندەك، ئۇشقىرتقاندەك ئاۋازلار كۆڭۈللەرگە ئەنسىزلىك سالاتتى. قويۇندەك ئۇچۇپ كەلگەن قۇم - شېغىللار چېدىر بىرېزېنتلىرىغا تارسىلداپ ئۆرۈلۈپ، يەنە شارىلداپ تۆكۈلەتتى. بۇ مۆزەپپەر ئۇچۇن ئەڭ ئەپلىك پۇرسەت بولۇپ، قۇمغا چۇشكەن ئىزلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يوقىلاتتى. ئۇ كەچ تەرەپتە تەييارلاپ قويغان كىيىملىرىنى كىيىپ، پوتىسىدا ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىپ، غىلاپلىق پىچىقنى ئالدى، ھاردۇقتا مەلەق بولۇپ ئۇخلاپ كەتكەن ھەمراھلىرىغا شەپە بەرمەي چېدىردىن چىقتى. بوران ئۇچۇرۇۋەتكۈدەك قاتتىق ئۆرۈلۈپ، ئارانلا مېڭىۋاتقان مۆزەپپەر باشتىكى چوڭ چېدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بىردەم تىڭشىدى. پۇشۇلدىغان ۋە خورەك ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېدىر ياپقۇچىنىڭ ئارىلىقىدىن قولىنى تىقىپ، بىرنەچچە يەردىن چىگىلگەن تۈگۈچلەرنى يەشتى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن

كېيىن يايپۇقچىنى قايرىپ، پىچىقىنى قولىغا ئالدى ـ دە، چېدىر ئىچىگە تىزلىنىپ كىرىۋالدى. ئاڭغىچە يىغىلما كارىۋات ئاستىدىكى پىستە كۈچۈك كەررۇ زىل ئاۋازدا قاۋاپ كەتتى. سەگەك موللىبر دەرھال كۆزىنى ئېچىپ، بېشىدا چوقچىيىپ تۇرغان قاپقارا سايىنى كۆرۈپلا «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىغاندى، بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىناتون بىلەن كىيىنىست قاپقاراڭغۇ چېدىر ئىچىدە ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى. موللىبر ئۆزىنى شاپپىدە يەرگە ئاتتى. ئەمما ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پىچاق ئۇنىڭ مۈرىسىگە غاچچىدە سانجىلدى. موللىبرنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشى بىلەن قاراڭغۇ چېدىر ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ، پىستە كۈچۈك توختىماي قاۋاشقا باشلىدى. بايىقى سايە قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولغاندى. مۈرىسىدىن قان ئېقىۋاتقان موللىبر چېدىر سىرتىغا ئوقچۇپ چىقتى ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى. بىردەمدىلا ئىككى چېدىر ئىچىدىكى ئىشلەمچىلەر يېرىم يالىڭاچ ھالدا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆڭلەكسىز يالاڭ بەدىنىگە يەكتەكىنى كىيىپلا چىققان مۇزەپپەرمۇ بار ئىدى. قاتىلنى ئىزدەپ خېلى يەرلەرگىچە بېرىپ كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى، يەر بېغىرلاپ ئېقىۋاتقان قۇم توزانلىرىدا كۆمۈلۈپ شۇ ھامان تۈزلىنىپ كەتتى.

بوران سەھەرلىككە يېقىن بارا ـ بارا پەسىيىپ توختىدى. يىراقتىكى قومۇشلۇقلار ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قىپقىزىل قۇياش پايانسىز چۆل ـ جەزىرىنى بىنەپشە رەڭ نۇر ئىلكىدە يورۇتتى. بىلەك، قولتۇق، مۈرىسى كۆكرىكى بىلەن قوشۇلۇپ ئاپپاق داكىدا تېڭىلغان موللىبر كارىۋىتىدا ئىنجىقلاپ ياتاتتى.

تۇيۇقسىز يۇز بەرگەن بۇ پاجىئە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى خېلىلا تەۋرىتىپ قويغانىدى. ئۇلار بۇ قاتىللىقنى بايلىق، قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تالىشىش جېڭىدە رىقابەتلىشىۋاتقان رەقىبلىرىدىن كۆرۈشتى. كىناتون بايىس غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— بۇ گېرمانىيەلىك فون لىكوك بىلەن باتاسلارنىڭ ئىشى، — ئۇ ئاچچىقىدا تاماكا تۇتاشتۇردى، — مىركامىل، مەۋلىد، توختىلارنىڭ ۋەقەسىنىمۇ ئاشۇ ئەبلەخلەر رۇسىيە گېزىتىدە ئېلان قىلمىدىمۇ!

— مېنىڭچە، بۇ رۇسىيەلىك ئاكا - ئۇكا بىلسۇۋىسكىلارنىڭ سۇيىقەستى، — دېدى كىمۇنىست، — ئۇلار ئىزىمىزدىن قالماي كېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ قېتىم كۇچا قىزىل مىڭئۆي كېمىرلىرىگە بارىمىز دەپ تەييارلىنىۋاتساق، ئۇلار بىز بىلەن پۇت ئېتىشىپ ئالدىنئالا كۇچاغا بېرىۋاپتۇ.

كارنىگ موللېر ئۇنداق ئويلىمايتتى. ئۇ بىرىنچى قېتىم تەكلىماكاندىن باشلىغان ئېكسپېدىتسىيە يۈرۈشىنى داۋاملاشتۇرۇپ دۇنخۇاڭغا بارغاندا، فرانسىيەلىك پائۇل پېللىئوتنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. ئىنايەت ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشتىمۇ ئۇ ئىز بېسىپ كېلىپ، موللېر بىلەن تەكلىماكاننى تالاشتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ هازىر نىيە خارابىلىكىگە مېڭىپتۇ ... ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئوچۇقلا سۇيىقەست بولۇپ، «ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتىدە ساۋاتسىز بولغان موللېر تاپالمىغاننى مەن تاپتىم ...» دېمەكچىغۇ! پايانسىز بۇ قۇملۇقنىڭ تەكتى غەربىي دىيار شاهلىق، بەگلىك ۋە قەبىلە قوۋملىرىنىڭ ماكانى تۇرسا، قەيەرنى

كولىما قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق، تۇتىيالارنىڭ چىقىشى تەبىئىي ھالغۇ ...

بۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، بۇ يەردىن ئون نەچچە تۆگىلىك تۈز سودىگەرلىرى ئۆتتى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ موللىبىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدە مۇزەپپەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ ھېچكىمگە تىنماي ئاستىلا كېتىپ قالغانىدى. چۈنكى، كىناتوننىڭ پەيلىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، موللىبىرنىڭ پوزىتسىيەسىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن خەۋپ ئىدى. ئۇ نەچچە كۈنلەپ تۈز سودىگەرلىرىنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ، قونالغۇلاردا ئۇلارغا ھەمتاق بولۇپ، ئىش ـ كۈشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ، 19 كۈن بولغاندا قاراقاش دىيارىغا يېتىۋالدى.

مومىسى مەخپۇزخان، بوۋىسى ئەزەمشاھلاردىن ئايرىلغىنىغا ئىككى يىلدەك بولۇپ قالغان مۇزەپپەر ئۆيگە قۇرۇق قول بېرىشتىن نومۇس قىلىپ، قاراقاشتا بىر مەزگىل بايلارنىڭ ئاتخانىلىرىنى تازىلاپ، ئۇلاغ بېقىپ، ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ ـ سېتىپ بىرئاز پۇل تاپقاندىن كېيىن «تۇران ئۆتەڭ»گە قايتتى. ئۇ خۇرجۇنى بىلەن سۇ تولۇمىنى مۈرىسىگە سېلىپ پىيادە ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغا يېتىپ كەلدى. ئويلىمىغان يەردىن مۇزەپپەر ئاپپاق ساقاللىق توختىقۇلنى ئۇچرىتىپ قالدى. كونا خۇرجۇننى ئارتىۋالغان بۇ «بايلىق ئىزدىگۈچى» مويسىپىتنىڭ چىرايى سولغۇن، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن ئۈزۈن مەللە رەڭ يەكتىكى يەر سۈپۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋۇي، ئۆزلىرى توختىقۇل ئاتامغۇ؟ — مۇزەپپەر سالام

بىلەن تەڭ قولىنى ئۇزاتتى، ــ بۇ يەردە نېمىش قىلىدىلا؟

ــ ۋاي بالام، سەن ئەترەتتىن ئايرىلغان ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىچىدە جىق ئىشلار بولۇپ كەتتى، سورىمايلا قوي.

توختىقۇلنىڭ سۆزلىرىدىن ھەر خىل گۇمانلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن مۇزەپپەر پىنھانراق بىر يەرنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى ئويلاپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن تېۋىشسىزلا كەتكەندىن كېيىن، ئۆزى ئۇستىدە قانداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بولۇنغانلىقىنى، كىمناتون، موللىېرلارنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكلىرىنى بىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئىدى.

ــ ئاتا، قورساقلىرى قانداق؟ چايخانىغا كىرىپ بىرەر چىنىدىن ئاچچىققىنە چاي ئىچىپ مۇڭداشمايلىمۇ؟

ــ سېنىڭ ئالدىڭدا ئاۋۋ[1] قىلىش كەتمەيدۇ بالام. قورسىقىم راستتىنلا ئېچىپ كەتتى.

ــ يۈرسىلە، ئىككىمىز ئاۋۋ قىلىشساق قاملاشماس.

مۇزەپپەر بوۋاينى باشلاپ «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىنىڭ ئالدىدىكى چايخانىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلار بۇلۇڭدىكى كىچىك يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدىكى كۆرپىلەردە ئولتۇرۇشتى. ھايال بولمايلا مۇزەپپەر بۇيرۇتقان بىر چەينەك چاي، مىس پەتنۇستا ئۈچ دانە گىردە بىلەن بىر چۆجە كاۋىپى كەلدى. چۆجە كاۋىپى پارچىلاندى، نانلار ئوشتۇلدى. توختىقۇل قىزىق چايغا نان تۆگۈرۈپ بىر پارە يەۋالغاندىن كېيىن چۆجە كاۋىپىغا ئېغىز تەگدى. ئۇ قورسىقىنى سەل ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن،

---

[1] ئاۋۋ قىلىش ــ تۈزۈت قىلىش، نومۇس قىلىش، ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇپ يوغانچىلىق قىلىش مەنىسىدە.

مۇزەپپەر ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا قارىدى:

— سىلىمۇ ئەترەتتىن قايتىپ كەپتىلا ـ دە؟

— نەدىكىنى بالام، مەن قېرىپ كۈچۈمدىن قالدىم، ئەمدى مېنىڭ موللىرغا كېرىكىم قالمىدى، — بوۋاي باش چايقىدى، — ئۇ ماڭا ئازغىنە پۇل بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى.

دەرۋەقە، موللېر بوۋايغا يۈزسىزلىك قىلغانىدى. ئىنايەتتىن ئالدانغان موللېر توختىقۇلغا يېلىنىپ «سىلى بىلەن دوست بولغۇم بار» دەپ ئۇنى قۇچاقلاپ، كۈمۈش تەڭگىلەر بىلەن ئالداپ، نۇرغۇن بايلىق كۆمۈلگەن خارابىلىكلەرگە ئىگە بولغانىدى. ھەتتا موللېر بىر قېتىم قۇملۇقتا تېنەپ كەتكەندە، توختىقۇل ئىشلەمچىلەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. موللېر ئەمدىلىكتە: «بۇ قېرىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى سۇغۇرۇپ بولدۇم، ئەمدى ماڭا يۈك بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ھەيدىۋەتكىنى ئادەم قىلىدىغان ئىشمۇ؟!

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ئاتا، — دېدى مۇزەپپەر تەسەللى بېرىپ، — بۇ ئەجنەبىيلەردىن ياخشىلىق تاما قىلىش، ئۇي مۈڭگۈزىدە قىزىلگۈل ئېچىلىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك ئەخمىقانىلىك. مانا سىلى شۇنچە سادىقلىق بىلەن ھەممەت كۆرسەتكەندىلە، ئاقىۋەت نېمە بولدى؟

— ئۇنى بىر دېمە بالام، بىز ئاجايىپ نادان خەقلەركەنمىز، — بوۋاي كۆزلىرىگە يىرىك ئالىقانلىرىنى باستى، — ئويلاپ باقسام بىر ئۆمۈر ئاتا ـ بوۋامنىڭ روھىناتىنى زەبۇن قىپتىمەن ... ئۇلارنى ئاشۇ ئەجنەبىي ئالۋاستىلار ئالدىدا خار ـ زار قىلىپ، گۇناھقا پېتىپتىمەن! كۆرمەمسەن، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا، كۆز نۇرۇم تۆكۈلۈپ، بەللىرىم پۈكۈلگەندە،

كۆزۈمنىڭ ئېچىلغىنىنى!! ... شۇنداق، بەك كېچىكىپ قالدىم! ...

— شۇنداق ئاتا، ئازماس ئاللا، ئازغۇن بەندە ئەمەسمۇ ... خۇدا گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلار!

— ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارارمەن دېسەملا، تىرىكلا تۇرۇپ گۆرگە كىرىۋالغۇم كېلىدۇ، — بوۋاي ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى، — ھە بالام، ئۆزۈڭ بۇ يەرلەردە نېمىش قىلىسەن؟

— ئەترەتتىن ئايرىلىپ قاراقاشتا بىرنەچچە ئاي ئىشلىدىم، ئەمدى يۇرتۇمغا قايتاي دەپ يولغا چىقىشىم.

— نېمە؟ — توختىقۇلنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، — يۇرتۇمغا دېدىڭما؟ ھەرگىز بولمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟

— نېمە بولدى ئاتا؟ مەن كەتكەندىن كېيىن بىرەر گەپ - سۆزلەر بولۇنغان ئوخشىمامدۇ؟

مۇزەپپەر قاتىللىق يۈز بېرىپ، ئۈچىنچى كۈنى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن كىناتون، موللېر، كىۋىنستلارنىڭ گۇمانى ئۇنىڭغا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. بىراق، تۇتقۇدەك ئىسپات يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھىيلىگەر كىناتون دانىشنىڭ بىرقانچە تارىشا پۇتۇكنى باھانە قىلىپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تاپقانلىقى، ھېنرىنىمۇ قەستەن قومۇشلۇقتا ئاپىرىپ قاۋانغا تۇتۇپ بەرگەنلىكى، ھەتتا قاتىللىق يۈز بېرىپ، بىر كېچىدىلا غايىب بولغانلىقىغا قەدەر جەريانلارنى تەھلىل قىلىپ ئۇنىڭ ئەجنەبىيلەرگە ئۆچ، تەكلىماكاننىڭ ئويغانغان ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى پەرەز بىلەن ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭغا يونغاندەك

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يۆتكەلمەكچى بولۇپ چېدىرلارنى چۇۋۇغاندا، چېدىر ئارقىسىدىكى قۇملۇقتىن دانىشنىڭ قان يۇقى پىچىقىنى تېپىۋېلىشتى. بىراق، موللېر ئىككى ئويلۇق بولۇپ:

— دانىش مېنى قوتقۇزغاندا پىچىقى يىتىپ كەتكەن تۇرسا، — دېۋىدى، كىناتون بىردىنلا ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ چېچىلىپ كەتتى:

— ئۇ دېگەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن قاتىلنىڭ ئۆزىنى جىنايەتتىن قاچۇرۇشتىكى ئالدىن ئىسپات تەييارلىشى، ئۇقتۇڭما؟

گۇماننى ئىسپاتقا ئايلاندۇرغان موللېر، كىناتونلار بىر پارچە ئالاقە يېزىپ كىۋىنىستقا تۇتقۇزدى. ئۇنى پولغا سېتىۋالغان ئالىقانات لوكچەكلەر بىلەن خوتەننىڭ ئالىي ئەمەلدارى ۋاڭ ئامبالنىڭ مەھكىمىسىگە يولغا سالدى. ۋاڭ ئامبال ئالاقىدىكى «قاتىللىق» سۆزىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدى. چۈنكى، يۇقىرىدىن كەلگەن ھۆججەتتە:

«ئېكسپېدىتسىيەچى كارنىگ موللېر جانابقا ئوخشۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىش، ياخشى كۈتۈۋېلىش، ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ... » دېگەندەك پەرمانلار بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ دوتەي يامۇلىدىن بىر قىسىم چېرىكلەرنى ئاجرىتىپ، پولغا سېتىلغان يالاقچىلار بىلەن بىللە قاراقاش، پىيالما، ساغان، ئىلچى قاتارلىق جايلاردا تىنتىش ئېلىپ بارغانىدى.

— بالام، — دېدى توختىقۇل پەس ئاۋازدا، — گەرچە ئۇلار دانىش ئىسمىلىك ئادەمنى تاپالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بارغانلا يېرىدە، سېتىۋالغان يەرلىك مۇناپىقلارغا سېنىڭ سۈرىتىڭنى

بېرىشتى. ئۇلار سىنى كۆرسىلا خەۋەر قىلىپ، نۇرغۇن دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

— سىنىڭ سۇرىتىڭ دېدىلىما؟

— شۇنداق، ئېسىڭدىمۇ، بىر قېتىم نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشكەن موللىبىر ھەممىمىزنى ئالدىغا تىزىلدۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. ئۆزلىرى ئارقىمىزدىكى پەلتەڭ (ئورۇندۇق، بەندىڭ) لەردە ئولتۇرغىنىدا، ھېنرى دېگەن ئاقسا ۋال - ۋۇل قىلىپ سۈرىتىمىزنى ئالىدىمۇ؟

— توغرا، توغرا، — مۇزەپپەر تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — توۋا، بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ يامانلىقىنى!

— ھېلىقى ئالىقاندەك قەغەزدىكى سۇرەتلەر سەل گۆڭگا بولسىمۇ تونۇغىلى بولىدىكەن ئەمەسمۇ.

شۇ كۈنى مۇساپىرخانىدا بىللە يېتىپ قالغان مۇزەپپەر بىلەن توختىقۇل ئەتىسى سەھەردە خوشلاشتى. بوۋاي كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلىدى، بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ قاتىللىق ھەققىدە مۇزەپپەردىن ھېچنېمىنى سورىمىدى ھەم قايتا يۈزىگە سىلىپمۇ ئولتۇرمىدى. پەقەت ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— بۇ ئىشلار ئۇنتۇلغىچە بىرنەچچە يىل ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەت، — دەپ پىچىرلىدى.

توختىقۇل مۇزەپپەرنىڭ ھېلىلا ئويلىغانلىرىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەنىدى. شۇڭا ئۇمۇ:

— ئېيتقانلىرىدەك قىلىمەن ئاتا! — دەپ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى.

كونىلار: «خۇدا دېگەن بەندىسىگە، ئەكىلىپ بېرەر مەھەللىسىگە» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. خوتەندىن خام دورا

يۈتكەپ ماڭغان ئابىخان ئابباس ئىسىملىك 50 ياشلاردىن ئاشقان بىر دورىپۇرۇش سودىگەر «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغا چۈشكەندى. ئۇنىڭ كارۋان بېشى تۆگىچىسى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئىلچىدا قېپقالغان بولۇپ، كارۋانغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئوڭلۇقىنا ئادەم ئىزدەپ يۈرەتتى. ئابىخان ئابباس مۇزەپپەرنىڭ چىناردەك قەددى ـ قامىتىگە، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ راۋرۇسلۇقىغا، ئىمانىنىڭ كامىللىقىغا زوقلىنىپ ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى.

كارۋان بېشى مۇزەپپەر ئابىخان ئابباس بىلەن خام دورا يۈتكەپ يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچالاردا سەكسەنخالتا دورىگەرلىرىگە، تېۋىپلارغا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ يەرلەردىن سېتىۋالغان پىستە، بادام، گۈلە ـ قاق، خورما، ياڭاقلارنى ئىلىغا ئاپىرىپ پۇل قىلاتتى. ئىلى ھۆسەنباي زاۋۇتىدىن كۆن ـ خۇرۇم، چىگرىن، شاۋرۇن، مەسكاپ، رەڭلىك كاۋۇل، بۇلغارى، پالۋال، مەيسە، نوختا، ئېگەر قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بىراق، تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە بىرنېمە دېمەك تەسكەن، ئابىخان ئابباس 58 يېشىدا ئانا يۇرتى قەشقەردە زىققە كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ جان ئۈزىدىغان چېغىدا، ئۆز ئوغلىدەك بولۇپ قالغان مۇزەپپەرگە: «مېنى كۆرگەن كۆزدە كۆر ... » دەپ ئۆزى مىنگەن قارا تورۇقنى ھەقىقىي مىراس قىلىپ بەردى. بىرمۇنچە دۇنيا بىلەن بېلىگە باغلىغان قىزىل سەۋلە، قىزغۇچ قوڭۇر تونىنى ئالدىغا قويىدى.

ئابىخان ئابباس بىلەن تۆت يىلدىن ئارتۇق ئاتا ـ بالىدەك ئۆتكەن مۇزەپپەر بېشىغا دەستار چىگىپ، بېلىگە ئاق پوتا باغلاپ، مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتتى. نەزىر ـ چىراغلىرىنى

ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن خوشلىشىپ يۇرتىغا قايتتى.

مۇزەپپەر قاراقاشقا كېلىپلا سەمەندەرنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ تۇرالغۇسى قاراقاش بازىرىنىڭ سىرتىدىكى كىچىككىنە ۋەيرانە بىر هويلا ئىدى. ئۇلار خۇددى قەدىناس بۇرادەرلەردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا كارنىگ موللېر هەمراهلىرىنى ئېلىپ تۆتىنچى قېتىملىق تەكلىماكاننى قېزىش ئۇچۇن كېلىپ، ۋاڭ ئامبال بەلگىلەپ بەرگەن «ئەنجانباغ» قەسرىگە چۈشكەندى. يالغۇز هەرىكەت قىلىپ زېرىككەن سەمەندەر موللېرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ چاپارمەنلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتاتتى. ئۇ مۇزەپپەرنىڭمۇ ئەترەتكە قاتناشقۇسى بارلىقىنى بىلىپ ناهايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا، مەن جانابىي موللېر ئەپەندىگە ئېيتاي، قانداق دەيسەن؟ — دېدى سەمەندەر ئىشەنچلىك هالدا، — ئۇ مەرد ۋە بەلەن ئادەم.

— ساڭا ئايان، مەن ئۇنىڭ قولىدا بىر يىلدەك ئىشلىگەن، — مۇزەپپەر گەپ ياسىدى، — لېكىن ئارىمىزدا سەل ئۇقۇشماسلىق بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا دېمەيلا ئەترەتتىن كېتىپ قالغان. شۇڭا، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارسام قاملاشماس.

— مەقسىتىڭنى ئۇقتۇم، ئۇ ئادەم پۇل - پۇچەك، يېمەك - ئىچمەككە قىزىقمايدۇ، — سەمەندەر بىرنېمىگە پايلىمايۋاتقاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ جىمىپ كەتتى - دە، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، — مەندە بىر نەرسە بار ئىدى، ئۇنى موللېرغىمۇ كۆرسەتمىگەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ كۆرسىلا «تاپقان يېرىڭگە ئاپارغىن» دەپ تۇرۇۋېلىشى تۇرغانلا گەپ.

— سېنىڭمۇ نىيىتىڭنى ئۇقتۇم ئاكا، — دېدى مۇزەپپەر كۈلۈپ، — موللىلىردىن تېپىپ يېگەندە، ئۆزۈڭ قېزىپ باي بولماقچىكەنسەن - دە؟

— سەندىن يوشۇرمايمەن، مۇشۇ ئەجنەبىيلەرگە راسا ئىشىنىپ كەتمەيمەن جۇمۇ. ناۋادا خۇيى تۇتۇپ قالسا، ئەدناسى مەست بولۇپ قالسىمۇ كۆتۈككە تېپىشتىن يانمايدۇ.

— گۇندىخانىغا كىرگۈزۈپلىۋەتمىسە، تەلىيىڭ دېگىنە.

— ھېلىقى ئىنايەت دېگەن ئادەمنى شۇنداق قىلمىدىمۇ!

مۇزەپپەر تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۆزىنى تۇتۇش بۇيرۇقى ھەققىدە سەمەندەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

— ئەمىسە، موللىلىردىن يوشۇرغان نەرسەڭنى ئېلىپ چىقمامسەن، مەن كۆرۈپ باقاي.

سەمەندەر ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ داتلاشقان بىر ئەگرى قىلىچ ھەم قىپقىزىل مىس پىستانلار بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. قىلىچنىڭ قىپى ۋە دەستىلىرىگىچە پۈتۈنلەي قاپارتما نەقىشلەر چىقىرىلغان بولۇپ، قانداقتۇر يېزىقلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. كەڭلىكى بەش ئىلىك كەلگۈدەك كەمەرنىڭ يۈزىمۇ شۇنچىلىك گۈلدار ئىدىكى، ئۇنىڭ كۆركەملىكىگە ئەقىل لال قالاتتى. مۇزەپپەر قىلىچنىڭ دەستىسىدىن تارتىپ باققان بولسىمۇ، تىغنى تارتىپ چىقىرالمىدى.

— چىقىرالمايسەن، مەنمۇ قانچە ھەپىلىشىپ سۇغۇرۇپ

ئالالمىدىم، — دېدى سەمەندەر، — ئىچى داتلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بۇنى پەقەت موللېر ھەر خىل دورىلىرى ئارقىلىق چىقىرالىشى مۇمكىن.

— سەمەندەر ئاكا، بۇلارنى ماڭا بەر، — مۇزەپپەر ئىشەنچلىككىلا سورىدى، — مەن بۇ قىلىچ ۋە كەمەر ئارقىلىق مولليېرنى ئىزدەيمەن، ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى يۇيالايمەن.

— بەرسەم بېرەي، — سەمەندەرنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى، — لېكىن مېنىڭدىن ئالغىنىڭنى دېمەيسەن.

— خاتىرجەم بول، ئەمما ئارىدىن پايدا ئالمايمەن، بىر پۇلۇڭنى كەم قىلسام ئادەم بولماي كېتەي !

— بولدىلا، قەسەم قىلمايلا قوي، ئاشۇ چۆلدە سۇ بەرگىنىڭدىلا سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى مۇسەللەپ بولغانمەن !

مۇزەپپەر سەمەندەرنىڭ ئۆيىدە قېتىمقا نان تۆگۈرۈپ چۇشلۇك قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، قىلىچ ۋە كەمەرنى تاغارغا تىقىپ، ئېتىنى مىنمەيلا يولغا چىقتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى يوللارغا شىرتىلداپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئەمما قاراقاش باغلىرىدىكى بۇك ـ باراقسان ياڭاقلار قوڭۇر رەڭ تۇسكە كىرىپ، ئۆرۈكلەرنىڭ قىپقىزىل تاۋلانغان يوپۇرماقلىرى جەنۇب قىزلىرىنىڭ بويۇنلىرىدىكى رەڭدار مارجانلارغا ئوخشايتتى. مۇزەپپەر «ئەنجانباغ» قەسرىگە كىرىپ كەلگەندە ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغان، لېكىن تىمەن ئىشقۇللا يوغان چىغ سۇپۇرگىدە باغ يوللىرىدىكى غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ نۇرى قاچقان گۇنسىز كۆزلىرىدە بىرھازا سىنچىلاپ قاراپ، مۇزەپپەرنى تونۇيالمىدى. لېكىن مۇزەپپەر كەلگەنچە سالام قىلىپ

ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى:

— ئىشقۇللا ئاتا، مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ دەيمەن، — مۇزەپپەر مېھىر بىلەن بوۋايغا ئېگىلدى، — ئوبدانراق قاراپ باقسىلا.

— ياق بالام، تەممەت خەتمىگە ئالالمىدىم، بولمىسا چىرايىڭىزمۇ تونۇشلا ...

— بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن بىر يىگىت چاقىنى نىيە خارابىلىكىگە ئۆزىتىپ قويغان ئىشنى ئەسلەپ باقسىلا؟

— ئوھوي، ئەمدى خەتمىگە كەلدى، توغرا سېنىڭ غەلىتىلا ئىسمىڭ بار ئىدىغۇ؟ ھە، دۇرۇس، دۇرۇس، دانىش ... دانىش بالا!

مۇزەپپەر بوۋاينى قۇچاقلىدى. ئىشقۇللا دەرھال ئاق بىناغا قاراپ قويدى ـ دە، مۇزەپپەرنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، بوككىدە ئازغان گۈلىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردەمدىلا ساقىلىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— ۋاي بالام، نېمىشقا كەلدىڭ؟ ھېلىقى بىر چاغلاردىكى ئىشتىن خەۋىرىڭ يوقما؟

— بار ئاتا، — مۇزەپپەر كۈلۈپ قويدى، — مەن ئاشۇ ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇراي دەپ كەلدىمغۇ.

— ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن ... بۇ ئەجنەبىيلەر تۆت يىلدىن بېرى سېنى ئۆلتۈرۈپ قالغىنى يوق !

— ئۆلتۈرۈپ قالمىغان بولسا تېخى ياخشى، مەنمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قالمىدىم ...

— جېنىم بالام، ئەخمەقلىق قىلماي، دەرھال قايتىپ كەت ... ھازىرغىچە ئەنت ـ قىساسىڭ تۈگىمىدىما؟

— سىلىمۇ خەۋەر تېپىپلا ـ دە ...

— مەن ئاشۇلارنىڭ پەرەزلىرىنى ئاڭلىدىم، خالاس، — بوۋاي باش چايقىدى، — دانىش بالام، ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمە، ئاتا ـ ئاناڭنى ئوتتا قويما ... تۇيدۇرماي كېتىۋال.

مۇزەپپەر ئۆزىنىڭ قاتىللىق قىلمىغانلىقى، بۇنىڭغا تولۇق ئىسپاتىنىڭ بار ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرمۇنچە چۈشەندۇرگەندىن كېيىن بوۋاي ئامالسىز قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەنسىرەشتىن سۇس تىترەپ تۇراتتى. مۇزەپپەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ سورىدى:

— ئاتا، سىلى يەنىلا مەشەدىمۇ؟

— ۋاي بالام، موللىبىر ھەر قېتىم كەلگەندە ـ يۇ، ۋاڭ ئامبال ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مېنى ئەۋەتىدۇ. مانا بۇ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە دېگىنە، ئاڭلىسام موللىبىر: «تەكلىماكان مېنىڭ، شىنجاڭ مېنىڭ» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگۈدەك.

— ئۇنىڭ «مېنىڭ» دېگىنى ھېساب ئەمەس! مانا سىلى بىلەن بىز دېسەك ھېساب!

موللىبىرنىڭ سۆزىدىن بىردىنلا غەزىپى تاشقان مۇزەپپەر كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن ئەلپازدا بىنا ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم تۇرۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئاچچىقىدا ئىشىكنى قاتتىقراق چېكىۋەتتى. ئىچكىرىدىن ئاڭلانغان «كىرىۋەر، ئىشىك ئوچۇق» دېگەن خىرقىراق ئاۋازدىن كېيىن، مۇزەپپەر ئىشەنچلىك كىرىپ كەلدى. ئۈستەلدە نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان موللىبىر دەسلەپتە ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى. لېكىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، «كىناتون!» دەپ ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى.

چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان كىناتون كۆڭلەكلىرىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن، چاچلىرى پاخپايغان ھالدا ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، ئۇمۇ مۇزەپپەرگە قاراپ چەكچىيىپلا قالدى. ئەمما مۇزەپپەر پېتىنى بۇزماي سالام بەجا كەلتۈردى:

ــ سالام جانابىي كارنىگ موللېر ئەپەندى، سالام كىناتون بايىس جانابلىرى ! ئاددىي خىزمەتكارلىرى دانىش ھەرقايسىلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ! ... تەنلىرى سالامەت، ئىش ـ كۈشلىرى راۋان بولغاي !

موللېر بىلەن كىناتون بىر ـ بىرىگە قارىشىپ «خەۋپ يوق» دېگەندەك باشلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتقاندىن كېيىن، كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنى تۈتۈۋېلىشتى. ئەمما ھەر ئىككىلىسى مۇزەپپەرنىڭ قېشىدىكى دىۋاندا ئولتۇرماي، ئارىلىق قالدۇرۇپ، خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تال توقۇلما يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى.

ــ قېنى ئولتۇر، ــ موللېر تارتمىدىكى تاپانچىسىنى چاندۇرماي ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى، ــ كېلىپ قاپسەن ... مەقسىتىڭنى ئۇقسام بولىدىغاندۇ؟

ــ مېنىڭ نېمە مەقسىتىم بولسۇن؟ ــ مۇزەپپەر كۈلۈپ قويدى، ــ سىلەرنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ سالام بەرگىلى كەلدىم.

ــ سالام بەرگىلى؟! ــ موللېرمۇ زەھەردەك كۈلۈمسىرىدى، ــ سالام بەرگۈدەك ساداقىتىڭ بولسا غوجايىنىڭنى قەستلەمتىڭ؟

مۇزەپپەر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەندە، ئانىسىنىڭ قازا قىلغانلىقى، ئاندىن خام دورا سودىگىرى ئابىخان ئابباسنىڭ تۆگىلىرىنى ھەيدەپ يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئىلىلاردا تۆت يىلدەك ئۇنىڭ

خىزمىتىنى قىلغانلىقى، غوجايىنى قازا قىلغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق جەريانلارنى تەمتىرىمەي، ھودۇقماي، قورقماي سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سارغايماي، تاتارماي سۆزلەۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ تەمكىن ھالىتى موللىلېرنى سەل تەمتىرىتىپ قويدى. لېكىن، كىناتون ياۋۇز تەلەتىنى پۈرۈشتۈرۈپ، شۇملۇق يېغىپ تۇرغان جېدەلخور كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى.

— مەن قايتىپ كېلىپلا، — مۇزەپپەر سۆزىنى ئۇلىدى، — مەن توغرۇلۇق تارقالغان پىتنە - ئىغۋالارنى ئاڭلىدىم. شۇ چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ ھەقدار بولمىغانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم ... تۆت يىللىق جەريان ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىچىگە تىنىپ كەتكەن گۇماننى راستقا ئايلاندۇردى ! پەرەز قىلغانسېرى، پەرىزىڭلارنى ئۆزۈڭلار كۆرگەندەك پاكىتقا ئايلاندۇردۇڭلار!

— بولدى شاشماي تۇر، — دېدى كىناتون قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇنداقتا، جانابىي موللىلېرغا قەست قىلىپ ئۆچىنچى كۈنى نېمىشقا قېچىپ كېتىسەن؟

— مەن قېچىپ كەتمىدىم، پەقەت كەتتىم، — مۇزەپپەرنىڭ ئاۋازىدا قىلچە ھودۇقۇش يوق ئىدى، — بىرىنچىدىن، مەن سىلەرنىڭ مائاشلىق ئادىمىڭلار ئەمەس، پەقەت ياللانما مەدىكارمەن، ئىشلىسەم ئىشلەيمەن، ئىشلىگۈم كەلمىسە كېتىمەن، سىلەردىن سوراش ھاجەتسىز! ئىككىنچىدىن، تۆز سودىگەرلىرىدىن ئانامنىڭ ئېغىر كېسەللىكىنى ئاڭلاپ بىرەر نەپەسمۇ تۇرغۇم كەلمىدى !

— ئەلۋەتتە بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشۇڭ كېرەككىدۇ دەيمەن، — دېدى موللىېر سەل بوشاپ، — بىز بىلەن بىر يىل

بىللە يۈرگەن ئادەم قورسىقىدا جىن بولمىسا تىۋىشسىزلا كېتىپ قالامدۇ؟

— جانابىي موللېر ئەپەندى، — مۈزەپپەر ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەنىدى، — ئەگەر سىزگە دېسەم مېنى قويۇپ بېرەرمىدىڭىز؟ توغرا، سىز ماڭا ئامراق، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ سىلىق - سىپايە گەپلەر بىلەن مېنى تەڭلىكتە قوياتتىڭىز ... مەن سىزگە يۈز كېلەلمەي قالاتتىم.

— توختا، — كىناتون يەنە قولىنى كۆتۈردى، — بىز ئاساسىي تېمىدىن بەك چەتنەپ كەتتۇق، پىچىقىڭنىڭ قان يۇقى قۇمغا كۆمۈلگەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

— قايسى پىچىقىم، مېنىڭ يەنە قانچە پىچىقىم بار ئىدى؟ — مۈزەپپەر شارتلا موللېرغا قادالدى، — بۇنىڭغا موللېر ئەپەندى جاۋاب بەرسۇن ! ...

موللېر ئېغىر ئۇھسىنىپ يەرگە قارىدى. راست، دانىش ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەھەننەم قۇم چوڭقۇرلۇقىغا ئۆزىنى ئاتقاندا، ئۇنىڭ پىچىقى قۇم ئېقىنى بىلەن ئەجەل ئاغزىغا كىرىپ كەتكەنىدى ... موللېر ۋە باشقىلار دانىشنىڭ بېلىدە ئېسىقلىق قۇرۇق غىلاپنى كۆرگەن تۇرسا ...

موللېرنىڭ خىيالغا پېتىپ قالغانلىقىدىن جانلانغان مۈزەپپەر دەرھاللا ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— سىلەر مېنى قاتىللىقتا ئەيىبلەۋاتىسىلەر، — مۈزەپپەر قوللىرىنى شىلتىدى، — مېنىڭ موللېر ئەپەندىدە ئۆچ - ئاداۋىتىم بولمىسا ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرگۈدەكمەن؟ ئەگەر ئۆلتۈرۈش نىيىتىم بولسا ئەندىر دەرياسى بويىدا ئۇنى يىقىلىۋاتقان تۇۋرۇكتىن قورقماي قۇتقۇزامتىم !؟ «خوپ بولدى،

مىنىڭ ئىشىمنى تۇۋرۇك تۇغرىلىدى» دەپ خۇش بولۇشۇم كېرەك ئىدىغۇ؟! قاراخوتۇدا جېنىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ قۇم يۇتىمىسىغا سەكرەمتىم؟! كىناتون، كىۋىنىست، ھېنرىلارغا ئوخشاش قىرغاقتا تۇرۇپ تاماشا كۆرسەممۇ بولىدىغۇ !! ...

— ھەي، ھەي ... گېپىم بار دەپ قىلىۋەرمە، — كىناتون ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، — كىم تاماشا كۆرۈپتۇ؟ گەپ قىلمىسام ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇردۇڭا.

— ئەمىسە دەپ بېقىڭا، — مۇزەپپەرمۇ چەكچەيدى، — سىز يېقىن بۇرادىرى ھەم پىكىردىشى، ۋەتەندىشى، قەدىناس ئاغىنىسى تۇرۇپ، دوستىڭىزنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كەلگەندە پىداكارلىق كۆرسىتەلمىسىڭىز ئۆزىڭىزگە يۈز كېلەلەمسىز؟ سىلەردىكى بۇ دوستلۇق زادى قانداق دوستلۇق؟ مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم ... ئەمدىلىكتە جان پىدالىق كۆرسەتكەن ئادەمنى قاتىللىقتا ئەيىبلەۋاتىسىلەر ... سىلەردە ئادىمىيلىك پەزىلەت، ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ ـ يوق؟

كىناتون مۇزەپپەرنىڭ ئاغزىدىن ھەزەر ئەيلەپ قالدى، ئۇنىڭ «تاماشا كۆرۈش» دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىلا موللېردا ئۆچمەنلىك نەزىرىنى پەيدا قىلاتتى. راست ئەمەسمۇ، موللېر قۇم يۇتمىسىغا كىرىپ كېتىۋاتسا، ئۇلار قىرغاقتا تۇرۇپ ۋارقىراش ـ جارقىراشتىن باشقا نېمە قىلالىدى؟ بىرەرى «ئەكەل قولۇڭنى» دەپ باقتىمۇ؟ مۇزەپپەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت تۇرسا، كىناتون يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئەگەر ئۇ يەنە ئاغزىنى ئاچسا، دانىش: «سەن كىناتون موللېر بىلەن مەنمەنلىك تالىشىۋاتىسەن، ھەتتا شان ـ شۆھرەت، بايلىق ئۈچۈن قاتىللىق قىلغىنىمۇ سەن !» دېيىشتىن يانمايدىغان ئوخشايدۇ!

دەرۋەقە، مۇزەپپەرنىڭ دىگەنلىرى موللىبىرنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئەگەر دانىش ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، ئۇنىڭ تېنى تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئاستىدا بىر سىقىم توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى! ئۇ چاغدا موللىبىرنىڭ بۈيۈك بىرىتانىيە ئاراللىرىدىكى شان - شۆھرىتى، توپلىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىغا، بايلىقلىرىغا ئىگە بولىدىغان ئادەم زادى كىم؟! بۇنىڭ ئاخىرىسنى ئويلاش بەكلا قورقۇنچلۇق! راستىلا قورقۇنچلۇق!! دەپ ئېيتقۇسىز قورقۇنچلۇق!!! ...

— دانىش، — ھورىدىن چۈشكەن موللىبىرنىڭ ئاۋازى بىردىنلا مۇلايىملاشتى، — پىچاق مەسىلىسى زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ سىنىڭ تۇرسا! مەن نەچچە قېتىم ئىشلىتىپمۇ كۆرگەن.

— يۇرتىمىزدا پىچاق سوقىدىغانلار كۆپ، — دىدى مۇزەپپەر ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، — بىر خىل تۈردىكى پىچاقتىن بىرنى سوقسا ئون - يىگىرمە پىچاق بىسلەن ياڭزا تۇگەپ قالار؟ شۇڭا، ئۇلار ھەربىر تۈر پىچاقتىن نەچچە ئونمىڭلاپ سوقۇپ پولات تامغىسىدا بەلگە قويۇپ قويىدۇ. مىنىڭ پىچىقىمغا ئەينەن ئوخشايدىغان پىچاقتىن نەچچە يۈزنى ئالدىڭىزغا قويالايمەن. كىملەردۇر شەھەردىن سېتىۋالغان ياكى مەدىكارلارنىڭكىنى ئوغرىلىۋالغان پىچاقلىرىدا قاتىللىق قىلىپ قۇمغا كۆمۈپ قويسا، ئۇ مىنىڭ بولامدىكەن؟ كىم بىلىدۇ، ماڭا ئۆچ بىرەر ئادەمنىڭ ئىشىمۇ ئۇ؟!

كىنناتوننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ھېلىلا ئويلىغان تۆھمەت يالىسى دانىشنىڭ ئاغزىدىن مەۋھۇم ھالدا

دېيىلىۋاتاتتى. «بۇ ساياق قىلىندەر، نەلەردە يۈرۈپ شۇنچىۋالا قاغدالمىلىشىپ كەتكەندۇ؟!» دېگەن ئوي كىناتونىڭ كۆڭلىگە سايە تاشلاپ ئۆتكەنىدە، ئۇ دانىشمەنىڭ بۇرۇنقى دانىشقا زادىلا ئوخشىماي قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. مۇزەپپەر ئۇنىڭ شۇم تەلەتىدىكى ئىستىھزا، ئورا كۆزلىرىدىكى مىكىر ئۇچقۇنلىرىدىن قانداقتۇر سۈيىقەستكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ــ دە، ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى:

ـــ مەن كۇچادىكى چېغىمدا رۇسىيەلىك ئاكا ــ ئۇكا بىلسۇۋىسكىلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بەردىم. تۇرپان قارىغوجىغا بارغىنىمدا گېرمانىيەلىك فون لىكوك، باتاسلارغا يېمەكلىك توشۇدۇم. ئۇلار سىلەر توغرۇلۇق نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. بولۇپمۇ فون لىكوك دېگەن جاناب: «نېمە ئىشلارنى بىلسەڭ دېگىن. مەن رۇسىيە ۋە شىۋېتسىيە گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىمەن» دېدى. يەنە ئۇ موللىېر جانابىنىڭ ئىككى ئادەمنى ئېتىۋەتكەنلىكى، بىر مەدىكارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى، شۇ مەيداندا كىناتون، ھېنرى يەنە بىرقانچە ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى ... ھەققىدە كوچىلاپ سورىغانىدى، مەن «ھېچقانداق ئىشنى بىلمەيمەن، ئۇ چاغلاردا مەن 10 ــ 11 ياشلاردا بولسام كېرەك ... » دەپ تۇرۇۋالدىم.

كارنىگ موللىېر بىلەن كىناتون بىر ــ بىرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆكلۈكىگە، بۇرۇنلىرىنىڭ ئېگىز، قىڭراقلىقىغا، ئوخشاشلا سېرىقلىقىغا ھەيران بولغاندەك ياكى ھازىرلا بىر ــ بىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قېلىشتى. قارىچۇقلىرى يىگىناغۇچتەك پىلدىرلاپ، ئۇيۇپ قالغىنى بىلەن تۇك باسقان كالپۇكلىرى توختىماي مىتىلدايتتى. چۈنكى ئۇلار: «قانداق قىلىمىز ئاغىنە،

ئەمدى ئۇنىڭغا يېلىنماقتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى، بۇ پوكانچى ئىچ ـ باغرىمىزنى سۇغۇرۇۋاپتۇ ئەمەسمۇ ! ... » دېگەندەك تەپەككۇر سۆھبىتى قىلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ دانىشنى جازالاش ئەمەس، تاك ئېتىپ چېكىشكىمۇ بولمايتتى. خۇدا پاناھ بەرسۇن ! بۇ ئەبلەخ بىلگەنلىرىنى بىرەر يەردە دەپ سېلىشتىن ...

ئىككىسىنىڭ قونداق ئىمزدىگەن توخۇدەك بويۇنلىرىنى سىڭايان قىلىپ تېگىرقاپ قېلىشلىرىدىن مۇزەپپەر كۆلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى، ئۇ كىناتون بىلەن مولليىرنىڭ جان يېرىگە ئېغىز سالغانىدى. توۋا، مەست ھېنرىنىڭ كەيپىلىكتە دېگەنلىرىنىڭ جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ئەسقېتىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان ! ئەمدى ئويۇننى يىغىشتۇرىدىغان چاغ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان مۇزەپپەر ئاخىرقى كوزىرىنى تاشلىدى:

— بولدى، قاتىل ئىكەنمەن ھازىرلا ۋاڭ ئامبالنىڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلاي، — مۇزەپپەر ئىككىسىگە تىكىلىپ تۇراتتى، — مېنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرىمنى ئوۋچى بۇرادەرلىرىم ئاشۇ چەت ئەللىك تونۇشلىرىمغا يەتكۈزىدۇ ... «قانۇن مۇقەددەس» دەپ بىلىدىغان ئاشۇ چەت ئەللىكلەر غوجايىنىنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان شاپائەتچىنى غوجايىنىنىڭ قاتىلى دېسە ئاغزىدا ئەمەس، قوڭىدا كۈلۈپ كېتەر! قېنى سىلەرنىڭ پەرەز، گۇمانلىرىڭلار پۈت دەسسەپ تۇرامدۇ ياكى مېنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرىممۇ!؟ لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، فون لىكوك ئەپەندى ئېيتقاندەك، پەرەز ھامىنى پەرەز، گۇمان ھامىنى گۇمان بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ئۇنى قانۇن ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ ...

مۇزەپپەر ئورنىدىن تۇرغانچە تاغىرىنى يۇدۇپ مېڭىشى، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن كىناتون بىلەن موللىبر ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— بولدى قىلغىنا دانىش، — ھىجايدى موللىبر، — نېمانچە تاۋى نازۇكلۇق قىلىسەن، بىر يىل بىللە ئىشلىگەنىڭمۇ يۈزىنى قىلمامسەن؟

— بىر چىرايلىق پاراڭلىشىۋېتىپ، تۇرۇپلا گەجگەڭدىن قورىدا، — كىناتون ھىجىيىمەن دەپ ئوخشىتالمىدى، — يۈر ئولتۇر، ئۈزۈن يىل بولدى سەن بىلەن كۆرۈشمىگىلى، يەنە بىردەم گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشايلى.

— بولدى، مېنى قويۇپ بېرىڭلار، — مۇزەپپەر ئىشىك تەرەپكە تىرەجىدى، — ئوۋچى بۇرادەرلىرىم مىلتىقلىرىنى ئېسىپ مېنى ساقلاۋاتىدۇ. سەللا كېچىكسەم ئۇلار «ئەنجانباغ» قەسىرىگە بېسىپ كىرىشتىن يانمايدۇ ...

— ۋۇي كىرسە كىرسۇن، — موللىبر قولىنى يايدى، — كەچلىك غىزادا بىللە بولايلى.

مۇزەپپەر ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، دىۋان يۆلەنچۇكىگە يۆلەندى. ئۇ موللىبرنىڭ تاپانچىسىنى چىقىرىپ «ۋاڭ»لا قىلىپ ئېتىۋېتىشىدىنمۇ قورقۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ «مىلتىقلىق بۇرادەرلەر»نىڭ گېپىنى چىقىرىشىمۇ، يەنىلا شۇ ئۆزىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن بولغان پورپاڭ سېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇ، كىناتون بىلەن موللىبرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

موللىبر تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى قاتىللىق ۋەقەسىنى كىمدىندۇر ئاڭلىغان ۋاڭ ئامبال چېرىكلەرنى ئىشقا سېلىپ،

تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغانلىقى، بۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئامالسىز قالغانلىقى، بۇ ئىشتا كىناتون بىلەن ئۆزىنىڭ قولى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ، بىرمۇنچە يالغان ـ ياۋىداق، ياسالما ئۆزرىلەرنى دېگەن بولسىمۇ، ئۇ دانىشنىڭ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇستىلىق بىلەن قوراشتۇرۇپ چىققان بۇ تېتىقسىز ھېكايىدىن ئۆزىمۇ مەمنۇن ئەمەستەك قىلاتتى.

— دانىش، ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت، — دېدى موللىېر دوستانىلىق تەلەپپۇزدا، — مانا بۈگۈن كەپتىكەنسەن، ئۆز ئوغلۇمنى كۆرگەندەك خۇش بولدۇم، بىرەر خىجالىتىڭ، ئىش ـ كۇشلىرىڭ بولسا تارتىنماي دېگىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ئىلتىپات كۆرسىتىمەن.

— ئەسلىدە مەن سىلەرنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ سالام بەرگىلى ۋە ئەترىتىڭلارغا قاتناشقىلى كەلگەنىدىم، — مۇزەپپەر كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، — لېكىن، ئەلپازىڭلاردىن رايىم ياندى. ئەمدى يۇرتۇمغا قايتىپ كەتسەم بولغۇدەك.

— ئەترەتكە قاتنىشىدىغان ئىشىڭنى بىز ئويلىشايلى. چۈنكى، پىلاندىن سىرت كۆپ ئادەم ئېلىۋەتتۇق، — موللىېر تاغارغا كۆز سالدى، — تاغىرىڭدىكى نېمە ئۇ؟ سەنمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق ئاددىي نەرسىلەرگە كۆز قىرىڭنى سالمايسەن.

— بولدىلا، بۇنىمۇ كۆرسىتىپ يۈرمەي، — مۇزەپپەرنىڭ چىرايىدىن يەنىلا نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى، — قەدىمكى بۇيۇملار بىلەن سىلەرنى ئالدىغان بولۇپ قالماي يەنە.

«قەدىمكى بۇيۇم» سۆزىنى ئاڭلاپلا موللىېر تېزلا يېتىپ كەلدى ـ دە، تاغارنىڭ سىرتىنى تۇتۇپ سىلاپ باقتى. ئاندىن ئۇ: «قېنى ئاچ، كۆرۈپ باقاي» دېدى. مۇزەپپەر قىلىچ بىلەن تاسما كەمەرنى

چىقىرىپ بېرىشى موللېرنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇستەل ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى، ئاندىن لوپا ئەينىكىدە ئۇلاردىكى نەقىش، قاپارتما گۈل، يېزىق ۋە ھەربىر سىزىقچىلىرىغىچە كۆرۈپ چىقتى.

— دانىش بۇ ... بۇ نەرسىلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟ — موللېرنىڭ ھاياجانلانغانلىقى قىزىرىپ كەتكەنلىكىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — بۇ نەرسىلەر تېپىلغان يەر چوقۇم بىر جەڭگاھ ياكى شېھىتلىك.

— ئۇنى بىلمىدىم، بىر ئادەم ھەرەمگە ماڭىدىكەن، شۇنىڭدىن سېتىۋالدىم.

— قەيەردىن تاپقانلىقىنى دېمىدىمۇ؟

— ياق، ئۇمۇ دېمىدى، مەنمۇ سورىماپتىمەن.

— سورىغان بىلەنمۇ دەپ بېرىشى ناتايىن، — دېدى كىناتون تاسما كەمەرنى قولىغا ئېلىپ، — ئۇنداق خەزىنىنى تېپىۋالغان ئادەم بىر ئۆمۈر قېزىپ يەيدۇ ...

— كىناتون توغرا ئېيتىدۇ، — مولېر ئەلەملىك باش چايقىدى، — ئەپسۇس، ناھايىتى ئەپسۇس. ئەمدى ئۇ لەنىتى قاچانمۇ كېلەر؟ كەلسىلا پۇل بىلەن بېشىنى باغلىغىلى بولاتتى.

— كۆپ بولسا بىر يىل، بولمىسا يېرىم يىلدا قايتىپ كېلىدىكەن. كېلىپ قالسىلا مەن بىر ئامالىنى قىلاي.

— شۇنداق قىل، — مولېر قىلىچىنىڭ دەستىسىدىن تارتىپ چىقىرالمىدى، — ئىچى داتلىشىپ كەتكەچكە تىغىنى كۆرگىلى بولمىدى. چوقۇم تىغ يۇزىدىمۇ خەت بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈن كەچ ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىمەن.

مولېر ئاغزى كىچىككىرەك تېرە ھەميانىنى مۇزەپپەرگە

تۇتقۇزۇپ، يەنە قىلىچقا تىكىلگەنچە سورىدى:

— ئاز بولۇپ قالمىغاندۇ؟

— يوقسۇ، مەن بۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئالمىغان تۇرسام، رەھمەت غوجايىن.

بۇ چاغدا موللىېر يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينىكىنى تاقاپ، لوپا ئەينەكنى قىلىچ غىلىپىنىڭ ئۈستىدە ماڭدۇرۇپ كۆرۈشكە باشلىدى. كىناتون بولسا كەمەرنىڭ مىس پىستانلىرىنى ھەم پىستان ئارىلىقىدىكى بۇدۇر – بۇدۇر قاپارتما نەقىشلىرىنى سىلاپ ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغانىدى. مۇزەپپەر ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئوشۇقچە ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تاغىرىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. پۈتۈن زېھنىياتى قىلىچ بىلەن بولۇپ كەتكەن موللىېر بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى.

— غوجايىن، مەن قايتسام بولارمۇ؟ — سورىدى مۇزەپپەر. بېشىنى شاپپىدە كۆتۈرگەن موللىېرمۇ:

— قايتامسەن، بوپتۇ قايت، يەنە كېلىپ تۇرغىن، — دېدى.

— سىزگە يارىغۇدەك نەرسە تاپسام، چوقۇم كېلىمەن. مېنىڭ ئەترەتكە قاتنىشىش ئىشىمنى ئويلىشىپ كۆرەرسىز؟

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ئەمىسە ئۇزاتمىدىم.

ئۇ سىرتقا چىقىپلا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنىدى. باياتىن بېرى ئىشخانىدا يۈرەكلىك بولۇپ كەتكەن مۇزەپپەرنىڭ ئەمدىلىكتە تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى. غازاڭلارنى ئېرىنچەكلىك بىلەن سۈپۈرۈۋاتقان ئىشقۇللا ئارقىسىنى ئىشخانا تەرەپكە قىلىپ، ئۇنىڭغا باش بارمىقىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىشخانىدا بولۇنغان مۇنازىرىنى يوشۇرۇن ئاڭلىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە مۇزەپپەر ئۆزى كىچىكرەك بولسىمۇ ۋاراقلىرى سارغىيىپ تىتىلغان، بۇلغار تاشلىرى پۇچۇلغان تومپاي كىتابتىن بىرنى ئەكىلىپ موللىرنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ ئۇچىنچى قېتىمدا گۇلبادامنىڭ قاپقىنىنى ساتقان بولسىمۇ، بۇ قاپقان تەقدىرىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشىنى مۇزەپپەر ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى ! ...

# ئون ئالتىنچى باب

ئىززەت ـ ئىكراملىق ئوقۇرمەنلىرىم، سىلەرنى كۆپ تەقەززا قىلدىم ! مېنى ئەپۇ قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەسلىدە مۇزەپپەرنىڭ تۆت يىل ئىلگىرى بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى بۇرۇنلا بايان قىلىپ ئۆتۈشۈم كېرەك ئىدى. بىراق، ھەربىر ۋەقەنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىزىقى، تەقەززالىق ھۇزۇرى ھەم ئەگرى ـ توقاي جەريانى بولغىنىدەك، سىلەرنى ئۇزۇن يوللاردا ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ ھاردۇرۇۋەتتىم ... كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ بىلىم شەيداسى بولغان ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈشىگە ئىشەنچىم كامىل !

تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان قاپقان ئوغرىسى «دانىش»نىڭ ھالى نېچۈك، بىلمىدۇق. ئۇ سەمەندەرنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، تۈڭلۈكتىن مارىغان ئايغا قارىغىنىچە، ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە يۈرۈشلىرىدىكى كەچمىش، رىيازەتلىرىنى، ئىنتىقام ھۇزۇرىغا قانالمىغان قاتىللىقنى، تۆت يىلدىن كېيىنكى موللېر بىلەن قايتا ئۇچرىشىشلىرىنى، ھېلىقى سىرلىق مۇنازىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەسلىمىلەر قايناملىرىغا چۆكۈپ قالغانىدى. مانا تاڭمۇ ئېتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ قېشىغا بارايلى. بۇ قاپقان ئوغرىسى نېمىلەر بولۇپ كەتتىكىن؟

مەسچىت مۇناردىن قېرى مەزىننىڭ مۇسۇلمانلارنى بامدات نامىزىدىن خەۋەردار قىلىپ توۋلىغان قايغۇلۇق ۋە ناھايىتى

مىسكىن ئەزان ئاۋازى سەھەردىكى جىمجىتلىق، تۇمانلىق كوچىلار، ھۆۋۈلداپ قالغان قاراقاش باغلىرىنى مۇڭغا تولدۇرۇپ، ئاجىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇزەپپەر ئاغرىق پۇتىنى ئاۋايلاپ، قوللىرىغا تايانغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ـ ده، ئەزان بىلەن تەڭ دۇئا قىلدى. يان ئۆيدىكى تاراق ـ تۇرۇق شەپىلەردىن گۈلبادامنىڭ بامدات نامىزىغا تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. مۇزەپپەر قىلىن كىيىملىرىنى كىيىپ، تېرە پىنجىكىنىڭ ئۇستىدىن پوتىسىنى باغلىغاندىن كېيىن، سىبجىپ سۇپا قىرىغا كەلدى. ئۇ ئىۋرىقتىكى سوغۇق سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىپ بولۇپ، ئاچىماق قولتۇق تايىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. قومۇش، يۇلغۇن، ياۋا كەندىر، لويىلا، ئەمەن، سۇتلىگەنلەر ئېگىز ئۆسۈپ، خۇددى جاڭگالغىلا ئوخشاپ قالغان كىچىككىنە ئاھادىسىز قورۇ ۋە كوچىلار بىر قەۋەت تۇمان ئاستىدا قالغان بولۇپ، كەچ كۈزنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقى بولۇۋاتاتتى. مۇزەپپەر قولتۇق تايىقى بىلەن ئاغرىق پۇتىنى سەل كۆتۈرۈپ، توپىلاڭ يول بويىلاپ ئانچە يىراق بولمىغان چاتقاللىق مەھەللىسى مەسچىتىگە بامدات نامىزىنى ئۆتىگىلى يۈرۈپ كەتتى. بۇنداق مېڭىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن مەشىق ھېسابلىناتتى. ئۇ نامىزىنى ئۆتەپ ھويلىغا قايتىپ كېلىپ تەلپىكىنى ئالغانىدى، بېشىدىن ئاپپاق پار كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، ئۇ ئىتتىك ماڭغانلىقتىن تەرلەپ كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا ئاتلارغا بوغۇز بېرىش ئۈچۈن كاساڭنى كۆتۈرۈپ چىققان گۈلبادام ئۇنى كۆرۈپ ئالدىغا كەلدى.

ــ دانىش ئاكا، تەرلەپ كەتكەندە تەلپىكىڭىزنى ئالغىنىڭىز بولماپتۇ، ــ ئۇ تەلپەكنى ئېلىپ مۇزەپپەرنىڭ بېشىغا

كىيگۈزۈپ قويىدى، — پۈتىڭىزنى ساقايتالماي تۇرغاندا تومۇ تېگىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟
— بادىمەك سىڭلىم، خاتىرجەم بولۇڭ، خۇدايىم ساقلايدۇ.
— خۇدايىمغۇ ساقلايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىمىزمۇ سەۋەب قىلىشىمىز كېرەك ـ تە.

گۈلبادام كۆرۈمسىز، ئۆگزىسى پاكار، ئەتراپىنى ئېگىز قومۇشلار ئورىۋالغان، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان ئېغىلغا كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى. ئۇ، چاي تەييار بولۇپ قالغاچقا مۇزەپپەرنى قولتۇقلاپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئاستىغا كۆرپە سېلىپ بەردى. مورا ئوچاقتىكى قوم چۆگۈن شىڭىلداپ قايناۋاتاتتى.

گۈلبادام ئاش تاختا ئۈستىگە بىر چاڭگال ياڭاق مېغىزىنى تۆكۈپ، يايغۇدا راسا ئېزىپ تالقان قىلغاندىن كېيىن ئازراق تاشتۇز سۈيى تېمىتىپ، ياغاچ قوشۇقتا يەنە ئەلەشتۈرۈپ ئەزدى. ئاندىن ئۇنى ئىككى قاچىغا بۆلۈپ، ئۈستىگە قايناق چاي قۇيدى. گۈلبادام قويۇق ۋە مايلىق ياڭاق چېيىغا نان چىلاپ مۇزەپپەرنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قويدى.

— دانىش ئاكا، سەمەندەركامىلار مېڭىپ بولغاندىمۇ؟ — دېدى گۈلبادام ياغاچ قوشۇقنى سۇنۇۋېتىپ، — ئەجەب ئوبدان ئادەمكەن، ئۆيىنى بىزگە تاشلاپ كەتمىگەن بولسا، دەڭدە يېتىپ قىينىلىپ قالاتتىڭىز.

— ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئادەتتە بەكمۇ سەھەر ماڭىدۇ. چۈنكى سالقىندا، سوغۇقتا يول ئاۋۇيدۇ. بۇ چاغقىچە ئۇلار قاراقاشتىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى.

— ئەگەر پۈتىڭىز ساقىيىپ قالغۇدەك بولسىڭىز، بىزمۇ

يۇرتلىرىمىزغا قايتساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.

ــ يەر دەسسىگۈدەكلا بولسام سىزنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايمەن ...

ــ ئېلىشىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ ــ گۈلبادام ئاچچىقى بىلەن ئالايدى، ــ ئۇلار سىزنى تۇتالماي يۈرسە، سىز ئارقىسىدىن بېرىپ ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟

ــ ئۇلارغا كۆرۈنمەي ھەرىكەت قىلىمەن، لېكىن ئىز بېسىپ ماڭىمەن.

ــ مەن سىزنى ھېچ بىلەلمىدىم، ئاشۇ ئەجنەبىيلەردىن ئايرىلالمايدىغان قانداق سىر ـ ئەسرالىرىڭىز باركىن؟ ياكى بىرەرىدە ئالىدىغان ئۆچ ـ ئاداۋىتىڭىز بارمۇ؟

ــ شۇنداق، بىر ئەبلەخ بىلەن قىلىدىغان كونا ھېسابىم بار. بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمەن ...

ــ پۇلنىڭ ئىشىمىدى؟

ــ بادىمەك سىڭلىم، ــ مۇزەپپەر گەپنى ئېلىپ قاچتى، ــ مەن بىلەن بىللە ئۆتىۋۈەرسىڭىزمۇ بولمايدۇ. خۇۋالاشقان يىگىتىڭىز بىلىپ قالسا ئۆزىڭىزگە ياخشى ئەمەس. بۇنى چۈشەندۈرمەكمۇ تەس ...

ــ كىچىك چېغىمدا كۆرگەن ئۇ بايقۇشنىڭ ھازىر نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن ... ــ گۈلبادام يىگىتنى قاتىل دېيىشكە تىلى بارمىدى، ــ بولدىلا ئۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، قانداق؟ پۇتىڭىز بۈگۈن خېلى ئارامىلىق بەردىمۇ؟

ــ قولىڭىز بەك يېنىككەن. تۈنۈگۈن تۇخۇم بىلەن تېڭىپ قويغىنىڭىزدىن كېيىن بۈگۈن كېچە ئاغرىمىدىغۇ، ــ مۇزەپپەر پۇتىنى سىلاپ قويدى، ــ بادىمەك سىڭلىم، ئەتە ئازنا بازار كۈنى،



مەن قاراقاش بازىرىغا كىرىمەن.

— يەنە بىر ھەپتە سەۋر قىلىسىڭىزمىكىن، موللىېر ۋە ۋاڭ ئامبالىلارنىڭ يوشۇرۇن قويغان ئايغاقچىلىرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— دەۋاگەر ئەجنەبىيلەر تۇرسا، ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنىڭ نېمە كارى؟ بەك زېرىكىپ كەتتىم، ئەتە قايىناق بازارنى بىر كۆرۈپ، كۆڭلۈمنى ئېچىپ كېلەي ...

— مەن تېخى ئەتە يىغىلىپ قالغان كىيىملەرنى يۇيۇۋېتەي دەپتىكەنمەن. بولدى ھازىرچە يۇماي سىز بىلەن بىللە باراي.

— سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. مەن ھاسام بىلەن ئالدىرىماي، يوللاردا ئارام ئېلىپ بارىمەن. بازارمۇ چۈشكە يېقىن قىزىيدۇ ئەمەسمۇ.

— مېنىڭ كۆڭلۈم بىر ئىشتىن ئۈيۈپلا تۇرىدۇ. ئۇلار قاپقان ئوغرىسىنى تۇتماي تۇرۇپ يولغا چىقارما؟

— يولغا چىقمىغان تەقدىردە، بۇ چاغقىچە سەمەندەركام كېلىپ بولاتتى. ۋاي - ۋۇي بەك ئەنسىزكەنسىز.

خېلىدىن بېرى بىكار يېتىپ، تالا - تۈزنى كۆرمەي ئىچى پۇشۇپ بىتاقەت بولغان مۇزەپپەر ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ گۈلبادام تەييارلاپ قويغان كىيىملىرىنى كىيدى. ئاندىن چۈشلۈك تاماق يېگۈدەك پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، قاراقاش ئازنا بازارغا قاراپ ماڭدى. ئۇنى ئۇزىتىپ كوچىغا چىققان گۈلبادام «كىرنى يۇيۇپ بولۇپلا ئاتلىق سىزنى ئالغىلى بارىمەن» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

مۇزەپپەر ئاغرىق پۇتىنى ئىلاج بار يەرگە تەگكۈزمەي، قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە ئېرىق قىرلىرىدا دەرەخ

غوللىرىغا يۆلىنىپ بىردەم ئارام ئالاتتى ـ دە، يەنە يولىنى داۋام قىلاتتى. بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا بازارغا ئېقىۋاتقان ئادەم بەك كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جىگدە، ياڭاق، گۈلە ـ قاق، مونەك سېلىنغان خالتا، تاغارلىرىنى كۆتۈرۈپ، چاي، تۇز، تاختا گۈگۈت، سوپۇن كويىدا كۆڭلىدە چوت سوقۇپ ماڭاتتى. هارۋىلارغا بېسىلغان، ئات، ئېشەك، ئۇيلارغا ئارتىق ئارتىلغان بادالڭ سېۋەتلەردىكى بېهى، ئۈزۈم، ئەششاپتۇل، قوغۇنلارنىڭ مەززىلىك هىدلىرى ئەتراپقا پۇراپ دىماقلارنى غىدىقلايتتى. تورپاق، قوي، توخۇلىرىنى بازارغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى. ئەمچىكىگە خالتا كىيگۈزۈپ قويغان ئۆچكە ئارقىدا قالغان ئوغلىقىغا تارتىشىپ ئاچچىق مەرەيتتى. ئوتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر يوللاردا سۇيدۇك پۇراپ، تۇمشۇقىنى ئۆرۈپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇۋالاتتى. ئىگىسىدىن تېقىمىغا تاياق يېگەندە ياكى ئۆچلۈق قوزۇق سانجىلغان هامان چىچاڭشىپ يۈگۈرەتتى. يۈز ـ ساقاللىرى بويالغان خالۋاپلار، بادرا كۆتۈرگەن دېھقانلار، تاشتۇز ئېلىپ ماڭغان تۇزچىلار، باققاللار، هۆپىگەرلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ... ئەدناسى، نوچى ئىتلىرىنى تالاشتۇرۇشقا ئېلىپ ماڭغان ئىتۋازلار، باش ـ كۆزى جاراھەتلىنىپ كەتكەن تاز خورازلارنى قولتۇقلىۋالغانلارغا قاراپ مۇزەپپەرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ بازارنىڭ باش بۇرنىدا مۇز چوقۇۋاتقان دوغاپچىدىن بىر هېجىر سارالڭ دوغاپ[1] ئالغاندىن كېيىن هۇزۇرلىنىپ ئىچكەچ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ هاردۇقى چىققاندىن كېيىن قولتۇق تايىقىنى

① سارالڭ دوغاپ ــ تاڭشىر بىلەن قېتىق (تاتلىق ۋە چۈچۈمەل) ئارىلاشتۇرۇلغان دوغاپ.

توكۇلدىتىپ، بازارنىڭ ئەڭ قايناق، ئەڭ قالايمىقان رەستىلىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇنداق ئالمان بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، ئۈرۈلۈپ ماڭالمايدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك، ۋاڭ ـ چۇڭلۇق قاتارلار، لەمپىلىك دۇكانلار، تالاش ـ تارتىش قىزىغان سورۇنلارنى كۆرسە مۇزەپپەرنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇ پۈتمىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقىنىنىمۇ سەزمەي، تۆت كوچا ئاغزىغا كېلىپ دوقمۇشتىكى يەل ـ يېمىش بازىرى ئالدىدا توختىدى. باققاللار:

— كۆك مىياڭسال، بىر جام سۇيى بار سېرىق مىياڭسال[①]، كۆك شاپتۇل ... كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ يە، ئوغامبالىلا ... — دەپ ۋارقىرىسا، تىلىم قوغۇن ساتقانلار:

— خېنى [②] باغنىڭ قوغۇنىدەك ئاجايىپ تىلىۋەتتىم ... ئاغزىڭ يەتمەي كۆزۈڭ ئالىيىپ كېتىدۇ خالايىق ... — دەپ قوغۇنلىرىنى داڭلايتتى.

ياللىرىغا قىزىل شەلپەرلەر باغلانغان ئاتلارغا مىنىۋالغان قازى ـ قۇززاتلار قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— يۈزۈڭنى ياپ شەرمەندە ... — دەپ قىز ـ چوكانلارغا ئىيمايلا قامچا سالاتتى. قىسقىسى، بازار سودىدا كېلىشەلمەي ياقىلىشىشلار، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان پەرەنجىلىك ئاياللار، رەستە ئارا تىمىسقىلاپ يۈرگەن يانچۇقچى، ئوغرىلار، چوكانلارنىڭ پەرەنجىلىرىنى قايرىپ تىل ئىشتىۋاتقان زىناخور لۈكچەكلەر، قۇلىقىنى تۇتۇپ بار ئاۋازىدا ۋارقىراۋاتقان جارچىلار، تارازىچى، ھامماال، ھۆپىگەرلەر، رەۋەندىلەر بىلەن

① شاپتۇللارنىڭ بىر تۈرى.

② خېنى — پادىشاھلىق يەر، ۋەخپە يەر مەنىسىدە.

قـايـنام ـ تاشـقـىنلـىقتا تـولـغانـىـدى. ئـەنە شـۇ جـۇل ـ جـۇل كـىيـىمـلـەر، ئـىـت تالـىـۋەتـكـەندەك يـىـرتىق تـونـلار، مايلاشـقـان دوپپـىـلار، چاك ـ چاك يـىـرىلغـان تـاپانلار، كـىـر ھەم مەيـنـەت چىرايلار ... ئىچىدە گويا پاسكىنا خام ئارىسىدىن ئاپپاق، پاكىز يىپەك يىپ تالاسىنى ئۆتكۈزگەندەك، يارام ئـارغىمـاقـلىرىـغـا مىنگەن، ساقاللىرىغا خىنە قويۇپ، بـوغـۇرساقـتـەك سىمىز بارماقلىرىغا زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنى سالغان بايۋەچچىلەر، غوجىلار ئۆتۈپ قالاتتى.

كىگىزدەك بولۇپ كەتكەن چاچلىرى مۈرىلىرىگە چۈشكەن ئاشىقلار، ئۈچلـۈق كۈلاسىغـا ھەر خـىـل لاتـا، مارجانلارنى چىگىۋالغان قەلەندەر، دىۋانىلەر ساپايىلىرىنى مۈرىسىگە ئۇرۇپ يىغان بىلەن نالە قىلاتتى:

*... ئايا دوستلار،*
*چىقما سۇلايمان تەختىگە،*
*باش بولما ئالەم ئەھلىگە.*
*ئاخىر ئالۇر يەر قەھرىگە،*
*بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق ...*

مۇزەپپەر قانداقتۇر مۇڭلۇق بىر غەزەلنى ئاڭلاپ، شۇ تەرەپكە دىققۇسلاپ كېتىپ قالدى. ئۇ شايى، ئەتلەس، كىمخاب، دۇردۇن، گىلەم، زىلچىلار قاتارلىرىغا بېرىشى، دۈۋىلىشىۋالغان بىر تـوپ ئادەملەر ئارىسىدا، بىر قارىغۇ بوۋاينىڭ ساتار بىلەن مەشرەپنىڭ غەزەللىرىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا سىغدىلىپ توپ ئارىسىغا كىردى. توققۇز ـ ئون ياشلاردىكى

چىلگە باش بىر بالا كىچىككىنە داپنى ئوينىتىپ چېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ياۋاش ئېشەك يەردىكى پىچان ئۇۋاقلىرىنى كالپۇكلىرىدا تېرىپ يەۋاتاتتى. قارىغۇ بوۋاينىڭ يىغلامسىرىغاندەك پىغان بىلەن ئېيتىۋاتقان غەزىلى سورۇن ئەھلىنى تىمتاسلىقتا چۆمدۈرگەندى:

*... شۈكۈر لىللاھ غەمگۇزارىم كەلدى ـ يا،*
*غەمدە قويغان گۈلئۇزارىم كەلدى ـ يا.*
*جىلۋىسىنى كۆرسىتىپ، زاھىردە ئەلگە رەڭبە رەڭ،*
*بۇ بەدەن دەشتىنى كەزگەن دىلفىكارىم كەلدى ـ يا.*
*نىچە كۈن ۋەسلىن سوراپ يۈردۈم خوتەن سەھراسىدا،*
*جەئفىرى سادىق ئىمام قۇتبى زامانىم كەلدى ـ يا.*
*مەشرەبنىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر،*
*داد ئېتىپ يارنى ئىزدەپ كەلدى ـ يا ...*

مۇزەپپەر سورۇندىن ئەمدىلا كەينىگە چېكىنىشى، كالتەك ـ چوماق كۆتۈرگەن يەتتە ـ سەككىز ئالىقانات لۈكچەكلەر ئۇنى يىقىتىپ قوللىرىنى قايرىپ باغلاشتى. لېكىن مۇزەپپەر يىقىلغان يېرىدىن تۇرالمىدى. ئۇلار ئۇنى يۆلىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئورنىدا يېتىپ قالدى.

ــ ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋېتىڭلار، «ئەنجانباغ» قەسرىگە سەن يۈدۈپ ئاپىرامتىڭ؟

بۇ ئاۋاز مۇزەپپەرگە تونۇش ئىدى. ئۇ بىرلا قاراپ سەمەندەرنى كۆرۈپ قالدى. بىراق ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا بولمايتتى.

ــ ھەي، ئۇ تـوكـۇر تۇرسا، ــ ۋارقىرىدى سەمەندەر، ــ

قولی باغلاقلىق تۇرۇپ قولتۇق تايىقىنى قانداق تۇتمىدۇ؟ ئەمىسە ئۆزۈڭ كۆتۈر ئۇنى.

ــــ تۆگمىدەك يوغان نېمە تۇرسا، ئۇنىڭ ئاستىدا شاپتۇلدەك ئېزىلىپ كەتمەمدىم.

ــــ ئەمىسە، «ئەنجانباغ»قا قانداق ئاپىرىسەن؟

ــــ ھەي ! ... ــــ مۇزەپپەر يەرگە جەينەكلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، ــــ ئەجنەبىينىڭ لالمىلىرى، غوجايىنىڭغا مەن لازىمكەنمەن، ئۆزى كەلسۇن. ئاتامدۇ، چاپامدۇ، مۇشۇ خالايىق يىغىلغان جەرەستاندا قىلسۇن !

توپلانغان ئادەملەر ئارىسىدا بىردەمدىلا نارازىلىق شاۋ ـ شۇۋلىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، مۇزەپپەر توپنىڭ ئىچىدە سەمەندەرنى كۆرەلمىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر كۆزدىن غايىب بولغانىدى. بىراق، يالاقچىلاردىن بىرنەچچىسى مۇزەپپەرنىڭ دۇمبىسىدىكى چاپراس ئارغامچىدىن تارتىپ، تۆت كوچا بەندەر يېنىدىكى ئوچۇقچىلىقا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار تەرگە چىلىشىپ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئاڭغىچە ئەگىشىپ كەلگەن نەچچە يۈزلىگەن ئادەم بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئاجايىپ چوڭ سورۇن ھاسىل قىلغانىدى. كالتەك، چوماق، ئارغامچا، پىچاق تۇتقان بىر توپ لۈكچەك بىلەن مۇزەپپەر مەيدان ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشاتتى. پانا قاققاندەك زىچچىدە تىقىلىشىپ تۇرغان ئالىمان توپى ئۇلارنى قورشىۋالغانىدى. چىقىپ كەتكۈدەك بىرەر يوچۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى. يالاقچىلارنىڭ باشلىقى بولسا كىبىرەك، شاپ بۇرۇتىنى قايرىپ قولاقلىرىغا قىستۇرۇۋالغان، ئىككەكلىرىدىن كىندىكلىرىگىچە قاپقارا تۈك بېسىپ كەتكەن باداڭ سېۋەتتەك، دىقماق، چۈپۈر يۈز بىرى ئىككى چاپارمەننىڭ قولىقىغا

كۆسۈرلىغانىدى، ئۇلار توپ ئارىسىدىن ناھايىتى تەسلىكتە قىستىلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى مېنى ھېچ يەرگە ئاپىرالمايسەن، — قاتتىق باغلانغان مۇزەپپەر دۈمبىسىدە يەر پىرقىراپ، ساق پۇتىدا يالاقچىلارنى تېپمشكە باشلىدى، — ھەي پۇچەك پۇلغا سېتىلغان ئاسىيلار، ئەجنەبىي غوجايىنىڭنى ئېلىپ كەل، ئۇ مۇناپىق بىلەن ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم ئوغرى، — ۋارقىرىدى چۈپۈر يۈز، — خالايىق، بۇ دېگەن ۋاڭ ئامبالنىڭ قەدىناس دوستى موللېر ئەپەندىنىڭ ئەتىۋارلىق قاپقىنىنى ئوغرىلىغان قاپ يۈرەك ئوغرى ...

— ھەي ۋىجدانىنى، ئىمانىنى ساتقان ئاسىي مۇناپىق! — مۇزەپپەر تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، — مەنغۇ قاپقان ئوغرىلاپتىمەن، لېكىن سەنچۇ؟ — مۇزەپپەر ئادەملەر توپىغا قارىدى، — بۇرادەرلەر، بۈگۈن سەھەر چاتقاللىق مەھەللىسى مەسچىتىدىكى بامدات نامىزىدا قىلىنغان تەپسىرنى ئاڭلىغانلار بارمۇ؟

— بار، ئاڭلىدۇق، — ۋارقىراشتى ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىمدۇر بىرى:

— «كىتابى پەتىۋا شېرىپ» تىكى گۆھەر سۆزلەر تەپسىر قىلىندى، — دەپ تېخىمۇ ئېنىق شەرھلىدى.

مىڭلىغان ئادەملەر ئورىتۋالغان سورۇندا بىردىنلا گەپ - سۆزلەر كۆپىيىپ، كىملەرنىدۇر تىللىغان، سەت ھاقارەتلىگەن، تۇكۈرگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. بەزىلىرى «جىگىرى بار يىگىتكەن» دېسە، يەنە بەزىلىرى «يۈرىكى قاپتەك بالىكەن» دېيىشەتتى، يەنە كىملەردۇر: «راست - تە، ھېلىقى ئەجنەبىي ئۆزى كەلسۇن،

ھۇنەرۋەننىڭ ھاجەتمەنىنىڭ ئالدىغا يېلىنىپ بارغىنى نەدە بار ...»
دەيتتى. ئەجنەبىي ئۈچۈن كالتەك، چوماق تۇتقان يالاقچىلار
خۇددى چوغقا دەسسەپ تۇرغاندەك، ئورنىدا قىمىلدىشىپ تۇرالماي
يەردىن ئۆستۈن قارىيالمىدى. ئەمما ئۇلار «ۋاڭ ئامبال كەلدى !»
دېگەن ئاۋازدىن بىردىنلا يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ، خۇشاللىقىدا
غۇرتتىدە يۇتۇنۇشتى. بالدۇر ئاتتىن چۈشكەن ئىككى قوغدىغۇچى
چېرىك ۋاڭ ئامبال، موللىلىر ۋە كىنىاتۇننى ئاتتىن يۆلەپ
چۈشۈرۈشتى. ئاڭغىچە چۈپۈر يۈز بىرنەچچە چاپارمەنلىرى بىلەن
خالايىقنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، ئۇلارغا يول ئاچتى. موللىلىرغا خەۋەر
قىلغىلى كەتكەن ئىككى نىمجان ئورۇق ئۈچ تەرىپى يۆلەنچۈكلۈك
ئۈچ دانە توقۇلما ئورۇندۇقنى مەيدانغا ئېلىپ كىرىپ قاتىرىسىغا
تىزدى - دە، شاپاق دوپپىسىدا سۈرتتى. ۋاڭ ئامبال ئوتتۇرىدا،
ئىككى ئەجنەبىي ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئىككى
چېرىك مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تەق
تۇرۇشتى. ھايال ئۆتمەي ئىشقۇللامۇ يېتىپ كېلىپ، چېرىكلەر
يېنىدا ئۆرە تۇردى.

زېھنى روشەن كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك،
موللىلىر «مۇزەپپەرنى بازار كۆنى تۇتىمەن» دېگەن ئىشەنچتە، ۋاڭ
ئامبالنى «خوشلىشىش» چېيىغا ئالدىن تەكلىپ قىلىپ
قويغانىدى. «خەنجەر قامچىنى ئەكېلىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە
قىلىپ، بىر قۇملۇق قىزىغا تەسلىم بولۇپ كەتكەن مۇزەپپەرنىڭ
يەردە ياتقان ھالىغا قاراپ موللىلىر مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.
چۈپۈر يۈز قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق ۋارقىرىغانىدى، مىڭلىغان
ئاۋازلار پەيدىنپەي جىمىقتى. موللىلىر نوپۇزلۇق ئەربابلار
پەدىسىدە گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— دانىش، مېنى ئالدىمغا كەلسۇن دەپتىكەنسەن، مانا كەلدىم. سېنىڭ ماڭا دەيدىغان گەپلىرىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق جاناب، — قاتتىق باغلانغان مۇزەپپەر تېڭىلغان پۇتىنى ئۈزۈن سۇنۇپ ئولتۇراتتى، — مەن ئۈزۈمنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلىماقچىمەن.

— مۇنداق دە! — موللىلار ئۇنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىنى مۆلچەرلەپ بولغانىدى، — ئىسىل ئەتىۋارلىق بۇيۇمنى ئوغرىلىغانلىق ئوغرىلىقنى كىرمەمدىكەن؟

— مەن ئوغرىلىمىدىم، پەقەت ئۈزۈمنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالدىم، خالاس!

— قانداق بىمەنىلىك بۇ؟ — ۋارقىرىدى ۋاڭ ئامبال ئورۇندۇقنىڭ يان يۆلەنچۈكىگە ئۇرۇپ، — تۆگلۈكتىن چۈشۈپ كېچىكى تۈندە ئوغرىلىق قىلىسەنۇ، يەنە تېخى «قايتۇرۇۋالدىم» دەپ بىلجىرلايسىنا هارامىلىق.

— جانابىي موللىلار، — مۇزەپپەر غەزەپ بىلەن تىكىلدى، — مەن قاپقاننى 12 تەڭگىگە ساتقان، بۇ پۇلنى ساق تاپشۇرۇپ ئالدىڭىزغۇ دېمەن ...

بۇ ئەسنادا ئارقىدا تۇرغان ئىشقۇللا ۋاڭ ئامبالنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويغانىدى، ئامبالنىڭ غەزەپلىك چىرايى بىردىنلا خىرەلەشتى.

— نېمە، سەن تېخى مەندىن سوئال سوراۋاتامسەن؟ — ۋارقىرىدى موللىلار، — ئاۋۋال ۋاڭ ئامبالنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەر!

— جانابىي ئىززەتلىك باشپاناھىمىز، — دېدى مۇزەپپەر ۋاڭ ئامبالنىڭ پۇتىغا خىش قويۇپ، — سىلى ئۇيغۇر دىيارىدا كۆپ

ئىشلىگەن ئادەم! نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەرلىرى بار ... سودىدا كېلىشەلمىسە قايتۇرۇۋالىدىغان، ياندۇرۇپ بېرىدىغان ئىشلار ئۆزلىرىگە قاراڭغۇ ئەمەس، شۇنداققۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، شۇڭا ئۇيغۇرلار: «ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتا ... » دېگەن سودا مىزانلىرىغا ئۆچ.

— توغرا، مەن كېچىدە تۇڭلۇكتىن چۈشۈپ قاپقىنىمنى ئالدىم ـ دە، ئۇنىڭ ئورنىغا 12 تەڭگىنى قويۇپ يېنىپ چىقتىم. بۇنى ئوغرىلىق دېگىلى بولارمۇ، بۇنداق ئوغرىنى كىشىلەر «سار» پوقىنى يەۋالغان سارالڭ، بېشىنى ئېشەك غاجىلىۋالغان پەيلىقۇش دېۋەك دېيىشى تۇرغانلا گەپقۇ! ...

توپلانغانلار ئارىسىدا تۇيۇقسىزلا كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ موللىبېر، كىناتونلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 12 تەڭگە ئىشىنى ۋاڭ ئامبالغا دېمىگەن موللىبېر سۈپسۈر تاتىرىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ قوللىرىنى كۆتۈرگىنىچە ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇردى:

— كېچىدە تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ ئوغرىلىغىنىچە ماڭا دېسەڭ بولماتتى، — موللىبېر 12 تەڭگەڭنى كەم كۆرۈپتۇ، دېمەكچى ئىدى. لېكىن ئىشقۇللانىڭ رەسۋا قىلىپ قويۇشىدىن قورقتى، — مەن تېخى ئامباردىكى نەرسىلەرنى ئېنىقلاپ چىقمىدىم. كىم بىلىدۇ، قىممەتلىك زىبۇ ـ زىننەتلەردىن قانچىلىكىنى ئوغرىلاپ قاچتىڭ؟

— مەن ئەزەلدىن ئەجنەبىيلەرگە ئىشەنمەيتتىم، — مۇزەپپەر بىردىنلا نىيىتىنى بۇزغان موللىبېرنى سەنلەشكە باشلىدى، — سەندەك ئالىيجاناب، مېھرىبانلىق تونىغا پۈركىنىۋالغان ئىبلىسقا تېخىمۇ ئىشەنمەيمەن ... بىراۋنىڭ نەرسىسىنى ھەقسىز ئېلىشنى گۇناھ ھېسابلاپ، ئورنىغا پۇل

قويۇپ قويغان ئادەم، باشقا نەرسىلەرنىڭ ئوغرىلامدا؟ مۇسۇلمانلار، سىلەر ئىشىنەمسىلەر؟ ...

— ئىشەنمەيمىز! ... بۇ ئەجنەبىي چىدىماسلىق قىلىۋاتىدۇ ... راسا ئۇششۇق نېمىكەن ...

ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەن ۋاڭ ئامبال بارغانسېرى شەرمىسار بولۇۋاتقان مولليېر، كىناتونلارنى ئوخشۇشسىز شارائىتتىن قۇتقازماقچى بولدىمۇ ياكى نېمە ئويى بار، قولىنى شاپپىدە كۆتۈرگەندى، ھەممە جىمىدى:

— دانىش، — ئامبالنىڭ ئاۋازى سۇرلۇك ئىدى، — ئەجەب سەن سېتىپ بولغان نەرسەڭنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ قاپسەن، بۇ نېمە ۋەجدىن؟

بۇ سوئالنى ۋاڭ ئامبال قەستەن سورىدىمۇ ياكى ئاغزىدىن تەرەببا چىقىپ كەتتىمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما مۇزەپپەر ئۇچۇن كۆڭلىدىكىنى دەۋېلىش پۇرستى يارالغانىدى.

— ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئاپىرىدە قىلغان بىر تال يىڭنە، بىر تىكىم يىپمۇ جۇڭگو تۇپرىقى، جۇڭگو زېمىنى، جۇڭگو پۇقرالىرى ئۇچۇن قىممەتلىك بايلىق ھەم تېپىلماس تۇتىيا! ... — مەيدان تىمتاسلىقتا چۇڭگەندى، — ئۇلارنى نەلەردىندۇر كەلگەن كەلگۈندىلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى ئەجدادلىرىمىز ئۇچۇن ھاقارەت! ئەھلى جامائەتىمىز، مەنسەپ تاجىسى كىيىپ، ئەمەل ئېتىغا مىنگەن ھۆكۈمدارلىرىمىز ئۇچۇن يۈيۈپ بولغۇسىز نومۇس! مەن بۇ ھېكمەتلەرنى ناھايىتى كىچىككىپ چۈشەندىم ... تۆت يىل ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇشۇم مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى.

ۋاڭ ئامبال ساقاللىق ئېڭىكىنى مەيدىسىگە تىرەپ ئويغا

پاتتى ... موللىر، كىناتونلارنىڭ چىرايى كەسلەنچۈكتەك بەترەڭ تۇس ئېلىپ، ئورۇندۇقىغا مىخلىنىپ قالدى. لېكىن، موللىر ئاسانلىقچە بەل قويۇپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. «كەلگۈندى»، «تالان ـ تاراج» دېگەن سۆزلەرنىڭ سالمىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. بۇ ئۇنىڭ يۈزىدىكى نىقابىنى يىرتىپ، ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان سېھىرلىك ئەپسۇن رولىنى ئۆتەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئېكسپېدىتسىيەنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ھەققىدە بىرمۇنچە ۋالاقلىغانىدى، مۇزەپپەر قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمىدى:

— بىز ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆچكە، كالىلارنىڭ سۈتىنى ئىچىپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن ئۇلارنى بىرەر قېتىممۇ «ئانا» دەپ باققىنىمىز يوق! — سورۇندا گۇرردە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، — سىنىڭ ئاشۇ كالا، ئۆچكىلىرىمىزدەكمۇ ھىممىتىڭ بولماي، بەلكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىنى چۇۋۇپ، ئۇلارنىڭ روھىنى جىم ياتقۇزمىغان تۇرۇقلۇق، ئەمدى بىزنىڭ شەپقەتچىمىز بولۇپ قالدىڭما؟!

كىناتونىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى. سورۇندىكى مەسخىرىلىك كۈلكىلەر، يۈرىكىگە مىختەك قېقىلىۋاتقان مۇزەپپەرنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئوغا يەپ، يىگنە يۇتقاندەك قىلىۋەتتى. ئۇ موللىرنى ئېزىق چىشىغا ئېلىپ پۈركۈۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى. بالدۇرلا تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىپ كەتكەن بولسا مۇشۇ دەردىسەرلەر يۈز بېرەرمىدى؟! بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق، توشقان قومۇشتا ئۆلسە، ئەر نومۇستا دېگىنى شۇ بولماي نېمە؟! مانا، ۋاڭ ئامبالنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەس ھالغا كېلىپ قالدى! ...

— ھاي خالايىق، تىنچلىنىڭلار، — ۋاڭ ئامبال ئورنىدىن تۇردى، — دانىش گۇناھسىز، ئۇنىڭ قىلمىشى ئوغرىلىقتا ياتمايدۇ. سىلەر ئوغرىلىقتا كىرىپ، ئالغان نەرسىسىنىڭ ئورنىغا پۇل قويۇپ قويغان ئوغرىنى كۆرگەنمۇ؟! ...

— كۆرمىگەن، — ۋارقىراشتى ئالىمان.

— مانا بۇ پۇقرالىرىمىزنىڭ پاك - دىيانىتى، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيىتى ! ھەممىڭلار دانىشتەك بولۇڭلار! سوراق تامام ...

— توختاڭلار، — يىغىلغىنىڭە تەن بەرمىگەن موللىلار چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، — دانىش قاتىل ! ! ! ...

سورۇن بىردىنلا تىمتاسلىقتا چۆمدى. ۋاڭ ئامبالنىڭ چىرايى تۇتۇلغان ھالدا بىرھازا تىكىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىنورمال ھالىتىنى سېزىپ قالغان كىناتون موللىلىرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغانىدى. بىراق، موللىلار تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى:

— ياق ! ئۇ قاتىللىق جىنايىتى ئۈچۈن جازاسىنى تارتىشى كېرەك !

— ئۇنداقتا، — مۇزەپپەر ئاچچىقىدا دېمەيدىغان گەپتىن بىرنى دەپ سالدى، — سىلەرنىڭ يەنە پىچاق يېگۈڭ بار ئىكەن - دە؟

كىناتون، ۋاڭ ئامبال ۋە ئىشقۇللانىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئۈچۈقلا قالدى. بولۇپمۇ تۆت يىلدىن بۇيان ئۆز قاتىلىنى گۇمان قىلغان، لېكىن زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كېلىۋاتقان موللىلار كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەملەر توپى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئېگىز كۆتۈرگەن ئىككى قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ ۋارقىدى:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ خالايىق ! مانا ئۆزىمۇ ئىقرار ... ئۇ

كېچىدە چېدىرىمغا ئىقابلىق كىرىپ ماڭا پىچاق ئۇرغان قاتىلنىڭ ئەق ئۆزى شۇ!

— ئەھۋال چۈشىنىشلىك، — ۋاڭ ئامبالنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — تۆت يىل ئىلگىرى چېرىكلەر بىرنەچچە ئاي ئىزدەپ تاپالمىغان قاتىل دانىش شۇ ئىكەن ـ دە.

قاتىللىقنى سۈرۈشتە قىلىش كونا جاراھەت ئاغرىنى تاتىلاش بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر مۇزەپپەر «مەنغۇ ئەمەلگە ئاشمىغان قاتىللىقنى قىلدىم، لېكىن سەنچۇ؟» دېسە، فون لىكوك، باتاسلار پۈتكۈل دۇنياغا چار داستىخان قىلىپ يايغان ئۈچ ئادەم ۋەقەسى چۇۋۇلۇپ چىقمامدۇ! بۇلارنى دانىش يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلىدىغان تۇرسا ... بىراق، شەرمەندە بولغانلىقىغا تەن بەرمىگەن موللىبر «بىر سايانىڭ قولىدا يىقىلمەنمۇ؟» دېگەن مەنمەنلىك ۋە قان قىزىقلىقىدا، كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەتەرلىك ئاقىۋەتنى ئويلاپ يېتەلمىدى. «ھېسسىيات ھۆكۈمران بولسا، ئەقىل بوسۇغىدا قالىدۇ» دېگەن ھېكمەت مۇشۇنداق يېنىك تەبىئەت، ئالدىراقسان ئادەملەرگە قارىتىلغانىكەن ـ دە!

ئاچچىقىدا جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان كىناتون ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاڭ ئامبالنىڭ قولىقىغا پەس ئاۋازدا شىۋىرلىغانىدى، ۋاڭ ئامبال:

— ياق ! قاتىللىق ئىشىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ ... يۇقىرىدىن سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلارنى قوغداش، ئامانلىقىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىش، ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەققىدە پەرمان بار ... شۇڭا، مەن ئەينى ۋاقىتتا چېرىك

چىقارغان، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. كىناتون موللىلىرغا «جاجاڭنى ئەمدى يەيسەن، بۇنى ئۆزۈڭ تىلەپ تاپتىڭ ... » دېگەندەك بىر ئالىيىۋېتىپ، ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى. لېكىن، ئامبال مۇزەپپەرنىڭ قاتتىق باغلاقتىن قوللىرىنىڭ كۆكىرىپ، قارىداپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— باغلاقنى يېشىۋېتىڭلار! — دەپ ئۇنلۇك ۋارقىرىدى.

— ئامبال ھەزرەتلىرى، — دېدى چۇپۇر يۈز خۇشامەتتىن بەللىرى ئېگىلىپ، — ئۇ بەك يامان نېمىكەن، يېشىۋەتسەك قېچىپ كېتەرمىكىن !

— ھەي دەلتە، كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ يەر دەسسىيەلمەي تۇرسا قېچىپ كېتەلەمتى؟ قان يۇرۇشمەي قولى كاردىن چىقسا، تۇرمىدە ئۇنىڭ ئۇچۇن سەن ئىشلەپ بېرەمتىڭ؟

باغلاق يېشىۋېتىلگەندىن كېيىن مۇزەپپەر يەردە ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى بىرھازا ئۇۋۇلىدى. ئاڭغىچە كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ قولتۇق تايىقىنى ئەكېلىپ بەردى. ئامبالنىڭ پەرمانى بىلەن ئىككى يالاقچى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، تايىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويغانىدى، مۇزەپپەر باشقىدىنلا ئاغرىق كىرىپ كەتكەن پۇتىدا يەر دەسسىيەلمەي سەل كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇردى.

ۋاڭ ئامبالنىڭ تۇرمىنى ئېغىزغا ئېلىشى، موللىلىرنىڭ ئىچىگە چىراغ ياققاندەك لىپپىدە يورۇغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇزەپپەرنى باغلاقتىن ئازاد قىلىشى كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدى. «ئوغرىلىق» ۋەقەسىدە ئەينەن ئەھۋالنى دېمەي، ئۆزىنى كولدۇرلاتقان ئىش سەل تىك كەلگەن ۋاڭ ئامبال «قاتىللىق» ئىشىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالغانىدى. مۇزەپپەرنىڭ «يەنە پىچاق يېگۈڭ بارمۇ؟» دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى مۇنداقلا

ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپ بولماي، بەلكى ئىچىگە پاتماي قالغان ئاچچىق دەردىنىڭ بىردىنلا پارتلاپ چىقىشىدەك قىلاتتى. شۇڭا، ۋالڭ ئامبالنىڭ «پەرمان»غا يۆلەپ تۇرۇپ قاتىللىقىنىڭ سىرىنى بىلىش نىشانى بارلىقى ئېنىقتىنى ئېيتمىغىدەك يېقىندەك تۇراتتى. ئەمما قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرگەندەك موللېر يەنە سەكرەپ قوپتى:

— قاتىللىق ئىنچىكە ۋە خاراكتېرى ئېغىر ۋەقە، — دېدى ئۇ ئامبالغا قاراپ، — شۇڭا ئۇنى «ئەنجانباغ» قەسرىگە ئاپىرىپ سوراق قىلىش كېرەك!

— مەن سېنىڭ قەسرىڭگە بارمايمەن، — مۇزەپپەر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — ئەگەر قورسىقىڭدا ئاغرىقىڭ بولمىسا، مۇشۇ خالايىق ئالدىدا دەيدىغىنىڭنى دە!

— ئېلىپ مېڭىڭلار، — موللېر چوماقچىلارغا قارىدى، — ئۇنى ئىتنىڭ تاپىدەك سۆرەپ بولسىمۇ ئاپىرىڭلار!

چاپارمەنلەر مۇزەپپەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى قولىدىن تارتسا، يەنە بىرى نەچچىسى دۈمبىسىدىن ئىتتىرەتتى، بەزىلىرى ياقىسىدىن سۆرەيتتى. خۇددى ئاچ قالغان بۆرىلەر بىر پارچە لوقمىنى تالىشىپ تالان - تاراج قىلىۋاتقاندەك، ئوتتۇرىدا قالغان مۇزەپپەر پۈتىنى ئاۋايلىغانسېرى، ئۇلار تاياقلار بىلەن نەق ئاغرىق يەرگە ئۇراتتى، دەسسەيتتى، تېپەتتى. مۇزەپپەر تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى، بارمەيمەن دەپ ۋارقىرايتتى. سورۇن ئەھلى ئارىسىدا نارازىلىق دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى. ئالىمان خۇددى كەلكۈن سۇدەك يامراپ بېسىپ كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق نازۇك پەيتتە ۋالڭ ئامبال ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار. چېرىكلەر ئاپارسۇن، قېنى يۆلەپ

مېڭىڭلار!

ۋاڭ ئامبالنىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا: «توختاش! ...» دېگەن زىل، ئەمما ياڭراق سادا بىلەن تەڭ «گۇم! ...» قىلغان ئاۋاز ياڭرىدى. چۆچۈپ كەتكەن سورۇن ئەھلى، دەۋاگەر موللىېر، كىنناتونلار ۋە ۋاڭ ئامبال بىلەن چاپارمەنلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە بىردەك قاراشتى. تەڭگە گۈللۈك بوز ئارغىماق ئۈستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان بىر قىز، ئاسمانغا قارىتىلغان مىلتىقنىڭ پاينىكىنى يوتىسىغا تىرەپ، تەپكىنى تۇتقان ھالدا زىچ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا مەردانە تۇراتتى. بېشىغا پەس قاسقانلىق ئاق تەلپەك، قىزغۇچ خام كۆڭلەكنى ئۈستىگە تېرە جىلىتكە كىيگەن، بېلىدىكى كۆپ پىستانلىق كەمەرىگە خەنجەر قامچا قىستۇرۇلغان بۇ قىز گۈلبادام ئىدى.

— يولنى بوشات! ...

ئادەملەر دەرھال ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئوتتۇرىدىن يول ئېچىلدى. گۈلبادام ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى - دە، نەق سوراق مەيدانىغا كېلىش بىلەن تىزگىننى سىيرىغانىدى، «قاشقا يۇلتۇز» تىككىدە تەك بولۇپ، قاتتىق كىشنىۋەتتى ... گۈلبادام ئۇزەڭگىنىمۇ دەسسىمەي ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. ۋاڭ ئامبال قىزنىڭ ئۈستىبېشىغا، مۇرىسىگە چاپراس ئېسىلغان ئوقدانغا، تاسما چۆچىلىق پۇرۇم چورۇقىغا قاراپ: «ھەقىقىي ئۇيغۇر ئوۋچى قىزى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— قېنى قايسىڭ دانىش ئاكامنى ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدۇرۇپ باق، بېشىڭنىڭ قېتىقىنى مۇشۇ سورۇندا نەزىر قىلىمەن، — گۈلبادام چۈپۈر يۈزگە خەنجەردەك قادالغانىدى، ئۇ

مۇزەپپەرنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى، — دانىش ئاكا، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، ۋاڭ ئامبىلىمىز ئەجنەبىيلەردەك بىھۇدە ئادەم جازالىمايدۇ ھەم ئۆلتۈرمەيدۇ.

— سۆزىڭىز بەرھەق قىزىم، — ئىشقۇللا بوۋاي پەيتىنى قولدىن بەرمىدى، — ۋاڭ ئامبىلىمىز ئادىل ھەم رەھىمدىل ئەمەلداردۇر! شۇڭا، ئۇنى ھەممە: «ۋاڭ ئادىل» دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ ...

گۈلبادامنىڭ بارمىقى مىلتىق تەپكىسىدە بولغاچقا، ئىككى چېرىكمۇ مىلتىقىنىڭ ئىستوۋۇللىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تۇراتتى. ۋاڭ ئامبال چېرىكلەرگە ئىشارە قىلىشى، ئۇلار قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن گۈلباداممۇ مىلتىقىنى مۇرىسىگە ئاستى ...

گۈلبادامنىڭ لاتاپەت ھەم ھەيۋىتىدىن موللىلار، كىناتونلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلالماي قېلىشتى. قىزنىڭ جاسارىتى ۋە تۆرگۈنلۈكىگە قايىل بولغان ۋاڭ ئامبال دەسلەپتە ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بىر بۇيرۇق بىلەن مۇزەپپەرنى ئاتقا ئارتىپ بولسىمۇ ئېلىپ كېتەلەيتتى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر سوراقنى مەشەدە داۋاملاشتۇرۇشنى خالاپ قالدى. چۈنكى، موللىلار ھەر قېتىم بۇ دىيارغا قەدەم ئالغىنىدا، ۋاڭ ئامبالنى خۇددى شەخسىي چاكىرىدەك، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان قورچاق ئەمەلداردەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئەلۋەتتە پۈتكۈل خوتەن دىيارىنى قولىدىكى ياغاقتەك ئوينىتىۋاتقان بىر ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن بۇ خورلۇق ھېسابلىناتتى. ئەمدى مۇشۇنداق پۇرسەتتە مىڭلىغان پۇقرالار توپلاشقان سورۇندا ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى، مەنمەنلىكىنى، ئەجنەبىيلىك سالايىسۇپىتىنى سۇندۇرسا، ۋاڭ ئامبالنىڭ خەلق

ئالدىدىكى شان ـ شۆھرىتى، ئىمتىيازى، ھۆرمەت ـ تۆسپى ھەسسىلەپ ئاشامدۇ!

ۋاڭ ئامبالنىڭ سالايسوپەت بىلەن ئورۇندۇقىدا كېرىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن خەلق بىردىنلا گۇلدۇراس ئالقىشلارنى ياغدۇرىۋەتتى. بۇ ئامبالغا مەدەت، موللىلار، كىناتونلارغا ئورۇلغان قامچا بولدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئىلاجسىز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. ۋاڭ ئامبال قىزغا زوقلىنىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— قىزچاق، سىز دانىشنىڭ نېمىسى بولىسىز؟

— مەن ... — گۇلبادام بىردەم تۇرۇۋالدى، — سىڭلىسى بولىمەن.

— سىز سوراقنىڭ مەشەدە بولۇشىنى خالامسىز؟

— شۇنداق، ئامبال ھەزرەتلىرى، — گۇلبادام موللىلارغا تىكىلدى، — بىز قاپقاننىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئالمىغان ـ بەرمىگەن بولۇشتۇق. ئۇنىڭ دانىش ئاكامنى تۇتىدىغان يەنە نېمە ھەققى بار؟ بۇ قانداق ئۇششۇق ئادەم ! سىلىنى بىكاردىن ـ بىكار ئاۋارە قىلىسا بولامدۇ؟

— قىزچاق، سىز راستىنلا دانىشنىڭ سىڭلىسىما؟ — موللىلار ھىجايدى، — ئۇنداق ئەمەستۇ، بەلكىم سىز ...

— ئاغزىڭنى يىغ ئىپلاس، — گۇلبادام قىزىرىپ كەتتى، — سېنىڭ دەۋاگەر بولۇشۇڭ بۇ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ...

— ماقۇل ئەمىسە، — موللىلار ئورنىدىن تۇردى، — دانىش زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ سىزنىڭ قوغدىشىڭىزغا ئەرزىمدۇ ـ ھە؟

— ماڭا يېقىن كەلگۈچى بولما، — قىز مىلتىقىنى قولىغا ئالدى، — بىر قەدەم ئالساڭ ئېتىۋېتىمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — مولليېر ئوڭئايسىزلىنىپقىنە كۈلۈپ قويدى، — مەن ئاشۇ بېلىگىزگە قىستۇرۇۋالغان خەنجەر قامچىڭىزنى 10 تىللا قىلسام بەرمەمدىڭىز. لېكىن دانىش 15 تىللا ئۈچۈن سىزنى ئۆلتۈرۈپ، قامچىڭىزنى ماڭا ئەكېلىپ بەرمەكچى بولغان قارا نىيەت!

بۇ چاغدا مەيداننى قورشىۋالغان ئادەملەر ئارىسىدا «ئوھۇ، 15 تىللا» دېگەن شاۋ ـ شۇۋلار كۆتۈرۈلدى. ئەمما سورۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان ئۇزۇن ئالا تونلۇق، پارقىراپ تۇرغان خاپان كاللىسىغا مايلىشىپ كەتكەن بادام دوپپا كىيگەن، قاپىقى يامان بىر ئادەم «15 تىللا» دەپ كالپۇكلىرىنى يالىدى ھەم ئۇ چۈپچۈر يۈزگە كۆز قىسىپ قويدى ... خاپان كالىلا يەنە يېنىدا تۇرغان ئىككى ئورۇقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— سەن تولا ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلمىساڭمۇ، ئۇلاردىن خەۋىرىم بار، — دېدى گۈلبادام قەھر بىلەن، — دۇنيادا ئازمايدىغان كىم بار؟ تولا گەپنى ئەگىتمەي، دانىش ئاكام ئوغرىمۇ ياكى توغرىمۇ شۇنى ئىسپاتلاپ بەر!

— دانىش ئاكىڭىزنى، — مولليېر ئالدىغا بىر قەدەم ئالغاندى، گۈلبادام شارتلا ئۇنىڭغا مىلتىقىنى توغرىلىشى، ئۇ ئارقىغا چېكىندى، — ۋاڭ ئامبال «گۇناھسىز» دەپ قويۇپ بەردى.

— شۇنداق! — دېدى ۋاڭ ئامبال، — ئۇ ئوغرىلىقتا ياتمايدۇ، سودىدىكى كېلىشەلمەسلىك.

— ئەمىسە، ئۇنى نېمىشقا قويۇپ بەرمەيسىلەر؟

— مولليېر جاناب ئۇنى قاتىللىقتا ئەيىبلەۋاتىدۇ، شۇڭا بۇ جىنايەتنى ئېنىقلىماقچىمىز.

— قاتىللىق ؟! — گۈلبادام مۆزەپپەرگە قارىدى، — دانىش، بۇ ... بۇ ... راستمۇ؟

— راست سىڭلىم، — مۆزەپپەر مولللىپرغا تىكەندەك سانجىلدى، — بۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىدىم ...

ۋاڭ ئامبالنىڭ كۆڭلىدە تۇگۈچ پەيدا بولدى. دانىش نېمە ئۈچۈن جان بىلەن ئويۇنىشىدىغان جىنايەتتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ ... ئاسانلا ئىقرار بولىدۇ؟ نېمىشقا مولللىپرغا ھەر قارىغىنىدا كۆزلىرىدىن ئۆچمەنلىك ئوتى چاقنايدۇ؟! ئەجەبا، ئۇنىڭدا تېرىقتەك بولسىمۇ قورقۇش، ۋەھىمە، ئەنسىرەش زەرلىرى كۆرۈنمەيدۇ! ئۇنىڭ قاتىللىققا نىسبەتەن تولۇق تەييارلىقى، ئىسپاتى، ئىشەنچى بولمىسا بۇنداق مەردانىلىك بولامدۇ؟!

— دانىش، قاتىللىقىڭغا ئىقرار ئىكەنسەن، — ئامبال سوراقنى باشلىدى، — ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ چېپىلىسەن ياكى ئېتىلىسەن !

— بىلىمەن جانابلىرى، دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ ناھايىتى شۇ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكتۇ! — مۆزەپپەر بىگىز بارمىقىنى مولللىپرغا جۈندى، — بىراق بۇ چوڭ قاتىلنى ئۆلتۈرەلمەي كېتىپ قالسام، كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ!

«چوڭ قاتىل» گېپى چىقىش بىلەن كىناتون بايىس ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئىچىدە «تۈگەشتۇق، تامامەن تۈگەشتۇق، كونا ئىشلار چۇۋۇلۇپ چىقىدىغان بولدى» دەپ تولغىنىپ كەتتى. نەق شۇ چاغدا ئامبالنىڭ سوئالى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— چوڭ قاتىل دېگىنىڭ نېمىسى؟ تولۇق ئىزھار قىل؟!

سوراق مەيدانىنى چەمبەرسىمان قورشىۋالغان ساناقسىز

ئادەملەر توپى ۋاڭ ئامبالنىڭ سوئالىدىن بىردىنلا ئىغىر - يېنىك تىنىقلار ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى. سورۇننىڭ ئالدىدىن بىر - ئىككى قاتار ئارقىدا ئەجنەبىيچە كىيىنگەن غەلىتىلا بىر ئادەم پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك مەيداندىكى سوئال - جاۋابلارنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن چار پەلتو، بېشىغا كۆل رەڭ كۆرپە قۇلاقچا، پۇتىغا ياماق ئۈستىگە ياماق سېلىنغان ئۇزۇن قونچلۇق خۇرۇم ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. بۇ غەلىتە ئادەم بېشىنى سىڭايان قىلىپ مۇزەپپەرنىڭ ياڭراق ئاۋازدا سۆزلىگەن جاۋابىغا قۇلاق ياقتى.

— ۋاڭ ئامبالنى ئادالەت بابىدا يېتۈك زات دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دەپ گەپ باشلىدى مۇزەپپەر. ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ئىشقۇللا مەدەت بەردى:

— بەرھەق! كۆپ ئادەملەر ئامبىلىمىزنىڭ شاراپىتىگە نائىل بولغان ...

— دەرۋەقە، مەن بۈگۈن ئۇنىڭ ئادالەتلىك يەكۈنىدىن بەھىر تاپتىم! — دېدى مۇزەپپەر سورۇنغا تەكشى قاراپ، — كارنىڭ مولليېر زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ تەكلىماكان قاراقچىسى دەپ نام ئالغان بۇلاڭچى ھەم قاتىل! بۇنىڭدىن 14 يىل ئىلگىرى ئۇ بىرىنچى قېتىم تەكلىماكاننى قېزىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئىككى ئادەمنى ئۆز قولى بىلەن ئاتقان، يەنە بىر توختى ئىسىملىك دېھقاننى ئۇسسۇزلۇقتا قىيناپ ئۆلتۈرگەن. مانا شۇ ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى مېنىڭ دادام ئىدى ...

گۈلبادامنىڭ كۆڭلىدىن: «دانىشنىڭمۇ دادىسى ئەجنەبىيلەر قولىدا ئۆلۈپتىكەن - دە» دېگەن ئوي ئۆتۈشى، ئۇ مولليېرغا

قىنىقماس ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى.

— ئۇنداقتا سەن، — ئامبال گېلىنى قىرىپ قويدى، — مۇشۇ قىساس ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا موللىلىر ئەپەندىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپسەن ـ دە؟

— شۇنداق تەقسىر! كىچىكىمدىن تارتىپ بۇ قىساس يۈرىكىمدە يىلتىز تارتىپ، يىللار ئۆتكەنسېرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى.

— بۇ دېگەن قەستەنلىككە ياتىدۇ جۇمۇ، بۇنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، مەن ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، بۇ قىساس يەنىلا ئۇنتۇلماي يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قىسىپ كەلدى. غايىبتىن بىر ئاۋاز «ئاتاڭنىڭ قىساسىنى ئال!» دەپ دائىم مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا، تۆت يىلدىن كېيىن موللىلىرنىڭ تۆتىنچى قېتىم كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قەستەن ياخشىچاق بولۇپ يېقىنلاشتىم ...

باياتىن بېرى ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىغا، بىلىمىگە، بولۇپمۇ قانۇن ئىلمىگە ماھىرلىقىدىن پەخىرلەنگەن موللىلىر ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، خىرامان ئولتۇردى. چۈنكى، ئۇ ئىسپاتسىز، شاھىتسىز بۇنداق سەپسەتىلەر ئوسۇرۇقتا تەڭ دېگەن چۈشەنچىدە ئىدى. شۇڭا، مۇزەپپەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل مات قىلىپ، يەر چىشلىتىشكە قۇربى يېتەتتى. كارىنگ موللىلىر ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى:

— دانىش ناھايىتى چىرايلىق ھېكايىدىن بىرنى توقۇدى، — دېدى موللىلىر قوللىرىنى يېيىپ، — مېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنىمگە ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ گۇۋاھچىلىرىڭچۇ؟ بىسەر

جىنايەتنى تەپتىش قىلغانىدا بىردىن ئارتۇق شاھىتلار بولۇشى كېرەك، قېنى شۇلارنى كۆرسەت؟ مەن قايىل بولاي !

ــ توغرا، ــ ۋاڭ ئامبال دانىشقا قارىدى، ــ بىر ئەر جىنايەتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندا گۇۋاھچى، شاھىتلار بولۇشى كېرەك. بىر ئادەمنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇپ كەتسە، يۇرت ۋە ئاۋام مالىمان بولۇپ كەتمەمدۇ. شۇڭا بىزدە «ئوغرىنى تۇتساڭ مېلى بىلەن، زىناخورنى تۇتساڭ جۈپتى بىلەن تۇت» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، دانىش بۇلارغا نېمە دەيسەن؟

كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ، لېكىن بىلىمى بولمىغان دانىش تۇنجۇقۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بەش يىل ئىلگىرى ئۆيىگە پەتقۇللا رېھىم دېگەن ئادەمنىڭ كېلىپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. بىراق موللېر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ مانا مەن تونۇمايدىغان، ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەم پەيدا بولدى، ــ موللېر غەزەپ بىلەن قوللىرىنى سىلكىدى، ــ دانىش، سەن مېنىڭ قولۇمدا بىر يىل ئىشلىدىڭ، ئەگەر ئىش ھەققىڭنى تۇتۇپ قالغان، ئاز بەرگەن يەرلىرىم بولسا ئوچۇق دېسەڭ بولىدىغۇ، بۇ نېمە سۇيىقەست، ھېچقانداق ئاساسىڭ يوق قارا چاپلىساڭ بولامدا؟

ــ ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرگىنىڭ روسىيە ۋە شىۋېتسىيە گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭدىنمۇ تانامسەن؟ ــ مۇزەپپەر سەل جىددىيلىشىپ قالدى، ــ فون لىكوك، باتاس، پېللىئوتلارمۇ ساڭا قارا چاپلىغانمىدۇ؟ قېنى ئادىمىيلىك خىسلىتىڭ بىلەن جاۋاب بەر؟

ــ گېرمانىيەلىك فون لىكوك، باتاسلار، فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوتلار، روسىيەلىك ئاكا ـ ئۇكا بىلسوۋېسكىيلار

مېنىڭ كەسپىي رىقابەتچىلىرىم. مېنىڭدىن قۇسۇر تاپالماي، شان ـ شۆھرەتلىرىمنى كۆرەلمەي ھەر خىل پىتنە ـ ئىغۋالارنى توقۇيدىغان رەقىبلىرىم ... ئۇلارنىڭ شىرىنسۇخەن گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتتىڭما؟

— توختا، — مۇزەپپەر قولتۇق تايىقىنى تەڭلىدى، — ئۇلارغۇ سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭكەن، ئەمىسە ۋەتەندىشىڭ، خىزمەتدىشىڭ، سادىق ھەمراھىڭ بولغان ھېنرى مالكولمچۇ؟

— ئۇنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

— مەن فون لىكوك، باتاس، پېللىئوتلارنى كۆرۈپ باققىنىم يوق. ئۇقتۇڭما؟ — مۇزەپپەر ۋارقىرىدى، — ئۈچ ئادەمنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى، بۇ قاتىللىقنىڭ فون لىكوك، باتاسلار تەرىپىدىن رۇسىيە، شىۋىتسىيە گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغانلىقىنى ھېنرى مالكولم دەپ بەرگەن ...

موللېر دەرھاللا كىناتونغا قارىدى. كىناتون بولسا مۇزەپپەرگە قارىدى ـ دە، ئېتىلىپ كەلگەنچە ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ سىلكىشلەشكە باشلىدى:

— ئەمدى سەن مېنىڭ قېپىمىزنىمغا قارا چاپلىماقچىمۇ ئەبلەخ. مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— قويۇۋەت، تەپكۈچ ساقال تۈكباش. بولمىسا بېشىڭدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتىمەن!

كىناتون ئارقا مېڭىسىگە تېيىلىپ تۇرغان سوغۇق مىلتىق ئىستوۋۇلىدىن ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇزەپپەرنىڭ ياقىسىدىن بوغۇۋالغان قوللىرى لاسسىدە پەسكە چۈشۈپ:

— ئاۋايلاڭ خېنىم ... ئوق ... ئوق چىقىپ كەتمىسۇن، — دېدى يېلىنىپ. سورۇندىكى جىددىيلىك بىردىنلا كۈلكىگە

ئايلاندى.

— كىناتون جانابلىرى، جايىڭىزغا كېلىپ ئۆزىڭىزنى بېسىپ ئولتۇرۇڭ، — ۋاڭ ئامبالنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — سوراق مەيدانىنىڭ تەرتىپىنى بۇزسىڭىز بولمايدۇ.

بىردەملىك يۈز بەرگەن جىددىي كەيپىياتتىن موللىلار خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەپلىك پۇرسەت ئىدى. شۇڭا، موللىلار مۇزەپپەرنى ئېغىز ئاچالمايدىغان، ھەتتا ئۆزىگە پېلىنىدىغان دەرىجىدە مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى:

— جامائەت، بۇرادەرلەر، دانىشنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدىڭلار، ئۇ بىردەم پەتقۇللا رېھىم دېگەن ئادەم دەپ بەرگەن دېسە، تۇرۇپلا ھېنرى مالكولىمدىن ئاڭلىغان دەيدۇ. يەنە ئۇ فون لىكوك، باتاس، پېللىئوتلار گېزىتكە خەۋەر بەرگەن دەپ بولۇپ ئارقىدىن مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن، دېگەندەك تاققا ـ تۇققا، بىر ـ بىرىگە باغلاشمايدىغان، ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن ئۆزىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. لېكىن چاك باسمايدىغان سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ رەسۋا بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇنىڭ زادى قايسى گەپلىرى راست؟ — مولللىر دانىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا قادىلىپ قارىدى، — قېنى سەن پەتقۇللا رېھىم دېگەن ئادىمىڭنى تاپ، مەن تونۇپ باقاي ! يامىنى كەلسە فون لىكوك، باتاسلار مۇشۇ مەيداندا گۇۋاھلىق بەرسۇن ... قارا سېنىڭ ئۇستاتلىقىڭنى، ئۆزۈڭ قومۇشلۇققا ئاپىرىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن ھېنرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ يۈرۈسىنا ! ...

— دانىش، — دېدى ئامبال، — سېنىڭ يەنە دەيدىغان گەپلىرىڭ، كۆرسىتىدىغان دەلىللىرىڭ بارمۇ؟

— يوق جانابلىرى ...

مۇزەپپەرنىڭ «يوق» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىدىن ئۇنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولغانلىقىغا كۆزى يەتكەن موللىرنىڭ ئىچىدە گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ دەرغەزەپكە كېلىپ بىردىنلا ئەسەبىيلەشتى ـ دە، كۆڭلىدە تىنىپ قالغان قارا نىيىتىنى ئاشكارىلىدى:

ــــ مەن سېنى تۇرمىدە سېسىتىۋېتىمەن ! كارنىڭ موللىرغا تۆھمەت چاپلاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن، ئۇقتۇڭما ئەبلەخ ! ...

ــــ بۇنداق رەزىل نىيىتىڭنى ئالۋاستى خوتۇنۇڭغا دەپ بەر، ــــ گۇلبادام ئۇنىڭغا مىلىتىقىنى چەنلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، ــــ ئەگەر دانىشنى راستتىنلا تۇرمىگە كىرگۈزۈۋېتىدىغان بولساڭ، سەنمۇ تەكلىماكاندىن ساق چىقىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما! ئارقاڭدىن ئىز بېسىپ بېرىپ جېنىڭنى ئالىمەن ... ئالغاندىمۇ ئىچىڭگە تىكەننى ئوڭ تىقىپ، تەتۈر سۇغۇرۇۋالغاندەك قىيناپ تۇرۇپ ئالىمەن ! ! ... مېنى قوقاق سېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىساڭ تېخى ياخشى. چۈنكى سەن بىخۇدلىشىسەن ... ئۇقتۇڭما كۆك كۆز ئالۋاستى !

قىزنىڭ كۆزلىرىدىكى تەۋرەنمەس ئىرادە، چېھرىدىكى قىنىقماس دۈشمەنلىك، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن يېلىنجاپ تۇرغان جاھىللىقنى كۆرگەن موللىر ئۇنىڭ راستتىنلا دېگىنىنى قىلىدىغان جاسارىتىگە، تەرسالىقىغا ئىشەندى. ئۇ، «بىرنى بىر دەيمىز» دەپ مىڭلىغان كالىلارنىڭ چىپپىلغانلىق ھەقىقىدىكى قانلىق رىۋايەتنى ئەسكە ئالدى. يەنە كۆڭلىدە: «دانىشنى تۇرمىگە كىرگۈزۈۋەتسەم، ئۆزۈممۇ ساق قالمىغۇدەكمەن» دەپ جېنىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

تېگىرقاپ قالغان موللىېر تۈيۇقسىز بىر زەربىدىن ئارقىسىغا دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى مۆزەپپەر ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتكەنىدى:

— سېنىڭ سەت تەلەتىڭنى كۆرگۈم يوق، مېنىڭدىن نېرى تۇر. ئەمەلگە ئاشمىغان قاتىللىق ئۇچۇن مېنى ئېتىۋەتمەيدۇ. لېكىن ساڭا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ئانامنىڭ ھەربىر تال ئاق چېچى ماڭا ئايان بولغىنىدەك، تەكلىماكانمۇ ماڭا شۇنچىلىك تونۇش ! مەن سېنىڭ نەق دەسسەپ تۇرغان تاپىنىڭ ئاستىدىن ئېتىلىپ چىققىنىمنى ئۆزۈڭمۇ تۇيماي قالىسەن ! چۈنكى تەكلىماكان مېنىڭ ئانام ! ... ئەجدادىمنىڭ ماكانى ! ... ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ مۇبارەك تاۋاپگاھى ... سېنىڭ ئاناڭنىڭ، يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ ھەققى يوق !! ...

مەيداندا بىردىنلا قاتتىق ئۇرۇلغان چاۋاكلار ياڭراپ، ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. بۇنىڭدىن ۋاڭ ئامبال چەكسىز ھاياجانلاندى. چۈنكى، مۆزەپپەرنىڭ جاراڭلىق نۇتقى غەربىي دىياردا ياشاۋاتقان ھەربىر ۋىجدانلىق ئىنسانىنىڭ يۈرەك سۆزى، غۇرۇرى، ئىپتىخارى ئىدى. بۇ ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن موللېر ۋاڭ ئامبالنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنلۈك ئىلتىجا قىلدى. ئۇ يەنىلا پېتىدىن چۈشمىگەندەك قىلاتتى:

— ئامبال ھەزرەتلىرى، تەرگەۋدە كىمنىڭ قاتىل، كىمنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولدى. دانىش ھېچقانداق ئىسپات كۆرسىتەلمىدى ! ھەتتا قانداقتۇر ناتونۇش بولغان پەتقۇللا رېھىم دېگەن ئەبلەخنىمۇ بۇ مەيدانغا ئېلىپ كېلەلمەپتۇ. ئەمدى سوراقنى يەكۈنلەش ۋاقتى بولدىغۇ دەيمەن.

— پەتقۇللا رېھىم دېگەن ئەبلەخ مانا مەن بولىمەن ! ! ...

ئادەملەر ئارىسىدىن ئەجنەبىيچە كىيىنگەن ئىگىز بويلۇق بىر ئادەم سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنلۇك توۋلىغىنىچە مەيدانغا كىرىپ كەلدى. سورۇن ئەھلى باشقىدىنلا جانلاندى. موللىبىر قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن: «سەن ... سەن ... » دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھودۇقۇش ۋە ئىمىزتىراپقا چۈشكەن ھالىتى، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن كىناتونىنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى ۋاڭ ئامبالنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. ۋاڭ ئامبال تەلپەك ئورنىغا قۇلاقچا، يەكتەك، تون ئەمەس پەلتو، چورۇق ياكى كۆن ئۆتۈك كىيمەي، خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن پەتقۇللا رىھىمغا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقتى.

— جانابىي موللىبىر ئەپەندى، — دېدى ئامبال موللىبىرغا قايرىلىپ، — بۇ كىشىنى تونۇمسىز؟

— تو ... تونۇمايمەن، پە ... پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان!

— مېنى ھېلىلا تونۇپ قالىسەن، — پەتقۇللا رىھىمنىڭ كۆزلىرى ئۆچمەنلىككە تولغان بولۇپ، خۇددى موللىبىرنى بوغۇپ قويىدىغاندەك ئەلپازدا ھومىيىپ تۇراتتى.

— پەتقۇللا رىھىم، — ئامبال باشقىدىنلا روھلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى، — جانابىي موللىبىر ئەپەندىنى قانداق تونۇيسەن؟ قېنى باشتىن - ئاخىر ئېيتىلىق، چۈشىنىشلىك ھەم سۆزلىرىڭ روشەن بولسۇن!

پەتقۇللا رىھىم، تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بوستانلىق «ئاتىبېشى» كەنتىدىن ياللىۋالغان 30 مەدىكار «دەندان ئۆيلۈك» خارابىسىدىن تېپىلغان، بۇددىزم دەۋرىدىكى بىر بۇتخانىنى قېزىش، تالان - تاراج قىلىش ۋەقەسىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

بىركۈنى ئىسرائىل ئىسمىلىك ناتونۇش ئادەم تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمالىدا سىرلىق بىر خارابىنىڭ بارلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن خۇشاللىقىدا چۆمگەن ئاچ كۆز موللىير ۋە كىناتونلار تۆت ئۇيغۇر مەدىكارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. پەتقۇللا رىھىم خارابىلىككە بېرىش جەريانىدىكى قارا بورانلىق كېچە، پىتىراپ كەتكەن تۆگىلەر، يول ئىزنالىرى بۇزۇلغان قۇملۇقتا تېنەپ كېتىشلەر، ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەنى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا بايان قىلدى.

— مەن بۇ ۋەھشىيانە قاتىللىقنىڭ شاھىتى بولغانلىقىم ئۈچۈن موللىير مېنى قويۇپ بەرمەي قومۇل دۇنخۇاڭ، تۇرپان سىڭگىملەرگىچە بىللە ئاپاردى، — دېدى پەتقۇللا رىھىم كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، — مەن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۇسۇرلاشلىرىدىن، سۆز - مۇئامىلىلىرىدىن يامان نىيىتىنى سېزىپ بولغانىدىم. ئۇلار ھىندىستانغا قايتىش ھارپا كۈنى «ئويناپ كېلىمىز» دېگەن باھانىدە مېنى سىڭگىم چۆللۈكىگە ئاپاردى. موللىيرنىڭ پىلاش يانچۇقىدا مىدىرلاۋاتقان قوللىرىدىن كۆز ئۈزمەيتتىم. تەلىيىمگە چۆللۈكتىن بىر توپ ئېشەكچىلەر ئۇلاغلىرىغا شاخ - ئوتۇن ئارتىپ يېتىپ كەلدى. مەن شۇ باھانىدە قېچىپ كەتتىم.

— سەن فون لىكوك، باتاسلارنىڭ، — سورىدى ئامبال سۇرلۇك تەلەپپۇزدا، — قاتىللىق ھەققىدە رۇسىيە، شۋېتسىيە گېزىتلىرىگە خەۋەر بەرگىنىنى بىلەمسەن؟

— بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرنى ئۇلارغا يەتكۈزگىنى مەن، — دېدى پەتقۇللا ئىشەنچلىك ھالدا، — سىڭگىم چۆللۈكىدىن قېچىپ، قاراغوجىغا بارغىنىمدىن كېيىن فون لىكوك ئېكسپېدىتسىيە

ئەترىتىدە ئىشلىدىم. مانا بۇ بېشىمدىكى قۇلاقچا بىلەن پەلتو فون لىكوكنىڭ، ئۇنىڭ پۇتى كېچىك بولغاچقا، باتاس ئۆزىنىڭ ئۆتۈكىنى كىيگۈزۈپ قويغان. بۇ كىيىملەرنى ئادەتتە كىيمەيمەن، خاتىرە ئۈچۈن ساندۇقۇمدا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

— ئارىدىن 13 ـ 14 يىل ئۆتكەندە، ئەجەب گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈڭ كېلىپ قاپتىغۇ. بۇ ۋاقىتچە نەدە قالغان؟

ئامبالنىڭ گۇمان قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان پەتقۇللا رېھىم دادىل جاۋاب بەردى.

— بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئاياغلاشقاندا فون لىكوك مېنى گېرمانىيەگە ئېلىپ كەتكەن. مەن ئۇ يەردىكى بىر مۇزېيدا تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىدىم. لېكىن، يۇرتۇم خوتەننى سېغىنىپ ساراڭ بولايلا دېدىم. شۇڭا ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندە، فون لىكوك مېنى ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەگە قاتناشتۇرۇپ، يەنە تورپان قارىغوجىغا كەلدۇق. ئەمما بۇ قېتىم جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم.

— ئوچۇق دېگىن.

— رۇسىيە، شىۋېتسىيە گېزىتلىرىگە قاتىللىق خەۋىرى بېسىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان موللىلار مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن فون لىكوك بىلەن باتاسلار مېنى قۇتقۇزۇۋالدى. ھازىر بۇلارنىڭ بىر ئادىمى شۇلارنىڭ قولىدا ... ئۇنىڭ ئىقرارنامىسى بېسىلغان گېزىتنى ئېلىشقا ئۇلگۈرەلمەي ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم.

كىناتوننىڭ سۇس تىترەۋاتقىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويۇۋالغان قوللىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. موللىر يەنىلا ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا گىدىيىپ ئولتۇراتتى. دانىشنى قولتۇقلاپ تۇرغان

گۈلبادام بولۇنۇۋاتقان مۇرەككەپ ئىبارىلەردىن ھەيران بولۇپ، بىر ئامبالغا، تۇرۇپلا پەتقۇللا رىھىمغا قارايتتى.

— جانابىي موللىبىر، پەتقۇللا بىرمۇنچە ئىسپاتلارنى كۆرسەتتى، — دېدى ئامبال ئۇنىڭغا قارىمايلا، — بۇلارغا سىز قانداق قارايسىز؟

— بۇلار ئىسپات ئەمەس، بەلكى ئويدۇرۇلغان تۆھمەت! بۇ مېنىڭ رەقىبلىرىمنىڭ، — موللىبىر پەتقۇللاغا قارىدى، — مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېۋانىلەر ئارقىلىق تارقاتقان ئىغۋاسى ... مەن بۇ يىرگىنچلىك مەخلۇقنى تونۇمايمەن.

— نېمانداق قۇيرۇقىغا يانتاق قىستۇرۇپ قويغان ئېشەكتەك چىچاڭشىۋېرىسەن؟ — پەتقۇللانىڭ سۆزىدىن گۇرۇلدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، — «تونۇمايمەن» دېگەن سۆزنى مۇشۇنىڭ بىلەن تۆت قېتىم تەكرارلىدىڭ. شاشماي تۇر، ھېلىلا «جېنىم ئاكا ...» دېگۈزىمەن تېخى ...

— ئەمىسە سەن دېگەن ئاشۇ گېزىتلەر قېنى؟ ئۆزۈڭنى ئىسپاتلىغۇدەك پاكىتىڭ بارمۇ؟

— مانا! ! ... — پەتقۇللا پەلتونىڭ ئىچ يانچۇقىدىن ئىككى پارچە گېزىتنى ئالدى - دە، ئامبالغا سۇندى، — ئامبال ھەزرەتلىرى، بۇ گېزىتلەرنىڭ بىرى رۇسىيەنىڭ، يەنە بىرى شىۋېتسىيەنىڭ ... گېزىتتىكى رەسىمنى ھېنرى مالكولىم تارتقان، موللىبىر ئىشلەمچىلەرگە بىردىن تارقىتىپ بەرگەن ... ئوبدانراق قاراپ باقسىلا، رەسىمدە مەن ھەم مۇنۇ قوتۇر ئېشەكنىڭ سۈرىتى بارمىكەن - يوق؟

ئامبال چەت ئەل يېزىقلىرىنى تونۇمىغىنى بىلەن رەسىمدىكى ئادەملەرنى ئېنىق تونۇدى. ئالتۇن چىلاپچا ھەم توققۇز كۆز

قويۇلغان شاھ تاجىسىنى ئىككى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان كارنىڭ موللېر بىلەن مىس چىراغداننى باش ئۈستىدە پۇلاڭلىتىۋاتقان كىناتونلار ئاغزىنى يوغان ئاچقان ھالدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېگىز ـ پەس ئولتۇرغان ئىشلەمچىلەرنىڭ قوللىرىدا كەتمەن ـ گۈرجەكلەر بار ئىدى. ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بېلىنى پوتىدا باغلىۋالغان پەتقۇللا رېھىم ئەڭ چەتتە كەتمەن دەستىسىگە يۆلىنىپ نەگىدۇر تىكىلىپ قالغانىدى. تاقەتسىزلەنگەن موللېر بىلەن كىناتونمۇ كېلىپ گېزىتكە ئېڭىشتى:

— پاھ، رەسىمگە ھەيۋەت ھەم مەردانە چۈشۈپسىلەر، — ئامبال موللېر بىلەن كىناتونغا تەئەددى قىلىپ قارىدى، — موللېر ئەپەندى، مۇنۇ ئۆرە تۇرغان جۇلدۇر كېپەن كىمۇ، تونۇدىڭىزمۇ؟

— ئۇ ... ئۇ ... — موللېر پەتقۇللا رېھىمغا قارىدى ـ يۇ، كۆزىنى قاچۇردى ...

— ھەي پوقۋاش، جېنىمنىڭ دەخمىزىسى، تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىلسىنا ... — تۇرپان قارىغوجىدا نەچچە يىل تۇرغان پەتقۇللا رېھىمنىڭ سۆزلىرىدىن ئەتراپتا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— راستىنىلا تونۇيالمىدىڭىزما؟ — ئامبال زەردە بىلەن ئالايدى، — بۇ ھېلىقى سىز تونۇمايدىغان دىۋانە، ئۆمرىڭىزدە كۆرۈپ باقمىغان يىرگىنچلىك مەخلۇققا ئوخشامدۇ ـ قانداق؟

ئامبال موللېرنىڭ ھاقارەتلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، بىر ھاردۇقتىن چىقتى. بىراق ئۇنىڭ ئىچىنى خورلۇقتىن ئىبارەت ئاچچىق زەرداب كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

— بۇ ... بۇ ... ئەمدى شۇ ... — موللىپر نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئۇ، ئامبالنىڭمۇ قولىنى يۇيۇپ، قولتۇقىغا سۇرتۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— سىز دىيارىمىزغا ئېكسپېدىتسىيە قىلغىلى كەلگەنمۇ ياكى پۇقرالىرىمىزنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى ھاقارەتلىگىلى كەلگەنمۇ؟ ...

ۋاڭ ئامبال تۇيۇقسىزلا شاپپىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاش ھەيكەلدەك قاتقان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ھەم سۇرلۇك تۇرقىدىن ھەممە بىردەك تۇنجۇقۇپ قېلىشتى.

— يۇرتداشلار! — ئامبالنىڭ ئاۋازىدىن مەيداندا ئەكس سادا بولۇپ بولدى، — تەرگەۋ مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. مەن ئۈچ ئادەمنىڭ قاتىللىق ۋەقەسى ھەققىدە يۇقىرىغا دوكلات يازىمەن ... سوراق تامام!

مەيداندا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، سوراقتىن كۆڭلى شادلانغان ئادەملەر دوپپا، تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى. ئامبال پەتقۇللانىڭ قولىقىغا پىچىرلىغاندى، ئۇ ئىككى قوغدىغۇچى چېرىك بىلەن ئاتلارنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئەمما گۇلبادام قورقمايلا ئامبالنىڭ ئالدىنى توستى ...

— ئامبال ھەزرەتلىرى! ...

— بولدى، يىگىتىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ، — ئات ئۇستىدىكى ئامبال دانىشقا قارىدى، — دانىش، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز تىرىكچىلىكىڭ بىلەن بول، چوڭ ئىشلارغا ئارىلاشما!

— خوپ «ۋاڭ ئادىل» ھەزرەتلىرى ...

گۇلبادام بەل كەمىرىگە ئۆتكۈزۈۋالغان چولۋۇرنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، ئېتىغا چاققانلىق بىلەن سەكرەپ مىندى:

— دانىش، قولىڭىزنى بېرىڭ !

ئېتىمىنىڭ كەينىگە دانىشنى مىندۈرۈۋالغان قۇملۇق قىزى گۈلبادام قامچىسىنى ئوينىتتى:

— يولنى بوشىتىڭلار قېرىنداشلار ! ...

«قاشقا يۈلتۈز» قۇم ـ توپىلارنى چاچرىتىپ، توپ ئارىسىدىن ئوقتەك سۈغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى ! !

# ئون يەتتىنچى باب

مۇزەپپەرنى ئاتتىن ئارانلا چۈشۈرگەن گۈلبادام ئۇنى يۆلەپ، سەمەندەرنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى. يالاقچى، ئالىقاناتلارنىڭ سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈشى، بەزى تاشبېغىرلارنىڭ ئاغرىق پۇتىغا ئۇرۇپ، دەسسىشى، سوراق مەيدانىدا ئۆرە تۇرۇشلار مۇزەپپەرنىڭ پۇتىنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ قويغاچقا، ئاغرىق دەستىدىن تۇتقىلىمۇ قويمايتتى. گۈلبادام تېڭىقنى ناھايىتى تەسلىكتە يېشىپ قورقۇپ كەتتى. چۈنكى، تېڭىقچى تېڭىپ جايىغا چۈشۈرگەن ئۇشۇق سۆڭىكى يەنە چوقچىيىپ چىقىپ قالغان بولۇپ، ئىششىق تىزىغىچە يەتكەنىدى. ئۇشۇقنى ئورنىغا چۈشۈرمەي تۇرۇپ تاڭغاندا خاتا تۇتۇپ قالغان سۆڭەك ئادەمنى مەڭگۈلۈك مېيىپ قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. گۈلبادام مۇزلاپ كەتكەن ئاغرىق پۇتنى جۈۋىسىغا يۆگەپ قويۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا سەكسەنخالتا دورىگەرلىرى، تومۇرچى تېۋىپلار، سۇنۇقچى ھەم ئەمچىلەر رەستىلىرى تېخى تارقىمايتتى. ئەمما ئەتىگە قالسىلا ئۇلارنى تاپقىلى بولمايتتى. بازاردا مىڭلاپ ئادەم گۈلبادام بىلەن دانىشنى كۆردى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، كەينىگە قايتىپ بېرىپ سۇنۇقچى بوۋاينى ئىزدىگەندە موللىلارنىڭ ئادەملىرىگە ئۇچراپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەگەر بۈگۈن بارمىسا، يەنە بىر ھەپتىگىچە دانىشنىڭ پۇتى يىرىڭلاپ سېسىپ كەتمەمدۇ؟

بارغانسېرى بىتاقەت بولۇپ، ئىچى تىتىلداپ كەتكەن گۈلبادام دەرھال سۇنۇقچىنى ئېلىپ كەلمىسە ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۆزەپپەرگە ئېيتتى. پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالمايۋاتقان مۆزەپپەرنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ پېشانىلىرى مونچاق ـ مونچاق تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، گۈلبادامنى قانچە ئەنسىرەتمەي دېسىمۇ، ئىختىيارسىز ئىڭراپ سالاتتى. ئۇ پۇتىنىڭ راستىنلا ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىدىن بىلدى بولغاي:

— يۈزىڭىزگە چۈمبىلىڭىزنى تارتىپ، كىيىملىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ ئات بىلەن بېرىڭ. ئۇ بوۋاينى تاپسىڭىز ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى.

— سىز يالغۇز قالارسىزمۇ؟

— ھېچقىسى يوق، مەن يېتىپ ئارام ئېلىپ تۇراي.

— قورسىقىڭىزچۇ؟

— قورسىقىمغۇ راسا ئاچتى، سىز كەلگۈچە چىدايمەن.

گۈلبادام ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخاننى يېيىپ، نان، سوغۇق چاي ئەكېلىپ قويغاندىن كېيىن يولغا چىقتى. ئۇ كۈنپاتارغا يېقىن سۇنۇقچى بوۋاينى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. بوۋاي جۇۋىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ قارىغاندىن كېيىن، كۆكىرىپ، قارىداپ كەتكەن ئىششىقنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلىگىنىنى كۆرۈپ، كىچىككىنە ئۆچكە ساقىلىنى ئوچۇمدىغىنىچە چوڭقۇر تىندى.

— بالام، — دېدى بوۋاي بېشىنى چايقاپ، — ئالدىنقى قېتىم مىتكوت كەتكەن ئوشۇق بۇ قېتىم رەسمىي ئورنىدىن قوزغىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۈگۈن قاراقاش بازىرىنى

زىلزىلىگە سالغان سىلەر ئىكەنسىلەر ـ دە؟ جىگەرلىك بالىلاركەنسىلەر، خۇدايىم رىزقىڭلارنى كەڭ، يولۇڭلارنى ئوچۇق قىلسۇن !

گۈلبادام بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىزىققىنا تۇز سۈيى ئېلىپ كەلدى. بوۋاي پۇتنى كاساڭغا سېلىپ بىردەم چىلىغاندىن كېيىن پاكىز يۇدى. ئاندىن ئۇ خۇرجۇنىدىن كىچىك بىر قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى شىلىمشىق بىر سۇيۇقلۇقنى سۇۋىغانىدى، مۇزەپپەرنىڭ پۇتى ئوت ئالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بوۋاي ئىششىقنى بېسىپ ئۇزۇن ئۇۋۇلاپ ھېرىپ كەتتى بولغاي، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭلىيىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى.

ـــ بوۋا، ھېرىپ كەتتىلە، مەن ئۇۋۇلايمۇ؟ ـــ دېدى گۈلبادام.

ـــ كەلسىلە قىزىم، مۇشۇ چىقىپ تۇرغان موخەك سۆڭەكنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق ئۇۋۇلىسىلا.

پۇت بىرھازا ئۇۋۇلىنىپ، بىر نەرسىنى سەزمىگۈدەك ھالغا كەلگەندىن كېيىن، بوۋاي گۈلبادامغا پۇتنىڭ پەنجىسىدىن ئالدىغا مەزمۇت ئىتتىرىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى چوقچىيىپ تۇرغان سۆڭەكنى ئاستىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ بىر ئىتتەرگەنىدى، «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇزەپپەر ۋارقىرىۋەتتى. بوۋاي بۇ قېتىم تۇخۇم سېرىقى سۇۋىماي، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئاچچىقى دىماقلارنى ئېچىشتۇرىۋەتكۈدەك ئارپا خېمىرتۇرۇچىغا ئوخشاش قويۇق مەلھەمنى ياغاچ پالاقچىدا پۇتقا سۇۋىدى، ئاندىن ئاپپاق خامدا تېڭىۋەتتى. ئۇ خۇرجۇندىن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى پالاقتەك نېپىز، تار تاختايلارنى ئېلىپ، ئوشۇقنىڭ تۆت ئەتراپىغا، پۇت ئاستىغا قويۇپ چىرماپ

باغلىدى.

— بالام، ئوشۇق جايىغا چۈشتى، ئەمدى ئىشىق يانىدۇ. لېكىن ئاغرىق پۇتنى ھەپتىگىچە يەرگە تەگكۈزمىسۇن، — بوۋاي خۇرجۇنلىرىنى يىغىشتۇرغاچ گۈلبادامغا پىچىرلىدى، — تەرەتخانىغا كىرسە پەلتەك چاچپىتا ئولتۇرسۇن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ ... ئۇنداق ئولتۇرسا پۇت يەنە زورۇقۇپ كېتىدۇ.

گۈلبادام بوۋاينى خۇشال بولغۇدەك رازى قىلىپ، ئۇنى ئات بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلدى. ئۇ «قاشقا يۇلتۇز»نى ئېغىلغا باغلىۋېتىپ چىققاندا، ئەتراپنى كەچلىك كۇگۇم پەردىلىرى كېپەنلىشۋالغانىدى. ئەمما ئۆي ئىچىدىن كىملەرنىڭدۇر پاراڭلىشىۋاتقان گۇدۇڭ - گۇدۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلبادام ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلگەندە، سۇپا ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان سەمەندەر ئاكا جىددىي ھالدا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن مۇزەپپەرنىڭ قولتۇق تايىقى تامغا يۆلەكلىك تۇراتتى. گۈلبادام ئۇنىڭغا سالام بېرىپ بولۇپ، تاردا كۆكتاتلارنى ئادالاپ تاماق تەييارلىققا چۈشتى.

— قارىمامسەن ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى، — دېدى سەمەندەر مۇزەپپەرگە ئېگىشىپ، — پەيشەنبە ئاتلىنىمىز دەپ ئۇقتۇرۇۋېتىپ، ھەممىمىزنى «ئەنجانباغ»دا قوندۇردى. لېكىن ئەتىسى مېڭىشتىن خەۋەر يوق. تېخى ئەتراپقا قاراۋۇل قويۇپ، ھېچكىمنى سىرتقا چىقارغىلى قويمىدى.

— چۈنكى موللېر، كىناتونلار ئۆز ئادەملىرىدىنمۇ گۇمان قىلغان، — مۇزەپپەر تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، — «پەيشەنبە كۈنى يولغا چىقىمىز» دەپ داۋراڭ سېلىۋېتىپ، مېنى

بىخۇدلاشتۇرۇپ ئازنا بازار كۈنى تۇتماقچى بولغان. مەنمۇ ئۇ قۇرغان قاپقانغا دەسسەپتىمەن ئەمەسمۇ.

— تېخى جۇمە كۈنى سەھەردە ھەممىمىزنى بەشتىن گۇرۇپپا قىلىپ، ئەڭ پەسەندى لالما ئىتتىن بىرنى باشلىق قىلىپ قويدى، — دېدى سەمەندەر، — ئەگەر كىمكى گۇرۇپپىدىن ئايرىلىپ يەككە ھەرىكەت قىلسا، شۇنىڭ ئۆزى دانىشنىڭ ئايغاقچىسى دەپ ئۇقتۇردى ...

— شۇڭا ئۇلاردىن ئايرىلالمايسەن ـ دە؟

— شۇ ئەمەسمۇ، پەقەت سەن تۇتۇلغاندىلا پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بادىمەك خېنىمغا خەۋەر قىلالىدىم. قولتۇق تايىقىڭنى دۇكاندارلاردىن بىرى ئېلىپ قويۇپتىكەن.

— ئەمدى تەكلىماكانغا قاچان ماڭماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— ئەتە تاڭ يورۇماستا يولغا چىقىدىكەنمىز. ئەمما كىناتون موللېر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئېتىغا مىنگەنچە كېتىپ قالدى.

— نېمىشقا؟

— ئۇ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ پىت، بۈرگە، چۈشىلار ئۇۋۇلاپ كەتكەن گۇندىخانىلىرىدا ياتقۇم يوق! سەن نام ـ ئاتاق، شان ـ شۆھرەت، ئاداۋەت قوغلىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى تېرىۋەتتىڭ، ئەمدى يوقۇڭنى ئۆزۈڭ ئادالا» دەپ كونا ئاغىنىدارچىلىقنىڭمۇ يۈزىنى قىلمىدى.

— كىناتون ۋاڭ ئامبالنىڭ يۇقىرىغا دوكلات يازىمەن دېگەن سۆزىدىن قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

گۈلبادام سەمەندەرگە تۇيدۇرماي سىرتنى ئىشارە قىلغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى، ئارقىدىن گۈلبادامىمۇ

چىقتى. ئۇ، دانىشنىڭ تەرەتخانىغا كىرگەندە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى، شۇڭا سۇنۇقچى بوۋاينىڭ تەكلىپى بويىچە ئاددىيغىنە «پەلتەك چاچاپ» ياساپ بېرىشنى ئېيتقاندى، سەمەندەر پالتا، كەكە، قول ھەرىلىرىنى ئېلىپ ئوتۇنخانىغا كىرىپ كەتتى.

سەمەندەر لەڭمەن تەييار بولۇپ، قاچىلارغا ئېلىنغاندىلا ئۆيگە كىرىپ كېلىشى، گۈلبادام ئۇنىڭ قولىغا سۇ ئالدى.

— سەمەندەركا، نەگە باردىڭ، — سورىدى مۇزەپپەر، — بىردەمدىلا يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

— ساڭا تەخت ياسىدىم، — كۈلدى سەمەندەر، — تۆت تال ياغاچنى چېتىپ، مىخلاپ چەمبەرچاس باغلاپ، سەن تەرەتخانىغا كىرگەندە ئولتۇرىدىغان چاچاپ تەخت دېگىنە.

مۇزەپپەر لەپپىدە گۈلبادامغا قارىدى ـ دە، سۇنۇقچى بوۋاينىڭ ئۇنىڭغا پىچىرلاپ دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى.

— دانىش ئۇكا، ئەمدى بىرەر ئايغىچە كېتەلمەيسەن دېگىنە، — دېدى سەمەندەر ئېشىغا ئاچچىقسۇ قۇيۇۋېتىپ، — شۇڭا تالا ـ تۈزلەرگە كۆپ چىقما، بادىمەك قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلا.

— بىرەر ئاي دېدىڭما سەمەندەركا، قاراپ تۇرغىن ئون كۈنگە قالماي يەر دەسسەپ، ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمەن.

— سەن ھازىرغىچە موللىبىردىن قىساس ئېلىش كويىدىسەن، بولدى قىل ئۇكا، بۇگۈن ئۇنىڭ نومۇستىن ئۆلگىنىمۇ يېتەر. قالدىسى ھۆكۈمەت جاجىسىنى بېرىدۇ.

— ھۆكۈمەت بەرگىنى باشقا گەپ، مېنىڭ بەرگىنىم يەنە باشقا گەپ.

— دانىش ئاكا، — دېدى گۈلبادام ئۇنىڭغا ئاش سۇيى

قويۇۋېتىپ، ــ كونىلار: «ئاداۋەت تۇگۇچىنى يەشكولۇكۇ، تۇگكۇلۇك ئەمەس» دەيدۇ. سەمەندەركام سىزدىن چوڭ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ. قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ. جاننى خۇدانىڭ ئالغىنى ياخشى، بەندىنىڭ ئالمەن دېگىنى گۇناھ. مانا مېنىڭ دادامنىمۇ ئەجنەبىيلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن ... مەنمۇ دەرد ـ ھەسرىتىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋاتىمەنغۇ ...

ــ مەن ئىچىمگە يۇتالمايدىكەنمەن، بولدىلا بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى.

سەمەندەر قورسىقىنى تويغۇزۇپ دانىشقا يەنە بىرمۇنچە نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، خوشلىشىپ ھويلىغا چىقتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولۇپ، تۇنجى يۇلتۇزلار كۆك ئاسماندا جىمىرلاشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئېتىغا مىندى ـ دە، قاراقاش بازار يولىغا قاراپ چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دانىشنىڭ پۇتىنىڭ ئىششىقى يېنىپ ئاغرىقى قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، پۇتىنى يەرگە تەگكۈزەلمەي قولتۇق تايىقى بىلەن تەرەتخانىغا چىقالايتتى.

بۈگۈن گۈلبادام چۆمبىلىنى تارتىپ ئېتى بىلەن بازارغا كۆكتات، نان، ئۇن ئالغىلى كىرىپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم بازاردىن قايتقىنىدا، ئەتراپىغا قاراپ ماڭاتتى. ئەگەر بىرەر ناتونۇش ئادەم ئارقىسىغا چۈشكىنىنى سېزىپ قالسا، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ باشقا يوللارغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇ ھازىر كۆرمىگىلى 50 كۈندىن ئاشقان بوۋىسى ئابدۇللانى خىيال قىلىپ كېلىۋېتىپ، ئەتراپىغا زەن سېلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.

گۈلبادام ئۆيى ئالدىغا كەلگەندىلا ئارقىسىغا قايرىلىپ

قارىغانىدى، ئالا يەكتەكلىك، خاپان باش بىر ئادەمنىڭ لىپلا قىلىپ ئىرىق ئىچىگە ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى چىلىقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان بادام دوپپىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گۈلبادام بۇ سىياقلىق تاقىر باشنى ئۇن بازىرىدىمۇ كۆرگەنىدەك قىلغانىدى. گۈلبادام ئىتنى ئارقىسىغا قايدۇرۇپ مېڭىشى، ھېلىقى كۆلەڭگە قورۇق ئىرىق ئىچى بىلەن قىچىپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ كۆرۈنمەي قالدى. ئات ئۇستىدە ئەتراپقا بويۇناپ، خېلىغىچە قاراپ تۇرغان گۈلبادام ھېچقانداق شەپىنى سېزەلمىگەندىن كېيىن ئارقىغا قارىغاچ ھويلىغا قاراپ ماڭدى.

شۇ كۈنى ئۇلار ئوخشىغان ئۇگرە ئىچىپ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن گۈلبادام يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مۇزەپپەر قولتۇق تايىقى بىلەن دىڭگۇسلاپ تەرەتخانىغا كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ھويلا ئىچى ئاي نۇرىدا سۈتتەك ئاپپاق يورۇپ تۇراتتى. تەرەتخانا ئات ئېغىلىنىڭ ئىچىدە بولۇپ بورا بىلەن ئايرىم توسۇلغانىدى. تامدىكى سىرتقا قىخ چىقىرىش تۆشۈكىدىن غۇۋا نۇر چۈشۈپ تۇراتتى. مۇزەپپەر، گۈلبادام ئېغىل تۈۋرۈكىگە باغلاپ بەرگەن ئارغامچىنى تۇتۇپ، ئاستاغىنە چاچاپ ئورۇندۇقىغا ئەمدىلا ئولتۇرۇشى، سىرتتا گۇرسۇلدىگەن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تام تۈۋىدە توختىدى. مۇزەپپەر قولتۇق تايىقى بىلەن قىغ چىقىرىدىغان تام تۆشۈكى ئالدىغا كېلىپ، ئۇ تەرەپنى تىڭشىدى:

— تۇراقكا، — دېدى بىر كىم ھاسىراپ، — ئۇ قىزنى بەك مەرگەن دېيىشىدۇ، ئالىمادىس ...

— 15 تىللالىق خەنجەر قامچا ئۈچۈن جېنىڭنى سېلىپ بەرسەڭمۇ ئەرزىيدۇ، خوتۇن تالاق !

بۇ ئاۋازنى مۇزەپپەر تونۇغاندەك قىلدى. بۈگۈن ئەتىگەنكى سوراق مەيدانىدا بەك ئەسكىلىك قىلىپ كەتكەن چۈپۈر يۈز ئەنە شۇنداق بوراندا قالغان قاپاقتەك دىمىقىدا گۈڭۈلداپ سۆزلەيتتى.

— سىلەر ئىككىڭلار مەشەدە هوشيار تۇرۇڭلار، مەن سادىق تەلۋە بىلەن هويلا تەرەپكە ئۆتەي ... هۆۋقۇشنىڭ هۆۋلىغىنىنى ئاڭلىغان هامان ئۆگزىگە يامىشىڭلار، بىز ئالدى تەرەپتىن ئېتىلىپ كىرىمىز، ئەمىسە مەن كەتتىم.

گۇرسۇلدىگەن ئېغىر ئاياغ بارا ـ بارا سۇسلاپ قالدى. مۇزەپپەر تەرەتخانىدىن تېز چىقارماي چىقىپ كەتتى ـ دە، گۈلبادامنىڭ ئىشىكىگە ئېغىز يېقىپ بولغۇچە ئىشىك ئېچىلىپ، گۈلبادام مىلتىقنى تۇتقان هالدا بوسۇغىدا تۇراتتى. ئۇ «گەپ قىلماڭ» دېگەندەك، بىگىز بارمىقىنى لەۋلىرىگە قويغاندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىپ ئىچىدىن ئەتتى.

— بۇلار چوقۇم موللىبىرنىڭ ئادەملىرى، — پىچىرلىدى گۈلبادام، — ئۇلار ئىككىمىزنى قەستلەپ كەلدى.

— ياق، — دېدى مۇزەپپەر گۈلبادامنىڭ قۇلىقىغا، — بۇلار خەنجەر قامچا ئۈچۈن كەلگەن قاراقچىلار ...

— ئۇلار قانداق قىلىپ ...

— بۈگۈنكى سوراقتا موللىبىر خەنجەر قامچىنى 15 تىللا دېگەندىلا، مەيداندا «ئوهۇي» دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلگەندى ... بۇنىڭدىن قاراقچى، بۇلاڭچىلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان گەپ.

— ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئاۋۋال مەن ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۆڭلۈكتىن قارىدى. مەن بوش خورەك تارتقان بولۇپ يېتىۋالدىم.

— بادىمەك سىڭلىم، ئۆي ئىچىدە تۇرۇش خەتەرلىك. شاخ ـ

شۇمبىلارغا ئوت قويۇپ تۇخلۇكتىن تاشلىۋەتسە ئىس ـ تۈتەكتە قالىمىز. بۇ پۇرسەتتە ھويلىدىكى قاراقچىلار بېسىپ كىرىدۇ.

ـــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

ـــ ئۆگزىگە چىقىۋالايلى، ھەممە تەرەپنى تەڭ كۆزەتكىلى بولىدۇ.

ـــ قېنى مۇرەمگە دەسسەڭ، ئاۋۋال سىز چىقىڭ، ئاندىن مېنىڭ قولۇمدىن تارتىۋېلىڭ.

مۇزەپپەر بىر پۇتىدا گۈلبادامنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ، پاكار تۇخلۇكتىن ئاسانلا چىقىۋالدى. ئۇ قولتۇق تاياق، مىلتىقنى سۇنۇۋالغاندىن كېيىن گۈلبادامنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆگزىگە ئېلىپ چىقتى. ئەمدىلىكتە ئاپپاق يورۇپ تۇرغان ھويلا، ئۆي ئارقىسىدىكى ئوت ـ خەسلەر دۆۋىلەنگەن، قېرى قارىياغاچلار چاتقاللىشىپ كەتكەن مەيدان ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ـــ ھۇۋقۇشنىڭ ھۇۋلىغىنىنى ئاڭلىغان ھامان سىز ھويلا تەرەپكە مىلتىقىڭىزنى توغرىلاڭ، مەن ئۆگزە قىرىدا ئارقا تەرەپنى كۆزىتىمەن.

ـــ نېمىشقا؟

ـــ ئۇلار بۆلۈنۈپ كەلمەكچى، بايا مەن ئاڭلاپ قالدىم.

بۇ كېچە ناھايىتى جىمجىت بولۇپ، پەقەت يىراق ـ يىراقلاردا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى سۇس ئاڭلىنىپ قالاتتى. نىل رەڭلىك ئاسماندا چېچىلىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. تولۇن ئاي كۈمۈشتەك سوغۇق نۇرىنى چېچىپ، شالاڭ دېھقان ئۆيلىرىنى، ئۆگزىلەرگە دۆۋىلەنگەن شال پالاڭلىرىنى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قارىيىپ كۆرۈنگەن توغراق، قارىياغاچ، تېرەكلەرنى گىرىمسەن

يورۇتۇپ، كېچىنى سىرلىق كۆكۈچ نۇرغا تولدۇرغانىدى. ئاچچىق كۆز شاملى يۈز ـ بۇرۇنلارنى ھەرىدەك چېقىپ، تەنلەرنى شۈركەندۈرەتتى.

ـــ دانىش ئاكا، ئاڭلاڭ، ھۇۋقۇش ھۇۋلاۋاتىدۇ.

ـــ ھويلىدىن كەلگەنلەرنى ھەرگىز ئۆيگە يېقىن يولاتماڭ ... بولمىسا ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىدۇ.

مۇزەپپەر ئۆگزىنىڭ قىرىدا قولتۇق تايىقىنى چىڭ سىقىملىغان ھالدا دۈم ياتاتتى. گۈلبادام تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھويلا ۋە كوچا تەرەپلەرگە زەن قويۇپ قارايتتى. بۇ ئەسنادا، ھويلىدا ئۇزۇن ـ قىسقا يەكتەكلىك ئىككى ئادەم ئېڭىشىپ ئۆي تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى پىچاقلار ئاي نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقنايتتى. ئاڭغىچە ئۆي ئارقىسىدىكى تام تۈۋىدىن ئىنجىقلىغان، ھاسىرىغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. مۇزەپپەر بىر پۇتىنى سۆرەپ، يەر بېغىرلىغىنىچە شەپە كېلىۋاتقان ئۆگزە قىرىغا يېتىپ كەلدى. ئاڭغىچە بىرىنىڭ مورىسىگە بىرى دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلىگەن بىر قاراقچىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ئۇستىگە شاخ ـ شۇمبا، ئوت ـ سامانلارنى يېپىۋېلىپ، دۈم ياتقان مۇزەپپەرنى پەرق ئېتەلمىدى. قاراقچى بەلگىچە كۆتۈرۈلۈشى، بىر پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرغان مۇزەپپەر قولتۇق تايىقى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، قاراقچى «ۋايجان ! ... » دەپ سەت چىرقىرىغىنىچە ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايانچلىق ئاۋازىغا ئەگىشىپلا «گۈپ» قىلغان ئاۋاز ياڭراپ، مىلتىق ئىستوۋۇلىدىن بىر پارچە ئوت لاپپىدە يورىدى. ھويلىدا نەچچە غۇلاچ يەرگە قاڭقىپ چۈشكەن پىچاقلىق قاراقچى غەلىتە ئاۋازدا

ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ كىچە جىمجىتلىقىنى بىشىغا كىيدى. ئۇنىڭ ھەمراھى كوچىغا قاراپ قاچتى. ئوق يىگەن قاراقچىنىڭ ئاللا ـ توۋىسى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆمىلەپ، يۇمىلىنىپ، يەر بىغىرلاپ كوچىغا چىقىشى يەنە بىر قاراقچى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن سۆرەپ نەگىدۇر بەدەر تىكىۋەتتى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى چاتقاللىقتا بىرىنى بىرى يۇدۇۋالغان ئىككى سايىمۇ يىقىلىپ قوپۇپ، پۇتلىشىپ دىگۇدەك پىخىلداپ يۈگۈرۈپ كىتىۋاتاتتى ...

كىچە يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى ... لىكىن چۆچۈپ كەتكەن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلىنىپ، ئويغىنىپ كەتكەن قۇشلار چاڭگىلىرىدا ئۇيقۇلۇق چۇرۇقلىدى.

— بايىقى جانىۋار بەك قاقشاپ كەتتى، — دىدى مۇزەپپەر پىچىرلاپ، — نەرىگە ئاتقانىدىڭىز؟

— ئۆلمەيدىغان يىرىگە. بىرەر يىلغىچە ساقىيالماي ئاغرىق ئازابىنى تارتىدۇ.

— نىمە دىگىنىڭىز بۇ؟

— مەن ئوقنىڭ ئۇچىنى تاشقا سۇرۇۋەتكەن، ئۇ ئىبلىسنىڭ بىرەر پارچە گۆشىنى يۇلۇپ تاشلىۋەتتى بولغاي ...

— ۋاي خۇدايىم، ئەجەب ئىشلىرىڭىز باركىنا، بۇ بىر رەھىمسىزلىكقۇ!

— دانىش ئاكا، «شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى ... » دىگەن گەپ بار. ئەگەر بىز تەرىقەت يولىنى تۇتقان بولساق ئۆزىمىز ئۆلەتتۇق ...

— ئۇ دىگىنىڭىز توغرا، ئۇلاردا رەھىم ـ شەپقەت دىگەن نەرسە يوق !

ئۇلار شۇ كېچىسى يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز، جۇۋىلىرىنى ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ، ئات ئېغىلى ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇن سېلىپ يېتىشتى. چۈنكى، غەزەپكە كەلگەن قاراقچىلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇزەپپەر بىلەن گۈلبادام ھەر كۈنى ئۆگزىگە ئورۇن سېلىپ ياتىدىغان بولدى. ئەمما، بىرى ئۇخلىسا، بىرى قاراۋۇللۇق قىلىپ، ھويلا ئەتراپىنى كۆزىتىپ چىقاتتى. ئۇلار قاراقچىلارنىڭ ئېغىلغا ئوت قويۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغاچقا، ئاتلارنى يېقىن ئەتراپتىكى دەڭلەرنىڭ بىرىگە ئامانەت قويۇپ خاتىرجەم بولۇشتى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەن بىر ئوتتۇرا كېچىدە قاراقچىلار ئالتە ئادەم بولۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاققانغىنە شوتىلاردىن ئىككىنى كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئۆگزىدە كۆزىتىپ تۇرغان مۇزەپپەر گۈلبادامنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ قولىغا پىچىرلىدى. چۈنكى، 15 تىللا ئۈچۈن جېنىدىن تويغان بۇ ئاچ كۆز بۆرىلەر تۆت ـ بەش تەرەپتىن ئۆگزىگە چىقىپ يوپۇرۇلۇپ كەلسە، ئۇلارغا تەڭ كەلمەك تەسكە چۈشەتتى. گۈلبادام بىلەن مۇزەپپەر يوتقان ـ جۇۋىلارنىڭ ئىچىگە تەكىيلىرىنى تىقىپ، خۇددى ئادەم ياتقاندەك قىلىپ قويۇپ، ئېغىل تېمىدىن سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، ھويلىنى ئاھادا قىلغان بۇككىدە جىگدە كۆچەتلىرى ئىچىگە كىرىۋالدى. بۇ يەردىن ئۆگزە ئايدىڭدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارىلىقىمۇ 35 ـ 40 قەدەم ئەتراپىدا كېلەتتى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پىچاق ـ چوماقلىرىنى كۆتۈرگەن تۆت قاراقچى ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىپ، ئادەم ياتقاندەك

سىلىنغان ئورۇن - يوتقانلارغا پىچاقلىرىنى قەھر بىلەن تىقىپ، چوماقلىرى بىلەن ئۇردى. ئاڭغىچە شوتا ئارقىلىق ئىككى ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئايدىڭدىكى سىياقىدىن بىرىنىڭ ئالا تونلۇق خاپان باش، يەنە بىرىنىڭ چۇپۇر يۈز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ئىغىل، ئۆي، قازناق، ھويلا ئەتراپلىرىغىچە ئاختۇردۇق، — ئۆگزىگە يامىشىپ چىققان ئىگىز، ئورۇق ئۇنلۇك سۆزلەشكە باشلىدى، — ئادەممۇ يوق، ئاتلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

— بۇ زىناخور، پاھىشىۋازلار نەگە قاچقاندۇ؟ ئىغىل، ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋېتىپ قايتىپ كېتەيلى.

ئالا تونىنىڭ سۆزىنى جىمجىت تۇندە ئېنىق ئاڭلىغان گۈلبادام مىلتىقىنى جىگدە ئاچىمىقىغا قويۇپ، پايىنىكىنى مۇرىسىگە تىرەپ، ئۆرە تۇرغىنىچە ئالا تونى قورۇلغا ئالدى.

— قايسىسىنى نەقلىمەكچى؟ — ئاستا سورىدى مۇزەپپەر.

— ئالا تونىنىڭ سىپىىق ئاغزىنى ...

بۇ ئەسنادا، تۆت چاپارمەن قاراقچى ئالا تون بىلەن چۇپۇر يۈزنى توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى.

— ئاپلا، ئاۋۇ سولتەكلەر توسۇۋالدى، — دېدى گۈلبادام جىددىيلىشىپ، — ئەمدى قايسىسىنى بالدۇر ئاتاي!؟

— چەتتىكى خەۋەر ئېلىپ كەلگەن دوزاخ شوتىسىنى نەقلەڭ! لېكىن ئۆلمەيدىغان يېرىگە ئېتىڭ. ئارقىدىنلا بۇ چەتتىكى سەل يانتۇ تۇرغان دىقماقنى ... ھە، قايسىسىنى نىشانلاۋاتىسىز؟

— دوزاخ شوتىسىنىڭ كۆتىنى ...

— ئۇنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنى چۈۋۈۋەتسىڭىز، ئۇ كېيىن ...

— چىچالماي ئۆلسۇن مۇناپىق !

«گۇم ... گۇم ... » قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپلا چىققان ئاۋازدىن كېيىن ئىككى قاراقچىنىڭ بىرى كەينىنى، يەنە بىرى ئالدىنى چاڭگاللىغىنىچە، ئۆگزىگە گۈلۈپپىدە يىقىلدى. قالغانلىرى پاتىپاراقلىشىپ، ئۆگزىدىن ئۆزلىرىنى پەسكە ئېتىشتى ... بىر چاغلاردا شوتا ئارقىلىق چىققان بىرنەچچە قاراقچى بىر چوقۇپ، يەتتە قاراپ پاقىچىلاپ كەلدى ـ دە، ئۆگزىدە ۋارقىراپ يىغلاپ، يۇمىلىنىپ يۈرگەن ئىككى بۇرادىرىنى سۆرەپ پەسكە چۈشۈرۈپ كېتىشتى. ئىچىگە غەزەپ ۋە ئاچچىق لىقمۇلىق تولغان گۈلبادام كۆزلىرى قىسىلغان ھالدا ئۆگزە تەرەپكە قاراپ قېتىپ قالغانىدى. «زىناخور، پاھىشىۋازلار» دېگەن ئىپلاس ھاقارەتنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان بۇ پاك، غۇبارسىز، شەرم ـ ھايالىق قۇملۇق گۈلى گويا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك كىملەرنىدۇر غايىۋانىسىگە تىللىدى:

— ۋۇي ئىمانسىز مۇناپىقلار، سەنلەردىن ئاپىرىدە بولغان كۈچۈكلەر چوڭ بولسا نېمە بولماقچىدى !؟ ئەمدى بىر ئۆمۈر ئەۋلادسىز قېلىش ! ...

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — مۇزەپپەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، — سىزگە نېمە بولدى سىڭلىم، غەلىتىلا بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ ...

— ئۇ مەرەزلەرنىڭ ھەممە دۇنياسى تامبىلىغا تۆكۈلۈپ قالدى بولغاي ...

گۈلبادام مىلتىقنى ئېلىپلا ئالدىدا ماڭدى. ئۇ بىردىنلا: «قېنى سەنلەر؟ ھەممىڭنى جەھەننەمگە يولغا سالىمەن !»

دىگىنىچە ۋارقىراپ، يوگۇرۇپ كوچىغا چىقتى ـ دە، ئۇ يەردىن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى چاتقاللىقا ئۆتۈپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن مۇزەپپەر دىڭگۇسلاپ ئاران يېتىپ كەلگەندە، ئۇ چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا مىلتىقىنى تۇتقان ھالدا نەگىدۇر تىكىلىپ تۇراتتى. گۇلبادامنىڭ بۇ چاغقىچە بۇنداق چېچىلىپ، ئەسەبىيلىشىپ كەتكىنىنى كۆرمىگەن مۇزەپپەر ئۇنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ كۆڭلىگە تەسكىنلىك بەردى. دېمىسىمۇ بايىقى ئالا تونىنىڭ پاسكىنا ئاغزىدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ چىققان پوق ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار قاراقچىلار ھېچنېمىگە قارىماي قاچقاندا تاشلاپ كەتكەن كىچىك ئىككى شوتىنىڭ تامغا يۆلەكلىك تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. بىر قولتۇقىدا قولتۇق تايىقى بار مۇزەپپەر بىر شوتىنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، گۇلبادام مىلتىقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، ئىككى شوتىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئېلىپ كىردى. قاراقچىلار شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھەپتىگىچە يوقاپ كېتىشتى.

مۇزەپپەر 24 كۈن بولغاندا، يەر دەسسىيەلىگۈدەك ھەم ئۆتۈكىنى كىيىپ ماڭالايدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆپرەك ماڭسا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاقساپ قالاتتى. بىر ئەتىگەنلىكى چاي ئىچىۋېتىپ گەپ ئاچتى:

ـــ بادىمەك سىڭلىم، بىزنىڭ ئايرىلىدىغان چېغىمىز بولۇپ قالدى، ـــ بۇ ئايرىلىشنىڭ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتقانلىقى چىرايىدىن، مىسكىن ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، ـــ ئەتە مەن سىزنى يولغا سېلىۋەتمەكچى. بوۋىڭىزمۇ سىزدىن ئەنسىرەپ نېمىلەر بولۇپ كەتكەندۇ؟

ـــ سىزچۇ؟ ـــ گۇلبادامنىڭ ئىچىدە بىر يېرى چوغ

چۈشكەندەك ئېچىشىپ كەتتى، ـــ يەنە شۇ قىساس ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتمەكچىمۇ سىز؟!

گۈلبادام يەنىلا قىساس، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەتلەرنىڭ گۇناھلىق ئاقىۋەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ يىلتىزى ئۇزارغانسېرى دۈشمەنلىك، قانلىق ئارازلىق، يۈيۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان زەردابلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىغانىدى، مۇزەپپەر «بەس، يېتەرلىك» دېگەندەك ئالىقانلىرىنى كۆتۈردى. قىز تۇنجۇقۇپ جىمىپ قالدى.

ـــ مەندىن ئەنسىرىمەڭ سىڭلىم، ـــ مۇزەپپەر بېشىنى كۆتۈرمەي سۆزلەۋاتاتتى، ـــ سىزنىڭمۇ خۇۋالاشقان يىگىتتىڭىز بولغاندەك، مېنىڭمۇ كىچىك ۋاقتىمدا سۆز سالدۇرۇپ قويغان لايىقىم بارا ... ئۇنى تاپمىسام بولمايدۇ ... ئۇ ھازىرغىچە ماڭا ساقلاۋاتىدۇ.

كۆز جىيەكلىرى قىزارغان يىگىت نەلەرگىدۇر قارىۋالدى ... قىزمۇ قارىچۇقلىرىنى چۈمپەردىدەك باسقان سۇزۇك يالقۇنىنى يوشۇرۇپ يەر باقتى ... ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تاڭ سەھەردە گۈلگە قونغان شەبنەمدەك قەترىلەرنى كۆزلىرى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ يوقاتماقچى بولدى ـ يۇ، بىراق، روشەن گۇۋاھچىلار كۆپىيىپ كەتتى ! ! توۋا، ئەجەب ئىش ـ ھە ؟! ھەرقانداق كىشىنىڭ روھىدا، ئاتا ـ ئانىغا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراققا، ئېتىقادقا، غايىگە، يېقىن دوستىغا ۋە مۇھەببەتكە بولغان ھېسسىيات تۇۋرۇكلىرى بولىدۇ ... ئاشۇ تۇۋرۇكلەردىن بىرەرىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈش، زەربىگە ئۇچراش ئېھتىمالى يېقىن بولسا، ھېس ـ تۇيغۇ بۇلىقى بولغان كۆزلەردىن ھېسسىي شەربەتلىرى تۆكۈلىدۇ ... مانا قاراڭ، گۈلبادام بىلەن مۇزەپپەر يوشۇرۇش ئۈچۈن قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان

بولسىمۇ ... كۆزلىرىدىن شۇررىدە ياشلار تۆكۈلدى ... بۇ ياشلار نېمە ئۈچۈن تۆكۈلگەندۇ؟! ھېلىقى تۆۋرۈكلەرنىڭ بىرەرى يىقىلدىمۇ ـ يا ؟!

راست، گۈلبادام دەسلەپتە نەپرەت كۆزىدە قارىغان بۇ يىگىت بىلەن قىرىق نەچچە كۈنلۈك ئۆمۈر مۇساپىسىدە، قىرىق نەچچە يىللىق كەچمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى دېسە، لاپ ئۇرغانلىق بولماس ! ... موللېر ئىشخانىسىدىكى ئۆچلۈكتىن كېلىپ چىققان زەھەردەك تەنىلەر ... شەربەتچى خوتۇننىڭ دۈكىنى ئالدىدىكى ئىستىھزالىق ئۇمىدلەر ... «ئاۋايلا، مېڭەڭنىڭ قېتىقى ئۇستىبېشىمنى بۇلغىۋەتمىسۇن» دېگەن ۋاقىتتىكى دۈشمەنلىك تەلەپپۇزلار ... قاۋان پاجىئەسىدىن ئامان قالغان دانىشنىڭ «قىيامەتلىك جان قەرزى بولدۇم ... » دېگەن چېغىدىكى ئاچچىق ياش تۆكۈشلەر ... ئۆتتۈكتە سۇ ئېلىپ ئىچكەن ئۇنتۇلماس خاتىرە كۈنلەر ... قاپقان ئوغرىلانغان كېچىدىكى ھاياجانلىق دەقىقىلەر ... سوراق مەيدانىدىكى مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تىغمۇتىغ ئېلىشىشلار ... قاراقچىلار ۋەھىمە سالغان قورقۇنچلۇق كېچىلەر ... قىسقىسى، جان رىشتىلىرى باغلانغان ئاشىق ـ مەشۇقلارمۇ بۇنداق قىسقا مۇساپىدە چەكسىز ئۇزۇن ھەم مەنىلەرگە تويۇنغان ئاجايىپ كەچمىشلەرنى باشتىن كەچۈرمەس! ... شۇنداق ئىكەن ئۇلار ياش تۆكسە بولمامدىكەن؟! پەقەت تۆگىمەيدىغان، توختاتقىلى بولمايدىغان كۆز يېشىلا ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىكنىڭ يۈندىسى بولىدۇ، خالاس ! ...

— بوپتۇ، — دېدى گۈلبادام كىگىزدىكى بىر نېمىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپ، — مەن نېمىمۇ دەيمەن، كىنچىك ۋاقتىڭىزدا سۆز قالدۇرغان قىزىڭىز ساقلاۋاتسا ... ئۇنى بىتاقەتلىك چۆللىرىدە

قىيىنسىڭىز بولماس ! ... توۋا، ئەجەب بىر بولۇۋاتىمەنا ... خۇددى قىبرىنداشتەك بولۇپ قاپتىكەنمىز ...

— بۇ دۇنياغا كەلگەن ئادەم بىر قىلىپتا ئۆتۈپ كېتىمەن دىيەلمەيدىكەن. ئاللا ھەر خىل دىشۋارچىلىقلار، تۈرلۈك - تۈمەن كەچمىشلەر، تەقدىر - قىسمەتلەرنى بەندىلەرنىڭ بېشىغا سېلىپ ئۇچراشتۇرىدىكەن، ئايرىيدىكەن، دوستلۇق رىشتىلىرىنى باغلايدىكەن، يەنە ئۇنى ئۈزىدىكەن ! ... ئەلھەزەر، ئادەم بالىسى ۋىسال بىلەن جۇدالىق، قايغۇ - ئەلەم بىلەن خۇشاللىق، يىغا بىلەن كۈلكىگە ئالدىنىپ بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن ! ...

— دانىش ئاكا، مۇشۇ ئايرىلغانچە باقىي ئالەمدە كۆرۈشمەدۇق ياكى پانىيدىمۇ پۇرسەت بارمىدۇ؟ دېمەكچىمەنكى، بىز بۇرۇنقىدەكلا ئاكا - سىڭىل بولۇپ ئۆتسەك ! ! ...

— بۇ، ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش ! ئۇ شۇنچىلىك قۇدرەت ئىگىسىكىن، ئەگەر ۋىسال ئاتا قىلسا، بىرىمىز مەغرىبتە، يەنە بىرىمىز مەشرىقتە بولساقمۇ يۈز كۆرۈشەلەيمىز ... ئەگەر ئۇنداق نۇسرەت نازىل بولمىسا، توخۇ - تۈمانلىرىمىزنىڭ چىللىشى، ئىتلىرىمىزنىڭ قاۋاشلىرى، قويلىرىمىزنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، دىدار كۆرۈشمەك بەسى مۇشكۈل ! ...

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ باغلىغان رىشتى، ئارزۇلىرىغا سادىق بولۇپ، كۆڭۈللىرىدىكى تۈگۈچلەرنى يېشەلمەي، ئۇچۇق - يورۇق دېيىشەلمەي تۇرغىنىدا، هويلىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئۆيگە سەمەندەر ئاكا ئۇستىباشلىرى توپا، ساقال - چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن هالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ قاتتىق هارغىنلىق يەتكەندەك سۇپا قىرىدا

ئولتۇردى ـ دە، تامغا يۆلەندى. ئۇنىڭ گۆردەك ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، سارغايغان چىرايلىرى تونۇۋالغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. گۇلبادام دەرھال ئۇنىڭغا بىر جام سوغۇق چاي ئەكېلىپ سۇنۇۋىدى، ئۇ تىنماي ئىچىۋەتتى. شۇنىدىلا سەمەندەر «ئۇھ !» دەپ چوڭقۇر تىندى ... ئاندىن ئۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى:

... ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 11 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن «بوراسان» دېگەن قەدىمكى خارابىلىككە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى ئېگىز ـ ئېگىز قۇم دۆڭلۈكلىرى ئۈستىدە خارابىلىك ئىزنالىرى بار ئىدى. ئىشلەمچىلەر ئەتىسى سەھەردىلا مولليېرنىڭ باشلىشى بىلەن ئاجايىپ ئېگىز، تىك بولغان بىر قۇم دۆڭلۈكىگە يامىشىپ چىقىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى چوڭ، دۈپدۈگىلەك خارابە ئىزناسى بولۇپ، كۆك خىشتىن ياسالغان تاملىرىنىڭ بەزى يەرلىرى ئۈستىگە چىقىپ تۇرسا، بەزى يەرلىرى قۇم ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. كارنىگ موللېر يۇمىلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ تۇردى. كەتمەن ـ كۈرەكلىرىنى تۇتقان جۇل ـ جۇل كىيىملىك ئىشلەمچىلەر چەمبەر سورۇن ھاسىل قىلىپ، يۇمىلاق ئىزنانىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشتى.

ـــ بۇرادەرلەر، ـــ دېدى كارنىگ موللېر گىدەيگەن ھالدا، ـــ مانا بۇ مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى بۇددا مۇنارى ! بىز ئىككى غۇلاچ كولىساقلا ئاستىدىكى ئۆي، ئامبار، ئىبادەتخانىلارغا يېتەلەيمىز ...

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، يۇمىلاقنىڭ ئىچى بارغانسېرى پەسەيمەكتە ئىدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن موللېر ئۆزىنى قىرغاققا

ئۆرۈشقىمۇ ئۆلگۈرمەي «گۈلدۈررىدە ... » قىلدى ـ دە، قۇم ئويۇلۇپ ئۈچ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا توختىدى. پەقەت بېشىلا كۆرۈنۈپ قالغان موللىبر كىملەرنىڭدۇر ئىسمىنى تووۋلاپ ۋارقىرىشى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قۇم يۇتمىسى بىردىنلا ئۇنى يالماپ، جەھەننەم چوڭقۇرلۇقىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى ... پەقەت مۇنارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار خىلىغىچە يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇردى ... نەچچە مىڭ پاتمان قۇم ـ توپا ئاستىدا قالغان كارنىگ موللىبرنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى مانا شۇنداق پاجىئەلىك تاماملاندى ! !

كىۋىنست بىللى ياللىۋالغان ئۇلاغ، تۆگىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ، مەلۇم ھەق بىلەن ئۇلارنى رازى قىلدى. ئىشلەمچىلەردىنمۇ ئۆزرە سوراپ، تەڭگە ۋە كۈمۈشلەرنى كۆڭلى خۇش بولغۇدەك بېرىپ يولغا سالدى ـ دە، «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر»، «گۆھەر قازغۇچىلار»دىن سېتىۋالغان ئازغىنە قەدىمكى يادىكارلىقلار قاچىلانغان ساندۇقلارنى بىرنەچچە تۆگىگە ئارتىپ قەشقەرگە راۋان بولدى ...

ـــ ... ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، ـــ دېدى سەمەندەر ئىككىنچى قېتىملىق سوغۇق چاينى ئىچىۋېتىپ، ـــ موللىبرنىڭ قۇمدىن بېشى چىقىپ قالغاندا ئۇ: «دانىش ... دانىش ! » دەپ يىلىندى ـ دە، ئارقىدىن «مۇزەپپەر بالام، مېنى قۇتقۇزۇۋال ! ... » دېگەچ، چوڭقۇرلۇققا كىرىپ غايىب بولدى ...

ـــ نېمە ئۇ ... ئۇ ... شۇنداق دېدىما؟ ـــ مۇزەپپەرنىڭ يۈرىكىدە بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى، ـــ توغرا، مەن ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان ...

ـــ ئەمما مۇزەپپەر دېگىنى كىمدۇ؟ ... ـــ سەمەندەر

مۇزەپپەرنىڭ ئاغزىغا قارىدى، ـــ سەن بىلمەمسەن؟

ـــ مەن ... مەن نەدىن بىلەي، ئىشلەمچىلەرنىڭ بىرىدۇر ...

ـــ نەدىكىنى، مەن ئۇلار بىلەن يىگىرمە نەچچە كۈن ھەمراھ بولدۇم، ئەمما مۇزەپپەر دېگەن ئادەمنى ئۇچراتمىدىم.

مۇزەپپەر بىردىنلا موللىپىرنى قۇم يۇتمىسىدىن قۇتقۇزۇۋالغان چاغدىكى ئىشنى ئەسكە ئالدى.

ئىشلەمچىلەر كەچلىك تاماق يەۋاتقان ۋاقىتتا، موللىپىر مۇزەپپەرگە كۆمۈش ۋە ئاق تەڭگىلەر سېلىنغان بىر تېرە ھەميان بەرگەنىدى، مۇزەپپەر ئالغىلى ئۇنىمىدى. لېكىن ئۇ سەھەرلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ يەكتىكىنى كىيگەندە، يانچۇقىنىڭ ئېغىر ھەم ئاستىغا سېلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قولىنى سالغانىدى، ھېلىقى تېرە ھەميان پۇلغا لىقمۇلىق تولغان ھالدا تۇراتتى ...

ـــ دانىش، گەپ قىلمايسەنغۇ، ـــ دېدى سەمەندەر ئۇنى نوقۇپ، ـــ نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟

ـــ موللىپىر گەرچە دادامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولسىمۇ سېخىي، مەرد ئادەمتى ... مېنى ھەرگىز پۇلدىن قىسمىغان ... ئىشلەمچىلەرگىمۇ ساخاۋەتلىك ئىدى ! ...

ـــ ئۇ دېگىنىڭ توغرا، پۇلغا كەلگەندە چوپەيلىك قىلمايتتى، بۇ قېتىم قايتقاندىمۇ كىشىنىست «موللىپىر ئەپەندى، ‹بۇ ئاتنى سەمەندەردىن تارتىۋالماڭلار› دېگەن، ئۇنىڭ روھى قورۇنمىسۇن، سەن مىنىپ كەت» دېدى.

ـــ ئەجەب كېلىشمەسلىك بوپتۇ، ـــ مۇزەپپەر باش چايقىدى.

ئادەم دېگەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ مەخلۇقكەن ! شۇنچە يىللار قىساس ئوتىدا پۇچىلىنىپ، قانچىلىغان

رىيازەتلەرنى چەككەن مۇزەپپەرنىڭ كۆڭلى ئېرىپ، موللىرغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بولۇپمۇ: «مۇزەپپەر بالام، مېنى قۇتقۇزۇۋال ! » دېگەن بىر ئېغىز سۆز ئۇنىڭ تاشتەك قاتقان يۈرىكىنى مومدەك يۇمشىتىۋەتتى. ئادەم دېگەن شۇنچىلىكلا بىر نېمىكەنغۇ! بىر ئېغىز تاتلىق سۆزدىن كۆكتە پەرۋاز قىلىدىكەنمىز ... كىچىككىنە خورلۇقتىن يەرگە كىرىپ كېتىدىكەنمىز ... ھەتتا يىرتقۇچقا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان رەزىللىكلىرىمىز ئۆزىمىزگە بىلىنمەيدىكەن. موللىر دانىشنىڭ مۇزەپپەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغان تۇرۇقلۇق نېمە ئۇچۇن ئاشكارىلىمىغاندۇ؟ سوراق مەيدانىدا: «بۇ يوشۇرۇنغان كەسپىي قاتىل، ئەسلىي ئىسمى مۇزەپپەر» دېمىگەندۇ؟ ھەتتا كىناتون، كۆۋنىستلاردىنمۇ خۇپىيانە تۇتقىنى نېمىسى؟ مانا بۇ مۇزەپپەر ئۇچۇن مەڭگۈ يېشىلمەس سىر بولۇپ قالدى ... ئەمما بۇ سىر ئۇنى تولىمۇ ئېغىر ۋىجدان ئازابىغا قويدى ...

— ھەي دانىش، — دېدى سەمەندەر ئويغا پاتقان ھالدا، — مىڭ يىللار مابەينىدە ئاستىغا چۆكمەي تۇرغان قۇم ئەجەب گۇمۇرۇلۇپ كەتتا. بۇنىڭدا بىرەر سىر بارمۇ ـ قانداق؟

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— ئەجدادلىرىمىزنىڭ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى قورۇندىمىكىن دەيمىنا.

— ئېھتىمال، ئەمما بۇنداق چوڭ مۇنارنىڭ ئۇستىگە چىقىش ئۇچۇن ئايلانما پەلەمپەيلەر بولىدۇ، بەلكى ئوتتۇرىلىرىدا بىرقانچىلىغان تاختايلىق ئۆيلىرىمۇ يوق ئەمەس. مېنىڭچە، ياغاچ لىملىرى، تاختاي پەلەمپەيلىرى چىرىپ كەتكەن گەپ. ئارانلا تۇرغاندا موللىرنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئىشلەمچىلەرنىڭ

ئوپۇر ـ توپۇرلىرى تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ـــ ھىم، ـــ سەمەندەر ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنى تاتىلىدى، ـــ بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، مەنمۇ مەدىكارلار بىلەن يۇمىلاقنىڭ ئىچىنى دەسسەپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكەنىدۇق. ھە راست، دانىش، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

ـــ قەشقەر، ئۈرۈمچى، ئىلى تەرەپلەرگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلايمىكىن.

ـــ غۇدۇرقۇمدا ئىككى بالام، خوتۇنۇم بار دەۋاتاتتىڭىز، ـــ گۈلبادام بۇ گەپنى ئۇنتۇمىغانىدى، ـــ ئۇلارنى يوقلىمامسىز؟ تېخى ھېلىقى كىچىك ۋاقتىڭىزدا سۆز سالدۇرۇپ قويغان قىز سىزگە ساقلاۋاتسا ...

ـــ يائاللا، بادىمەك خېنىم، ـــ مۇزەپپەر كۈلۈپ سالدى، ـــ ھېچنېمە نەزىرىڭىزدىن چەتتە قالمايدۇ، قاچانمۇ تۇگەر ئاچچىق گەپلىرىڭىز؟

ـــ ئەپۇ قىلىڭ، ئەسلىدە بۇنداق گەپلەرنى دېگۈم يوق ئىدى، مۇشۇ ئاغزىمنىڭ ئىتتىكلىكى زادى.

ـــ قارا دانىش ئۇكا، ئەتە مەن «ئاچچىق بۇيا» ئۆتىڭىگە ماڭىمەن. خوتۇن ـ باللارنى كۆرمىگىلى يېرىم يىل بولۇپ قالدى.

ـــ بىزمۇ ئەتە ماڭىمىز، ـــ گۈلبادام مۇزەپپەرنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدى، ـــ دانىش ئاكامۇ غۇدۇرقۇمدىكى ئائىلىسىنى يوقلىمىسا بولامدۇ؟

مۇزەپپەر ئېغىز ئېچىپ بىرنېمە دېمىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە بەش يىلدىن ئېشىپ كەتتى. بىر يىلدەك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدە يۈردى. تۆت يىلدىن ئارتۇق ياقا

يۇرتلاردا سەرسان بولدى. ئۇ قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ تۇران ئۆتەڭگە باردى. لېكىن مۇزەپپەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي مومىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئەمما بۇۋىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. مۇزەپپەر ئوت بېسىپ كەتكەن ۋەيرانە هويلىغا، ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن مال ئېغىللىرىغا، ئۆي، ئامبار، قازناقلارنىڭ ئىشىكلىرىدىكى داتلاشقان قۇلۇپلارغا تويماي ـ تويماي قاراپ يىغلىۋەتتى ... ئاندىن قارا تورۇقنىڭ بېشىنى قايرىپ قاراقاشقا قايتىپ كەتكەنىدى. خېلى ئۇزۇندىن بېرى، مۇزەپپەرنىڭ «تۇران ئۆتەڭ»گە قايتا بېرىپ بۇۋىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەگەر قازايىقەدەر يېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، نەزىر-چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئوغۇل باللىق پەرزىنى ئادا قىلمىسا، بىر ئۆمۈر ئۆزىنى كەچۈرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ گۈلبادامنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— بولىدۇ، سەمەندەركام بىزگە پۈتۈن بىر كۈن سەپەرداش بولىدۇ، — دېدى مۇزەپپەر كۈلۈپ قويۇپ، — مەن بادىمەك خېنىمغا ئىككى كۈن هەمراھ بولىمەن ... ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق يوللار بۇ ئايىمنىڭ ئۆزىگە قالىدۇ.

— ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، — ۋارقىرىدى سەمەندەر، — ئەتە سەھەر يولغا چىقايلى.

— مەن هازىردىن باشلاپ تالقان قورۇپ، قوتۇماق سېلىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلاي.

گۈلبادام ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىشى، سەمەندەر مۇزەپپەرنىڭ مەيدىسىگە نوقۇدى:

— دانىش، بۇ قىزنى راستلا قويۇپ بېرەمسەن؟ توۋا، ئېگىز

ئادەم ئەخمەق كېلىدۇ، دەپ ماگوينىڭ بالىسىنىڭ يۇمشاقباشلىقىنى، — سەمەندەر ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ئۇنىڭ دەردىنى بوش تارتمىدىڭ ستارى ... ئۇنى ئەمدى ۋاقتىدە قىلىپ ئەمرىڭگە ئال، بولمىسا بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالىسەن !

— ئىشقۇللا ئاتامۇ شۇنداق دېگەن، — مۇزەپپەر ھەسرەتلىك كۈلدى، — بىراق ھەرگىز بولمايدۇ.

— بولمايدىغان نەرى بار؟ — بۇ قىزنىڭمۇ ساڭا مەيلى باردەك قىلىدۇ ...

— ئەمما ئۇنىڭ خۇۋالاشقان يىگىتى بار ـ دە ...

— بولسا بولمامدۇ، بازار چاقىقانىنىڭ دەپ شاقىقىدە ئېلىۋالساڭ، ئۇ ئاداشىنگمۇ كۆڭلى سوۋۇيدۇ ئەمەسمۇ.

— باشقىلارنىڭ يىغىسى ئۈستىگە ئامەت ھۇزۇرۇمنى قۇرسام ئويلاپ باقە، مۇسۇلمانچىلىقتا توغرا كېلەرمۇ؟ خۇدا كەچۇرەرمۇ؟

— خوتۇن ئىشىغا كەلگەندە، بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا نەدە چولا؟ — سەمەندەر پۇشاڭشىپ كەتتى، — مەن دەپ قويااي، كېيىن بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ ... بۇنداق قىزنى كۈندۈزى پانۇس يېقىپمۇ تاپالمايسەن !

مۇزەپپەرنىڭ بېشى چۆشۈپ، ئېغىر ھەسرەتلىك خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ...

# ئون سەككىزىنچى باب

توغراقلىق ئورمانلار، تىزەك ـ كۆكۈن ھىدى كېلىپ تۇرغان قۇم ـ توپىلىق يوللار، جىغان، ئازغان، قوڭغۇراقتىكەن، بۆرە قوغۇنلار گىرەلىشىپ كەتكەن چاتقاللىقلار، قاقشاللىقتا ئايلانغان جاڭگاللار، بەزلىشىپ كەتكەن شال ئېتىزلىرى، ئاددىي، كۆرۈمسىز دېھقان ھويلىلىرى ئارقىدا قالدى. قارا چايشاپتەك كۆكسۇم تورلىرى يېپىلغاندا، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئۈچ ئاتلىق يولۇچى «ئاچچىق بۇيا» ئۆتىڭىگە يېتىپ كەلدى. سەمەندەرنىڭ ئۆيى بۇ يەردىن يەنە بىر ئاش پىشىم يەردە ئىدى. شۇڭا، مۇزەپپەر بىلەن گۈلبادام ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ، دەڭدە يېتىپ قالماقچى بولۇشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ ئويلىغىنى بار بولۇپ، يېرىم يىل كۆرۈشمىگەن ئەر ـ خوتۇن، بالىلارنى ئازادىرەك قويمىسا بولمايتتى.

— خوش سەمەندەر ئاكا، بىزگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدىڭ، — دېدى مۇزەپپەر ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — بىزدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار، ئامان بولساق سىنىڭ قاراقاشتىكى جەننىتىڭدە يەنە كۆرۈشەرمىز.

— خۇدا تىلەكلىرىمىزگە يەتكۈزسۇن، — سەمەندەر كۆزىگە ياش ئالدى، — ئەمدى مەنمۇ تاپقان پۇلۇمغا قاراقاشتا دۇكان ئاچاي دەيمەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ روھىنى سېتىپ، بادىمەك قىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەي دەيمىنا.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى. سەمەندەر ئېتىغا مىنىدى ـ دە، كۆزلىرىدىكى ياشنى يوتىسىدا سۈرتۈپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ قارىسى تا قۇملۇقلار ئارا يوقاپ كەتكىچە قاراپ تۇرغان مۇزەپپەر بىلەن گۈلبادام ئاتلىرىنى يېتىلەپ دەڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئاتلار ھويلىغا كىرە ـ كىرمەيلا «تارتما قۇدۇق» بېشىغا بېرىپ، چەمبەرلەنگەن ياغاچ تۇڭنى پۇرىغىلى تۇردى. شۇڭا، گۈلبادام دەرھال بادرا ياغاچنىڭ ئۇچىدىكى زەنجىرنى تارتىپ تۇڭنى قۇدۇققا چۈشۈردى ـ دە، ئالدى بىلەن ئاتلارنى سۇغىرىۋالدى. ھېلىقى بىر چاغدا مۇزەپپەر بىلەن قېتىققا نان چىلاپ يېگەن تۈل خوتۇننىڭ قېتىقخانىسى يەنىلا ئاۋات ئىدى.

گۈلبادام دەڭچاغا پۇل بېرىپ، بىر كورا ھاردۇق ئېشى ئەتكۈزۈپ چىقىپ مۇزەپپەرنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. لېكىن ئاخىرقى ئايرىلىش كۈنلىرى يېقىنلاشقانسېرى قىزدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قېلىۋاتقان مۇزەپپەر ئىختىيارسىز ئىشقۇللانىڭ، سەمەندەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھۆسن ـ كامالغا يەتكەن، ئاق كۆڭۈل، بەرنا قىزنى سېغىنماي، بىتاقەت بولماي قالارمۇ؟! ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىش ـ خاتىرىلەرنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ؟! بۇ ئايرىلىش ئۇنىڭ قەلبىدە ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەيدىغان داغ بولۇپ قېلىشى ئېنىقلىغۇ! ئەمما قىزنىڭ لايىقى تۇرسا ... ئۆزىمۇ ھېلىقى قىزنى ئىزدىسە، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى پايخان قىلغان بولامدۇ.

ـــ دانىش ئاكا، پۇتىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ ـــ مۇزەپپەرنىڭ خامۇش ھالىتىنى سەزگەن گۈلبادام ئورنىدىن تۇردى، ـــ ئەمدى

ئارام ئېلىڭ.

— سىزمۇ بالدۇرراق يېتىڭ، — دېدى مۇزەپپەر قىزنىڭ كۆزلىرىگە لەپپىدە قاراپ، — ئەتە تاڭ يورۇماستا يولغا چىقىمىز.

ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن يولغا چىققان مۇزەپپەر بىلەن گۈلبادام كونىپاتارغا يېقىن ئۇلار تۈنجى قېتىم ئۇچراشقان ئاچال يولغا يېتىپ كېلىشتى. ھەر ئىككىلىسى خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا ئات ئۈستىدە پاراڭلاشقان يەرگە قاراشتى ... گۈلبادامنىڭ كۆزلىرى كۈلدى، بىراق قىزىرىپ كەتتى ... مۇزەپپەر بولسا شۇ چاغدىكى ئات تۇياقلىرىنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدىگەندەك يەر بېقىپ تۇراتتى.

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈپ تۈنجى يۇلتۇزلارنى كۆتۈۋالغاندا، بۇرۇن بىر كېچە تۈنىگەن قۇم دۆڭلۈكىگە يېتىپ كەلدى. مۇزەپپەر بىلەن گۈلبادام ئاتتىن چۈشۈپ، يۇلغۇنلار قارىيىپ كۆرۈنگەن پەس دۆڭلۈككە ياماشتى. ھېرىپ كەتكەن ئاتلار ئېرىنچەكلىك بىلەن ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى خۇرجۇن، تۇلۇم، قاپقان سېلىنغان تاغار، كۆرپە ۋە ئېگەر - جابدۇقلار چۈشۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك سىلكىنىشتى. مۇزەپپەر تۇلۇمدىكى سۇدىن جامغا ئېلىپ، ئاتلارغا ئىچۈرگەندىن كېيىن «چارمىخمىز» بوغۇز سېلىنغان توۋرىلىرىنى بېشىغا كىيگۈزۈپ، پەستىكى يۇلغۇنلۇققا باغلىدى. ئاندىن ئۇزلىرى دۆڭ ئۈستىگە قۇرۇق يۇلغۇن، توغراق شاخلىرىنى دۆۋىلەپ گۈلخان ياققاندىن كېيىن قورساق تويغۇزۇشقا ئولتۇرۇشتى. مۇزەپپەر: «ئاۋايلا، مېڭەڭنىڭ قېتىقى ئۇستىبېشىمنى بۇلغىۋەتمىسۇن» دېگەن يەرگە قاراپ، نومۇس

كۆچىدىن بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئۇ «بادىمەكمۇ ئاشۇ سەت ئىشنى ئويلاۋاتسا كېرەك. لېكىن چاندۇرمايۋاتىدۇ ...» دەپ گۇمان قىلغاچقا بالدۇر سۆز ئاچتى:

— بۇ يەر ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە، بىز بىر كېچە تۈنىگەن تۇرساق.

— ياق، ھېلىقى خەنجەر قامچا ئىشنى دەيمەن ...

— ياق، ئېسىمدە يوق.

— سىز كۆڭلۈمنى ئاياپ دېگىنىز كەلمەيۋاتىدۇ ...

— راست، — قىزنىڭ كۆزلىرى ساددىلىق بىلەن چىمچىقلىدى، — مەن ئاشۇنداق ئۇنتۇغاق ... راستلا ئېسىمدە قالماپتۇ ... نېمە ئىشتى ئۇ؟

— بولدى، ئۇنتۇغان بولسىڭىز كۆڭلىڭىزنىڭ تۈزلۈكى، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئادەملەرلا باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇمايدۇ، ئەمما يامانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەسكە ئېلىشنى خالىمايدۇ.

— دانىشكا، سىزگە نېمە بولدى؟ چىرايىڭىزدىن مىسكىنلىك، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىڭىزدىن بىر خىل خامۇشلۇق چىقىپ تۇرىدۇ، — گۈلبادام يىگىتكە لاپپىدە قارىدى، — «بۇ چاپلاشقاق قىزدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن، خويمۇ بىزار قىلدىغۇ ...» دەپ ئويلاۋاتامسىز؟

— تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە، — مۇزەپپەر «ئۇھ ...» دەپ چوڭقۇر تىندى، — ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، ئىككىمىز بىر يىپقا باغلانغان چېكەتكە ئىكەنمىز ... مېنى ئوغرى دەپ قوغلىسا، سىزمۇ مەن بىلەن تەڭ قاچىدىكەنسىز ... سىزنى قامچىگىز ئۇچۇن قاراقچىلار قەستلەپ كەلسە، مەنمۇ سىزگە سۆرىلىپ

ئۆگزىگە تەڭ چىقىدىكەنمەن.

گۈلبادام ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— باياتىنىياقى شۇنى ئويلاپ تاپتىڭىزمۇ؟ ئەمما مەنمۇ ئويلىدىم، لېكىن دېمەيمەن.

— مېنى گەپكە سېلىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز دېمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بۇ جەزمەن چىدىماسلىق.

— ئەمىسە چېكەتكە، ئاڭلاڭ، — گۈلبادام ئايغا تىكىلىپ قالغانىدى، — مەن يەنە 10 ـ 15 يىللاردىن كېيىن ئۇچرىشىپ قالساق قانداق كۆرۈشەرمىز؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

— قانداق كۆرۈشەتتۇق، — مۇزەپپەر قوللىرىنى يايدى، — سىز «ئەسسالام ! » دەيسىز، مەن «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام !» دەيمەن. ئاندىن باللىرىڭىز تىنچلىقمۇ، ئېرىڭىزچۇ، ئۆي ـ ئىچى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوبدان تۇرغاندۇ؟ دەيمىز شۇ.

— ئەسكى ... ئەسكى، — گۈلبادام مۇزەپپەرنىڭ مۇرىسىگە ئۇردى، — سىز مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىز، كۆڭلىڭىزدىكىنى دېمىدىڭىز.

— دېيەلمەيمەن !

— چوقۇم دەيسىز، دېيىشىڭىز كېرەك !

— چۈشەندىم، سىز «كۈلۈپ كۆرۈشەمدۇق ياكى يىغلاپمۇ» دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— سىز بەك ئەقىللىك، — گۈلبادام ناز بىلەن پىچىرلىدى، — دەڭا سىز قانداق كۆرۈشىسىز؟

— ئاۋۋال سىز دەڭ، چۈنكى يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ سوئالنى سىز چىقاردىڭىز؟

— مەن ... مەن ... — گۈلبادام تېلىقىپقىنا يەرگە قارىدى،

— يىغلاپ تۇرۇپ ...

— نېمىشقا؟

— بېشىمىزدىن ئۆتكەن كەچمىش - قىسمەتلەر، تاش مۆھۈردەك خاتىرىلەر ئېسىمگە كېلىپچۇ، ئەمدى سىز دەڭ.

— كۈلۈپ تۇرۇپ ...

— نېمە، كۈلۈپ تۇرۇپما ... نېمىگە كۈلىسىز؟

— قارا بەختىمگە ! ! — مۇزەپپەر ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ياتىدىغان يېرىگە پەسلەپ كېتىۋېتىپ ۋارقىرىدى، — ياخشى چۈش كۆرۈڭ !

— سىزمۇ ياخشى چۈش كۆرۈڭ چېكەتكە !

تاڭ سۈزۈلۈپ يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ خىرەلىشىشكە باشلىدى. كۈنچىقىش تەرەپتىن قىزغۇچ نۇر تۇمانى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. باياۋاندىكى ئۇزاق يوللار بەجايىكى كۆكتىن تاشلانغان كۈل رەڭ لېنتىدەك غۇۋا كۆزگە چېلىقاتتى. ئەنە شۇ ئۇپۇق تامان گىرىمسەنلىك ئىچىدە ئىككى ئاتلىقنىڭ سايىسى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئاخشامقى ئاپپاق ئايدىڭ كېچىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ، ئاي - يۇلتۇزلارنىڭ مەدىتىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇلار كۆڭۈل تەلپۈنگەن بوستانلاردىن ئاز - تولا گۈل - چېچەكلەرنى تەردى ! ... ئەمما بۈگۈن سەھەر يولغا چىققاندىن بېرى ئىككىلىسى بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى ! نومۇس، هايا، ئۆكۈنۈش، دىنىي ئەخلاق ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى ! قىز بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ «لەۋز هالال» ئەھدىسىنى ئويلايتتى - يۇ، يەنىلا كۆڭۈل ھۆكۈمرانىنىڭ ساداسى تەرەپكە تەلمۈرەتتى ... يىگىتمۇ خىزىر كەبى بوۋاينى رەنجىتىشنى، پەرىشتىدەك مومىسىنىڭ

روھىنى قورۇندۇرۇشنى «گۇناھ» دەپ بىلەتتى ـ يۇ، بىراق يۈرىكىنى ئۆيىنىتىۋاتقان تاڭ ساباسى سەلكىن شامىلىغا مەست ـ مۇستەغرەق بولاتتى ... ھەتتا ئۇ: «بۇمۇ ئاللا سالغان سەۋداغۇ» دەپ ئۆزىنى بەزلەيتتى ...

ئىككى ناتسۋان ناگىھان بىر ھالەتتە ئاتلىرىنى سالقىن ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. يۇلغۇن، پاختا يۇلغۇن، نەچچە مىڭ يىللىق ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان، قوۋزاقسىز ئاپپاق توغراقلار، بوغما يىلاندەك تولغىنىشىپ كەتكەن بەقەملەر، شامال بىلەن تەڭ يۇمىلاپ يۈرگەن قامغاقلار، زاغزاق، تىكەنلىك قىياقلار قاپلىغان دەشتۇچۆللەر ئارقىدا قېلىپ، ئەمدىلىكتە سۇسىز، گىياھسىز جەزىرىمە قۇملۇق ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېيىلىپ ياتاتتى. پايانسىز قۇملۇقنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان تىنىمسىز شاماللار، ئاقىرىپ كەتكەن ئات، ئېشەك، تۆگە، ئادەم سۆڭەكلىرىنى ئاچاتتى ھەم ياپاتتى.

«قۇمسالدى» كارۋان سارىيى ئاتلىق ئادەم ئۈچۈن قاتتىق بىر كۈنلۈك يول ئىدى. مۇزەپپەرنىڭ ئۆزەڭگىسىدە تۇرغان پۇتى چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇرغاچقا، ئۇلار پات ـ پاتلا يەرگە چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى. پۇتقا قان يۈرۈشۈپ بىرئاز ئاراملىق بەرگەندىن كېيىن، يەنە ئاتلىرىغا مىنەتتى. شۇڭا «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغا يەنە يېرىم كۈنلۈك يول قالغاندا، ئۇلار ئارام ئالماقچى بولۇشتى. كۈن ئۇۋۇسىغا قىڭغايغان بولسىمۇ تېخى ئولتۇرمىغانىدى. بارخانلار، ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ قۇملۇق يول قىپقىزىل كۈن نۇرىدا دەريا ئۆركەشلىرىدەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا شالاڭ ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە شاخاراپ كەتكەن تىكەنلەرمۇ بار ئىدى.

مۆزەپپەر بىلەن گۈلبادام يول ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭلۈككە چىقىپ ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يەرگە چۈشۈردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ باشلىرىغا توۋرىلارنى كىيگۈزۈپ، تىكەنلىككە ئاپىرىپ قويدى. ئۆزلىرى جاملارغا سۇ بۆلۈپ تالقان قوچۇپ يېيىشتى. گەرچە كۈندۈزلىرى چۆل قۇياشى تەپتىدە يەر ـ جاھان ئىللىپ قالغىنى بىلەن كېچىلىرى قاتتىق سوغۇق بولاتتى. بولۇپمۇ قىش بويى بىرەر قېتىممۇ قار كۆرمەيدىغان بۇ قۇملۇقلاردا قارا سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. شۇڭا، ئۇلار كېچىچە گۈلخان يېقىش ئۈچۈن يۇلغۇن شاخلىرىنى، شاراقشىپ قۇرۇپ كەتكەن تىكەنلەرنى سۆرەپ كېلىپ دۆڭلۈك ئۈستىگە دۆۋىلىۋالدى.

بارخانلار، دۆڭلۈكلەر، پەس جىلغىلار ئوراپ تۇرغان كارۋان يولى ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈن نۇرىدا قىزغۇچ تاۋلانغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك جىمجىت ئىدى. گۈلبادام مانا شۇنداق جىمجىتلىقتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. شۇڭا ئۇ قۇلىقىنى قومغا يېقىپ، ئۇزاق تىڭشىغاندىن كېيىن دەرھال خۇرجۇنىدىن ئوقدانىنى ئېلىپ مۈرىسىگە سالدى. ئالىقاندەك كەڭلىكتىكى ئوقدانىنىڭ تۆشۈكلىرىدە قىپقىزىل چېقىلدۇرغۇچلىرى پارقىراپ تۇرغان ئوقلار رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى. گۈلبادام قوشئاتار مىلتىقىنىڭ زاتورىنى قايرىپ ئوق سالغاندىن كېيىن قۇلۇپىنى ئېچىپ، قولىغا ئېلىپلا ئاتقۇدەك قىلىپ قويدى.

— بادىمەك سىڭلىم، سىزگە نېمە بولدى، — دېدى مۆزەپپەر ھەيرانلىق ئىلكىدە، — ھېلىلا جەڭگە كىرىدىغاندەك مىلتىق، ئوق بىلەن ھەپىلىشىپ قالدىڭىزغۇ؟

— دانىش ئاكا، يەر ئاستىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم. كۆڭلۈمنىڭ ئۆيۈپ تۇرغىنى بىكار ئەمەسكەن.

— بەلكىم كارۋانلاردۇر ...

— ياق. ئات، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ شەپىسى يۇمشاق بولىدۇ ... بۇلار جىددىيلەشكەن، غەزەپكار ئادەملەرنىڭ ئات چاپتۇرۇشلىرىغا ئوخشايدۇ.

گۈلبادامنىڭ گېپى ئاخىرلاشمايلا ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتىن قايرىلىپ، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كۆرۈندى. ئاتلارنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولغاچقا، يەكتەك ـ تونلارنىڭ لەپىلدەپ ئۇچۇشلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاتلىقلارنىڭ بىرىدە ئوۋ مىلتىقى بولۇپ«گۇم ... گۇم» ئوق ئۈزۈپ كېلەتتى. ھەتتا ئۇچۇپ كەلگەن ئىككى پاي ئوق ئۇلار دەسسەپ تۇرغان قۇمغا كىرىپ، پۇرىدە توپا كۆتۈرۈلدى. ئاڭغىچە ياندىكى جىلغىدىن يەنە ئىككى ئاتلىق باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قارا تونلۇق ئادەمدىمۇ مىلتىق بار بولۇپ، ئۇمۇ بىر ـ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى.

— سىڭلىم، ئۇلار ھېلىقى قاراقچىلار ئىكەن، — ئۆرە تۇرغان مۇزەپپەر ۋارقىرىۋەتتى، — مەن تونۇدۇم، ئالدىدىكى ئالا تونلۇق ھېلىقى خاپان باش ئىكەن.

— دانىش ئاكا، بۇنى ئېلىڭ، — گۈلبادام خەنجەر قامچىنى تاشلاپ بەردى، — قامچا بېشىنىڭ ئاستىدا بوغدايدەك بىر مونەك بار، شۇنى باسسىڭىز خەنجەر چىقىدۇ ... يېتىشۋېلىڭ ...

بۇ ئەسنادا يان تەرەپتىكى دۆڭلۈكتىن چوماقلىرىنى باش ئۈستىدە ئوينىتقان ئۈچ ئاتلىق شامالدەك تېز پەسلەپ كەلدى.

قاراقچىلار جەمئىي يەتتە ئادەم بولۇپ، ئۇلار «ھا ! ... » دەپ نەرە تارتىپ كېلىۋاتاتتى.

— مەن سىزنى يېتىشۋېلىش دەۋاتىمەن، — ۋارقىرىدى گۈلبادام، — ئوقنىڭ كۆزى يوق.

ئارقىدىن ھەم جىلغىدىن توختىماي ئوق ئېتىپ كېلىۋاتقان قاراقچىلار يېقىنلاپلا قالغانىدى. قۇملۇق ئۈستىدە تىزلىنىپ تۇرغان گۈلبادام قاۋان توڭگۇزلارنىڭ تېخىمۇ يېقىن كېلىشىنى كۈتكەندەك، نەپەسمۇ ئالماي قورۇلغا ئېلىپ تۇراتتى.

— ئەڭ ئاۋۋال مىلتىقلىق ئالا تونني نىشانلاڭ ...

— بىلىمەن، سىز نېمە ئۈچۈن يېتىۋالماي قوناقلىقنىڭ موندىكىدەك چوقچىيىپ تۇرىسىز ...

— مەن يېتىۋېلىپ، سىز ئېلىشىسىز ...

جىلغا تەرەپتىن «شۇۋ ... » قىلىپ كەلگەن ئوق مۇزەپپەرنىڭ تەلپىكىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا «ئاناڭنى ... » دەپ تىللىغىنىچە چوماق چۆرۈپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئاڭغىچە «گۇم ... » لا قىلىپ گۈلبادام بىر پاي ئوق ئاتقانىدى، قۇيۇندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئالا تون مىلتىقى بىلەن ئاتتىن قاڭقىپ نەچچە غۇلاچ يەرگە گۈپپىدە چۈشتى ـ دە، ئىككى قېتىم سىلكىنىپ جىم بولدى ... بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن يەنە بىرى ئېتىنى قايرىپلا بارخان ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. گۈلبادام تۇرغان ئورنىدىن پىرقىراپلا ئۆرۈلۈپ، جىلغا تەرەپتىن كەلگەن مىلتىقلىقنى نىشانلاپ ئاتقانىدى، ئۇ ئېتى بىلەن موللاق ئېتىپ، يانپاش غولدىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەمراھى ئاتتىن ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئاڭغىچە گۈلبادام مىلتىقتا ئوق سېلىپ ئۈلگۈردى. بۇ چاغدا،

مۇزەپپەر ئۈچ ئاتلىق چوماقچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقتا ئىدى. ئۇلار ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا، تۇرۇپلا ئالدى ـ ئارقىغا پىرقىراپ يۇرۇپ قامچا سېلىۋاتقان مۇزەپپەرگە ئاتلىرىنى قايدۇرۇپ كېلىپ بولغىچە، ئۇ ئارقىدىن «قارس ـ قۇرس» قىلىپ قامچا ئۇرۇپ، چاپان ـ تونلىرىنى پىچاقتا كەسكەندەك تىلىۋېتەتتى. ئۈچ قاراقچىنىڭ چوماقلىرى ھاۋادا «ۋۇڭ ... ۋۇڭ ... » ئاۋازلارنى چىقىراتتى. قاراقچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان مۇزەپپەرنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن گۈلبادام ئۇلارنىڭ بىرىنى ئېتىپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى. قايتىدىنلا جان كىرگەن مۇزەپپەر قالغانلىرىنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈردى ـ دە، چوماقلىرىنى نەگىدۇر ئېتىۋەتتى. ئەمدى ئىككى قاراقچى قوللىرىغا پىچاق، خەنجەر ئالغانىدى. ئەمما سەككىز قات ئۆرۈلگەن سىڭىر قامچا تەگكەن يەردىن قان ئالاتتى. مۇزەپپەر پۈتىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئېلىشماقتا ئىدى. ئىككى چوماقچى بۇرادىرىدىن ئەنسىرەپ قالغان بارخان ئارقىسىدىكى ئاتلىق بىلەن جىلغا تەرەپتىن كەلگەن ئاتلىق گۈلبادام تەرەپكە ئېتىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سۆڭەك دەستىلىك ئەگرى پىچاق ۋە ئۇزۇن خەنجەرلەر بار ئىدى.

— توختاش، — گۈلبادام ئۇلارغا مىلتىقىنى چەنلەپ ئۆرە تۇراتتى، — يەنە بىر قەدەم ئالساڭ، ئىككىڭنىڭ ئۆلۈكى مۇشۇ قۇملۇقتا قالىدۇ ...

— ھەي پاخپاق، — دېدى كۈرەك ساقال، ئۇزۇن يەكتەكلىك بىرى، — خەنجەر قامچا بىلەن سىرلىق قاپقاننى تاشلاپ بەرسەڭ بىز كېتىمىز ... بولمىسا ...

— بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ؟

— تېنىڭنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىمىز ...

— ۋۇي زەيپانە ھەزىلەكلەر، بىر قىز بالىغا تەھدىت سالغۇچە، ئىشتانىڭلارغا بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالساڭچۇ ...

— ھەي جالاپ !

كۆرەك ساقالنىڭ گېپى ئاخىرلاشمايلا، ئاغزىدىن كىرگەن ئوق بېشىنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىمقى نە ـ نەلەرگە چاچراپ، قوملارغا شالاقلاپ چۈشتى ... بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن تاز چىراي بىرى ئارقىغا چېكىنىپ قاچقانىدى، مىلتىقىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ بولغان گۈلبادام ئۇنى ئەمەس، بەلكى قانغا بويىلىپ كەتكەن مۇزەپپەرگە پىچاقلىرىنى شىلتىپ ئېلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى ئېتىۋەتتى. ئۇ يوتىسىنى قاماللىغىنىچە ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ قۇمغا يىقىلدى. لېكىن ئارقىدىن مۇزەپپەرنىڭ كانىيىنى سول قولىدا گىرە سېلىپ بوغۇۋالغان چۇپۇر يۈز:

— بەكرى، پىچاق ئۇرا! — دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، كۆرەك ساقالنىڭ مېڭە قېتىقلىرىدىن، باشسىز تېنىدىن قورقۇپ كەتكەن تاز چىراي بەكرى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قۇملۇققا قاراپ قاچتى. ھالسىزلىنىپ كەتكەن مۇزەپپەرنىڭ ئارقىدىن بوغۇۋالغان چۇپۇر يۈز ئوڭ قولىدىكى خەنجەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆكرەككە ئۇرماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ خەنجەر تۇتقان قولى يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشتى ... چۇپۇر يۈز شۇنداق پەرياد كۆتۈردىكى، پايانسىز قۇملۇق زىلزىلىگە كەلدى. ئۇ، قانلار تىرتىلداپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بىلىكىنى سول قولىدا قامالالاپ ۋارقىراپ، ھۆركىرەپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى ...

— دانىش ئاكا! — گۈلبادام يەكتەك، كۆڭلەكلىرى قان بولۇپ كەتكەن مۇزەپپەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، — ئەھۋالىڭىز ئېغىر ئەمەستۇ؟

— بىرقانچە يېرىمگە پىچاق، خەنجەر تەگدى. لېكىن يارا ئېغىزى ئانچە ئۇيي بولمىسا كېرەك، — مۇزەپپەر قىزغا مېھىر بىلەن قارىدى، — بادىمەك سىڭلىم، مېنى ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدىڭىز.

— ئەمما سىزگە نەچچە ئادەم يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە ياردەمگە كېلەلمىدىم.

— سىزنىڭ ئالدى بىلەن قورالىلىقلارنى يوقىتىشىڭىز، بىزنىڭ ئامان قېلىشىمىزنىڭ كاپالىتى بولدى. بولمىسا ئىشىمىز چاتاق ئىدى.

پوروخ ھىدى ۋە قان پۇراپ تۇرغان «جەڭگاھ» بىر پەس جىمىدى. يوتىسىغا ئوق تەگكەن چوقۇر قاراقچى ئىڭراپ ياتاتتى. ئۆلارنىڭ ئاتلىرى ئۈركۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئۇچلا ئات يۇلغۇنلۇق ھەم تىكەنلىكتە نېمىلەرنىدۇر كورۇسلىتىپ يەۋاتاتتى. گۈلبادام مىلتىقىنى چەنلەپ كېلىشى، چوقۇر يۈز ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى:

— ئاتمىسلا خېنىم ... ھەرگىز ئوق چىقارمىسىلا، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي ...

— مەن سېنى ئاتمايمەن، بەلكىم ئۆيۈڭگە يولغا سېلىپ قويىمەن.

گۈلبادام ئۆلارنىڭ ئۈچ ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ، چوقۇر يۈزنى يۆلىدى، مۇزەپپەرمۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئاتقا مىندۈردى. ئاندىن باشسىز قالغان كورەك ساقالنى، يەنە بىر

ئۆلۈكنى ئىككى ئاتقا ئارتىپ قول ـ پۇتلىرىدىن چىرماپ باغلىدى ـ دە، ئىككى ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى چوقۇر يۈز قاراقچىنىڭ ئېگىرىگە باغلاپ قويىدى.

ـــ ئەمدى سەن نەگە بېرىپ دەۋا قىلساڭ قىل، ـــ گۈلبادام يەرگە چۈشۈپ قالغان قامچىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى، ـــ مەن يەنە مىلتىقىم بىلەن يېنىڭغا ھازىر بولىمەن.

ـــ يوقسۇ خېنىم، يوقسۇ. شۇنداقمۇ قىلامەنمۇ؟ بۇ ... بۇ ... ئۆزۈمنى ئۆزۈم مەلۇم قىلغاندەك ئىش بولمامدۇ ...

گۈلبادام ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ساغرىسىغا قامچا ئۇرغانىدى، ئات چاپقانچە ئارقىسىغا چېتىلغان ئاتلارنىمۇ سۆرەپ قومۇلۇقلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. چىرايى ئاقىرىپ، ئەلەڭ ـ سەلەڭلا بولۇپ قالغان مۇزەپپەرنى قولتۇقلىۋالغان گۈلبادام ئۇنى دۆڭلۈك ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ جاراھەتلىرىدىن ھېلىمۇ قان سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. «قانلىق جەڭ» ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. كېچىنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقى بولۇۋاتاتتى. ئەگەر مۇزەپپەرنىڭ قان بىلەن مىلىچلاپ كەتكەن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتمىگەندە، تۈن نىسپى بولغۇچە قانلار قېتىشىپ، توڭلاپ كېتەتتى. گۈلبادام گۈلخان يېقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوغان ـ يوغان شاخ ـ ئوتۇنلارنى تاشلاپ ئوت سارا ئۇلغايغاندىن كېيىن، سەپەر چۆگۈنىگە سۇ قۇيۇپ، چوغ ئۈستىگە قويىدى. ئاندىن مۇزەپپەرنى ئوتقا يېقىن ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇردى. ئۇنىڭ دۈمبىسىنىڭ توڭلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېرە پىنجىكىنى كىيگۈزدى.

مۇزەپپەرنىڭ سول مۈرىسى، ئىككى بىلىكى خېلىلا ئېغىر

يارىلانغان بولۇپ، ئوڭ بىقىنىمۇ بەش ئىلىك ئەتراپىدا تىلىنىپ كەتكەنىدى. گۇلبادام بىر پارچە خامغا چۆگۈندىكى قىزىق سۇنى قۇيۇپ سىقىۋەتكەندىن كېيىن جاراھەت ئېغىزلىرىنى تازىلىدى. ئاندىن خەنجىرىنى ئوتتا قىزىتىپ داغلىدى. ئوتلۇق خەنجەر ھەر قېتىم جاراھەتكە تەگكەندە، مۇزەپپەر قاتتىق ۋارقىرىۋېتەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بالا ـ قازا بولسىلا ماڭا كېلەمدىغاندۇ؟ ئەگەر بۇ قىز بىلەن ئۇچراشمىغان بولسام بۇ ئىشلارمۇ يوق ئىدى. خەير بوپتۇ، بۇمۇ ئىرادە ـ تەقدىر!» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

گۇلبادام دەسلەپتە مۇزەپپەرنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرغاندا، جاراھەت بىلەن بولۇپ كېتىپ ئانچە دىققەت قىلمىسىغانىدى. ئۇ سول مۈرە، سول بىلەكنى تېڭىۋېتىپ، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان يىپتىكى بىر تال كۆك مارجاننى كۆرۈپ قېلىپ ھەيرانلا قالدى. «توۋا، ئەر كىشىمۇ بوينىغا مارجان ئېسىۋالىدىكەنە؟» دېگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

ــ دانىش ئاكا، بوينىڭىزغا قىزلاردەك مارجان ئېسىۋاپسىزغۇ؟ ــ سورىدى گۇلبادام كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

ــ سىزدىن يوشۇرغۇدەك نېمە بار دەيسىز، بۇ مارجان مەن سىزگە دەپ بەرگەن ھېلىقى قىزنىڭ يالدامىسى!

ــ ئۇ قىز ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويغانمىدى؟

ــ ياق، مەن ئۇنى ئوغرىلىۋالغان، ئەمما بۇ تەۋەررۇكنى 15 يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ بوينۇمدىن ئالغىنىم يوق!

گۇلبادامنىڭ كۆڭلى ئەدەپ يېگەندەك بولۇپ، تۇيدۇرماي چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى. ئۇ، ئوڭ بىلەكتىكى جاراھەتنى تېڭىۋاتقاندا، بىلەك ئاستىدىكى قاپقارا خالنى كۆرۈپ قېلىپ،

خۇددى نەپسى توختاپ قالغاندەك قوللىرى تىترەپ، يۈرىكى سىيلىپ كەتتى ... بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە: «بۇ دېگەن چوڭ بولغاندا باي، ئەمەلدار، باشلىق بولۇشنى بىلدۈرىدىغان خىسلەتلىك خال ... » دېگەن چۈڭكۈلداپ تۇرغان ئاۋاز كۈمۈش قوڭغۇراقتەك سادا بەردى ! ... ئارقىدىنلا: «بىر تال مارجان دېگەن جانىمىدى؟» دەپ ئالىقانلىرىنى يوشۇرغان سەبىي بالا كۆز ئالدىغا كەلدى ... گۈلبادامنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ تۆكۈلگەن ياش مۇزەپپەرنىڭ بىلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. بۇ ياش خۇرجۇندىن تون، كۆڭلەكنى ئېلىپ مۇزەپپەرگە كىيگۈزگىچە توختىمىدى ...

— بادىمەك سىڭلىم، يىغلاۋاتىسىزغۇ؟

— مەن بادىمەك ئەمەس ! !

قاتتىق ۋارقىرىغان گۈلبادام، شارتتىلا ئۆرۈلۈپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى - دە، يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن ئايغا قارىغىنىچە، ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى ... ئاھ دەرىخا، سەددەرىخا[①]، بۇ تەقدىرى ئەزەلنىڭ ئويۇنلىرىغا يەنە نېمىدېگۈلۈك؟! ئەللىك كۈندەك بىللە يۈرگەن، كېپەن ئوغرىسى دەپ نەپرەتلەنگەن، ئىسمىنى «دانىش» دەپ ئاتىۋالغان قاتىلنىڭ ئۆزى ئۇنتۇيالمىغان، شېرىن خىياللار ئىلكىدە يوشۇرۇن سېغىنغان، ھەممە - ھەممە تاتلىق ئۇمىدلىرىنى بەخشەندە قىلغان مۇزەپپەر ئىكەنلىكى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن ! ! سەمەندەر: «مۇزەپپەر دېگەن كىم ئۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ دۇدۇقلاشلىرى بىكار ئەمەسكەن - دە ! ئەسلىدە ئۇ گۈلبادامنىڭ دادىسى مىركامىل بىلەن بىللە ئۆلگەن مەۋلىدىنىڭ ئوغلى مۇزەپپەرئىكەن ئەمەسمۇ! ئاتا قىساسى ئۇچۇن بۇنداق چوڭقۇر

① ئاھ دەرىخا، سەددەرىخا — ھەسرەت، مىڭ ھەسرەت !

نىقابلانغان، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ سىر بەرمىگەن، بىرەر قېتىممۇ چاندۇرۇپ باقمىغان بۇنداق قاغدالما ئادەمدىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ «مارجان تۇمار»نى بىرەر دەقىقىمۇ بوينىدىن ئالماي، گۇلبادامنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پىنھانلىرىدا، گويا ئەنقانىڭ سۇتىدەك تۇتىيا بىلىپ ئەسلەپ تۇرغانلىقىنى نېمىدېگۇلۇك؟! ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ يېرىمى مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىققا تولغان شەربەت پىيالىسى، يېرىمى تاشمىدۇ؟! ئەي دۇنيا، سەن مۇشۇنداق تۇرلۇك ـ تۈمەن خىسلەتلەرگە باي ئادەملىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە تەمەننا قويامسەن؟ ئەي كارامەت ئىگىسى، سېنىڭ قۇدرەت كامالىڭدىن ئاپىرىدە بولغان بۇنداق بەندىلىرىڭنىڭ لېپىنى دوزاخ بىلەن جەننەتتىن ئالغانمىدىڭ ؟! ئۇلار نېمانداق ھەم قاتتىق، ھەم شەپقەتلىك ! ! ...

گۇلبادام شارتلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، مۇزەپپەرنىڭ ئالدىدا غەزەپ بىلەن تىك تۇردى !

ـــ ئېيت، زادى سەن كىم؟ ـــ گۇلبادام ئاچچىقىدا سەنلىشىۋەتتى، ـــ گەپ قىل، سەن زادى كىم ؟؟ ...

ـــ بادىمەك سىڭلىم ! ...

ـــ مەن ساڭا دېدىمغۇ، مەن بادىمەك ئەمەس ! سەن ... سەن مۇزەپپەر، شۇنداقمۇ ؟

مۇزەپپەر قىزغا قادىلىپلا قالدى ...

ـــ سەن ... سەن ئوغرىلىنىۋالغان مارجىنىمنى قايتۇرۇپ بەر ! !

ـــ سىز ... سىز ... گۇل ... گۇلبادام ! ! ! ...

ـــ شۇنداق ! مەن ئاشۇ گۇلبادام ! ! مارجىنىمنى ئۆز بىلىكىنى پاتمىچۇق چاپلىشىۋالغان بىر بالا ئوغرىلىۋالغان ! ... ئاشۇ سەبىي ئوغرى سەنغۇ؟!

— ئەمىسە «بادىمەك، بادىمەك» ئۇ ... ئۇ كىمۇ؟

— ئۇمۇ مەن ! بوۋامنىڭ مېنى ئەركىلىتىپ «بادىمەك» دېيىشىنى سەن نەدىن بىلەتتىڭ؟!

يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىغىنىچە، ئاغزى ئوچۇق ھالدا قاتىيىپ تۇرغان مۇزەپپەر ئىككىلا قولىنى ھاۋادا سىلكىپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئاھ گۇلبادام! ... گۇلبادام!! ... گۇل ... با ... دام!!! ...

مۇزەپپەر گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، قۇمغا يۈزىنى يېقىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بۇقۇلداپ، ئىسەدەپ يىغلىغانسېرى ئۇنىڭ دۈمبىلىرى سىلكىنىپ لەرزىگە كەلدى. بۇ ھالدىن كۆڭلى ئەلەمزىدە بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان گۇلبادام دەرھال كېلىپ پۈتۈن بەدىنى ئەمەس، يۈرىكىمۇ جاراھەتلەنگەن، يوشۇرۇن سېغىنىش داغلىرى قەلبىنى ئۆرتىگەن مۇزەپپەرنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى:

— بولدى يىغلىماڭ ... قىسمەت بىزنى مۇشۇ دەشتۇ چۆللەردە ۋىسالغا يەتكۈزۈشنى نېسىپ قىپتۇ. شۈكۈر قىلايلى ! «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر»①.

— شۇنداق، شۈكۈر كەلتۈرمەك، سەۋر قىلماق كېرەك، — مۇزەپپەرنىڭ يۈزلىرىدىن ھېلىمۇ ياشلار تۆكۈلۈۋاتاتتى، — مېنى ... مېنى يۆلەڭ، مەن تۇرۇپ قېشىڭىزدا بىردەم ئولتۇراي. بېشىمىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشت، سەرگەردانلىقلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي ...

گۇلبادام گۈلخان ئۈستىگە شاخ ـ ئوتۇنلارنى تاشلاپ باشقىدىنلا يالقۇنجىتىۋەتتى. ئۇ مۇزەپپەرگە ئۇسسۇزلۇق

① «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر» — (بەقەرە سۈرىسى 9 ـ ئايەت).

بەرگەندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئازراق سۇ ئىچىپ، گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشتى.

مۇزەپپەر قانداق مەقسەت ـ نىشانلاردا كارنىگ موللىرىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتناشقانلىقىنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ ئۆتتى. ھەتتا قىساسى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، موللىرىنىڭ كەنت، ئۆتەڭ، كارۋان سارايلىرىغا ئايغاقچى ئەۋەتىپ، چېرىكلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىزدىگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئابخان ئاكىسىنىڭ تۆگىلىرىنى يېتىلەپ، نەچچە يىل مۇساپىرچىلىق تارتقانلىرىنىمۇ بايان قىلدى.

ــ سىز قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيىڭىزنى يوقلاپ باردىڭىزمۇ؟ ــ سورىدى گۈلبادام، ــ ئۇ چاغلاردا سىزنى ئىزدەش ۋە تۇتۇش ھەرىكەتلىرى ئۇنتۇلغان تۇرسا.

ــ ئېسىڭىزدىمۇ، ئىككىمىز تۇنجى قېتىم ئاچال يولدا ئۇچراشقىنىمىز، مانا شۇ چاغدا مەن قەشقەردىن كېلىپلا «تۇران ئۆتەڭ»گە ماڭغاندىم. لېكىن مەن سىزدىن يوشۇرۇپ «غۇدۇرقۇم»دا ئۆيۈم بار، دەپ يالغان ئېيتتىم.

ــ «تۇران ئۆتەڭ»گە بېرىپ ئەزىمشاھ بوۋام بىلەن كۆرۈشۈپسىز ـ دە؟

ــ ياق، ــ مۇزەپپەر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى، ــ بارسام بوۋام بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىپتۇ. ئۆي، ھويلا، ئېغىللار شۇنچىلىك ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇكى، ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى.

ــ ئەسلىدە مەن قاپقاننى تېپىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەزىمشاھ بوۋامنى قومۇشلۇققا ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. بۇ

ھەقتە ئۆزىگىمۇ دېسەم بەك خۇشال بولۇپ كۆز يېشى قىلغانىدى. توۋا، نەگە كەتتىكىنە؟

— مەن سەمەندەر ئاكامنىڭ ئۆيىدىكى چېغىمدىلا سىزنى يولغا سېلىۋېتىپ، بوۋامنى ئىزدىمەكچى ئىدىم. ئۇنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە بولسىمۇ تاپمىسام بولمايدۇ.

— ئەمدى ئىككىمىز تەڭ ئىزدەيلى.

بىردىنلا تەنلىرىگە مادار، پۇت ـ قوللىرىغا جان كىرىپ شادلانغان ئىككى سەيياھ ئاتلىرىنى سۇغا، بوغۇزغا تويۇندۇرۇپ، تۈن نىسپىدىلا يولغا چىقىشتى. شۇنداقتىمۇ ئاتلىرىنى ھاردۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قۇم داۋانلىرىدا، ئېگىز دۆڭلۈكلەردە پىيادە مېڭىشتى. ئۇلار يوللاردا تۈگمەس مۇڭلىرىنى تۆكۈپ، سىر ـ ئەسرالىرىنى دېيىشىپ، بالىلىق چاغلىرىنى ئەسكە ئېلىشىپ، كۈن قىزىللىقى تەكلىماكان ئاسمىنىغا شەلپەردەك يېيىلغان سەھەرلىكى «قۇمسالدى» كارۋان سارىيىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئاتلىرىنى ساراي ئېغىللىرىغا باغلىغاندىن كېيىن، ساراي ئالدىدىكى گۈشگىردىخانىغا كىرىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇشتى. ئاندىن گۈلبادام سەكسەنخالتا دورىگەرلىرىدىن جاراھەتكە داۋا بولىدىغان تالقان دورا، مەلھەم ۋە بىرنەچچە قىر ئاق خام سېتىۋالدى. كەچتە مۇزەپپەرنىڭ بەدىنىدىكى قان قېتىشىپ قالغان تېڭىقلارنى يېشىپ، جاراھەتلەرنى تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قايتىدىن تاڭدى.

ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا ئۇلار سەپىرىنى داۋام قىلدى. بىر كېچە ـ كۈندۈز سۇغا قېنىپ، بوغۇزغا ۋە يېچانغا تويۇپ ھاردۇقى چىققان ئاتلار بەس ـ بەستە يول تالىشىپ يورغىلايتتى. ئۇلار چۈشتىن كېيىن كۈن قىيىلغاندا «تۇران ئۆتەڭ»گە يېتىپ

كەلدى. مۇزەپپەر ھويلىغا كىرىپلا ئۇن سىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۆيلەر، ئامبارلار ۋە قازناقلار يەنىلا قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئېگىز ئۆسكەن تىكەنلەر ۋە ھەر خىل قورايلار شاراقشىپ قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، يۇمشاق قۇم توپىلىق ھويلىدا ئادەم ئىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «تۇران ئۆتەڭ» دېگىن ئۆي - ھويلىلار كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولغىنىدەك تولىمۇ شالاڭ، تارقاق بولغاچقا، ئەزەمشاھنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى.

مۇزەپپەر ئۆينىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ مەشەدە بىرەر كېچە بولسىمۇ بوۋىسى ۋە مومىسىنىڭ ھىدلىرىنى پۇراپ ياتقۇسى بار ئىدى. لېكىن قۇلۇپنى چاققانغا تۇشلۇق بۇ ئۆيلەردە يېگۇدەك بىرنەرسىنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاتلىرىنى قايدۇرۇپ، ئانچە يىراق بولمىغان «كۇلدەمە» كارۋان سارىيىغا يۇرۇپ كەتتى.

— گۈلبادام، — دېدى مۇزەپپەر روھسىزلانغان ھالدا، — بوۋىڭىز بۇ چاغقىچە سىزدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئۇ سىزنى ئىزدىمەي تۇرالمايدۇ. ئىشىنىڭ، ئۇ سىزنى بىتاقەت بولۇۋاتقانلىقىڭىز كۆزلىرىڭىزدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا سىز دەرھال قايتىڭ، ئابدۇللا بوۋامنى ئەنسىرەتمەڭ.

— سىزچۇ؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ. مەن بوۋامنى ئىزدەشكە ئاتلىنىمەن.

— مۇزەپپەر ئاكا، سىزمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئەزەمشاھ بوۋامنى ئىككىمىز بىرلىكتە ئىزدىسەكچى بولغانغۇ؟ ئەمدى گېپىڭىزدىن يېنىۋالماقچىمۇ؟

— ئويلاپ باقسام، سىز ئابدۇللا بوۋامدىن ئايرىلغىلى 50 كۈندەك بوپتۇ، — مۇزەپپەر تەشۋىشلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى، — سىز بىر قىز بالا تۇرسىڭىز ئەنسىرىمەمسىز، بىتاقەت بولماي قالارمۇ؟ شۇڭا سىز دەرھال قومۇشلۇققا قايتىڭ.

گۈلبادام قاپقاننى تېپىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا بوۋاي نەۋرىسىگە ئەزەمشاھنى ئەسلەتكەن بولۇپ، مۇزەپپەرنى ئاتايىتەن تىلغا ئالغاندى ھەم ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئەسكە سېلىپ، بېشارەت بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ئۇممىدكە تولغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئالدى بىلەن ئابدۇللا بوۋاينى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن ئىزدىسە، تېخىمۇ ساخاۋەتلىك ئىش بولمامدۇ! مۇزەپپەر گۈلبادامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىككى ئويلۇق بولۇپ، بىر قارارغا كېلەلمەي قالدى. چۈنكى ئۇ بوۋىسىنى ئىزدەشنى بىرەر دەقىقىمۇ ئارقىغا سۈرۈشنى خالىمايتتى.

— ئەزەمشاھ بوۋامنى بىرلىكتە ئىزدىسەك، بوۋام قانچىلىك رازىمەندە بولۇپ كېتەر؟ كىم بىلىدۇ، بوۋىڭىز تېخى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دېدى گۈلبادام مۇزەپپەرنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ، — بوۋامنىڭ بىرەر كۈنمۇ بوۋىڭىزنى تىلغا ئالمىغىنىنى بىلمەيمەن. ئەگەر بوۋام سىزنى بىر كۆرسە قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر؟ گەپ قىلىڭچۇ؟

— بولىدۇ، سىز دېگەندەك قىلايلى. لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇن، قومۇشلۇقتا بىر كېچە قونۇپلا يولغا چىقايلى.

— ئېيتقانلىرىڭىزنى بەجانىدىل ئورۇنلايمەن.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، «كولدەمە» كارۋان سارىيىدا ئاتلىرىنى بىر كېچە ئارام ئالدۇرۇپ، ئەتىسى سەھەردە

يەنە سەپەرلىرىنى داۋام قىلدى. يولدا كەلگەچە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئارام ئالغانلىرىدا مۇزەپپەر گۇلبادامنىڭ سوئاللىرىغا «هەئە» ياكى «ياق» دەپلا جاۋاب بېرەتتى. هەتتا يول بويى ئۇچراپ تۇرغان ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىرىغا، شاماللار گۈل چەككەن قۇملۇق يانباغىرلارغا، دولقۇن ـ دولقۇن قۇم بارخانلىرىغا، ئاپپاق لېچەك ئارتقان مومايلاردەك پاختا يۇلغۇنلارغا، قىسقىسى، كۆڭۈللەر بەھر ئالغۇدەك ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلەرگىمۇ باش كۆتۈرۈپ قارىمايتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يەنىلا بوۋىسىنىڭ غېمىدە كۆيۈۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇلار تېخى كۈن پاتماي تۇرۇپلا قومۇشلۇققا يېتىپ كېلىشتى. ئۇزەڭگىنى دەسسەپ ئات ئۈستىدە تىك بولۇۋالغان گۇلبادام خۇشاللىقىدا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئاھ، مېنىڭ ئۆيۈم ! مېنىڭ بوۋام ! ! مېنىڭ سۆيۈملۈك دىيارىم ! ! ئىللىق ھىدلىرىڭ دىماقلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتىدۇ ! ...

شۇنداق ! ئەتراپىنى ئېگىز، نىمجان قومۇشلار قاپلىغان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئۆيلەر، يۇلغۇن، جىگدىنىڭ تىكەنلىك شاخلىرىدا چىتىلانغان هويلا، پاخال ساتمىلار، پاكار ـ پاكار ئۆچكە قوتانلىرى، هويلا ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان قۇدۇق، ئۆي ئارقىسىدىكى بارخانلار، ئالمىقاندەك ـ ئالمىقاندەك ئارپا ئېتىزلىقلىرى، ئەدناسى، كۆچمە قۇم يوللىرىغا تىكلەنگەن قوشامىلارغىچە گۇلبادامنىڭ سۆيۈملۈك دىيارى، ئۇلۇغ ۋەتىنى ئىدى ! ... چۈنكى ئۇ ئىڭەلەپ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، كىندىك قانلىرى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراق ئەمەسمۇ ! !

ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ هويلىغا كىرىپ كەلگەندە، بىرى

تەمبەل، يەنە بىرى ۋىجىك، ئەمما ھەر ئىككىلىسى ئاپپاق ساقاللىق ئىككى «كىچىك بالا» ھاسىلىرىنى توغراق كۆتىكىگە يۆلەپ قويۇپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى تۇپىدىلا مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىچە «ئودىكام» ئويناۋاتاتتى. چەمبەر شەكلى بويىلاپ كولانغان كىچىك ـ كىچىك ئورەكلەرگە ئون تالدىن تاش سېلىنغان بولۇپ، ۋىجىك بوۋاي بىر ئورەكتىكى تاشلارنى ئېلىپ، باشقا ئورەكلەرگە بىر تالدىن تاشلاپ چىقىپ، قولىدىكى تاشلار تۈگىسە، نۆۋەتتىكى ئورەكنىڭ تېشىنى ئېلىپ باشقىلارغا تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ھەرىكىتىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، بەزى ئورەكلەر تاش بىلەن تولۇپ، بەزىلىرى قۇرۇق قالدى. ۋىجىك بوۋاي قۇرۇق ئورەككە قولىنى تىقىپ، ئويۇن قائىدىسى بويىچە تاشلارنى يېيىشكە باشلىدى:

— بۇنى يالاپ، بۇنى يېدىم ... بۇنى يالاپ، بۇنى يېدىم ...

— توختا تېخى، — ۋارقىرىدى تەمبەل بوۋاي، — ماۋۇ ئورەكتە بىر تال تاش تۇرسا، ئۇنى قانداق يالىغىلى بولىدۇ ... قۇرۇق كاتەكنى يالاپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى تاش بار ئورەكنى يېيەلەيسەن.

— لەنتى بىر تال تاش نەدىن پەيدا بولۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟ چوقۇم سەن كۆزۈمنى غەلەت قىلىپ سېلىپ قويدۇڭ.

ئىككى بوۋاي قىسماقتەك مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، باشلىرىنى ئىچىگە تىقىۋالغاچقا ئارقىدىكى ئاتلىقلارغىمۇ نەزىرىنى سالمىدى. مۈزەپپەر بىلەن گۈلباداممۇ ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى كۆرمىدى. لېكىن تاقەت قىلالمىغان گۈلبادام «بوۋا! ... » دېگىنىچە ئۈچقاندەك كېلىپ، بوۋاينىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى. ئاڭغىچە ئىككىلا «كىچىك بالا» بوۋايلار يەكتەكلىرىنى قېقىپ

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مۇزەپپەر ۋىجىك بوۋايغا قارىغىنىچە، ئىچىدە بىر يېرى تارسىسىدە ئۇزۇلۇپ كەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كۆيۈمچان، مېھرىلىك، گەپلىرى تولىمۇ يۇمشاق بوۋىسى ئەزىمشاھنى كۆرۈپ تۇرۇپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندى ... مۇزەپپەر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بوۋىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئېگىشتى:

— بوۋا! جېنىم بوۋا ... مېنى ... مېنى تونۇمىدىڭما؟ ... — مۇزەپپەر يىغلىۋەتتى ...

— هوي، ئۆزۈڭ يونۇمغان توغراقتەك يوغان نېمىكەنسەن، يىغلاۋاتسىيا، — ئەزىمشاھ گۇنىسىز كۆزلىرىنى تىكىپ بوش خىرقىرىدى، — مېنى بوشراق قۇچاقلا، قوۋۇرغىلىرىمنى ئوشتۇۋەتمە يەنە، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

— جېنىم بوۋا، مېنى تونۇيالمىدىڭما؟ مەن مۇزەپپەر! ...

— مۇزەپپەر؟ ! — ئەزىمشاھ قولىنى سايىۋەن قىلىپ قارىدى ـ دە، بۇقۇلداپ، خىرقىراپ يىغلىۋەتتى، — راستىلا مۇزەپپەرئىكەنسەن ! ۋوي باغرى قاتتىق شۇم، ۋوي تاشيۈرەك بىرەھىم ! ... تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئاناڭنىڭغۇ بىلمەيسەن ... تېنى قۇملۇقلاردا قالغان داداڭنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدىڭ ... موماڭنىڭ مېيىتىنى كۆتۈرەلمىدىڭ، سەن نېمانداق شور پېشانە، نېمانچە كاج تەلەي بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانسەن ! ... مەندەك ئاجىز قېرىنىمۇ شۇنچە يىللار تاشلىۋەتتىڭيا ... ئاھ خۇدا، ئاللا ئىبارا بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ! ...

ئەزىمشاھ نەۋرىسىنىڭ يوغان گەۋدىسى ئىچىگە چۆكۈپ يوقاپلا كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ بىردەم گۇلبادامنى باغرىغا باسسا، ئابدۇللا بوۋاي مۇزەپپەرنى قۇچاقلاپ ياش تۆكەتتى.

— ئەزەمشاھ بوۋا، نەچچە يىل يىتتۈرۈپ قويغان گۆھەرلىرى مۆزەپپەرنى تېپىپ كەلدىم، — دېدى گۈلبادام ئەركىلەپ، — سۆيۈنچىسىنى بەرمەملا؟

— ۋاي جېنىم بالام، بەرگۈمگۇ بار، بىراقزە پۇلۇم يوق، بولدىلا مۇشۇ قاچقاق موزاينى بىرۇتولا سىزگە بېرىۋېتەي ...

ئىككى بوۋاي چىشسىز ئاغزىلىرىنى قۇشقاچنىڭ كامىرىدەك ئېچىپ كۈلۈپ كېتىشتى. مۆزەپپەر قىزارغىنىچە لەپپىدە قارىغانىدى، گۈلبادام دەرھاللا يۈزىنى ئېلىپ قاچتى.

تەكلىماكاندىكى بۇ غېرىبانە ھويلىدا گەرچە يىغا ـ زارىلار بولۇنغان بولسىمۇ، ئۇنى توي تەنتەنىسىگە تېگىشكىلى بولمايدىغان خۇشاللىق دېيىشكە بولاتتى. ئىككى بوۋاي ھاياجانلىق ھوۋلۇقۇشلار بىلەن ۋارقىرىشاتتى، تىلىلىشاتتى:

— ھەي ئەزەمشاھ، قوتاندىن ھېلىقى قىرقىمىغان يېتىم ئوغلاقنى ئېلىپ چىق، ھوي، تېكىنى ئېلىپ چىقىقنىڭ نېمىسى، ئۇنى سويۇۋەتسەك ساغلىقلار قىسىر قالامدۇ، ھەي ... ھەي سەن راستلا قېرىپسەن.

— ساغلىقلىرىڭنىڭ ئەرسىز قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتسەنغۇ سەن قېرى! — ئەزەمشاھمۇ بوش كەلمەيتتى، — توشقاندەك ئوغلىقىڭ ھۆندىگە سۆندە بولامتى؟ سويغاندىكىن چىشنىڭ كامىرىغا كىرىپ كەتمىگۈدەكنى سويغۇلۇق!

مۆزەپپەر بىلەن گۈلبادام ئىككى بوۋاينى خۇشاللىق، ھاياجان، شادلىق سەيناسىغا قويۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى پەشتامىلىرىنى تارتىپ سېمىز ئوغلاقنىڭ پۇتلىرىنى چېتىپ بوغۇزلىسا، بىرى ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ، قازانلارغا سۇ قۇياتتى.

— بول دەيمەن ۋىجىك تېكە، — ۋارقىرىدى ئابدۇللا ئىس

كىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ــ بالىلارنىڭ چۆللەردە يىلىكى ئۈزۈلگەندۇ، قاچانغىچە مىسلىدايسەن؟

ــ مانا بۇ بىغىر، يۈرەك، بۆرەك، دەرھال قورۇغىن ياكى كاۋاپ قىل. ئۇلار قىزىق چاي بىلەن قورسىقىنى گوللاپ تۇرسۇن.

ھاياجانلىق دەقىقىلەر بىلەن قىپقىزىل قىزارغان قۇياش پايانسىز قۇملۇقلار ئىزنالىرىغا باش قويدى. بىردەمدىلا گۆگۈم چۈشۈپ ئۆيگە چىراغلار يېقىلدى. گۈلبادام تەييارلىغان نېرىن چۆپ لېگەنلەردە كەلتۈرۈلدى. ئۇششاق توغرالغان ئوغلاق گۆشى، پىياز قىيام قىلىنغان شورپا نېرىننى تولىمۇ يېيىشلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار ياغاچ قوشۇقلاردا خالاپلىتىپ مەززە قىلىپ يېيىشتى. ئاڭغىچە گۈلبادام بىر كاساڭدا گۆش كەلتۈرۈپ، داستىخان ئوتتۇرىسىغا قويدى. ئۇ گە ـ ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كەتكەن ئوغلاق گۆشى تىترەپ تۇراتتى.

مۇزەپپەرنىڭ جاراھەتلىرى كۆڭلەك ۋە يەكتەك ئىچىدە بولغاچقا، ئىككى بوۋاي ھېچنېمىنى سېزەلمىدى. تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قوللارغا ئىسسىق سۇ ئېلىنىپ، داستىخانغا دۇئا قىلىشتى. ئاندىن ئۇلار قىزىق دورا چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مۇزەپپەر بىلەن گۈلبادام ئەجنەبىيلەرگە سېتىلىپ كەتكەن قاپقاننى قولغا چۈشۈرۈش جەريانىدىكى ۋەقەلەرگە راست ـ يالغاننى قېتىپ، ئىككى بوۋاينى ئىشەندۈردى. لېكىن ئازنا بازاردىكى سوراق، قاراقچىلارنىڭ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمى، شۇنداقلا قۇملۇقتىكى قانلىق پاجىئەلەر ھەققىدە ئېغىز ئېچىشمىدى. ئابدۇللا بوۋايمۇ گۈلبادام كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەزەمشاھىنى «تۇران ئۆتەڭ»دىن ئەكېلىۋالغانلىقىنى، شۇنىڭدىن بېرى ئىككىسى زېرىكمەي

«ئودىكام» ئويناپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆلكىلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— بالام مۇزەپپەر، — دېدى ئەزەمشاھ ساقاللىرىنى سىيپاپ، — سەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئىككى يىل بولاي دېگەندە «تۇران ئۆتەڭ»گە بىرنەچچە ئادەم قايتا - قايتا كېلىپ، ئۆي بېسىپ «دانىش» دېگەن بىر يىگىتنى بەك سۈرۈشتە قىلىشتى. مېنىڭ ئۆيۈمگىمۇ ئىككى نۆۋەت كىرىپ سېنى سورىغانىدى، مەن: «مېنىڭ نەۋرەمنىڭ ئىسمى دانىش ئەمەس، مۇزەپپەر. ئۇنىڭ دادىسىنى ئەجنەبىيلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن» دېدىم. ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە سېنىڭ تەق - تۇرقۇڭنى بەك كوچىلاپ كېتىشتى.

مۇزەپپەر موللىبىرنىڭ «مۇزەپپەر بالام، مېنى قۇتقۇزۇۋال» دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ، مۇزەپپەر دېگەن يىگىتنىڭ سىياقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دانىش ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن. لېكىن بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە مىركامىل، مەۋلىدلەر قولىدا ئۆلگىلى تاس قالغان موللىبىر ئىككىنچى قېتىمدا ئىنايەت ئاخۇننىڭ دامىغا چۈشتى. شۇڭا ئۇ، ئۈچىنچى قېتىملىق ئالدىنىشنى كىناتون ۋە كىمۇنىستلەردىن خۇپىيانە تۇتۇپ، دانىشنىڭ ئەسلىدە مۇزەپپەر ئىكەنلىكىنى دېمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگە تالىق مەخپىيىتى ئىدى. ئەمما ئەجەل ئۇنىڭ بېشىغا سايە سالغاندا، راست گېپىنى قىلىۋەتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولاتتى.

مۇزەپپەر ئىككى بوۋاينىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان گېپى بارلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىما - ئىشارىلىرىدىن سېزىپ قېلىپ، ئاستىلا تالاغا چىقىپ كەتتى. گۈلبادام قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئىچكىرىكى قازناق ئۆيگە ماڭدى. شۇندىلا ئەزەمشاھ

گەپ باشلىدى:

— ئابدۇللا ئاداش، بۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى ئەتىلا قىلىۋەتسەك قانداق؟

— جامائەتسىز نىكاھنى قىلامدۇق؟

— ھېلىمۇ بۇ بالىلارنىڭ يېشى ئۆتۈپ كەتتى، — ئەزەمشاھ گېلىنى قىرىپ قويدى، — يامان بولىدۇ جۇمۇ ... ئەتە نىكاھىنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن. ئاندىن مۇشۇ بالىلار ئات بىلەن قولۇم ـ قوشنىلارغا خەۋەر قىلسا، بىرەر ئايغا قالماي جامائەتكە داستىخان سالىمىز.

ئەزەمشاھنىڭ «قولۇم ـ قوشنىلار» دېگىنى، يېقىنلىرى بىرەر ـ ئىككى ئاش پىشىم، يىراقلىرى يېرىم كۈنلۈك ھەم بىر كۈنلۈك يەرلەردىكى تەكلىماكان ئوۋچى، چارۋىچى ئائىلىلىرى ئىدى.

ئىككى بوۋاي ئەتىكى نىكاھ ۋە توي رەسمىيەتلىرى ھەققىدە گەپكە چۈشۈپ كەتكەندە، ئىشىك سىرتىدا ئاڭلاپ تۇرغان مۇزەپپەر ئاستىلا كېتىپ قالدى.

تەكلىماكان ئاسمىنى شۇنچە سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدىكى، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار خۇددى شاھ خەزىنىسىدىكى دۇر ـ گۆھەرلەردەك چاقنايتتى. ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدە سەيلانە ئۈزۈۋاتقان ئاي پەسلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلاتتى. مۇزەپپەر قۇم دۆڭلۈكلىرىنى ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ كىچىك ۋاقىتلىرىدا گۈلبادام بىلەن ئۆچكە باققان، قۇمدىن سىيرىلىپ ئوينىغان يەرگە بېرىپ قالدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا قۇم دۆڭلۈكىنىڭ ئۈستىدە ئايغا تىكىلىپ تۇرغان گۈلبادامنى كۆرۈپ، يانپاش قۇملۇققا يامىشىپ دۆڭلۈككە چىقتى ـ دە، قىزنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىدى. لېكىن گۈلبادام ئۇنىڭغا قارىمايلا ئاستا

پىچىرلىدى:

— بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ؟

— خۇۋالاشقان قىزىمنىڭ مارجىنىنى تېپىپ بېرەي، دەپ ...

— بولدى ئىزدىمەڭ، ئاڭلىسام بىر ئوغرى بالا ئوغرىلىۋاپتىكەن ...

— ئۇ ئوغرى بالىمۇ تۇمار قىلاي دەپ ئېلىۋالغاندۇ؟

— ئالسىمۇ سوراپ ئالا ... ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، تۇمار ئۇچۇن مارجان ئوغرىلايدىغان قانداق ئۇياتسىز ئوغرى ئۇ ؟!

— ئەپۇغا ئېرىشەلمىگەن ئۇ ئوغرى بالا بەكمۇ شور پېشانىكەن ...

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئاڭلىسام ئۇ ئوغرى بالا خېلى ھىممەتلىك، ساخاۋەتلىك ئوخشايدۇ ...

— ئەمىسە، ئۇ ئەپۇنىڭ شاراپىتىنى كۆرۈپتۇ ـ دە؟

— بولدىلا، خۇۋالاشقان قىزىڭىزنى تاپالىدىڭىزمۇ؟

— ئۆزىنى تاپتىم، بالىلىقىنى تاپالمىدىم ...

— ئۆزى بولمامدىكەن؟

— ئۆزى بوي يەتمىگۇدەك ئاسماندىكى چولپانكەن دەڭا ...

ئۇلار بىردەم جىمىپ قېلىشتى. ھاياجان تىترىكى باسقان گۈلبادام يەنە شىۋىرلىدى:

— بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز ... ئارقامدىن ماراپ كەلمىگەنسىز؟

— ياقەي، قارىسام بوۋايلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان پاراڭلىرى بار ئوخشايدۇ، سىزچۇ؟

— مەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتى باشلىنىش بىلەن قازناقنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ كەتكەن ...

بـوۋايلارنىڭ نـېمە دېيىشكەنلىرى ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ھايا ۋەجدىن ئېغىزلىرىدىن چىقىرالمىدى. چۈنكى، ئۇلار يۈزى ئېچىلمىغان قىز ـ يىگىتلەر ئىدى. نىكاھ، پاتىھەسىز يېقىنلىشىش، بىر ـ بىرلىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇش ياكى ئىشق بابىدىن شەھۋانىي شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىش، ناشايان سۆزلەرنى قىلىشنى ئىسلامىي ئەخلاق مىزانلىرىغا مۇخالىپ دەپ بىلەتتى. ئەمما قىز ـ يىگىتنىڭ يۈرەكلىرى بىر ـ بىرىگە ئاڭلانغۇدەك دۈپۈلدەيتتى !

ــ مۇزەپپەر ئاكا، ــ قىز پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى، ــ ئايغا قاراڭا، ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە؟

ــ شۇنداق ئۇ سىزنىڭ ھۆسن ـ كامالىڭىزدىن ئەندىز ئالغان !

ــ ئاشۇرۇۋەتتىڭىز ...

ــ ئېھتىمال، ــ مۇزەپپەر قىزغا قاتارلاشتى، ــ يۈرىكىم ماڭا شۇنداق دېگەن ...

ــ مۇزەپپەر ئاكا ! ! ...

ــ گۈلبادام ! ! ! ...

ھەر ئىككىلىسى ئايغا تىكىلىپ قېلىشتى ...

2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# تارىخىي پاكىتلار مەنبەلىرى

1. «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. ئەسئەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نەسىمە ئىسمائىل

مۇقاۋىدىكى رەسىمنى سىزغۇچى: ئاسگۈل ئەمەت

# كونا قاپقان

ISBN 978-7-5466-0949-2

9 787546 609492 >

定价:48.00 元